ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال ISSN: 2602–389X

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان



# ئىزدىنىش

2019–يىللىق 3/4–سان ئومۇمىي 8–سان

www.uyghurkitap.com



1998 ـ يىلى قەشقەردە ئېچىلغان «ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقى ۋە <قۇتادغۇ بىلىك> دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 928 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇشائىرە كېچىلىكى» ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشقان بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز (رەسىمنى بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ ئىلمىي دوكلات بەرگەن سەلىمە ئا. كامال (ھازىر ئاۋستىرالىيەدە) تەمىنلىگەن.




تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ يېزىلغانلىقىنىڭ 900 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1969 مەخسۇس تارقاتقان پوچتا ماركىسى. (بۇ رەسىمنى مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا ئەپەندىم تەمىنلىگەن).

# «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سانى ھەققىدە

بۇ يىل دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىراتى، سۆيۈملۈك ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا بېغىشلاپ مەخسۇس بىر سان نەشر قىلىشنى پىلانلىغان ئىدى. بۇ مەخسۇس سانىغا ئىلمىي ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى: ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قۇتادغۇ بىلىك، قاراخانىيلار دەۋرى، قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان ئالىملىرىمىز ۋە بۇ دەۋردە يېزىلغان كىلاسسىك ئەسەرلەر ھەققىدە بولۇشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. بۇ ئۇقتۇرۇشقا مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان زىيالىيلىرىمىز ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاكتىپلىق بىلەن قوللاپ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى ئەۋەتىپ بەردى. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى ئەجنەبىي تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئەسەر ئەۋەتىپ بىزنى خىزمىتىمىزنى قوللىدى. تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن سايلانغان باھالىغۇچىلارنىڭ ئادىل ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ باھالاشى نەتىجىسىدە، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن 30 ماقالە ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىشقا ئۇيغۇن كۆرۈلدى.

باھالاشتىن ئۆتكەن ئەسەرلەر، تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەھرىرلەندى. ماقالىلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، ئاتالغۇلارنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن، بەزى ماقالىلەرنى بىرنەچچە قېتىم كۆرۈپ چىقىشقا، كەسپىي مۇتەخەسسىسلەر ۋە زىيالىيلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشۈشكە توغرا كەلدى. يەنە بەزى ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ تەرجىمە ئەسەرلەردە ئاپتورلار بىلەن ئالاقە ۋە چۈشىنىش جەھەتتىن بەزى ئوقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن تەھرىرلىك ئىشلىرى كېچىكىپ كەتتى.

بۇيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بېغىشلانغان بۇ ساندا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەر بىر-بىرىنى تولۇقلىغان بولۇپ ھەجىم ۋە مەزمۇن جەھەتتىن نورمال سانغا قارىغاندا ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتكەنلىك ئۈچۈن، بۇ ساننى «قوش سان» شەكلىدە ئېلان قىلىشنى قارار قىلدۇق. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ئالاھىدە سانى تورغا قويۇلغاندىن سىرت يەنە كىتاب شەكلىدىمۇ نەشر قىلىنىپ ئۇيغۇر رايونلىرىدىكى تەتقىقات ئورۇنلىرى مەكتەپلەرگە ، تۈركىيە ۋە چەتئەللەردىكى كۇتۇپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىمىمىز «يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش»تىن ئىبارەت بۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق خەلقىمىزگە، زىيالىيلىرىمىز ۋە بىزگە كۆڭۈل بۆلگەن چەتئەللىك زىيالىي تەتقىقاتچىلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز. شۇنداقلا سەۋىيەمىزنىڭ چەكلىك، ماقالىلەرنىڭ ھەجمى چوڭ، مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭ، ئىش سىجىللىقىنىڭ زىچ بولۇشى سەۋەبىدىن يەنە بەزى كەمچىلىكلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. كىتابخانلارنىڭ بېرىدىغان تەكلىپ ۋە تەنقىد پىكىرلىرىنى تۆۋەنلىك ۋە سەمىمىلىك بىلەن قوبۇل قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن،

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش ژۇرنىلى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал
Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal
www.uyghuredebiyati.net

2019 ـ يىللىق 4 ـ 3 ـ سان
ئومۇمىي 8 ـ سان
ISSN: 2602-389X

ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى
مۇرات ئورخۇن

تەھرىر ھەيئىتى
ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مولوتجان توختاخنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)
دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا)

خەتتات
نۇر ئەفۋان

بەتچىك
ئالىمجان ئىبراھىم

## خاتىرىلەش يىغىنى ئۇتۇقلىرى

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دەۋرىمىز ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك پىكىر ھاياتىغا قوشقان تۆھپىسى
........ نەبىجان تۇرسۇن (ئامېرىكا) 6
مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن ........ سەلىمە ئا. كامال (ئاۋستىرالىيە) 22
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ........ شاۋكەت ئۆمەروۋ (قازاقىستان) 25

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە قۇتادغۇ بىلىك

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنى يېتىشتۈرگەن مەنبەلەر ھەققىدە........ مەغپىرەت كامال (تۈركىيە) 27
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى........ ئەدھەمجان ئابدۇمالىك ئوغلى (قىرغىزىستان) 36
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ........ رۇسلان ئارزىيېۋ (قازاقىستان) 43

## «قۇتادغۇ بىلىك»تىن جەۋھەرلەر

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئىككى سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا........ مىرسۇلتان ئوسمانوف 46
تەييارلىغۇچى: ئايىسما مىرسۇلتان(گېرمانىيە)
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە ئىپادىلىگەن ئادالەت كۆز-قارىشى توغرىسىدا........ سۇلتان ماخمۇت قەشقەرى (تۈركىيە) 49
«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى گۈل-چېچەكلەر بايانىدىن گۈل مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر........ سەلىمە ئا. كامال (ئاۋستىرالىيە) 52
«قۇتادغۇ بىلىك»تە مەسەل........ دىلدارخان ئابدۇللايېۋا (ئۆزبېكىستان) 56
ئۆزبېكچىدىن پاتىمە مەمەت ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ماقالىلارنىڭ لىنگۋوكۇلتۇرولوگىيالىك ئەكس ئېتىلىشى ........ مۇنەۋۋەر يۇنۇسوۋا سادىق قىزى (قازاقىستان) 60
«قۇتادغۇ بىلىك»دىن ئۇيغۇر دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىگە ........ زەمىرە گۈلجالى (تۈركىيە) 64
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ـ19، ـ20، ـ21بابلار ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل ........ ئاسىمە ئىلھام 72
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ يىللارغا كۆرە بىبلىيوگرافىيەسى ........ ئەردەم ئۈچار (چېخ جۇمھۇرىيىتى) 75
تۈركچىدىن نۇزۇگۇم قۇتلۇق تەرجىمىسى

## «قۇتادغۇ بىلىك»تە دىنىي بايانلار

«قۇتادغۇ بىلىك»تە تەڭرى تەسەۋۋۇرى ........ ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە) 85
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دىنىي-پەلسەپىۋى تراكتاتى ........ ئالىمجان تىلىۋالدى (قازاقىستان) 90
«قۇتادغۇ بىلىك»نى ئىسلامىزم جەھەتتىن تەھلىل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدە بىر ئىككى سۆز........ نۇرئەھمەت قۇربان (تۈركىيە) 95
«قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئىسلام دىنى ........ ئالىمجان بۇغدا (تۈركىيە) 106

## «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئۆگۈتلەر

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مىڭ يىللىق مۇقەددەس ئۆگۈتلىرى ........................................ ئەسەت سۇلايمان (ئامېرىكا) 111
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنىڭ كۈنىمىز ئۈچۈن ئەھمىيىتى ........................ رائىلە ئابدۇلۋاھىت قەشقەرىي (تۈركىيە) 119
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش ئىدىيەسى ........................................ زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە) 129

## قاراخانىيلار مىراسلىرى

قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدا يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىجادىيىتىنىڭ ئورنى ........................ خانىفە سالىخوۋا، نارگىزە قۇربانوۋا (ئۆزبېكىستان) 131
ئۆزبېكچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئۆز دەۋرىگە ئائىت مەلۇماتلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ........................ ئابلەت كامالوۋ (قازاقىستان) 133
يىراق قەدىمكى تۈرك چالغۇلىرىدىن «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى چالغۇلارغا دائىر مەلۇماتلارغىچە ........................ مېھرۇللا تەۋەككۈل137

## ئەجدادلار ئىزىدىن

«<قۇتادغۇ بىلىك<تىن ئۆنچىلەر»دە يالتىرىغان ئەسلىمىلەر ........................ گۆلرۇي ئەسقەر( سەرۋى)، (ئامېرىكا) 147
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ........................................ راھىلە داۋۇت 152
تەييارلىغۇچى: بىنۇرە ئابدۇقاھار
ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي رەسىملىرىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە ........................ غازى ئەھمەد 155
تەييارلىغۇچى: ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق (قازاقىستان)
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مىڭ يىللىق تەبرىكلىنىۋاتقان مەزگىلىدىكى قەشقەرنىڭ رەڭسىزلىشىۋاتقان ساياھەتچىلىكى ........................
پاترىك ھەللزون (شۋېتسىيە) 163
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەلىكەزات غەيرەت (ئاۋستىرالىيە)
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سىپلىشتۇرمىسى ........................................ مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقۇيا (ئەنگلىيە) 173
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىلەر ........................ ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن، ئابدۇرېھىم سابىت 177
تەييارلىغۇچى: مەجھۇل (گېرمانىيە)

## كىتاب ئۇچۇرلىرى ۋە خەۋەرلەر

« مەھمۇد كاشغەرىي» رومانى ۋە تۈركچە تەرجىمىسى ........................................ 180
« يۇسۇپ خاس ھاجىپ» رومانىنىڭ يېزىلىش ھەققىدە ........................................ 182
«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا بېغىشلانغان مۇكەممەل نۇسخىسى ھەققىدە ........................ 185
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نەزمىي يەشمىسى ئىستانبۇلدا يېڭىدىن نەشر قىلىندى ........................ 188
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى قازاقىستاندا كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىندى ........................ مۇنەۋۋەر يۇنۇسوۋا سادىق قىزى (قازاقىستان) 190
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ شېئىرىي نۇسخىسى ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىندى ........................ ئابدۇھامىد پارداڭېۋ (ئۆزبېكىستان) 192
ئۆزبېكچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھاقايىق» كىتابى قازاقىستاندا كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىندى ........................ رۇسلان ئارزىيېۋ (قازاقىستان) 195
ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدىن رەسىملەر ........................................ 198

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دەۋرىمىز ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك پىكىر ھاياتىغا قوشقان تۆھپىسى*

نەبىجان تۇرسۇن**

(ئامېرىكا)

11 -ئەسىرنىڭ بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالىمى، تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاتىسى مەھمۇد كاشغەري ۋە بۈيۈك پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە بۈنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى دۇنيادىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرى ««تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن « قۇتادغۇ بىلىك» ئارقىلىق ئۇيغۇر - تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقۇچى مىللەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىشىغىمۇ ھەسسە قوشتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغىنىغا بۇ يىل 1000 يىل توشتى. لېكىن، ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراش مەۋجۇت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرەز قىلىشتىن كېلىپ چىققان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەققىدىكى قاراشلار تۆۋەندىكىچە: تۈركىيە ئالىملىرىدىن يۈسۈپ دىلاچار: 1018 -يىلى [1]، رەشىت رەھمەتى ئارات 1019 - يىلى [2]، رۇس ئالىملىرىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچى ئىۋانوف ،1015-1016 - يىللىرى [3]، ئۇيغۇر ئالىمى ئەزىز نارىنباييېف، 1010 - يىلى دېگەن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر، خىتاي، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە غەرب ئالىملىرىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدە يەنە باشقا ۋە ئوخشاش سانلىق ئۇچۇرلارنى، مەسىلەن، 1010 -يىلى، 1015 - يىلى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلىنىڭ 1015-1017 -يىلى بىلەن 1019 -يىلى قارىشى ئاساسەن مۇقىملاشقان قاراشتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ باشتىكى پايتەختى بالاساغۇن، يەنى قۇزئوردىدا يۇقىرى مەلۇماتلىق، يۇقىرى تەبىقە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ياشلىق ھاياتىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن ۋە مىلادىيە 1069-1070 - يىللىرى ئارىسىدا 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ « قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ ئۇنى شەرقىي قاراخانىيلار خانى تابغاچ قارا بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان ۋە « خاس ھاجىپ» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

مەھمۇد كاشغەري بولسا، تەخمىنەن، 1026 - ياكى 1028 -يىللىرى قەشقەرگە يېقىن ئازىغدا تۇغۇلغان. لېكىن يەنە بەزى مەنبەلەردە ئىسسىق كۆل بويىدىكى بارسخاندا تۇغۇلغان دېيىلىدۇ. ئۇ تەخمىنەن 1057 -يىللىرى ئوردىدىكى ئىچكى ماجىرادا دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن قېچىپ كېتىپ باغدادقا بېرىپ، شۇ يەردە ياشاپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسەرنى يازغان. ئۇ، تەخمىنەن 1080 - يىللىرى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، تەخمىنەن 1101 - يىلى، ۋە ياكى 1126 -يىلى ۋاپات بولۇپ ئوپالغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسى تارىختا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ھەزرىتى موللام قەبرىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن [4].

مەھمۇد كاشغەري «تۈركىي تىللار دىۋانى (دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)»نى 1074 -يىلى باغدادتا تاماملاپ، خەلىپىگە تەقدىم قىلغان.

## 1. مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلا ئەمەس بەلكى زامانىسىنىڭ كۈچلۈك مىللەتپەرۋەرلىرىدۇر

تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىنىڭ ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەت مەنبەلىرى شۇنىڭدەك تۈركىي مەدەنىيەت جۇغراپىيەسىنىڭ ئايرىلماس پارچىسى ھېسابلىنىدىغان قەشقەر دىيارىدا تۇغۇلۇپ ياشىغان، تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان ئۇيغۇر-تۈرك دۆلىتى - قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ھېسابلانغان مەھمۇد كاشغەري بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى، يەنى خاس ھاجىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆز دۆلىتى، يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇدرەت تېپىشى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان ۋە بۇ ساھەدە ئىزدەنگەن بۈيۈك مىللەتپەرۋەرلەر ئىدى.

مەھمۇد كاشغەري ئۆز ئەسىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى

*يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئۇيۇشتۇرغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە نەزەر» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن لېكسىيەنىڭ تەپسىلاتى. (2019 ـ يىلى، 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ۋىرگىنىيە، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى).

** تارىخ پەنلىرى دوكتورى.

تۈركىي قوۋملارنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ناخشا-قوشاقلىرى ھەم تۈركىي قوۋملارنىڭ جايلىشىشى ۋە باشقا تۈرلۈك ئەھۋاللىرى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ھەم ئۆز نۆۋىتىدە بۇ بىلىملەرنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىگە بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋرو-ئاسىيانىڭ يايلاق ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قوۋملارنىڭ مىللىي ، سىياسىي ھەم مەدەنىيەت كىملىك شۇنىڭدەك بىرلىك ۋە ئۆملۈك ئىدىيەلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشقان پىكىر ئادىمى ۋە ئىدېئولوگ ئىدى. ئەرەب تىلىنى ئاساس قىلغان ئىسلام دۇنياسىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر جۈملىدىن مەدەنىيەتلىك قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەمدە ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشەلەيدىغان تۈركىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يورۇتۇشقا تىرىشقان مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىنىڭ كامالەتكە يەتكەن مىللەتپەرۋەرى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرنى ئەرەب تىلى ئارقىلىق ئىزاھلاپ، ئاقىۋەتتە يەنە ئۇنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئالىي رەھبىرى بولغان خەلىپىگە تەقدىم قىلىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ تۈرك-ئۇيغۇرلۇق مىللىي روھىنىڭ ئەرەب، پارس ھەتتا مۇسۇلمان ئۈممەت كىملىكىدىن پەرقلىق ئۆزگىچىلىككە ئىگە روھقا ئىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىدا تۇنجى قېتىم زور ھەجىملىك دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئەخلاق، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ تۈرلۈك يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدىمۇ ئۇيغۇر تۈركىي خەلقىنىڭ قۇدرەت تېپىشى، قۇدرەتلىك دۆلەتتە ئۆز ئەركىنلىكى بىلەن ياشاشنى تەرغىب قىلغۇچى مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئۇنىڭ مەھمۇد كاشغەرىيدىن پەرقلىق تەرىپى ئۇ ئەسەرنى ئۆز ۋەتىنىدە تاماملاپ ئۆز پادىشاھىغا تەقدىم قىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىكى مىللىيلىك روھى ئورتاق ئىدى.

## 2. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتى

« قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 3 خىل كۆچۈرمە نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بېيىتلار سانى ھەرخىل. قاھىرە نۇسخىسىدا 5400 بېيىت بولسا، پەرغانە نۇسخىسىدا 6095 بېيىت باردۇر، ۋېيېننا نۇسخىسى بىرئاز تولۇقسىزدۇر. ئەسەر ئەڭ دەسلەپتە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرنى قەشقەردە پۈتتۈرگەن ۋاقتىنىڭ 50 ياشلار ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە يەكۈندۇر [5]. ئەسەردىكى مەزمۇنلار، ئۇنىڭ دىداكتىك ۋە پەلسەپەۋى ھەم ئەخلاق قاراشلىرى ئۇنىڭ دەل يېشى توشقان، كۆپنى كۆرگەن ۋە ئۇزۇن ۋاقىتلار ئىزدەنگەن مەزگىلگە تەۋەدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ دەۋردىكى خەلققە ۋە دۆلەتكە سادىق، مەسئۇلىيەتچان بىر مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى ئارقىلىق قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئىچكى ماجىرا ۋە ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق سەۋەبىدىن ھەيۋىتىنى ۋە قۇدرىتىنى يوقاتقان دۆلەت قۇرۇلمىسىنى يېڭى بىر تۈزۈم ۋە مۇقىملىققا يۈزلەندۈرۈشنى، ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنى، ئىنساننىڭ خەلق ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەپ، خەلقنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ پەلسەپەسىنى بەرپا قىلىشنى، ھەم دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارلىرى، دۆلەت ئەربابلىرى، شاھزادىلەر ھەم بەگ- ئەمەلدارلارغا، ھەر ساھە كىشىلىرىگە توغرا قىممەت قاراش، ئەخلاق قارىشى ۋە دۆلەت ھەم ۋەتەن قارىشى تىكلىشىگە يول كۆرسەتمەكچى بولغان. چۈنكى، مىلادىيە 1041 -يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، شەرقىي تەرەپتىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرلار دىيارى ۋە يەتتىسۇ، پەرغانە ۋادىسى ھەم ئىسسىق كۆل بويلىرىغىچە بولغان رايونلارنى، غەربىي تەرەپتىكى سۇلالە بولسا ماۋارائۇننەھر قاتارلىق كەڭ جايلارنى ئىدارە قىلدى. بىراق، بۇ خاندانلىق ئىلگىرىكى دەۋرىدىكىدەك بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى يوقىتىپ قويغانىدى.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشاپ، بۇ ئەسەرنى قاراخانىيلار خانىغا تەقدىم قىلغان دەۋر شارائىتى؛ قاراخانىيلار خان جەمەتىدە ئىچكى بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ھۆكۈمدارلار ئارىسىدا زىددىيەتلەر كۈچەيگەن بىر ۋاقىت ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مىللەتنىڭ پارچىلىنىشى، دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشىغا قارشى تۇرغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ غايىسى تېخىمۇ قۇدرەتلىك ۋە بىرلىككە كەلگەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىدى. شۇڭا ئۇ قۇدرەتلىك ۋە ئادىل، ھەققانىي، ھەم خەلق بەختلىك بولغان دۆلەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر قاتار قاراشلىرى، تەشەببۇسلىرى ۋە تەربىيەلىرىنى بەرگەن بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە: بىرىنچىدىن، دۆلەتنى ئىقتىسادى جەھەتتە ھەر خىل تەدبىرلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈش. ئىككىنچىدىن. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئىگە، خەلق تۇرمۇشى باياشات دۆلەت بولۇش، ئۈچىنچىدىن، دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە ھاكىمىيەت بولۇش. تۆتىنچىدىن، ئەقىلگە ئۇيغۇن، ئادالەتلىك قانۇنلارنى يولغا قويۇپ، بۇ قانۇنلارغا دۆلەت ئەربابلىرىدىن ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەر كىمنىڭ ئىتائەت قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. بەشىنچىدىن، جەمئىيەتتە ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ھۈنەرۋەن، كاسىپتىن دېھقان، چارۋىچىغىچە بولغان بارلىق ساھەلەردىكى كىشىلەرگە قانداق ياشاش، ئۆز دۆلىتى، ھاكىمىيىتى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىش، قانداق قىلغاندا دۆلەتنىڭ سادىق پۇقراسى بولۇش، ئادەملەر ئارا ،مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق، سەممىيلىك، راستچىللىق ۋە باشقا بارلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشەببۇسلىرىدا بولۇش.

www.uyghurkitap.com

## 3. مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئىدىيەۋى قاراشلىرى

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ تۈپ ئىدىيەلىرىنى ئاشۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى، تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ ۋە تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىنىڭ ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ۋە سېلىشتۇرۇپ شۇنداق يەكۈنلەش مۇمكىن.

### 1)ئۇلاردىكى مىللىي، يەنى ئورتاق « بودۇن »ئىدىيەلىرى

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار بىلەن قېرىنداش تۈركىي قەبىلىلەر قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلامنىڭ دىنىي قېرىنداشلىق ۋە ئۈممەت چۈشەنچىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ پەرھىزلىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىكى ئەسلى كۆپ ئەسىرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆزلىرىگە خاس بولغان مىللەت، خەلق، يەنى «بودۇن» چۈشەنچىلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئۆزلىرىنى ئەرەبلەر ۋە پارسلاردىن ئېنىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئايرىپ قارىغان ئىدى.

مەرھۇم ئىنىم، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ ئۆز ئەسىرىدە يەكۈنلىشىچە، تۈركىي خەلقلەردىكى «بودۇن» چۈشەنچىسى، يەنى «بودۇن» بىلەن خەلق ۋە دۆلەت بىرلەشتۈرۈلگەن چۈشەنچە كۆك تۈركلەر دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى، ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدىلا مۇكەممەللىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئىدى [6]. بۇ خىل ئىدىيە ئەمەلىيەتتە ھازىرقى مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدە تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. «تۈنيۇقۇق»، «كۈل تېكىن»، ۋە «مۇيۇنچۇر » ئابىدىلىرىدە شۇنىڭدەك مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرىدە مەزكۇر مىللىي ئىدىيە، يەنى ئاشۇ 8 - ئەسىردە يوللۇغ تېكىن خاتىرىگە ئالغان ۋە تەكىتلىگەن ھەر قايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلىق ئىدىيەسى يەنە روشەن ھەم تەكرار شەكىلدە ئىپادە قىلىنغان ئىدى. دېمەككى، 8 - ئەسىردىكى مەزكۇر بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى بىر سىياسىي ۋە ئېتنىك گەۋدە ئاستىغا توپلاش غايىسى قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا تېخىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېنىق قىلىپ، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھاكىمىيەت ئىدارە قىلىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئۆزگىچە سىياسىي كىملىكىگە ئالاھىدە يۇقىرى باھا بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭغا كۈچلۈك مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلگەن ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي تەكىتلىگەن «تۈركلەر» ئۇقۇم دائىرىسى جەھەتتىن بىر تەرەپتىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان ۋە تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى كۆزدە تۇتاتتى.

ئەنە شۇ نۇقتىدىن مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلاردا « تۈرك» قوۋمىدىن ئىبارەت ئورتاق گەۋدە ئىدىيەسى كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن ئۇلار بۇ ئىدىيەنى تەرغىب قىلغانىدى. بۇ خىل ئىدىيە ھەتتا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدىن تارتىپ كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەر رايونى ئىسلاملاشقاندىن كېيىنمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا بۇغراخان ۋە ھارۇن بۇغراخانلار ھەربىي يۈرۈشلىرى شەرقتىكى ۋە باشقا بۇددىزمدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى رايونىغا قاراتماستىن بەلكى، پارس يەنى تاجىك تىللىق سامانىيلار سۇلالىسى [7]، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەرنى ئىشغال قىلىشقا قاراتتى. خوتەن بىلەن بىر مەزگىل ئۇرۇش قىلىپ، خوتەن قاراخانىيلارغا بويسۇندى ۋە ئىسلاملاشتى ھەمدە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى بىلەن بىر مەزگىل ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، قاراخانىيلار سۇلالىسى يەنىلا كۈچارنىڭ شەرقىگە كېڭىيىش ئۇرۇشى قىلماستىن قاراخانىيلار بىلەن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى تەڭ مەۋجۇت بولۇش ۋەزىيىتىنى ساقلىدى.

خۇلاسىلىگىنىمىزدە مەيلى قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار، مەيلى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى بولسۇن ئۇلاردا ئوخشاش مەۋجۇت بولغان ئورتاق بودۇن، ئورتاق قوۋم، يەنى مىللىي ئىدىيە ئۇلار ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى ۋە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى چەكلەپ، ئىككى تەرەپنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش يولىنى تاللىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىي قاتارلىق بۇ بۈيۈك ئالىملاردا ئەنە شۇنداق ئورتاق ئۇيغۇر-تۈركىي قوۋم - بودۇن چۈشەنچىسى يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

### 2)مەدەنىيەت گۈللىنىش ئىدىيەسى

مەرھۇم ئىنىم دوكتور ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ خۇلاسە قىلىشىچە، ئەھمىيەتلىك نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەزكۇر ئىككى گەۋدىسى ياشىغان ئىسلامى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بۇددىزم مەملىكىتى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا ئۇيغۇر- تۈركىي مەدەنىيىتى ئوخشاش رەۋىشتە خۇددى بەيگىگە چۈشكەندەك تەڭ تەرەققىي قىلدى. ھېچ قايسىسى بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدا قالمىدى[8].

ھەقىقەتەن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى 11 - ئەسىر بولغان بولسا، ئوخشاشلا تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىمۇ شۇ دەۋر ئەڭ يۈكسەك دەۋر بولغان ئىدى. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر-تۈركىي دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىمۇ خۇددى قاراخانىيلار دۆلىتىگە ئوخشاش ئۆز تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۆز يېزىقىنى ۋە تىلىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى ياراتتى. شۇ سەۋەبتىن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدا مەتبەئە تېخنىكى تەرەققىي قىلىپ، قانچىلىغان

كىتابلار ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلىدا بېسىپ تارقىتىلدى [9].

قەشقەردە مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» نى دۇنياغا كەلتۈرگەن بولسا، تۇرپان تەۋەسىدە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ۋە باشقا پەيلاسوپلار، شائىرلار ئىجاد قىلدى ھەمدە ئەڭ بۇددىزم ئەسەرلىرىنى ھەر خىل تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇلاردىكى پەلسەپەۋى تەپەككۇر ئالدىنقىسى ئىسلام دىنىنى يادرو قىلغان ئىسلامى پەلسەپە، كېيىنكى بۇددىزمنى ئاساس قىلغان بۇددىزم پەلسەپەسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىكى كىشىلىك جەمئىيەت ، تەبئەت، سىياسىي- ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە ئېستېتىك تەپەككۇرلاردا يەنىلا ئورتاقلىقلار بار ئىدى. ئۇلاردىكى دۆلەتچىلىك كۆز قارىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قارىشى، مىللەت- قوۋم قارىشى ۋە مىللىي تىل قارىشى بىردەك ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر -«تۈرك تىلى» ئىكەنلىكى، «تۈركلەرنىڭ بۈيۈك» خەلق ئىكەنلىكى، دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ بىر خەلق ۋە قوۋمنىڭ ھاياتىدا ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرۇشى كېرەكلىكى شۇنىڭدەك ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادىل ۋە خەلقپەرۋەر بولۇشىغا ئائىت تەپەككۇرلار بىردەك ئىدى. ھەر ئىككىلا خاندانلىقنىڭ قاغانلىرى ئوخشاشلا مەرىپەتپەرۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار دەۋرىنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىك كىشىلىرى، يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىي، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭدەك پەيلاسوپ، تىلشۇناس ۋە ئالىملارنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئەسەرلەرنى يېزىشى، تەرجىمە قىلىشى ياكى تەرجىمە ئىشلىرىنى تەشكىللىشى شۇنىڭدەك مەدرىسىلەر- مەكتەپلەرنى ئېچىپ يۈزلىگەن تالىپلىرىنى يېتىشتۈرۈشىگە ئىمكانىيەت ياراتتى. خۇددى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەردە مەدەنىيەت قانداق تەرەققىي قىلىپ، قەشقەر شەرق -ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك-ئىسلام مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولسا، بۇددىزم ئېتىقادىدىكى تۇرپاننى مەركەز قىلغان جايلاردىمۇ ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيتى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى، شېئىرىيەت، پەلسەپە، تەرجىمىچىلىك ۋە باشقىلار يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، بۇ جاي شەرق بۇددىزم مەدەنىيتى مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانىدى.

## 3)ئورتاق دۆلەتچىلىك ، ئورتاق تىل ۋە ئورتاق مىللىي ئىدىيىۋى بايلىق قاراشلىرى

تارىخىي پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي گىرۋەكلىرىدە تاكى كۇچار- بۈگۈرگىچە بولغان رايونلاردا ئىسلامىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولغان قاراخانىيلار سۇلالىسى شىمالىي سوڭ سۇلالىسىدىن بۇددىزم ئېتىقادىدىكى تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنى يوقىتىشتا ياردەملىشىش ۋە ماسلىششىنى تەلەپ قىلماستىن بەلكى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئەتراپىنى بازا قىلغان تاڭغۇتلار دۆلىتىگە جازا يۈرۈشتە ماسلىششىنى تەلەپ قىلدى.

گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ تەرەپ-تەرەپكە تارقاپ كەتكەندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە بۇ ئۇرۇشتا شىمالىي سوڭ سۇلالىسىنىڭ ماسلىششى ۋە ھەمكارلىششىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇپ، مەخسۇس خوتەندىن ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈشىگە سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل مىلادى 1008 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان خوتەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، قەدىممۇ-قەدەم خوتەن دۆلىتىگە تەۋە بولغان بارلىق زېمىنلارنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق تەرىپى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىنى بويلاپ، تاكى گەنسۇ ۋە چىڭخەي چېگراسىغىچە يېتىپ بارغانلىقىنى جەزم قىلىش مۇمكىن. ئەمما، مىلادىيە 1036 -يىلى، گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن پۈتۈن خېشى كارىدورىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىڭخەي ۋە گەنسۇ رايونلىرى تاڭغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتۈپ، تاڭغۇتلار قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خوتەننىڭ شەرقىي تەرەپلىرىگە تەھدىت سالدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىلگىرىدىن شىمالىي سوڭ سۇلالىسى بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە قىلىپ، كەلگەن ئۇدۇن خان جەمەتى ۋە ئاق سۆڭەكلەر گۇرۇھىدىن پايدىلىنىپ، شۇلارنى ۋاستە قىلىپ شىمالىي سوڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇدۇن ئەلچىلىرى مىلادىيە 1093 -يىلى شىمالىي سوڭ ھۆكۈمىتىگە تاڭغۇتلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلىش ھەققىدە ياردەملىششكە ئائىت مەكتۇپ يوللىغان بولسىمۇ، ئەمما شىمالىي سوڭ بۇنى رەت قىلدى. بىراق قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇدۇندىن يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، 1094-1098 -يىللىرى ئارىسىدا تاڭغۇتلارنىڭ پاراكەندە سېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، «شۇڭا قوشۇن تارتىپ، گەنجۇ، شاجۇ ۋە سۇجۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماققا ھۇجۇم قىلماچىمىز» دەپ بىلدۈرگەن[10]. سوڭ پادىشاھى بۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ ،ئەمما ئەلچىلەرنى ياخشى كۈتۈش بىلەن جاۋاب بەرگەن. روشەنكى، شىمالى سوڭ سۇلالىسى تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇشتا قاراخانىيلارغا ماسلىششىنى رەت قىلغان. ھەتتا، 1081 - يىلى ئۇدۇن خانى قەبىلە ئاقساقلى ئاشىنانى شىمالى سوڭغا مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتتى. ئەلچى پادىشاھغا ئۆزلىرىنىڭ يول بويى سېرىق ئۇيغۇر ۋە چىڭتاڭ ئەللىرىنىڭ يەرلىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى، پەقەت قىتانلارنىڭلا بۇلاڭ تالاڭ قىلىشىدىن قورققانلىقىنى بىلدۈرگەن [11]. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ روشەنكى، بۇ بىزگە قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ گەرچە بۇددىزم ئېتىقادىدا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىر مىللەت، بىر خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئىچىدە

ئۇرۇش قىلىش زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، ئەكسىچە گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى يوقىتىپ، گەنسۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان تاڭغۇتلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز ئەسىرىدە بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى بىر تىل ۋە بىر مىللەت رامكىسى ئاستىدا چۈشىنىش روھى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي قارىشى بولماستىن، بەلكى بۇ ئىدىيە قاراخانىيلار ھاكىمىيەت قاتلىمىغا، ئالىم- مۇتەپەككۇرلارغا ۋە باشقىلارغا ئورتاق ئىدى. بۇ خىل ئورتاقلىق ئىدىيەۋى پىكىرلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدىمۇ باشتىن ئاخىرى يادرولۇق ئورۇن تۇتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى كۈچلۈك ئەھلى مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە بولغان سادىقلىقىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تەڭرى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى ئىسلامىيەت ئېتىقادىنى بىر-بىرى بىلەن زىددىيەتلەشتۈرمەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەڭرى چۈشەنچىسى ئېنىق بولۇپ، ئۇ تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ خاتىرىلىگەن [12]. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىسلام بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرى ئېتىقادلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى دۇنيا قاراشلىرى، تەبىئەت قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاراشلىرى تەركىبىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. مەرھۇم ئىنىم ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ئۆزىنىڭ 2002 - يىلى، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە پەيلاسوپ ئەزىز نارىنبايېفنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر پەلسەپەسى تەتقىقاتى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان ئۆز دىسسېرتاتسىيەسىدە ئوتتۇرىغا قويۇشىچە قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى، تەڭرىزم ھەتتا بۇددىزم چۈشەنچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شېئىر- قوشاقلىرى، ماقالە - تەمسىللىرى، ئېتنوگرافىيەلىك ئۇچۇرلىرى ۋە باشقىلارنى تۈركىي - ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۈچۈنمۇ ئورتاق مەنىۋى بايلىق بولغان. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر دۇنيا قاراشلىرى ۋە پەلسەپەۋى قاراشلىرىنى ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تاشلاندۇق نەرسە دەپ قارىماي، ئىسلام دەۋرىدىكى ئۇيغۇر -تۈرك پەلسەپەۋى قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەندى. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئېتىقادى كۈچلۈك ئەھلى مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە بولغان سادىقلىقىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تەڭرى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى ئىسلامىيەت ئېتىقادىنى بىر-بىرى بىلەن زىددىيەتلەشتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىسلام بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرى ئېتىقادلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى [13].

مەسىلەن؛ مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەردىن «تويىن» سۆزى ھەققىدە ئىزاھات بېرىپ؛ «تويىنىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ دىنىي باشلىقى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى ئىمام ياكى مۇپتى بىلە ئوخشاشلىقى. تويىنىنىڭ ھەر قېتىم بۇددانىڭ ھەيكىلى ئالدىدا نوم ئوقۇيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش بىلە بىرگە يەنە بۇنىڭ ئۈچۈن مىسال سۈپىتىدە «تويىن بېشى ئاغرىسا، قامۇغ تويىن بېشى ئاغرىماس» دېگەن ماقال- تەمسىلنى كۆرسىتىدۇ [14].

ئۇ ھەرگىزمۇ مەزكۇر ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئىلگىرى ياراتقان مەدەنىيەت ۋە شانلىق سىياسىي ئۆتمۈشىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالىپ ئەر تۇڭگا ۋە ئافراسىياب دەۋرلىرىگە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن بولغان كۈرەشلىرىگە تۈركىي- ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى نۇقتىسىدىن قارىغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئالىپ ئەر تۇڭگا ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەۋرىدە ئىسلامىيەت ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق تىكلىگەن مۇقەددەس ۋە كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر تۈركىي دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسى چۈشەنچىلىرى ھەم ئۇيغۇر- تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلىدىن قېلىشمايدىغان، ھەر قانداق ژانىرلاردىكى بۈيۈك ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكەممەل يېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە باي ۋە گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش روھىنىڭ پەقەت ئۇلارغىلا خاس بولماستىن بەلكى بۇ پۈتۈن قاراخانىيلار سۇلالىسى ھاكىمىيەت قاتلىمى ۋە جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن دۆلەتچىلىك پىكىرلىرى، ئىجتىمائىي جەمئىيەت قاراشلىرى پەقەت بىرلا دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئۇلار ئۇيغۇر -تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن دۆلەت، ھاكىمىيەتچىلىك قاراشلىرى، تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى توپلاپ ھەم ئۇنى ئانالىز قىلىشقا شۇنىڭدەك بۇ ئىدىيەلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىدى. شۇڭا كېيىنچە ئېيتىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى دۆلەتچىلىك سىستېمىسى، يەنى دۆلەت تەشكىلاتى، ئىدارە-باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، يەنىلا ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى، كۆك تۈركلەر ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى

ئىسلامىي پىرىنسىپلارغا ماسلاشتۇرغان ھالدا داۋاملاشتۇرۇش بولدى. دېمەك، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلامىي مۇسۇلمانلار دۆلىتىگە ئايلىنىش بىلەن تەڭلا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن مەۋجۇت بولغان ۋە مىراسخورلۇق قىلىپ كەلگەن كۆپ ئەسىرلىك دۆلەت- ھاكىمىيەت ئەنئەنىلىرىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلىۋەتمىگەن ئىدى.

دوكتور ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ۋە يەنە بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ئىدىيەلەر تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا قەشقەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى كۆپ ئەسىرلەر جەريانىدا ئۆزلىرىگە سىڭدۈرۈپ ئەۋلادتىن ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن غەيرى ئىسلامىي خاراكتېرگە ئىگە كۆز قاراشلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدىمۇ سېزىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئەسەردىكى كۆپلىگەن سىياسىي، دۆلەتچىلىك قاراشلىرى ئىجتىمائىي قاراشلار، ئەخلاق قاراشلىرى ۋە باشقا تەرەپلەر ھەرگىز قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان يېڭى ئېتىقادىنىڭ پەلسەپەۋى قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن ئىدى. ئېنىقكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تۈركىي -ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىسلامىيەت دەۋرىگە كىرىشتىن ئىلگىرى كۆپ ئەسىرلىك دۆلەتچىلىك -سىياسىي ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇز تارىخىدا ھون ئىمپېرىيەسى، كۆك تۈركلەر ئىمپېرىيەسى، ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى ۋە تۈركەشلەر قاغانلىقى، قارلۇقلار قاغانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەر دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى ھەمدە كۆپ ئەسىرلىك ۋە مول مەزمۇنلۇق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن ئىدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار ئۆزلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، تېخى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغىنىغا تەخمىنەن ئازغىنە كەم بىر ئەسىر بولغان مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىدە ئەسلىدىن مىڭ يىللار چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تۇرمۇش ئۆرپ -ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئۈلگىلىرىنى بىكار قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق مەدەنىيىتىنى ئىسلام ئېتىقادى بىلەن بىر يولىلا پۈتۈنلەي بىكار قىلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇڭا قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر ئۆتمۈشى ۋە مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى، ئوخشاشلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر ۋە دۆلەتلەر سىياسىي، مىللىي ، مەدەنىيەت ھەم پەلسەپەۋى ئىدىيە تارىخىنىڭ ئاساسلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تارىخىي ئەنئەنىلەر ئۇلارنى ئورتاقلىق تانىسىغا باغلايدۇ خالاس.

خۇلاسىلىگەندە، ئىسلامىي ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر دۆلىتى قاراخانىيلار بىلەن بۇددىزم ئۇيغۇر دۆلىتى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىكى تۈپ پەلسەپەۋى - ئىدىيەۋى ئورتاقلىق ئۇيغۇر- تۈركىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش شۇنىڭدەك ئۇنىڭ باشقا مەدەنىيەت ۋە تىللار بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇشىنى ھەتتا باشقا مەدەنىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەقلىي، سىياسىي- ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەپەككۇرى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمان بولغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نەزىرىدە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىزم ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قوۋملار غەيرى دىندىكىلەر سۈپىتىدە قارالسىمۇ، ئەمما تۈركىي مىللىي قېرىنداشلىق قارىشى يەنىلا ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى دەپ پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىز.

ئىككى خىل دىنىي ئېتىقادتىكى ئۇيغۇر- تۈركىي قەبىلىلىرى ئەسلى ئۆزلىرىگە ئورتاق بولغان ۋە كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى، ئەخلاق ۋە كىشىلىك قاراشلىرى شۇنىڭدەك سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى داۋاملاشتۇردى ھەم تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ئۇلاردىكى بۇ خىل بىر قاتار ئورتاقلىقلار ئۇلار ئارىسىدا ئۇزۇن مەزگىللىك تىنچلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەربىي كۈچ، زېمىن دائىرىسى، نوپۇس، ئىقتىساد جەھەتلەردىن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرۇشى ھەتتا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئارقا سەپ تايانچىسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىماي،يەنىلا ئۆزىدىن ئاجىز تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشىغا ئاتلانمىدى. بۇ ئىككى خانلىق ئارىسىدا ئۇرۇش بولغانلىقى راست، ئەمما ئۇرۇش ئۇنچە كەڭ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بولغان ئەمەس ۋە قاراخانىيلار قوشۇنلىرى قوچۇ، بەشبالىق قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرگە ،يەنى تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى زېمىنلىرىگە ئىچكىرىلەپ ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن. ئەگەر ئۇنداق كەڭ ۋە قاتتىق ئۇرۇشلار بولسا مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنى تىلغا ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ تاڭغۇتلارنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ۋە قىرغىنچىلىقىنى ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئالىدۇ [15]. ئومۇمەن بىر خەلق كۈچارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بۆگۈر ئەتراپىنى چېگرا قىلىپ [16]، ئىككى خىل ئېتىقادقا ئايرىلدى . ئەلۋەتتە بۇددىزمنىڭ ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەت مەركىزى كۇچار مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە ئاللىقاچان قاراخانىيلار تەركىبىدە بولغان ھەم بۇ يەردىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ئىدى [17].

## 4. مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۈگۈنكى تۈرك خەلقلىرى دۇنياسىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكىدىكى رولى

سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن يېڭى مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا سىياسىي تارىخ، مەدەنىيەت تارىخى بەرپا قىلىشى شۇنىڭدەك مىللەتپەرۋەرلىك ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرىنىڭ كۈچىيىشى جەريانىدا مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەل فارابى، ئەھمەد يەسەۋى ، ئەلىشىر نەۋائىي ۋە باشقا كۆپلىگەن ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت نامايەندىلىرى ھەممە بۇ خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش ۋە باسقۇنچىلارغا قارشى كۈرەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي تارىخىي جەريانىدىكى ئەربابلىرى، باتۇرلىرى ھەم ئەل سۆيگەن ئادەملىرى ئوخشاشلا مىللىي روھنى كۈچەيتكۈچى سىمۋول قىلىپ تىكلەندى.

مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق بۈيۈك مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى خەلقلىرىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەم مىللىي كىملىك تۇيغۇلىرىنىڭ تىكلىنىشى ھەم راۋاجلىنىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولۇپ، بۇ ئەربابلار مەزكۇر خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىن ئورۇن ئالدى.

مەسىلەن، قىرغىزىستاندا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى 2002 -يىلى يۈسۈپ بالاساغۇنى ئۇنىۋېرسىتېتى دەپ ئاتالدى. قىرغىزىستان دۆلەت بانكىسىنىڭ 1000 سوملۇق پۇلغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رەسىمنى ئويدى، قىرغىزىستاندا كۆپلىگەن كوچىلار، ئورۇنلارغا شۇ نام بېرىلدى. ئۆزبېكىستاندىمۇ شۇنداق،

2015 - 2016 -يىلى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى خاتىرىلەپ، مەخسۇس خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى نەشر قىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي قىرغىز خەلقىنىڭ، جۈملىدىن قىرغىزىستاننىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت نامايەندىلىرى ۋە مىللىي سىمۋوللىرى تەرىقىسىدە ئۇلۇغلىنىپ، دەرسلىكلەر، دۆلەت تارىخى كىتابلىرى ۋە باشقىلاردىن كەڭ ئورۇن ئالدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىي ئوخشاشلا ئۆزبېكلەرنىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىش بىلەن دۆلەت تارىخىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلىدى.

ھەتتا قازاقىستان ئەبۇ باسىر فارابىنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈپ، ئالمۇتا قاتارلىق شەھەرلەردىكى چوڭ كوچىلارغا، دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، تەتقىقات ئورۇنلىرى قاتارلىق جايلارغا فارابىنىڭ نامىنى قويدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ تۈركىي خەلقلەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، ئەلفارابى ۋە باشقىلارنى ئۆز ھازىرقى زامان مىللەتپەرۋەرلىك سىمۋوللىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى بىر تەرەپتىن تۈرك خەلقىنىڭ ئورتاق بايلىقى دېسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى بۈگۈنكى زامان ئېتنىك تەۋەلىكى جەھەتتىن ئۆزلىرىگە باغلاش خاھىشى مەۋجۇت.

لېكىن، ئۇمۇمۋارلىق بىلەن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى قانچە چوڭقۇر چۈشەنگەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشلار ۋە ئورتاقلىقلارنىڭ كۆپلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئەسلىدىن ئورتاق بولغان مەدەنىيەت تارىخىنى پارچىلاپ، ئۆز ئالدىغا قىلىۋېلىشىنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. قازاقلار، قىرغىزلار، ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەر ۋە ئۇيغۇرلار مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلاردىن قانچە پەخىرلىنىپ، ئۇنىڭ ھەققىدە شۇنچە كۆپ تەتقىق قىلىشى ۋە بىلىشى ۋە چۈشىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن تېخىمۇ باغلاپ، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مىڭ يىل بۇرۇن كۆزلىگەن غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشقۇسى.

## 5. ئۇيغۇرلارنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدىكى تونۇشى، تەتقىقاتلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ كېڭىيىشى

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۈرك دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلانغان قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى ئازىغ كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن ھەم شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، قەشقەردە ياشاپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتقا تايانغان مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەۋلادلىرى ھەم يۇرتداشلىرى ھېسابلانغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ زاتلارنى ئومۇميۈزلۈك بىلىپ ھەم چۈشىنىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك شەخس ۋە مىللىي مەدەنىيەت روھىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تىكلىشى 20 -ئەسىرگە مەنسۇپتۇر.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا مەھمۇد كاشغەرىي دەپنە قىلىنغان ئۇنىڭ قەشقەر ئوپالدىكى مازىرى يەرلىك ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن « ھەزرىتى موللام مازىرى» دەپ ئاتىلىپ ئەسىرلەردىن بېرى ئۇلۇغلىنىپ ۋە تاۋاپ قىلىنىپ كەلگەن. «ھەزرىتى موللام مازىرى»نىڭ شەيخلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر بۈيۈك ئۆلىماسىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى تۈپەيلىدىن ئەۋلادتىن -ئەۋلادقا بىر-بىرىگە ۋارىس بولۇپ، مازارنى ئاسراپ ۋە قوغداپ، كىشىلەرگە «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا دەپنە قىلىنغان بۇ زاتنىڭ بۈيۈك ئالىم، بۈيۈك بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ 1000 يىلدىن بۇيان مەزكۇر ئۇلۇغ زاتنى

ئۇنتۇپ قالماي، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە سۆيگۈسىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ھەمدە كۆندىن-كۈنگە كۈچىيىشى ھەتتا دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتلىك رول ئوينىدى. ئەلۋەتتە، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەزكۇر مازارغا تاۋاپ قىلىۋاتقان ئاۋام خەلق مەزكۇر مازاردا ياتقان زاتنى بۈيۈك ئالىم دەپ چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ 11 -ئەسىردىكى تۈنجى قۇدرەتلىك تۈركىي ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ۋە ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالىمى ھەمدە تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرىي ئىكەنلىكىنى ئومۇمىي يۈزلۈك بىلمىگەنلىكى ئېھتىماللىققا يېقىن. ئەمما، شۇ دەۋرنىڭ بىلىم ئادەملىرى، ئۆلىمالىرى بۇ زاتنىڭ كىملىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزلىرى يازغان كىتابلىرى، شېئىرلىرىنى مەخسۇس « ھەزرىتى موللام مازىرى »غا ۋەخپە قىلغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مەھمۇد كاشغەرىيگە بولغان ئالىي ھۆرمىتى ۋە سۆيگۈسىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. مەسىلەن، 19 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە زىيالىيلىرىدىن مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ( 1725 - 1849 ) ئابدۇرېھىم نىزارى ( 1767 - 1850)، تۇردۇشاخۇن غېرىبى ( 1802 -1862) ۋە باشقىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە «ھەزرىتى موللام» نىڭ دەل مەھمۇد كاشغەرىي ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ زاتقا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. ھەتتا مىلادى 1836 - 1837 - يىللىرى ئارىسىدا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي « مەسنەۋى شېرىپ» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا بىر «ۋەخپنامە» يېزىپ، بۇ كىتابنى «ھەزرىتى مولام مازىرى»غا ۋەخپە قىلغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ۋەخپە قىلىش ھۆججىتىدە «مەسنەۋى شېرىپ « ناملىق كىتابنى قەشقەرنىڭ ئوپال دېگەن يېرىدىكى «ئېرىق بۇلاق» يېنىغا دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلان، دىنىنىڭ قۇياشى، قەلەم ساھىبى ، ھۈسەيىن ئوغلى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە قىلغانلىقىنى يېزىپ، بۇ ھۆججەتكە ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرى، شائىرلىرى، مۇددەرسلىرىدىن نەزەر ئاخۇنۇم، ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇزاخۇن، تۇردۇشاخۇن غېرىبى، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم، موللا غوجىلاق ۋە زەيدىن قۇرۇلبەگ قاتارلىق كىشىلەر ئۆز مۆھۈرلىرىنى باسقان. مەزكۇر ھۆججەت قەشقەرىيە خەلقىنىڭ 19 -ئەسىردىكى ئەسىردىكى مانجۇر-خىتاي تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۆپ قېتىملىق كۈرەشلىرى، 20 -ئەسىرنىڭ 30 -يىللىرىدىكى مىللىي ئىستىقلالىيەت كۈرەشلىرى شۇنىڭدەك 1949 -يىلدىن كېيىنكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاپەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 1980 -يىلىغا كەلگەندە ،ھۆججەتنى ساقلىغان ئاتاقلىق قەشقەر ئۆلىماسى مىرھۈسەيىن قازى بۈنى مەھمۇد كاشغەرىينى تەتقىق قىلغان ئىبراھىم مۇتەيى، مىرسۇلتان ئوسمان قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتى ھەمدە ۋاپات بولغان جايىنى بېكىتىشىگە ھەسسە قوشتى [18]. ئەلۋەتتە، بۇ ھۆججەتنى ساقلاش يولىدا بىر قانچە ئەۋلاد ئادەملەر جانلىرىنى پىدا قىلدى ھەمدە ئازاب-ئوقۇبەتلەر چەكتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 20 - ئەسىردە مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تونۇشى، تەتقىق قىلىشى ھەمدە ئومۇمىي يۈزلۈك بىلىش جەريانىنى ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ 1949 - يىلدىن ئىلگىرى. ئىككىنچى باسقۇچ 1949 - يىلدىن كېيىن.

بىرىنچى باسقۇچتا ، يەنى 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا شەرقىي تۈركىستان مۇرەككەپ ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دۇنياسى جۈملىدىن تۈرك دۇنياسىدا كۆتۈرۈلگەن يېڭىچە مەدەنىيەت - مائارىپ ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستانغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئىستانبۇل، قازان قاتارلىق جايلاردا تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇر، تۈرك ۋە تاتار زىيالىيلىرى بۇ جايلاردا نەشر قىلىنغان تۈرك تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەرنى ئوقۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستانغىمۇ ئېلىپ كىرىشكە باشلىدى. تۈركىيە ، مىسىر ۋە باشقا جايلاردا تەربىيە كۆرگەن قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق زىيالىيلىرىدىن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، شەمشىدىن داموللا، مەمەت ئەلى تەۋپىق قاتارلىقلار ئەينى ۋاقىتتا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى بىلەن تونۇشلۇق بولۇپلا قالماستىن بەلكى، بۇ زاتنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ بىلدۈرۈش ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئۇيغۇر تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا كىرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ 1937 - يىلى ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىغان.

1944-1949 - يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، جۇمھۇرىيەت رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىۋاسىتە تەشەببۇسى بىلەن 1946 -يىلى ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلگەن ئىسمائىل داموللام «دىۋان» نىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، بىراق تولۇق تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش مۇمكىنچىلىكى ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

ئەينى ۋاقىتتا يەنە 1945 -يىلدىن 1949 -يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان مەسۇد سەبرى بايقوزى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئىسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىرى تۈرك تارىخى تەتقىقاتى ۋە تۈرك تارىخى بىلىملىرىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا كېڭىيىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىي كىملىكىنى تونۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار بۇ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «ئالتاي نەشرىياتى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى» قۇرغان ھەمدە ئالتاي ژۇرنىلى، ئەرك گېزىتى قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارنى نەشر قىلغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان « قۇتادغۇ بىلىك» ۋە تۈرك تارىخىغا ئائىت كۆپلىگەن كىتابلارنى، شۇ قاتاردا بەسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئەكەلدۈرگەن ئىدى. 20 - ئەسىر ئىلىم ساھەسىدىكى تۇنجى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق ئومۇمىي تارىخ كىتابى يازغان، مەشھۇر سىياسەت ئەربابى ۋە تارىخچى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، « ئۆلكە تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى پولات قادىر تۇرپانى، «ئاسىيانىڭ يۈرىكى -شەرقىي تۈركىستان» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان قاتارلىقلار مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىلدۈرۈش جەھەتتە كۆپ ئەمگەك سىڭدۈردى. غۇلجىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدىمۇ ئەخمەتجان قاسىمى، ئەلىخان تۆرە قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋرلەر تارىخى خەلققە كەڭ تەشۋىق قىلىنغانىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى بىلەن شۇنىڭدەك يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرى بىلەن ئومۇمىي خەلق دائىرىسىدە تونۇشۇش ھەم تەتقىقات يۈرگۈزۈشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1949 -يىلى، بۇ ئۆلكىدە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىتىلىشىدىن كېيىن، باشلانغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي كىملىك ۋە مىللىي ئاپتونومىيە چېگرىلىرىنى ئايرىش سىياسىتىنىڭ ئۆلگىسى بويىچە، 50 -يىللاردا خىتاي تەۋەسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئايرىش ۋە بېكىتىش، بولۇپمۇ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ نام بېرىلگەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئايرىم مىللىي كىملىكىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخ مەدەنىيەت تىل ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە باشقىلار ئۈستىدىن كەڭ كۆلەمدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. مانا شۇ جەريانىدا، كۆپلىگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك قول يازما ئەسەرلىرى توپلاندى ۋە ئەخمەت زىيائىي قاتارلىق ئالىملار «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي باشلانغان سىياسىي ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئىش توختاپ قېلىپ، تاكى 70 -يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە مەھمۇد كاشغەرىي تەتقىقاتى خىزمىتى قولغا ئېلىنمىدى.

1978 -يىلىدىن كېيىن، ئىبراھىم مۇتىي، مىرسۇلتان ئوسمان، ئىمىن تۇرسۇن، ئەخمەت زىيائىي، ھاجى نۇرھاجى قاتارلىق ئالىملار شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەركىبىدە تۈركىي تىللار دىۋانىنى تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، 1980 -يىلى، دىۋاننى ئۈچ توم بويىچە نەشر قىلدى. ئارقىدىنلا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئالىملار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرىي نۇسخىسىنى تەييارلاپ نەشرىدىن چىقاردى.

«تۈركىي تىللار دىۋانىنى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر، خىتاي ۋە باشقا مىللەت ئالىملىرىنىڭ «دىۋان» ، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى تەتقىقات قىزغىنلىقىنىڭ قوزغىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ئۇيغۇرلار بىلىم ئادەملىرىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى تارىخ، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق ، ئىنتومولوگىيە ، ئېتنوگرافىيە، پەلسەپە ھەم باشقا تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە تەتقىق قىلىنىپ، كۆپلىگەن ماقالىلار ۋە كىتابلار ئېلان قىلىندى. 1950 - يىلىدىن تاكى ھازىرغىچە مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدا ئۇيغۇر تىلىدا 500 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى ھېسابلاپ چىقىلغان. 1980 - يىللاردا يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىي نۇسخىسى ۋە نەسرىي نۇسخىلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ساھەدىكى چۈشەنچىلىرىنى چوڭقۇرلاتتى. يېقىندا ئەسەرنىڭ « ئاۋازلىق » نۇسخىسىنىڭ تارقىتىلىشى بىلەن كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممە قاتلىمى بۇ ئەسەردىن بەھر ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

1990 - يىللىرى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى قايتا رېمونت قىلىنىپ ياساپ چىقىلدى ھەمدە بۇ جايغا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلدى.

2005 -يىلى، قەشقەردە مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا 100 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس مەخسۇس ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش، بىلىش ۋە تەتقىقاتلار قەدەممۇ-قەدەم پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلىرىدا تۈركىيە ئالىملىرى، رۇسىيە-سوۋېت ۋە ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى.

## 6. ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ باھاسىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېتنىك، يەنى قەبىلە كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن بۈگۈنكى كۈندىكى قايسى تۈركىي خەلققە مەنسۇپ دېگەن سوئالنىڭ

ئىلىم ساھەسىدە خېلى بۇرۇنلا تۇغۇلغانلىقى مەلۇم. بۇ مەسىلە ھەققىدە تۈركىيە، غەرب، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم خىتاي، ياپونىيە ۋە باشقا دۆلەت ئالىملىرى ئارىسىدا ئۇخشىمىغان كۆز قاراشلار ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. لېكىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى ياغمالار تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى ئاساسەن مۇقىملاشقان يەكۈنىدۇ [19]. ئەلۋەتتە، بۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان شاھزادە ئىكەنلىكى تۈپەيلىدىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى زادى قايسى تۈركىي قەبىلە قۇرغان؟ قايسى تۈركىي قەبىلە ۋە ياكى ئۇرۇغ مەزكۇر دۆلەتنىڭ خان جەمەتىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغان دېگەندەك مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشماي تۇرۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىملىكى چىقىش كىملىكى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق، بىرلا ئاسان جاۋاب شۇكى مەھمۇد كاشغەري ئۆز ئەسىرىدە تۈرك ئېتنونىمىنى ئەڭ ئۈستۈن قويغان بولۇپ، تۈركلەر 22 قەبىلىدىن تەشكىل قىلغان، دېمەك مەھمۇدنىڭ نەزىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قوۋم-قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق نامى تۈرك بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى مەزكۇر خەلققە تەۋە دەپ قارىغان. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ زادى قايسى قوۋمدىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەي ئۆتۈشى تاسادىپىي ئەمەس بولۇپ، بۇ بەلكى ئۇنىڭدىكى ئورتاق تۈرك چۈشەنچىسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئوخشاشلا ئۆز ئەسىرىدە تۈرك قوۋمى ئۇقۇمىنى قوللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل ئورتاق قوۋم ئىدىيەسى مەھمۇد كاشغەري بىلەن بىردەكتۇر. بۇ نۇقتا ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە پەقەت ئۇيغۇر ئالىملىرى، زىيالىيلىرىلا مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۇيغۇر مىللىتىگە تەۋە دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك بوۋىسى دەپ ھېسابلايدۇ ھەم بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۇيغۇر دەپ قارىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنى بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن.

بىرىنچىدىن. ئېتنىك مەنبە ۋە تىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. بۇ مەھمۇدنىڭ خان جەمەتى ھېسابلانغان نەسەبى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان يادرولۇق قەبىلىنىڭ كىملىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ۋە خەلقئارادا خېلى كۆپ قىسىم مۇتەخەسسىسلەر بىردەك ھالدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەر مۇتلەق كۆپ سانلىق خىتاي تارىخچىلىرى تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنغان شۇڭلاشقىدەك تەشەببۇس قىلىنغان بولۇپ، بىر قىسىم رۇس، ياپون، خىتاي ۋە ئۇيغۇر تارىخچىلىرىنىڭ قارىشىچە، مىلادىيە 840 -يىلى موڭغۇلىيەدىكى قاراباھالغاسۇننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقىنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە پامىر ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھەمدە شۇ يەردىكى ئۇيغۇر -تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى بەرپا قىلغانلىقىنى، تارىم-تۇرپان ۋادىسىغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر تارمىقىنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇرپان ئىدىقۇت دۆلىتىنى بەرپا قىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئۇيغۇر ۋە خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ قارىشىچە، قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى پايتەخت قىلغان بولۇپ، بۇ خاندانلىقنىڭ خان جەمەت يادروسى ئۇيغۇرلار، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قۇرغان خاندانلىقىدۇر [20]. قاراخانىيلار سۇلالىسى تەتقىقاتچىسى پېتىر گولدېننىڭ قارىشىچە ياغما قەبىلىسى بالدۇرراق قەشقەر ئەتراپلىرىدا پائالىيەت قىلغان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتنى ئۇيغۇر ياغما قەبىلىسى تەشكىل قىلغاندى [21]. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇنىڭ بىرىنچى خانى سۇپىتىدە كۆل بىلگە قادىرخاندىن باشلىنىدۇ [22]. قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قۇرغانلىقى كۆز قارىشى كۆپ سانلىق ئالىملار تەرىپىدىن بۇرۇنلا تەستىقلانغان بولۇپ، سوۋېت ئالىملىرىدىن ئا. بېرنشتام، قاراخانىيشۇناسلىرىدىن داۋىدوۋىچ قاراخانىيلارنى ئۇيغۇر ياغما قەبىلىسى قۇرغانلىقى يەكۈنىنى چىقارغاندى [23].

ئىككىنچىدىن تىل مەسىلىسى. ئۇيغۇر تىلشۇناس ئالىملىرى مەھمۇت كاشغەرىينى ئۇيغۇر دەپ بېكىتىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ئۇنىڭ ئىشلەتكەن ئەدەبىي تىلىنىڭ خاقانىيە تىلى ئىكەنلىكىدۇر. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خاقانىيە تىلى، تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىر تىل بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى قەشقەرنى مەركەز قىلغان تىل بىلەن تۇرپاننى مەركەز قىلغان تىل دەل ئۇيغۇر تىلىدۇر. ئۇيغۇر ئالىملىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن بۇ تىلنىڭ، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلىنىڭ، يەنى خاقانىيە تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ [24].

ئۈچىنچىدىن، مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زېمىن تەۋەلىكى مەسىلىسى؛ مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇرتى ھەققىدە ھەر خىل قاراش بار. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىرغىز، قازاق ۋە باشقىلارنىڭ ئالىملىرى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىسسىق كۆل بويىدىكى بارسخاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى بالاساغۇندا، يەنى ھازىرقى توقماق يېنىدا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئالىملىرى

www.uyghurkitap.com

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دىۋاندىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ھەمدە خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەر ھەمدە 19 - ئەسىردىكى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ۋەخپە ھۆججىتى ئارقىلىق مەھمۇد كاشغەرىينىڭ، قەشقەر شەھىرىنىڭ يېنىدىكى ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىغ كەنتىدە تۇغۇلغان ھەمدە ئۆز يۇرتى ھېسابلانغان شۇ جايغا دەپنە قىلىنغانلىقىنى مۇقىملاشتۇردۇ. ئۇيغۇرلار ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە مەھمۇد كاشغەري ئەينى ۋاقىتتا ئۆز ئىسمى مەھمۇدقا «كاشغەري»دىن ئىبارەت شەھەر ئىسمىنى تەخەللۇسى قىلىپ، قوشۇپ ئاتىشى، شۇنىڭدەك زامانداشلىرىنىڭمۇ شۇنداق ئاتىشى، ئۇنىڭ يەنىلا بۇ زېمىنگە تەۋە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ماخمۇت كاشغەري» دېگەن ئىسىم، كاشغەرلىك، يەنى بۈگۈنكى قەشقەرلىك دېگەن بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇندا تۇغۇلغان بولۇپ، بالاساغۇن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ يازلىق پايتەخت شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ شەھەردە ئەمەلىيەتتە شەھەرلەشكەن تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان بولۇپ، بۇ ئوخشاشلا ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنى يادرو قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەركىبىدىكى قەبىلىلەر ياشىغان جاي ئىدى. قەشقەر بارلىق ئۇيغۇر تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ مەركەزلەشكەن جايى ۋە پايتەختى ئىدى [25]. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە ئىشلەتكەن تىلىمۇ خاقانىيە تىلى، يەنى ئۇيغۇر تىلى ئىدى.

تۆتىنچىدىن، بۈگۈنكى ئېتنىك كىملىك بىلەن باغلىنىشلىق مەسىلە. يەنى بۈگۈنكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدى»كى يەنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق تۈركىي خەلق ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 30 % قەشقەر ۋىلايىتىگە تارقالغان. قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى ئۇيغۇرلار ئەڭ زىچ ئولتۇراقلاشقان جايلار بولۇپ، «قەشقەر» دېمەك «ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى» دېمەكتۇر. بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا كۆپ ئەسىرلەر ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دېگەندىن كۆرە، «قەشقەرلىك» ۋە ياكى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىغانلىقى، «ئۇيغۇر» ئېتنىك نامىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن رەسمىيلىشىپ، ئومۇمىي يۈزلۈك مىللىي كىملىك سۈپىتىدە ئاتالغانلىقى ھەمدە پۈتۈن خەلقنىڭ بۇنى قوبۇل قىلغانلىقى ئېنىق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ئۇيغۇر تارىخچىلىرى، زىيالىيلىرى ۋە ئاۋام پۇقرالىرىنىڭ نەزىرىدە بۇ جاي قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولۇپ كەلگەن.

## 7. مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكىگە تەسىرى

ھەر قانداق بىر خەلق ئۆز ئۆتمۈشىدىكى شانلىق مەدەنىيەت نامايەندىلىرىدىن پەخىرلىنىپ، ئۇنى مىللىي مەدەنىيەت سىمۋولى قىلىپ تىكلەشكە، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مىللىي روھىنى تەربىيەلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا قىبلىنامە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى تەبىئىي.

18 - ئەسىردە شەرقىي تۈركىستان مەنچىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، تاكى 1877 - يىلى ياقۇپبەگ رەھبەرلىكىدىكى «يەتتە شەھەر دۆلىتى» يىمىرىلگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر تۈركلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئىستىقلالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىللىي مەدەنىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرەش قىلدى. تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمى ئوچاقلىرى ھېسابلانغان تارىم، تۇرپان ۋە ئىلى ۋادىلىرىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرىدىن پايدىلانغان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئاڭلىق قاتلىمى ھېسابلانغان مەشھۇر زىيالىيلار ۋە بىلىم ئادەملىرى ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ۋە مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن چىققان بۈيۈك تارىخىي ئەربابلارنى مەدھىيەلەش، ئۇلارنىڭ ئىش -ئىزلىرىنى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش مەقسىتىدە تارىخىي تەزكىرىچىلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى، كېيىنكى سەئىدىيەلەر خاندانلىقى ھەمدە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى خوجىلار ۋە بەدەۋلەت دەۋرىگە ئائىت كۆپلىگەن تەزكىرەلەر يېزىلغان ئىدى. ئەنە شۇنىڭ جۈملىسى سۈپىتىدە 19 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ مەخسۇس كىتاب يېزىپ، ئۇنى مەھمۇد كاشغەري مازىرىغا مەخسۇس ھۆججەتلىك ۋەخپە قىلىشى ھەمدە مەزكۇر ھۆججەتكە شۇ دەۋرنىڭ بىر قانچە نەپەر زىيالىيلىرىنىڭ ئىمزا قويۇشى تاسادىپىي ئەمەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بۇ مازاردا ياتقان ئىنساننى خەلققە تونۇشتۇرۇش ھەمدە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يالداما قىلىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دۇنياسى جۈملىدىن تۈرك دۇنياسىدا كۆتۈرۈلگەن يېڭىچە مەدەنىيەت-مائارىپ ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستانغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئىستانبۇل، قازان قاتارلىق جايلاردا تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇر، تۈرك ۋە تاتار زىيالىيلىرى كېيىنكى ئەسىرلەردە جاھالەت ئىچىدە قالغان شەرقىي تۈركىستاننى يېڭىچە ئىلىم-مەرىپەت نۇرلىرى بىلەن يورۇتتى. ئىستانبۇللۇق مەرىپەتچى ئەخمەت كامال ۋە ئىستانبۇلدا تەربىيە كۆرگەن شەرقىي تۈركىستانلىق مەسئۇد سەبرى بايقوزى، تۇرسۇن ئەپەندى ھەمدە گېرمانىيە، رۇسىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولغان ئاكا-ئۇكا مۇسابايلار، مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە باشقا يۈزلىگەن مەرىپەتپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر

بىلىم ئادەملىرى، تىجارەتچىلەر زامانىۋى مەكتەپلەر ئېچىپ، شەرقىي تۈركىستاندا مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنىنى قوزغاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا مىللىي كىملىك، مىللىي روھ ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ئاڭلىرىنى پەيدا قىلدى ھەمدە راۋاجلاندۇردى. ئەنە شۇ ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلەر ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنى تىكلەش ئۈچۈن ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي تارىخى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى خەلقىگە چۈشەندۈرمەي، خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرمەي مۇمكىن ئەمەسلىكى تونۇپ يەتكەن بولغاچقا ئۇلار تۈركىيە، رۇسىيە تاتارىستانى ۋە باشقا جايلاردا نەشر قىلىنغان تۈرك تارىخ كىتابلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كىردى. تۈركىيە، مىسىر ۋە باشقا جايلاردا تەربىيە كۆرگەن قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق زىيالىيلىرىدىن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، شەمشىدىن داموللا، مەمەت ئەلى تەۋپىق قاتارلىقلار ۋەكىل خاراكتېرلىك بولۇپ، بۇلار نەشرىياتچىلىق، مەرىپەتچىلىك يوللىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنى مىللەتچىلىك ئېڭى بىلەن تەربىيەلىدى . ئەنە شۇ ئاقارتىش ۋە ئويغىتىش ھەرىكەتلىرى 1934-1931 - ۋە 1945 - يىللىرى ئارىسىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ھەمدە بۇ ئىنقىلابلار نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن كېيىن مەيدانغا تۈرك دۇنياسىدىكى ئىككىنچى مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيىتى- شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن خۇلاسىلانغان بولۇپ، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ۋە ئاتالمىغان كۆپلىگەن بىلىم ئادەملىرى مەزكۇر ئىنقىلابلاردا مۇھىم رول ئويناپ، يەنىلا تەشۋىقات-تەربىيە ھەم نەشرىيات - گېزىتچىلىك خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. تارىخىي تەربىيە، مىللىي كىملىك ۋە مىللىي روھ ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى تەربىيە پائالىيەتلىرىدىكى مۇھىم تېما بولۇپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ، 1945 -يىللىرىدىن كېيىن،ئۇيغۇر سىياسىيونلىرى ۋە مەرىپەتچىلىرى ئۈچۈن تۈرك -ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر سەلتەنەتلىك قاغانلاردىن ئوغۇز، ئاتىللا، سۇلتان ساتۇق ۋە شۇ قاتاردا مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ھۆكۈمرانلار، ئۆلىمالار ئۇلارنىڭ خەلقنى تەربىيەلەشتىكى سىمۋوللارغا ئايلاندى.

1944 - يىلى 12 - نويابىردا غۇلجىدا قۇرۇلۇپ، 1949 - يىلى ئاخىرلاشقان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمۇ ئوخشاشلا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، تارىخىي تەربىيە ئوخشاشلا مىللىي روھنى ئۆستۈرۈشتىكى ۋاستە قىلىنغان بولغاچقا، ئىلى ھۆكۈمىتى نەشر قىلغان گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈش سىياسىي ھەم مەدەنىيەت تارىخى ۋە مەشھۇر ئالىملىرى ھەققىدە ماقالىلار پات-پات بېسىلىپ تۇراتتى. ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تەشەببۇسى بويىچە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

ھەتتا مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز نۇتۇقلىرىدا مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىگە يۇقىرى بېرىپ، « <قۇتادغۇ بىلىك> ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە» دېگەنىدى.

ئۇ، مەسىلەن، 1949 - يىلى، 6 - ئاينىڭ 6 -كۈنى غۇلجا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، رۇس ۋە باشقا مىللەت يازغۇچى-شائىرلىرى ھەم زىيالىيلىرى قاتناشقان، رۇس كىلاسسىك شائىرى ئالېكساندىر پۇشكىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 150 يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ كۆلەمدىكى مۇراسىمدا سۆز قىلىپ، ئالېكساندىر پۇشكىننىڭ «ھەيكەل» ناملىق شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى ۋە ئالېكساندىر پۇشكىننىڭ رۇس ھەم ئىنسانىيەت ئەدەبىياتىغا قوشقان توپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى ۋە قالدۇرغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەكىتلەپ، دەۋرىمىزدىكى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەنە شۇ قەدىمكى شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەنە شۇ كىلاسسىكلارنىڭ ئىزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىپ: «بىزنىڭ كونا چاپانلىرىمىز ئىچىدە ئۇمىدۋار كىشىلەر ناھايىتى كۆپ، بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز تۈگىمەس بايلىق. بۇ تۈگىمەس بايلىقىمىزنى خەلقئالەم ئالدىدا نامايان قىلىش ئۈچۈن زۇنۇن قادىر، ئەلقەم ئەختەم، قۇرمانغالىدەك يازغۇچىلار كۆپلەپ چىقىشى كېرەك. نىمشېھىت ئەرمىيا داموللامنىڭ ۋەتەن توغرىسىدا يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ خېلى رازى بولدۇم. ئۇنىڭ شېئىرلىرى نەۋائىينىڭ شېئىر يېزىش ئۇسلۇبىدا يېزىلىپتۇ. ئەجدادلىرىمىز مەدەنىيەت تارىخىمىزدا بۈيۈك ئىشلارنى قىلغان. 11 - ئەسىردە يېزىلغان بۈيۈك ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك <ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە، ....ئاتاقلىق رۇس ئالىمى مالوف قاتارلىقلارنىڭ شەرق مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر يازغان كىتابىدىكى مۇنداق بىر سۆز ئېسىمگە كەلدى: <17 - ئەسىرگىچە بەزى دۆلەت، بەزى مىللەتلەر تەرىپىدىن يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەر <قۇتادغۇ بىلىك>نى ئەينەك قىلغان بولۇشى مۇمكىن>» دەپ تەكىتلەنگەنىدى [27].

ئەخمەتجان قاسىمى، سۆز نۇتۇقلىرىدا دائىم مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە باشقا نامايەندىلەرنىڭ تۆھپىلىرى بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقانلىقىنى ۋە باشقىمۇ ياۋروپا كىلاسسىكلىرى، مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنىڭ تۆھپىلىرى ھەم دۇنيا تارىخىنىڭ مۇھىم باسقۇچلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت

www.uyghurkitap.com

ھالىتى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرەتتى. بۇ، نۇقتىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنىڭ مەخمۇد كاشغەري، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە باشقا مىللىي سىمۋوللارنىڭ مىللىي روھنى كۆتۈرۈشتە نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

شۇنىڭدەك، 1946 - 1949 يىللىرى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان مەسئۇد سەبرى بايقوزى، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىق مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى» قۇرۇپ، دەرنەكلەر ئۇيۇشتۇرۇپ، تارىخ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى كېڭەيتىشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى» ئېھتىمال ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بىرىنچى قېتىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نامى بىر مەدەنىيەت ئورنىغا ئەبەدىيلىك ۋە ھۆرمەتلىك نام سۈپىتىدە قويۇلۇشى بولسا كېرەك. مەزكۇر « ئۈچ ئەپەندى» بۇ كۇتۇپخانا تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان تۈرك تارىخىغا ئائىت يېزىلغان كۆپلىگەن كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ قويغاندىن سىرت تۇنجى قېتىم «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تۈركىيەدە تۈركچە چىقىرىلغان نۇسخىسىنى ئەكەلدۈرۈپ قويۇش بىلەن زىيالىيلارنىڭ بۇ ئەسەر بىلەن تونۇشۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتقاندى.

ئەمما، نەشرىياتچىلىق ۋە مەتبۇئاتنىڭ ئومۇملاشمىغانلىقى، خەلقنىڭ يەنىلا ئومۇمىي يۈزلۈك مەدەنىي-مائارىپ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى ھەمدە تەتقىقاتچى-زىيالىيلارنىڭ قوشۇنىنىڭ ئازلىقى ۋە سىياسىي چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن مەھمۇد كاشغەري ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ۋە سىياسىي تارىخ بىلىملىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك كېڭىيىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. قىسقىسى، مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنى سىمۋول قىلغان مەدەنىيەت نامايەندىلىرى 20 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ شەكىللىنىشى، مىللىي روھىغا ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مىللىي كىملىكى ۋە سىياسىي كىملىكىنى تىكلىنىشىگە بەلگىلىك رەۋىشتە تەسىر كۆرسەتتى دەپ قارىساق ئارتۇقچە بولمايدۇ.

لېكىن، مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىي روھىغا كەڭ كۆلەمدە ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر كۆرسىتىشى 20 -ئەسىرنىڭ 80 -يىللىرىدا ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۈچ توم بولۇپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشى ۋە ئارقىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلار تەرىپىدىن نەزمى نۇسخىسى ۋە باشقا نۇسخىلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى

شۇنىڭدەك مەھمۇد كاشغەري ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە ئەۋج ئالغان تەتقىقاتلار بىلەن باغلاش مۇمكىن. چۈنكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور ۋەقە بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل ئۆز تارىخىدىن خەۋەرسىز قالغان ئۇيغۇرلارغا، ئۆز مىللىي كىملىكىنى چۈشىنىش ھەم ئۆز شانلىق ئۆتمۈشىدىن پەخىرلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخ ياراتقان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ، دەۋرگە ھەم كېلەچەككە ئۈمىد باغلاش ھەم يۈزلىنىشتەك مىللىي روھ ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت پىكىرلىرىنى ئاتا قىلدى. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شۇ ۋاقىتلارغىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تېخى بىرەر ئۇيغۇر تارىخى كىتابى يوق ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە تۈرك تارىخى، مەھمۇد كاشغەري، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەم باشقا مەدەنىيەت نامايەندىلەر ھەققىدىكى ماقالىلىرى پەقەت 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، خەلق شۇ ۋاقىتقىچە بولغان خىتاينىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ناملىق سىياسىي ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدە ئۆز ئۆتمۈشىنى، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكى، نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغان، تولىمۇ نادان ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. چۈنكى، بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە بىلىمگە ئىگە ئۇيغۇر ئالىملىرى، زىيالىيلىرى سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، سۈرگۈن قىلىنغان، تۈرمىلەرگە تاشلانغان ھەم خانىۋەيران بولغان، ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە باشقىلارغا ئائىت كىتابلار، كىلاسسىك قول يازما ماتېرىياللىرى كۆيدۈرۈۋېتىلىشتەك مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقىغا دۇچ كەلگەن ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك»نىنىڭ يورۇقتا چىقىشى ھەمدە «بۇلاق»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ۋە باشقا ئىلمىي ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئارقىمۇ-ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭدا كۆك تۈركلەر، قاراخانىيلار سۇلالىسى، تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى دەۋرى شۇنىڭدەك مەھمۇد كاشغەري، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلشىر نەۋائىي، لۇتفى، ئاتايى، نۆۋبىتى، زەلىلى قاتارلىق ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى ئەسىرلەر شۇنىڭدەك يېقىنقى زامان كىلاسسىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ شۇنىڭدەك مەزكۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تارىخى ھەققىدىكى ماقالىلارنىڭ كۆپلەپ ئېلان قىلىنىشى ئۇيغۇرلاردا ئومۇمىي يۈزلۈك مىللىي ئويغىنىش دەۋرىنى ياراتتى.

مەھمۇد كاشغەري بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىدىن ئورۇن ئالدى. مەھمۇد كاشغەرىيگە بېغىشلانغان يۈزلىگەن شېئىرلار ۋە ناخشىلار مەيدانغا كەلدى. قانچىلىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە مەھمۇد ئىسمىنى قويغانلىقىنى

ھېسابلاپ چىقىش تەس. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش ئادەملەرنىڭ مۇھىم ئارزۇلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى، قىسقىسى قەشقەرگە كەلگەن ھەر قانداق بىر كىشى ئالدى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىنى يوقلىماي ئۆتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ۋەزىيەت شەكىللەندى. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرنىڭ ئىپتىخارى، ئۇيغۇرنىڭ غۇرۇرىغا ئايلانغان بولۇپ، 1980 - يىللاردا نۇر مۇھەممەد ئەركى ئىسىملىك قەشقەرلىك شائىر «پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇت ۋەتىنى» ناملىق شېئىرىنى ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا مۇزىكا ئىشلىنىپ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ، 20 يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئاتاقلىق ناخشا سۈپىتىدە ئېيتىلىپ كېلىنمەكتە. بۇ ناخشا ئۇيغۇرلارغا ئۆز ۋەتىنىدىن، ئۆز يۇرتىدىن، ئۆز مىللىتىدىن پەخىرلىنىشكە، ئۆزىدىن ئىپتىخارلىنىشقا چاقىرغان بولۇپ، مۇنداق دەپ خىتاب قىلىنغان.

پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇت ۋەتىنى،
كىمنىڭ بار ئاشۇنداق ئالىمى!

مەھمۇد كاشغەرىي يازغۇچىلار ۋە رەسساملارنىڭ قەلىمىدىنمۇ ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇر يازغۇچىسى پەرھات جىلان 1993 -يىلى، «مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق تارىخى رومانىنى نەشر قىلدۇردى.1995 -يىلى بۇ رومان ھەققىدە ئۇرۇمچىدىكى تەڭرى تاغ ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان، ئىبراھىم مۇتىي، شەرىپىدىن ئۆمەر قاتارلىق ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە باشقىلار قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىدا ئەسەرگە يۇقىرى باھا بېرىلدى. ئارقىدىن يازغۇچى ئاتاقلىق رەسسام، پىروفېسسور غازى ئەمەت ئىلگىرى كېيىن ئىككى قېتىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتىنى سىزغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېت سۈرىتى رامكىلارغا ئېلىنىپ، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە ۋە بەزى جامائەت، مائارىپ ۋە خۇسۇسىي ئورۇنلارغىمۇ ئېسىلدى. ئۇنىڭ ھەيكىلى بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە باھالاندى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نامىنى مائارىپ ئورنىغا، باغچە ۋە ياكى مەدەنىيەت ئورنى ۋە ياكى بىرەر كوچىغا قويۇپ، ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇسى بولۇپ، بىراق، بۇ ئارزۇ تېخى ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، بىراق، يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە خىتايدىكى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەھمۇد كاشغەرىي نامىنىڭ سودا-ئىقتىساد ماركىسىغا ئايلانغانلىقى مەلۇم. بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ ھازىرقى كۈنلەردە پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالغانلىقى مەلۇم.

يەنە شۇنى تەكىتلەش مۇمكىنكى ئاتاقلىق يازغۇچى مىرزاھىت كەرىمى ئىككى توملۇق « يۈسۈپ خاس ھاجىپ» رومانىنى نەشر قىلدۇرۇپ، خەلقىمىزگە ئۆز ئالىمىدىن پەخىرلىنىش، ئۆز مىللىي كىملىكىدىن پەخىرلىنىش روھىنى كۈچەيتتى. خەلق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ دەۋرىنى بەدىئىي يول بىلەن چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىلا قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 80 - يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىمۇ مىللىي ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەم كېيىنكى ئەسىرلەردىكى مەدەنىيەت نامايەندىلىرى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە بىر قەدەر سىستېمىلىق كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەھۋال ياش ئەۋلادلارنىڭ ئۆز مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇشى شۇنىڭدەك ئوز مىللىي كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئاشۇردى. ئەلۋەتتە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى بۇ مەزمۇنلار قىسقارتىلدى. مەلۇم بولۇشىچە، ھازىر پۈتۈنلەي باشقىچە ئەھۋال يۈز بەرمەكتە.

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە 1000 يىل توشقان بۇ كۈنلىرىمىزدە ئۇلار ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سىمۋوللىرىغا ئايلانغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىي روھى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى لاگېرلارغا سولاپ، مىللىي كىملىكى ۋە دىنىي كىملىكىنى سۇسلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئورنىغا خىتاي مىللىي كىملىكىنى تۇرغۇزۇش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئاساسلىق خەلق قەلبىدىن تازىلاش نىشانىغا ئايلاندى. مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن گەۋدىلەنگەن ئۇيغۇر مىللىي روھى، خىتاي «جۇڭخۇا مىللىتى» كىملىكىنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسىگە ئايلانغاندى. خىتاي ئىستراتېگىيەچىلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى، ئەلىشىر نەۋائىي، ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە باشقا يۈزلىگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت نامايەندىلىرىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كۇڭزى ۋە باشقا خىتاي كىلاسسىكلىرى ، خىتاي مەدەنىيەت نامايەندىلىرىدىن پەخىرلىنىش روھى تىكلىنىشى كېرەك ئىدى.

دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار مىڭ يىل ئىلگىرى تىكلىگەن مىللىي روھ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي روھىنىڭ كۈچلۈك تايانچىسى ۋە مەنىۋى ۋە روھى ئوزۇق مەنبەسىگە ئايلانغاندى.

www.uyghurkitap.com

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

[1] Dilâçar, Agop (1988). 900. [i.e. Dokuz yüzüncü] yıldönümü dolayısıyle Kutadgu bilig incelemesi . Türk Dil Kurumu. p. 21.

[2] Yūsuf (Khāṣṣ-Ḥājib); Arat, Reşit Rahmeti (1979). Kutadgu bilig . Türk Dil Kurumu. pp. XXIII.

[3] Юсуф Баласагуни - Благодатное знание (1983) - ПлатонаНет. ... М.: Наука, 1983.

[4] Rian Thum (2014). The Sacred Routes of Uyghur History. Harvard University Press. pp. 301

[5] Devereux, Robert (1985). “Yūsuf Khāss Hājib, Wisdom of Royal Glory (Kutadgu Bilig): A Turko-Islamic Mirror for Princes, Robert Dankoff, trans., Publications of the Center for Middle Eastern Studies, No. 16 (Chicago: University of Chicago Press, 1983). Pp. 291”. International Journal of Middle East Studies. 17

[6] ئابدۇرېھىم تۇرسۇن. قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى پىكىرلىرىدىكى ئورتاق ئامىللار.«ئانا يۇرت» ژۇرنىلى، تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. ھەم تۈركىستان كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.
http://turkistanilibrary.com/sites/default/files/qaraxaniylar_we_idiqut_xanliqi_heqqide.pdf

[7] Бартольд В. В. История Туркестана // Бартольд В. В. Собрание сочинений (V. V. Bartold Eserliri. 2-tom. 1-qisim) . Т. 2. Ч. 1. С. 121. Гафуров Б. Г. Таджики. Древнейшая, древняя и средневековая история (B. G. Gapurof. تاجىكلار: قەدىمكى ۋە ئوتتۇرائەسىرلەرتارىخى. 2-توم. دۇشەنبە. Т. 2. Душанбе: Ирфон, 1989. С. 86-95. (rusche)

[8] ئابدۇرېھىم تۇرسۇن. قاراخانىيلار ۋە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى پىكىرلىرىدىكى ئورتاق ئامىللار.« ئانا يۇرت» جۇرنىلى، تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. ھەم تۈركىستان كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.
http://turkistanilibrary.com/sites/default/files/qaraxaniylar_we_idiqut_xanliqi_heqqide.pdf

[9] Набиджан Турсун. Краткий очерк культуры Уйгурского Турфанского идыкутства.( Nebijan tursun.urpan uyghur idiqutluqi medeniyiti heqqide qisqiche bayan ). «Уйгуроведение в Казахстане: традиция и новация». Под. ред. А. Камалова. Алматы, изд-во «Наш мир», 2006. http://uighur.narod.ru. Mezkur mesile üchün yene töwendiki eserlerge qaralsun ; М. И. Ерзин. Уйгур Совет мэтбуатининг тарихи. Алма-Ата, 1980, С.236; Laszlo Rasonyi. Tarihte Türklük. Ankara, 1988, S. 111-113; A. Zeki Velidi Togan. Umumi Türk Tarihine Giris. Istambul, 1981, S.272 (a.b.s.d), S.99-100.

[10] سوڭ سۇلالىسى تارىخى. 490-جىلت. ئەنەتكەك، ئۇدۇن قوچۇ تەزكىرىلىرى . «بەش دەۋر ۋە سوڭ، ياۋ جىن يۈئەن سۇلالىرى تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2011 ، ئۈرۈمچى. 204-205-بەتلەر. ( ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى).

[11] سوڭ سۇلالىسى تارىخى. 490-جىلت. ئەنەتكەك، ئۇدۇن قوچۇ تەزكىرىلىرى . «بەش دەۋر ۋە سوڭ، ياۋ جىن يۈئەن سۇلالىرى تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2011 ، ئۈرۈمچى. 204-205-بەتلەر. ( ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى).

[12] Robert Dankoff (2008). From Mahmud Kaşgari to Evliya Çelebi. Isis Press. p. 81

[13] Зифа-Алуа М. Ауэзова. Эпоха раннего мусульманства в отражении тюркских источников (на примере Диван Лугат ат-Турк Махмуда ал-Кашгари) ( Zifa alua M. Awizova. Türkiy menbelerdiki Deslepki Muslmanliq bayanliri . Maxmut Qeshqerining < < türkiy tillar diwani > > asasida.«Уйгуроведение в Казахстане: традиция и новация». Под. ред. А. Камалова. Алматы, изд-во «Наш мир», 2006, С. 46-55

[14] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۈرۈمچى، 1984-يىل، 3-توم. ئۇيغۇرچە نەشرى. 232-بەت

[15] Махмуд ал-Кашгари Диван Лугат ат-Турк / З-А. М. Ауэзова. — Алма-Ата: Дайк-Пресс, 2005.(رۇسچە تەرجىمىسى. 982 -بەت) ; R. Каримова. «Диван Лугат ат-Тюрк» Махмуда Кашгари как источник по истории и культуре Центральной Азии. ر.كەرىموۋا. ماخمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ مەركىزىي ئاسىيا تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بويىچە مەنبەلىك رولى توغرىسىدا». Материалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», посвященная 1000-летнему юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. Мир. с .23-24

[16] « تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈرۈمچى، 1981 -يىل، 1 -توم. ئۇيغۇرچە نەشرى. 474 -بەت.

[17] А. Камалов. Махмуд кашгари об Уйгурском Турфанском княжестве ( A.Kamalov. <<maxmut qeshqeriy turpan Uyghur xanliqi heqqide>>). Материалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», посвященная 1000-летнему юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. Мир. S,27. R. Каримова. «Диван Лугат ат-Тюрк» Махмуда Кашгари как источник по истории и культуре Центральной Азии. Материалы международной конференции«Вклад Махмуда Кашгари в мировое культурное наследие», посвященная 1000-летнему юбилею М. Кашгари». Алматы.2014. Мир. C.24

[18] ئىبراھىم مۇتىئىي ۋە مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ماخمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە قەبرىسى» .تارىم، س-سان. ئۈرۈمچى. 1984

[19] James Milward. Eurasian Crossroads. A Xinjiang History. P.54

[20] ليۇ زىشاۋ. ئۇيغۇر تارىخى . بېيجىڭ.1988. 1 -توم. 285 -بەت.
(ۋېي لياڭتاۋ. قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخى ئوچېركى)Wei Liangtao. Halahan Wangchao Shigao ئۈرۈمچى.1986. 327 -بەت.
( لىنگەن . تۈرك تارىخى) Lin Gan.Tujue Shi خۇخخوت.1989 -يىلى، 200 -بەت .ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى. 2002 -يىلى، 424 -بەت.
(جياڭ يىڭلياڭ. جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى) Zhang Yingliang. Zhongguo Minzushi بېيجىڭ.1990 -يىلى،466-467 -بەتلەر

[21] Golden, Peter. B. (1990), “The Karakhanids and Early Islam”, in Sinor, Denis (ed.), The Cambridge History of Early Inner Asia, Cambridge University Press, p.355-357

[22] Golden, Peter, B. 1990. P.355-356

[23] ئا.ن.بېرنشتام. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىنىڭ قىسسەلىرى» 1951 -يىلى، قازاق ئېلى نەشرىياتى. ئالمۇتا. 203 -بەت.
.E.A. Davidovich. The Karahanids. Source for Karakhanid History, p.126,

[24]. ئىمىن تۇرسۇن، «قۇتاتقۇ بىلىگنىڭ تىلى». «بۇلاق» ژۇرنىلى. مىرسۇلتان ئوسمان، خەمىت تۆمۈر ۋە ئامىنە غاپپار. «<قۇتاتقۇ بىلىك>تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى . س:3-2 -بەتلەر. 1995

[25]. س.موللاۋۇدوف، د.رەيھانوف،ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، 9، مەكتەپ نەشرىياتى، ئالمۇتا. 2005، 51 -بەت

[26] شىنجاڭ ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى. ئۈرۈمچى، 1995 -يىلى، 396 -بەت

[27] ماھنۇر قاسىم. ئەخمەت ئەپەندىنى ئەسلەيمەن. مىللەتلەر نەشرىياتى. بېيجىڭ . 2014 -يىلى، 2 -كىتاب.1205-1206 -بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن*

سەلىمە ئا. كامال**
(ئاۋستىرالىيە)

ئەدەبىي ئەسەر، يەنى ئېسىل بىر رومان-بىر مىللەتنىڭ مەسخىپىي تارىخىدۇر.

يۈسۈپ بوۋىمىز يازغان «قۇتادغۇ بىلىك»، يەنى، «بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى-بىلىم» بولسا، ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزدا يېزىلغان ئۇيغۇرنىڭ ئاشكارا تارىخىدۇر.

يۈسۈپ بوۋىمىز ياشىغان دەۋر (890 – 1220) كەڭرى ئاسىيا زېمىنىدا ئۇيغۇرلار قۇرغان ۋە 332 يىل بۈيۈك قاراخانىيلار دۆلىتى ھاكىمىيەت سۈرگەن دەۋر ئىدى. قارا خانلار دۆلىتىنىڭ ئىككى پايتەختى بولغان. بىرى، قەشقەر (ئوردۇ كەنت)، يەنە بىرى-بالاساغۇن (قۇزئوردۇ). يەنى، بۈگۈنكى بىشكەك ئىدى. يۈسۈپ بوۋىمىز دەل قاراخانىيلار ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا (1019-1085) بالاساغۇندا تۇغۇلغان. زامانىسىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، ئۇلۇغ پەيلاسوپى، ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنىڭ يېتۈك ئۇستازى.

ئۇ قەشقەردە ئىلىم ئۆگەنگەن، تەتقىقاتلار ئىشلىگەن. قەبرىسى قەشقەرنىڭ – پايناپ يېزىسىدا.

«قۇتادغۇ بىلىك» - ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بولغان «خاقانىيە تىلى»نىڭ ۋە شېئىرىيىتىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ دەستۇرى. 82 باب، 6444 بېيىت، 13288 مىسرالىق چوڭ ھەجىملىك دىداكتىك داستان. ئەسەردىن ئۆزىمىزنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەسلى كىملىكىمىزنى كۆرەلەيمىز.

كىتاب يېزىلغاندا قاراخانىيلار سۇلالىسى تىكلەنگىنىگە 180 يىللاردىن ئاشقان، ئىلىم-مەرىپەتتە بۈسۈش بولغان، مەھمۇد، يۈسۈپلەردەك ئۇلۇغ زاتلارنى يېتىشتۈرگەن دەۋر ئىدى. ئەمما، ئىچكى زىددىيەتلەر سەۋەبىدىن چۈشكۈنلۈك، پارچىلىنىش، ئوردا ماجىرالىرى، ھوقۇق تالىشىشلار دۆلەتنى چېكىنىشكە يۈزلەندۈرگەنىدى. دانا يۈسۈپ ناچار ئاقىۋەتنى بالدۇر سەزگەن. پىكرىنى ئوچۇق قويالماي، ئادالەتلىك غايىۋى دۆلەت، تىنچ، باياشات جەمئىيەت ئوبرازىنى ياراتقان بۇ دەستۇرنى قاراخانىيلار پادىشاھى تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. تاۋغاچ بۇغراخان ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن، ئۇنى ئەتىۋارلىغان ھەمدە «خاس ھاجىپ» مەرتىۋىسى بەرگەن.

«خاس ھاجىپ» - ئوردا مەسلىھەتچىسى، تايانغۇ، سەلتەنەت تايانچىسى مەنىسىدىكى كاتتا ئۇنۋاندۇر ...

ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، پەلسەپۋىلىك كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇيغۇرلار دۆلىتىدىن ھالقىپ دۇنياغا تارقالغان. ۋېيىننا، قاھىرە، پەرغانە، ھىرات نۇسخىلىرىدا كۆچۈرۈلگەن. ئەپسۇسكى، ئالىمنىڭ ئەسلى قوليازمىسى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. ئەڭ بۇرۇن تېپىلغان كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى 1439 - يىلى ھىراتتىكى ھەسەن قاراشائىل شەمس دېگەن كىشى قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرگەن نۇسخىسىدۇر. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ھىراتتا ئىشلەۋاتقان ئاۋستىرىيەلىك شەرقشۇناس ھامېر بۇ نۇسخىنى ۋېناغا ئەكېلىپ، ئوردا كۇتۇپخانىسىغا قويغان. شۇ پېتى 100 يىل تۇرۇپ قالغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا رۇسىيەلىك رادلوف بىلەن ۋامبېرى مۇشۇ نۇسخىنىڭ تېكىستىنى تەرجىمە قىلغان، نەشر قىلدۇرغان. قاھىرە نۇسخىسى-ئەرەب يېزىقىدا 14 -ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كۆچۈرۈلگەن. ھازىر قاھىرەدىكى ھىدىۋ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

پەرغانە نۇسخىسىنى تاتار ئالىمى-زەكىي ۋەلىدى 1913 - يىلى نەمەنگەندىكى بىر شەخسىي كۈتۈپخانادا بايقىغان.

ئۆزبېك ئالىمى فىكرەت 1925-يىلى ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈرگەن. كېچىكىپ قولغا چۈشكەن بۇ نۇسخا بۈگۈنگىچە تېپىلغان نۇسخىلار ئىچىدە ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ تولۇق نۇسخا بولغان. ھازىر خەلقئارادا «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ-رۇسچە، ئىنگلىزچە، تۈركچە، خىتايچە، ئۆزبېكچە تولۇق نۇسخىسى بار. بەزى بۆلەكلىرى گېرمان، قازاق، ئەزەربەيجان، قىرغىز تىل-يېزىقىدا تەرجىمە قىلىندى. ئۆزىمىزدىچۇ؟

1950-يىللاردا ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار بۇ ئىشنى قولغا ئالغانىدى. ئەپسۇس، شۇ يىللاردىكى سىياسىي بېسىملار تۈپەيلى داۋاملاشتۇرالمىدى. لېكىن، ئالتۇن ھامان پارقىرايدىكەن، نۇر چاچىدىكەن. شۇنچە ئۇزاق ئەسىرلەردىن كېيىن يۈسۈپ بوۋىمىزنىڭ بۇ تەۋەررۈكى ئاخىرى ئۆز ئەۋلادىنى- ئۇيغۇرنى تاپتى. 1984 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى «ھازىرقى

* بۇ ماقالە سەلىمە ئا. كامال خانىمنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە ئادېلايدې ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى، سىدنېي ئۈمىد ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى، ۋىكتورىيە ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى ۋە يېڭى زېلاندىيە ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرلىكتە 2019 -يىل 12 -ئاينىڭ 1 -كۈنى ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلايدې شەھرىدە ئۆتكۈزگەن «يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىلى, ‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ 950 يىلىنى خاتىرىلەش» پائالىيىتىدە سۆزلىگەن نۇتۇقى.

** ژورنالىست،تەتقىقاتچى،كاندىدات ئالى مۇھەررىر، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ساھىبى.

زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن لاتىن ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيەلەشتۈرۈلگەن سېلىشتۇرما نۇسخىسى»نى ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك نەشر قىلدى. 1986 - يىلى تولۇق نۇسخىسى ئۇيغۇرچە، خىتايچە نەشرىدىن چىقتى. شۇنداق قىلىپ، 19 - ئەسىردە «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياۋى تەتقىقات تېمىغا ئايلاندى. دانىيە، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، چارروسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئىتالىيەلەردە «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىش دولقۇنى قوزغالدى.

ئۆزىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئالىملىرىمىزدىن: مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائى... قاتارلىقلار كىتابنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈش، ئالىمنىڭ قەبرىسىنى تېپىش، خاتىرە ساراي قۇرۇش ئىشلىرىدا جاپالىق تەتقىقاتلار ئىشلىدى. ھۆرمەتلىك رەسسامىمىز غازى ئەھمەد ئالىمنىڭ پورترېتىنى سىزىپ، ئوبرازىنى ئەبەدىيلەشتۈردى. (پوچتا ماركىسى-مىسال)

چەتئەللىك ئالىملاردىن: ئوتتو ئولبېرت–گېرمانىيە؛ ۋامبېري–ۋېنگرىيە؛ بومپاچى–ئىتالىيە؛ تومسېن، بروككېلمان، ھارتمان–دانىيە؛ س.ئى.مالوف، رادلوف، بارتولد، سامايلوۋىچ–رۇسىيە؛ رېشىت .ر.ئارات، ئادىل ئاچار...تۈركىيە؛ زەكىي ۋەلىدى، فىترەت – ئۆزبېكىستان.

يۈسۈپ بوۋىمىز بۇ يىل مىڭ ياشقا كىردى. كەڭرى تۇپراقلاردا سەلتەنەت سۈرگەن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پاكىتى «بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى-بىلىم»نىڭ دۇنيا ئىلىم خەزىنىسىگە قوشۇلغىنىغا 950 يىل بولدى. ئەسىرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئاۋستىرالىيە دېڭىزلىرىدەك كەڭ، چوڭقۇر. (شۇڭغۇساق بوگۇن چىقالمايمىز.)

دۆلەت باشقۇرۇش، قانۇن، مائارىپ، ئەسكەرى بىلىملەر، تىل، دىن، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، گېئومېترىيە، تېبابەت، كالېندار، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، مائارىپ، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، تەبىئەت، گۈزەللىك، ئائىلە، ئەخلاق قاتارلىق تەبىئىي - ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنىڭ ئىنسىكلوپېدىيەسىدۇر. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، قەدىمىي، يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر يالغۇز ئۇيغۇرغىلا تەۋە بولماي، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ بىلىم ئادەملىرىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن نادىر قامۇس بولالىغان.

ئەمدى ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، بەلكى: بىز «قۇتادغۇ بىلىك»تىن، «تۈركى تىللار دىۋانى»دەك كىتابلارنى بىزگە تەۋەررۇك قىلىپ قىلغان ئالىملىرىمىزدىن ئىپتىخارلىنىمىز. ئەجەبا، قەدىمدىن ئىككى كىتابلا قالغانمىدى؟ ياق! ئالتۇن يارۇق، مايترى سىمىت (دراما)، ئەتەبەتۇلھەقايىق

(مىسال). باشقا ساھەلەردە داڭلىقلار يوقمىدى؟

ئەختەرىدىننى كىم بىلىدۇ؟

مىلادىيە 1251 - يىلى چىڭگىزخان جوڭدۇ (بېيجىڭ)نى بېسىۋېلىپ ئوت قويىۋەتكەن، بىر ئاي كۆيگەن شەھەر كۈلگە ئايلانغان. 52 يىلدىن كېيىن قۇبلايخان خارابىلىققا يېڭى شەھەر قۇرۇش لايىھەسى ئىشلەشكە ئۇيغۇر ئارختېكتور ئەختەرىدىننى تەكلىپ قىلغان. ئەختەرىدىن گوگۇڭ خان سارىيىنى، جوڭنەنخەي، ئوردا-كۆللەر، باغچىلارنى، 3661 چوڭ-كىچىك كوچىلارنى لايىھەلىگەن، قۇرۇلۇشلارغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان.

1272–يىلى يۈئەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى قۇبلايخاننىڭ يارلىقى بىلەن جەنۇبىي دېڭىزغا تۆت قېتىم سەپەر قىلغان باتۇر دېڭىزچى كىم؟- -ئۇيغۇر دېڭىزچى–ئەلپامىش. (مىڭ سۇلالىسىنىڭ دېڭىزچىسى--جېڭ خېدىن 130 يىل بۇرۇن)

قاراماي‍دا نېفىتنى تۇنجى بايقىغان، ئىشلەتكەن، سېتىپ پۇل قىلغان ئەقىللىق كىشى كىم–سېلىم بوۋا.

18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىلى دەرياسىغا كېمە سېلىپ، سال قېيىقتا خەتەرلىك سەپەر قىلىشقا خاتىمە بەرگەن، چارروسىيەگە مال ئېكسپورت قىلىشنى تۇنجى باشلىغان كىشى كىم؟ ۋەلىباي.(1892 -يىل)

1909 - يىلى غۇلجىدا مىللىي سانائەتنىڭ تۇنجى گۈدۈكنى ياڭراتقان كىم؟ مۇساباي.

1936 - يىلى ئايروپىلان ھەيدەپ ئۈرۈمچىگە قونغان تۇنجى ئۇچقۇچىمىز كىم–ئەھمەت. (ئەھمەتنى شىڭ شىسەي 1942 - يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن.) بۇلارنى نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز بىلمەيدۇ (تەۋپىق ھەققىدە)

«قۇتادغۇ بىلىك» 970 يىلدىن كېيىن ئىگىسىنى، ئۇيغۇرنى تاپتى. مانا مىڭ يىلدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە «ئۇيغۇرنىڭ!»دەپ چۇقان كۆتۈرۈۋاتىمىز. چۈنكى، بوۋىمىز كىتابنى بىزنىڭ ئانا تىلىمىزدا يازغان. دېمەك، ئانا تىل بولسا مىللەتنىڭ ئەڭ داڭلىق ماركىسى ئىكەن. ئەمىسە نېمە ئۈچۈن شۇنچە كېچىكىپ تاپتۇق؟

بىر مىللەت دانالىرىنى، باتۇرلىرىنى ئەتىۋارلىمايدىكەن، ئانا تىلىغا ئەقىدە باغلىمايدىكەن، مۇقەررەركى، شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىدا چېكىنىش كۆرۈلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپدەك مەشھۇر زاتنىڭ ئۆز مىللىتى ئارىسىدا ئەتىۋارلىنىشىنىڭ بۇ دەرىجىدە كېچىكىشى–قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشىدىن كۆرە، دەل يۇقىرىقى سەۋەبتىن، يەنى، مىللەت ساپاسىدا كۆرۈلگەن چېكىنىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. (نىنا مىسال ) سىلەر مېنى« مىللەتچىلىك

قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟ مېنىڭچە، دۆلىتىنى يوقۇتۇپ قويغانلارنىڭ مىللەتچىلىكى-شۇ مىللەتنى تاشقى ھۇجۇمدىن، يەنى، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، يەر يۈزىدىن يوقاپ كېتىش خەۋپىدىن قوغداشنىڭ قالقانىدۇر.

بۈيۈك يۈسۈپ بوۋىمىز مىڭ ياشقا، ئۇنىڭ بۈيۈك ئەسىرى 950 ياشقا كىردى. ئىنسان مىڭ يىلمۇ ياشىيالايدۇ، دېگەنگە رىئال دۇنيا ئىشەنمەيدۇ. ئەمما، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز ياشاۋېتىپتۇ.

دانالار پۈتكۈل ھاياتىدا تىنىماي ئىلىم ئۆگەنگەنلىكى، ئۆز قوۋمىگە ئېسىل تەۋەررۈكلەرنى قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن تېنى قارا تۇپراققا سىڭىپ كەتسىمۇ، روھى ئارىمىزدا ياشايدىكەن. ئىشىنىمىزكى، ئارىمىزدا ئولتۇرغان ياشلار، بۇ ئۇماق بالىلار يۈسۈپ بوۋىمىزنى يەنە مىڭ يىل ياشىتىدۇ، ئۇنى دۇنيا ئالىملىرى قاتارىدا ئەتىۋارلايدىغان، خاتىرىلەيدىغان ئەۋلادىمىز مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ!

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى*

شاۋكەت ئۆمەروۋ**

(قازاقىستان)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ– شائىر، ئالىم، مۇتەپەككۇر، جەمئىيەت ئەربابى ۋە يۈز يىللاردا بىر تۇغۇلىدىغان تالانت ئىگىسىدۇر.

مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى – دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى سالماقلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئادەمزات مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى داڭلىق ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ بىرى دېسەك ئارتۇق بولمايدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەلىك بۇ ئەسىرى پەقەت دىداكتىكىلىق پوئېما بولۇپ قالماي، دۆلەتنى باشقۇرۇش مەسىلىلىرىنى يورۇتقان ۋە ئىجتىمائىي – گۇمانىتارلىق پەنلەرنى تەھلىل قىلغان چوڭ ئەمگەكتۇر.

مەن تۆۋەندە بۇ قىممەت ئەمگەكنىڭ پەقەت تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆز قىلماقچىمەن. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئومۇمىي ئادەمزاتنىڭ پەلسەپەۋى، ئىجتىمائىي، ھوقۇقلۇق، سىياسىيسى ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرى كۆرسىتىلگەن :

سۆز ئارقىلىق تىل گۈزەل، تىل ئارقىلىق ئوي،
ئۈز ئارقىلىق كىشى گۈزەل، كۆز ئارقىلىق ئۈز.

دېگەن پارچىدىن شائىرنىڭ پەلسەپەۋى ماھارىتىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئەسەر ئۆزىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى تۈپەيلى يۈزلىگەن يىللار قىممىتىنى يىتتۈرگىنى يوق. ھەرقانداق ئادەم بۇ ئەسەردىن ئۆزىنى قانائەتلەندۈرگەندەك پىكىر، ئوي، نەسىھەت ئالىدىغىنى شۈبھىسىز.

ئۆز زاماندارلىرىنى شائىر بىلىمسىز ھېچنەرسىنى تونۇپ-بىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلدۇرىدۇ: دۇنيا سىرلىرىنى چوڭقۇرراق ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆز بىلىم-ماھارىتىنى دائىملىق تولۇقلاپ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېيتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ بۈگۈنكى ئالەمشۇمۇل ئالەمدە رىقابەتكە قابىلىيەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ياش ئەۋلادقا زۆرۈر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ جانىۋارلاردىن ئەقىل ۋە بىلىمى بىلەن پەرقلىنىدىغىنى ھەققىدە ئېيتىپ، پاراسەت، بىلىم ئېلىش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ئادەملەرنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ئاساس بولىدىغىنىنى؛ بىلىمنىڭ –بايلىق بولۇپ، بىلىمسىز ئادەمنىڭ تىلىنىڭمۇ، ئەقىل-پاراسىتىنىڭمۇ بىكار ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە توختالغان.

ئۇ جەمئىيەت ھاياتىنى ۋە دۆلەتنى ئىلىم ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىغا تايىنىپ تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە بولىدىغىنىغا ئىشەنگەن. شائىرنىڭ بۇ پىكرى ئەل-فارابى، ئىبن-سىنا ۋە فىردەۋسىنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ئاھاڭداش بولغان.

جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىلەرنى ئىناقلىقتا، دوستلۇقتا ياشاپ، ئادەملەرنى بېقىۋاتقان دېھقانلار، مالچىلار، ھۈنەرۋەنلەرنى ھۆرمەتلەشكە چاقىرىدۇ. بۇ پىكىرلەر ئادەمزات تەرەققىياتىدىكى داۋاملىق مۇھتاجلىققا ئىگە بولغان بۇ كەسىپلەرگە ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى گېنلىق ئۆزگەرتىلگەن مەھسۇلاتلار ئەۋج ئالغان مەزگىلدە تەبىئەتنى ۋە ئادەم سالامەتلىكىنى ساقلاشتا بۇ پىكىرلەرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يۇقىرىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا ھاللىق ئادەملەرنى كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشقا، تاماقلاندۇرۇشقا چاقىرىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدە جەمئىيەتلىك تەڭسىزلىكنىڭ ئورۇن ئالغىنىنى، كەمبەغەللەر بىلەن بايلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادالەتسىزلىكنى چۈشىنىدۇ. شائىر بۇ ئىككى ئېقىمنى بىرىكتۈرۈش ئۈچۈن بىردىن-بىر يول بار، ئۇ- دۆلەت باشقۇرۇشتا ئادەمگەرچىلىك قانۇنىنى ئىشلەپ چىقىشتۇر دەپ كۆرسەتكەن.

شائىرنىڭ ئويىچە، دۆلەت رەھبىرى ھەرقانداق جەمئىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا قانۇننى ساقلىغان ھالدا ئادىل بولۇشى كېرەك دەپ، ئۇ ئادەملەرنى باي ۋە كەمبەغەل دەپ ئايرىشقا بولمايدىغىنىنى ئېيتىدۇ. ئەسەر قەھرىمانى ئادىللىق سىمۋولى كۈنتۇغدىغا ئوخشاش ھەممىسىگە بىردەك كۆزقاراشتا بولۇش كېرەكلىكىنى ئۈلگە قىلىدۇ. پەقەت ئەلباشى ئادىل بولغان، قانۇنغا بېقىنغان چاغدىلا زور، قۇدرەتلىك

*يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى ۋە ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يېزىلغانلىقىنىڭ 950 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، 2019 – يىلى 9 – ئاينىڭ 28 – كۈنى ئالمۇتىدىكى جۇمھۇرىيەتلىك دوستلۇق ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا ئوقۇلغان.

**ئابدۇللا روزىباقىيېۋ نامىدىكى №153 مەكتەپ مۇدىرى.

www.uyghurkitap.com

دۆلەتنىڭ بەرپا بولىدىغىنىنى تەكىتلىگەن. مۇتەپەككۇرنىڭ پىكرىچە، ئادىل رەھبەر ئەقىللىك، پەم-پاراسەتلىك، كۆزى ئوچۇق، يىراقنى كۆرىدىغان كىشى بولۇشى كېرەك. ئۇ رەھبەرلەرنى ئىلىم ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈتۈقلىرىغا ئاساسلىنىپ، تايىنىپ دۆلەت باشقۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

شائىر داستاندا باشتىن ئاياق ئەدەپ-ئەخلاق مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ ئادىللىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن زۇلۇملۇق ئارىسىدىكى قارىمۇ-قاتناشنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ: ئادىللىق – ياخشىلىقنىڭ ئاساسى ۋە مەزمۇنى بولۇشى كېرەك. ئادىل رەھبەر بولۇش ئۈچۈن ئادەمزاتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشىلىق، ئىزگۈلۈك ئىشلارنى قىلىش كېرەك دېگەن ئىدىيەنى ئالغا سۈرىدۇ.

شائىر «بىلىم – بۇ ئەخلاق» دېگەن پىكرنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. ئۇنىڭ پىكرىچە، بىلىم ۋە ئەقىل ئادەمگە ئالىي پەزىلەتلىك ۋە ئادىل بولۇشقا ياردەم قىلىدۇ، يول كۆرسىتىدۇ، يەنى ئادەم بىلىم ئېلىش ئارقىلىق روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن يېتىلىدۇ دېگەن. ئۇ شۇنداقلا ئادەم ھاياتىنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى ھەققىدە كۆپ مۇلاھىزە قىلغان. ئۇ ھەرقانداق شەخس ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى پەرزىنى ئورۇنلىشى كېرەك، ئۆزىدىن كېيىن بىرەر ياخشى نام قالدۇرۇشى شەرت دەيدۇ. «دۇنيادا بارلىق نەرسە ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، پەقەت ئىزگۇ ئىش ۋە دانا سۆز ئۆلمەيدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆزى بىزگە مىراس بولۇپ قالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەملەرنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى ھەققىدە كۆپ پىكىر يۈرگۈزگەن. ئاساسەن ياشلارنى تەربىيەلەش مەسىلىسىگە توختىلىپ، دۆلەتكە سادىق خىزمەت قىلىشقا، خەلق مەنپەئەتىنى ئويلاشقا، پارىخورلۇقتىن يىراق يۈرۈشكە چاقىرىدۇ. شائىرنىڭ «ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىنى ئويلىما، خەلقىڭنىڭ پايدىسىنى ئويلا، خەلقىڭ پايدىسى ئىچىدە سېنىڭمۇ پايداڭ بار» دېگەن دانا سۆزلىرى مۇشۇ پىكرىمىزگە ئېنىق دەلىل بولالايدۇ.

شائىر داستاندا ئائىلە تەربىيەسىدىكى مەسىلىلەرگىمۇ ئورۇن بەرگەن. ئائىلىدە بالىنىڭ ئەقىل-ئىدراكى، ئەخلاقى ۋە جىسمانىي سالامەتلىكى شەكىللەنگەنلىكتىن، ئاتا-ئانا بالىلارغا تەلەپچان، ھەرىكىتىدە ئۆلگىلىك بولۇشى كېرەك دېگەن. تەربىيەسىز بالا- بۇ بالىنىمۇ، ئاتا-ئانىنىمۇ بەختسىزلىككە ئېلىپ كېلىدۇ دەيدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئۇلۇغ شائىر، جەمئىيەت ئەربابى، دانىشمەن مۇتەپەككۇر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان، يۈتكۈل ئادەمزاتنىڭ ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىلغان ۋە تەھلىل قىلغان بىباھا ئەمگەكنىڭ مۇئەللىپىدۇر. مۇشۇ پرىنسىپلارنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇھىم ھېسابلاپ، زامانىۋى ياشلىرىمىزنى، گۆدەكلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا، مېھرىبانلىققا، ئىزگۈلۈككە، ئەدەپ-ئەخلاققا تەربىيەلەشكە مىننەتدارمىز !

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنى يېتىشتۈرگەن مەنبەلەر ھەققىدە

مەغپىرەت كامال*

(تۈركىيە)

***قىسقىچە مەزمۇنى:*** *ھەممىمىزگە مەلۇم، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام مۇھىتىدە يېزىلغان ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر، ئۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە دىنىي ئىلىملەر بىلەن پەلسەپە كۆز قارىشىنى، تەبىئەت ئىلمى ۋە ئىلمىي نۇجۇمغا (يۇلتۇزلار ئىلمى، ئاسترونومىيە) ئوخشاش پەن-بىلىملىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى شۇنداقلا، ئىجتىمائىي قاتلاملار، تەلىم-تەربىيە، مائارىپقا ئوخشاش باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردىن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇس خاراكتېرىدىكى بىر بۈيۈك ئەسەردۇر. شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنى پەقەت ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئالىملاردىن بولۇپلا قالماي، ياشىغان دەۋردىكى دۇنيا مىقياسىدا مەشھۇر بىر زىيالىي دېسەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.*

*يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىلغار پىكىرلىرى، دۆلەت، بىلىم ۋە پەلسەپە چۈشەنچىسى، ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى ئېتىراپ قىلغان، قەدىرلىگەن قىممەت ۋە بىلىم قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئەلۋەتتە. لېكىن، ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى ۋە توغرىلىقىنى ساقلاپ قالالىغان چوڭقۇر ئىلمىي پىكىرلەرگە ئىگە بولۇشى، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن كۆپ ئىلغار سەۋىيەدە بىر دۆلەت تۈزۈمى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويالىشى ھەقىقىي بىر بىلىم ئىگىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، پەقەت ياشىغان دەۋرىنىڭ بىلىم دۇنياسىدىن خەۋەردار بولۇپلا قالماي، ئۆزىدىن بۇرۇنقى بىلىم مەنبەلىرىدىن ۋە مۇھىتىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچىلار يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن غەرب ۋە ئىسلام پەيلاسوپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۇنىڭ پەلسەپە، ئەخلاق، دۆلەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان مەنبەلەر ئۈستىدە توختالغان.*

*بۇ ماقالىدە بىز، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى، خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر قىلغان مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان مەنبەلەر ئۈستىدە توختىلىشنى مەقسەت قىلىمىز.*

***ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:*** *قۇتادغۇ بىلىگ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قەشقەر، ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، قاراخانىيلار دۆلىتى، پەلسەپە*

---

* دوكتور، بەيكەنت ئۇنىۋېرسىتېتى ، پەن -ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى.

ئېلخەت :

magfiretyunusoglu@beykent.edu.tr
ORCID 0000-0002-9226-8930

## 1 . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى

ھەممىمىزگە مەلۇمكى «قۇتادغۇ بىلىك» 1069 - 1070 يىللىرىدا يېزىلغان. بۇ چاغدا 840 -يىلى قۇرۇلغان قاراخانىيلار دۆلىتىگە ئاللىقاچان 220 يىللار بولغان چاغ ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە، دۆلەت گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، تىنچ، ياخشى ۋەزىيەت بەرپا قىلىنىپ، خەلق خاتىرجەم ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولغاچقا «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»كە ئوخشاش نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كېلەلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىتابىنى شۇ چاغدىكى ھۆكۈمدار تابغاچ بۇغرا خانغا تەقدىم قىلغان. بۇ كىتابنى كۆپ ياقتۇرغان خاقان ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ»لىق ئۇنۋانى بېرىپ، ئوردىدا خىزمەتكە قويغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ھەققىدە كوپ نەرسە بىلمەيمىز. لېكىن ئۇنىڭ ئەسىرىدىن ئالغان ئۇچۇرلارغا ئاساسەن 50 ياشلار ئەتراپىدا كىتابىنى تۈگەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تەخمىنەن 1017 - ياكى 1020 -يىلى تۇغۇلۇپ، 1077 - ياكى 1103 -يىللىرى ۋاپات بولغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيمىز.

ئۇنىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك تىرىشچان ۋە ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن بىر ئالىم ئىكەنلىكىنى ھەم ئەسىرىدىن ھەم تەتقىقاتچىلارنىڭ يەكۈنلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەرەبچە ۋە پارسچە بىلىپلا قالماي، ئانا تىلىنى، تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان، ھەقىقىي مەلۇماتلىق بىر زىيالىي ئىكەنلىكىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ يەنە سوغدىچە بىلىدىغانلىقىنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ كىتابىدىن ئەڭ ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇغانلىقىنى، ئۇنىڭ باي بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ.

كىتابتىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ يەنە جەمئىيەتشۇناسلىقتا، دۆلەت باشقۇرۇشتا، ئەخلاق، سەنئەت ۋە پەلسەپەگە قىزىققان ۋە تەتقىق قىلغان. شۇنداقلا يەنە ئوقيا ئېتىش، ئوۋ ئوۋلاش، شاھمات ۋە چەۆگەن توپى ئويناشقا ئوخشاش ئەنئەنىۋي تۈرك تەنتەربىيە تۈرلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن (دىلئاچار 1988:27). ئاسترونومىيەگىمۇ يېقىندىن قىزىققان. ئۇ ئاللاھقا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن بىر مۆمىن مۇسۇلمان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك ئەنئەنىسى بىلەن ئىسلامنىڭ دىنى قىممىتىنى غەلىبىلىك ھالدا بىرلەشتۈرەلىگەن (ئەسەن، 1998:12).

## 2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋر

قاراخانىيلار دۆلىتى 840 - يىلى بالاساغۇن ۋە تارازنى مەركەز قىلىپ ھازىرقى غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا قۇرۇلغان بولۇپ، 893 - يىلى پايتەختىنى قەشقەرگە يۆتكىگەن. تۇنجى خاقانى بىلگە كۈل قادىر خان ئىدى. ئۇنىڭ ئوغۇلچاق ۋە بازىر ئارسلان خان دەپ ئىككى ئوغلى بولغان. بىلگە كۈل قادىر خاندىن كېيىن ئوغۇلچاق تەختكە چىققان. بازىر ئارسلان خاننىڭ ئوغلى سۇتۇق بۇغراخان 945 - يىلى تاغىسى ئوغۇلچاقنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئۆزى ھۆكۈمدارلىق تەختىگە چىققان. سۇتۇق بۇغراخان 950 -يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولغان ۋە ئىسمىنى ئابدۇلكېرىمگە ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنىڭ دىنىنى ئىسلام دەپ ئېلان قىلغان. 960 - يىلى سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ ئوغلى بايتاش تەختكە چىققان، ئۇنىڭ دەۋرىدە تۈركىستاندا ئىسلامىيەت ئومۇملاشقان[1].

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنى، قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى دۆلەتنىڭ رەسمىي دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن تەخمىنەن 100 يىل كېيىن، يەنى، 1069 -يىلىدا يېزىپ پۈتكۈزگەن. بۇ چاغلاردا قاراخانىيلار دۆلىتى ئۆز دەۋرىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەردىن بىرى ئىدى. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەتراپىدىكى خوشنا دۆلەتلەر، سەلجۇقلى دۆلىتى، غەزنەۋىلەر دۆلىتى؛ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى؛ ئىران ۋە ئىراق دۆلەتلىرى بولۇپ ئۆز زامانىدا ھەممىسى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن كۈچلۈك دۆلەتلەردىن ھېسابلىناتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغان شەھەر بالاساغۇن بولۇپ، دۆلەتنىڭ تۇنجى پايتەختى ئىدى. ئۇ ياشاپ ئۆتكەن ۋە ۋاپات بولغان يەر قەشقەر بولسا يەنە بىر ئاساسلىق پايتەختتۇر. ھەر ئىككى شەھەر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد مەركەزلىرىدىن بولۇپ بۇلار قەدىمى يىپەك يولى ئۈستىگە جايلاشقان قەدىمدىن تارتىپ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قايناشقان ۋە يۇغۇرۇلۇشۇپ كەتكەن مەشھۇر تۈركىستان شەھەرلىرىدىن ئىدى. ئەتراپىدىكى خوشنا دۆلەتلەر ۋە شەھەرلەرمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك دۆلەت ۋە مەركەزلەر ئىدى. مانا مۇشۇنداق، گۈللەنگەن ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن تەرەققىياتلاردىن، شائىر-يازغۇچى، پەيلاسوپ ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى، مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇپلا قالماي، بەلكى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغان، پايدىلانغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىگە ئاساس سالغان ئانا تېما « ئادالەت ۋە دۆلەت، بىلىم ۋە ئەقىل»، شۇ دەۋردە ئېتىبار كۆرگەن، قەدىرلەنگەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۇ دەۋردىكى ئىسلام دۇنياسى، ئاللىقاچان 400 يىللىق تەجرىبىگە ئىگە، بىلىمگە، پەلسەپەگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ياۋروپا بىلەن رىقابەت قىلالايدىغان بىر ۋەزىيەتتە ئىدى. چۈنكى، ئىسلام دۇنياسى 8-7 -ئەسىردىن باشلاپلا ئىلىم-ئېرپان بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىغان؛ قەدىمكى گرېك پەلسەپە كىتابلىرى، گېئومېترىيە، ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيە، تېببىي ...ساھەلەردىكى ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنغان ۋە تىل-ئەدەبىيات، تارىخ-پەلسەپەگە،

پەن-بىلىملەرگە دائىر كىتابلار يېزىلىشقا باشلىغانىدى. 10 - 11 -ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئىسلام دۇنياسىدا نىسبەتەن بىر ئىتتىپاق قۇرۇلغان، ئىلىمدە مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلگەن، بۇ تەرەققىيات پۈتكۈل ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرى ئارىسىدا ئىلغار، قۇدرەتلىك بىر دۆلەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان.

## 3. يۈسۈپ خاس ھاجىپنى يېتىشتۈرگەن مەنبەلەر

بۈگۈنكىچە «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە دۇنيادىكى پەرقلىق تىللاردا نۇرغۇن تەتقىقات ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىر مۇتەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادىكى قايسى مەنبەلەردىن پايدىلانغانلىقى ياكى قايسى پىكىرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن، تەتقىقاتچىلارنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىرسى بولغان ئىبراھىم قافەسئوغلۇ 1980 -يىلى ئېلان قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە كۈلتۈر تارىخىمىزدىكى ئورنى دېگەن ماقالىسىدا، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تۆۋەندىكى تۆت مەنبەنىڭ ياكى كۈلتۈرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ.

– ھىندى-ئىران دۇنيا قارىشىنى ئىپادە قىلغان ئەخلاق ۋە نەسىھەت كىتابلىرىغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغان.

– ئىبنى سىنا ئارقىلىق ئارىستوتېلنىڭ، فارابى ئارقىلىق ئەفلاتۇننىڭ پىكىرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

– كۆكچى ئىدىيەسىگە ئوخشاپ قالغان پىكىرلىرى بىلەن خىتاي تەسىرىنى نامايان قىلغان.

– ئىسلام ئىدىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا تۈرك چۈشەنچىسىنى بايان قىلغان.

ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، 1999 - يىلى يازغان «قۇتادغۇ بىلىك خەزىنە ئۆيى» دېگەن ئەسىرىدە، كىتابتىكى چۈشەنچىلەرنىڭ مەنبەسىنى مۇنداق ئۈچ تەرەپتىن يىغىنچاقلايدۇ: بىرىنچى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك مەدەنىيىتى؛ ئىككىنچىسى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى؛ ئۈچىنچىسى بولسا، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىسلام پەلسەپىسى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يۈسۈپ خاس ھاجىپنى يېتىشتۈرگەن مەنبەلەر ھەققىدە نۇرغۇن پەرقلىق ياكى بىر-بىرىگە يېقىن كۆز-قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار پىكىرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى، ئۆز چۈشەنچىسىنى غەرب ۋە شەرقنىڭ مەدەنىيەت مەنبەلىرى بىلەن پىكىر ئېقىملىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى، ھەم غەربنىڭ ھەم شەرقنىڭ مەدەنىيەت مەنبەلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

بىز تۆۋەندە بۇ كۆز قاراشلارنى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرستىشكە تىرىشىمىز.

### 1)ئۇيغۇر-تۈرك مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسى

بىر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادلىرى ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان جەمئىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر كىشى بولۇش سۈپىتىدە، ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئەڭ يېقىن مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئەلۋەتتە. «قۇتادغۇ بىلىك»كە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاساسلىق پىكرى بولغان ئادالەتلىك قانۇن-تۈزۈم، بىلىم-ئەقىل ۋە قابىلىيەت بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى، بىز تۇنجى يازما يادىكارلىقلىرىمىز ھېسابلىنىدىغان ئورخۇن ئابىدەلىرى ۋە ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىدىمۇ كۆرىمىز. بۇ يادىكارلىقلىرىمىزدا، دۆلەتنى قۇرغان كۈچلەرنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن تاللىنىدىغانلىقى، تاللانغان خاقانلارنىڭ بىلىملىك، جاسارەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىگە ئاساسەن قانۇن (تۆرە) تۈزۈپ، دۆلەتنى باشقۇرىدىغانلىقى ئېنىق قىلىپ يېزىلغان. تەڭرى تەرىپىدىن خاقانلارغا بېغىشلانغان سائادەت، دۆلەت ۋە تەلەيىنىڭ (قۇتنىڭ) دۆلەتنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كۆك تەڭرى ئېتىقادى چۈشەنچىسى ۋە ئەنئەنىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆزقارىشىمۇ بۇ ئەنئەنە بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. چۈنكى بۇ كۆزقاراش تۈرك-ئۇيغۇر دۆلەت چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدار، دۆلەت ۋە پۇقرالارنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى ھەققىدىكى پىكىرلىرىدىن قارىغاندىمۇ، ئورخۇن ئابىدەلىرىدىكى تەۋسىيەلەر بىلەن ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئورخۇن مەڭگۈ تېشىدا بىلگە خاقان دۆلەتنىڭ نېمە ئۈچۈن قولدىن كەتكەنلىك سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «...ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىسى ھۆكۈمدار بولۇپتۇ، ئوغۇللىرى ھۆكۈمدار بولۇپتۇ، (لېكىن) كېيىن ئىنىسى ئاكىسىغا ئوخشاش يارىتىلماپتۇ، ئوغۇللىرى ئاتىلىرىغا ئوخشاش يارىتىلماپتۇ. شۈبھىسىز، ئەقىلسىز خاقانلار تەختكە چىقىپتۇ، ناچار خاقانلار تەختكە چىقىپتۇ، ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىمۇ چوقۇم ئەقىلسىز ئىمىش، ناچار ئىمىش. بەگلىرى ۋە خەلقى دۇرۇس بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي خەلقى ھىيلىگەر، ساختىپەز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدامچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاكا-ئۇكىنى بىر بىرىگە سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلىرى بىلەن خەلقنى بىر بىرىگە قارشى كۈشكۈرتكەنلىكى ئۈچۈن تۈرك خەلقى قۇرغان دۆلىتىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، (ئۆزلىرى) تەختكە چىقارغان خاقانىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. بەگ بولۇشقا

www.uyghurkitap.com

لايىق ئوغۇل پەرزەنتلىرى خىتاي خەلقىگە قۇل بوپتۇ، خانىش بولۇشقا لايىق قىز پەرزەنتلىرى دېدەك بوپتۇ. تۈرك بەگلىرى تۈرك ئۇنۋانلىرىنى تاشلاپتۇ، خىتايلارنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن تۈرك بەگلىرى خىتاي ئۇنۋانلىرىنى ئېلىپ خىتاي خانىغا خىزمەتچى بولۇپتۇ...» (كۆلتېگىن، شەرقىي يۈزى: 8-2؛ بىلگە قاغان، شەرقىي يۈزى: 8-5).

بۇ جۈملىلەردىن كېيىنكىلەر بۇرۇنقىلاردەك بىلىملىك، ئەقىللىق، جەسۇر، ھۇشيار ۋە تىرىشچان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قوماندانلىرى، بەگ-ئەمىرلىرى ۋە خەلقىمۇ ئەقىللىق، دۇرۇس بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خەلقى دۆلىتىگە، ھۆكۈمدارىغا ئىگە چىقمىغانلىقى ئۈچۈن مۇنقەرز بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. «قۇتادغۇ بىلىك»تىمۇ ھۆكۈمدارنىڭ، خەلقنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتى ئۈچۈن ئادىل قانۇنلار تۈزۈپ كېچە كۈندۈز ئىشلىشى كېرەكلىكى، بىلىملىك، ئەقىللىق بولۇشى كېرەكلىكى، بەگ-ئەمەلدارلارنىڭمۇ بىلىملىك، دۇرۇس، قابىلىيەتلىك، ساداقەتمەن، كۆزى توق بولۇشى كېرەكلىكى، خەلقنىڭمۇ دۆلەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى بىلىشى كېرەكلىكى، قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى ۋە قوغدىشى، باج-سېلىقنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى، دۇرۇس بولۇشى كېرەكلىكى ئەڭ مۇھىمى دۆلەتنى قوغداش، دۆلەتنىڭ دۈشمىنىنى دۈشمەن، دوستىنى دوست دەپ بىلىشى، خائىنلىق قىلماسلىقى كېرەكلىكى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. شۇنداقلا بىلگە خاقاننىڭ دېگىنىدەك، دۆلەت ياكى ھۆكۈمدارنىڭ «ئاچ-يالىڭاچلارنى تويغۇزۇش، ئۈستى-بېشىنى پۈتۈنلەش»تەك مۇھىم ۋەزىپىسىنى، «قۇتادغۇ بىلىك»مۇ ئوخشاشلا تەكىتلىگەن. ھەتتا «بىر كىشى ئاچ قالسا ئاللاھنىڭ بۇنى ھۆكۈمداردىن كۆرىدىغانلىقى» (5165 -بېيىت) ئىپادىلەنگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە يەر ئالغان تۆت ئاساسلىق پېرسوناژ ۋەكىللىك قىلغان مەزمۇنغا قارايدىغان بولساق قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنىڭ ئىزلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. كىتابتىكى قەھرىمانلار:

–كۈنتۇغدى (خاقان/ھۆكۈمدار) = كۈنى تۆرۈ «توغرا يول، توغرا قانۇن-تۈزۈم، ئادالەت».

–ئايتولدى (ۋەزىر) «تولۇنئاي، تولغان ئاي»= قۇت «تەلەي، سائادەت، بەخت، دۆلەت، ئىقبال».

–ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى) «ئەقىل ئىگىسى، بىلىم ئىگىسى، ئالىم» = ئۇقۇش «ئەقىل، ئىدراك، مەنتىقە، بىلىم»

–ئودغۇرمىش (ئۆگدۈلمىشنىڭ دوستى ياكى تۇغقىنى)«ئويغاق، ئويغانغان»= ئاقىۋەت «نەتىجە، بۇ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ خۇلاسىسى».

بۇ تۆت پېرسوناژدىن تۇنجىسى ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئەسەردە ئادالەتنىڭ پەقەت توغرا قانۇن تۈزۈم بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى «ھۆكۈمدار» خاراكتېرى بىلەن سىمۋوللاشتۇرغان. چۈنكى، دۆلەت بولۇپ ئادالەت بولمىسا، ئۇ دۆلەت پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ دېگەن ئەنئەنە داۋاملاشتۇرۇلغان. ئىككىنچىسى دۆلەت ۋە بەخت-سائادەت بولۇپ، بۇ ۋەزىر تولۇن ئاي ياكى تولغان ئاي بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇلغان. ئادىل تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلغان دۆلەتنىڭ ھەم ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، ھەم بەخت-سائادىتى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئۈچىنچىسى ئەقىل-ئىدراك، بىلىم بولۇپ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ تىنچ-ئامان ۋە مولluq ئىچىدە ياشىشىنى ئەقىل بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشقا باغلىق دەپ قارىغان. ھونلار، كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلاردىن بېرى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۇنۋانلىرىدىن بىرىنىڭ "بىلگە" (بىلىملىك) ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان مەدەنىيەتنىڭ بىلىمگە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە سادىق قالغانلىقىنى ۋە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۆتىنچىسى بولسا، ئاقىۋەتنىڭ سىمۋولى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ خالىس بىر مۆمىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ دۇنيانىمۇ ئويلاش كېرەكلىكىنى، ئاقىۋەتتىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرغان. كىتابتا كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىش ئۈچى ئارىسىدىكى دىيالوگلار مۇھىم سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئودغۇرمىش شۇنچە كۆپ تەكلىپ ۋە ئۆتۈنۈشلەرگە قارىماي سارايغا كېلىپ خىزمەت قىلىشنى رەت قىلىدۇ. دىنىي ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە دۆلەت باشقۇرۇشتا ئەمەل تۇتۇش ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرەلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئودغۇرمىشنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، خاقان: «بوپتۇ ئىبادىتىڭنى قىل» دەپ ئىجازەت بەرگەندىن كېيىنلا سارايغا كېلىشى ۋە بەزى تەۋسىيەلەردە بولۇشى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن دىن ئىشلىرىنى ئايرىم تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. قىسقىسى، ئاپتور بۇ سىمۋوللۇق پېرسوناژ ۋە ئۇلارغا باغلىنىشلىق ئىپادىلەر بىلەن تا ھۇنلاردىن ئېتىبارەن تۈرك خەلقلىرى ئارىسىدا ئىزچىل يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن تەختكە چىققان كىشىنىڭ ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى، ئادىللىقنى تۇتقا قىلىشى؛ بىلىمگە ھۆرمەت قىلىشى، خەلق ئەنئەنىسىدە بىلىملىك كىشىلەرنى تەختكە چىقىرىشى، ھۆكۈمدار بىلەن خەلق بىرلىكتە تىرىشىشى ۋە ئۆز مەدەنىيەتىگە ساداقەت بىلەن باغلىنىپ ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرپ ئادەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنى، ئۆز ئەسىرىدە خەلق شېئىرلىرىنى، ماقال-تەمسىللەرنى، ئىدىيوملارنى ئىشلىتىشى ۋە ساپ ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىشى، بۇرۇنقى تۈرك-ئۇيغۇر ھۆكۈمدار، بەگ-ئەمىرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، ئۇنۋانلىرىنى تىلغا ئېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ياشىغانلىقى، قايسى ھېكمەتلىك

سۆزلەرنى دېگەنلىكنى نۇرغۇن قېتىم تىلغا ئېلىشىمۇ ئۆز ئەسىرىنى بەرپا قىلىشتا، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنى باي مەنبە بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى، «قۇتادغۇ بىلىك»تەكى دۆلەت ۋە دۆلەت باشقۇرۇش، دۆلەتنىڭ يۈكسىلىشى، قۇدرەت تېپىشى، خەلق ۋە خەلقنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئۇلارنىڭ پاراۋانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش... دېگەندەك تېمىلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈرك ئەنئەنىسىگە ۋە مىللىي مىراسقا ۋارىسلىق قىلىنغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## 2) ئەرەب ـ ئىسلام كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە مەدەنىيىتى

تارىخى رېئاللىقتىن قارايدىغان بولساق، ئەرەبچە ياكى پارسچە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ قەدىمقى مەدەنىيەت مەركىزى بولغان كاشغەردە تونۇلماسلىقى، بىلىنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەستۇر. مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەڭ بۇرۇن ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ سىياسەتنامەسى دەپ قارالغان «كەلىلە ۋە دىمنە» تەرجىمە قىلىنغان، كېيىنچە ئەرەب ۋە پارس شائىر، مۇتەپەككۇرلىرى ئۆز مەدەنىيىتى ئاساسىدا سىياسەتنامە تۈرىدىكى ئەسەرلەرنى يازغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسەرلەرنى ئەلۋەتتە ئوقۇغان ۋە مۇھاكىمە قىلغان. چۈنكى كىتابىدىن قارايدىغان بولساق ئۇنىڭ ئەرەبچە، پارسچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھەتتا گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئەرەبچە، پارسچە مەنبەلەردىن ئوقۇغان دېيىشكە بولىدۇ.

قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىرۇنى، ئىبنى سىنا، فىردەۋسى ۋە ئۆمەر ھەييام، فارابى، قاتارلىق مۇتەپەككۇر ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇنىڭ بولۇپمۇ، فارابىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقاراشلار كۆپ قېتىم تەكىتلەنگەن. فارابى 950 -يىلىدا ۋاپات بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، فارابىغا ئوخشاش ئۆزى بىلەن مىللەتتاش ۋە دەۋرداش بولغان بۇ مەشھۇر ئالىمنى ياخشى بىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەنلىكى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىمگە تۇتقان پوزىتسىيەسى، دۆلەت ۋە دۆلەت رەئىسلىرى بىلەن باشقۇرغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بىلىم، لاياقەت، ئالاھىدىلىك ۋە ئىنتىزام قاتارلىق جەھەتلەردىكى چۈشەنچىسى تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئالىمى دەپ قارالغان فارابىنىڭكىگە ئوخشاش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيەسىدە ئىبنى سىنانىڭمۇ تەسىرى بار. ئىبنى سىنامۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن. ئىبنى سىنا 980 -يىلى بۇخارا ئەتراپىدىكى ئەفشەنە يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1037 -يىلى، ئىراننىڭ ھامەدان شەھرىدە ئۆلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئىبنى سىنا بىلەن دەۋرداش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» 1069 - يىللىرى يېزىلغان. ئەسەردىكى

نۇرغۇن كۆز قاراشلار ئىبنى سىنانىڭ چۈشەنچىلىرى بىلەنمۇ ئورتاقلىقلارغا ئىگە. شۇڭا تەتقىقاتچىلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنى فارابىنىڭ ۋە ئىبنى سىنانىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىزباسارى دېگەن يەكۈنگە كەلگەن[2]. لېكىن قافالى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىبنى سىنانىڭ شاگىرتى دېگەن كۆز قاراشقا قېتىلمايدۇ. چۈنكى ئىبنى سىنانىڭ قانۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق بايانى يوق. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىران ئىسلام ئالىملىرىدىن مەشھۇر ئىمام غازالى ۋە ھاللاجى مەنسۇر بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ بىلەن كەلام[3] ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەشتە تەڭرى چۈشەنچىسىنى تەسەۋۋۇپ ئىبادىتى بىلەن كالامنىڭ ئۈستىگە قورۇپ چىققانلىقى، بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن غازالىنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.( شەكەر، 2011: 130 ۋە 181-164 -بەتلەر). شەكەرنىڭ كىتابىدا يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاللاجى مەنسۇر بىلەن ئوخشاش ئىپادىلەرنى ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئوخشاش كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىمۇ بايان قىلىنغان. (130-129 -بەتلەر). يەنە تەتقىقاتچىلاردىن تۈركەر-كۈيەل «قۇتادغۇ بىلىك»تە سۇمەر ۋە مەزوپوتامىيە تەسىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىپادىلىگەن (378:1985 -بەت؛ 1990:222 -بەت). يۇقىرىدىكى كۆز-قاراشلاردىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر قىلغان ئاساسلىق مەنبەلەردىن بىرىنىڭ ئەرەب -ئىسلام پەلسەپەسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تەتقىق قىلغانلىقىنى، ئەسەرلىرىدىن ئىلھام ئالغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىلغار كۆز-قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 3) غەرب پەلسەپە چۈشەنچىسى

«قۇتادغۇ بىلىك» ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىق پىكىرنى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە قانۇنىي جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىپ قارايدىغان بولساق ئۇنىڭدا يەنە غەربنىڭ بۇ تېمىلاردىكى كۆز-قاراشلىرى بىلەن ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرۈپ يېتىمىز. تەتقىقاتچىلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ تەسىرلەرنى فارابى ۋە ئىبنى سىنا قاتارلىق ئالىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئارىستوتېل، پىلاتونغا ئوخشاش پەيلاسوپلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ تەسىرى بولغانلىقى، بۇ پىكىرلەرنى فارابى قاتارلىق ئالىملىقى نۇرغۇن ماقالىلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ[4]. ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىدىن ئەكبەر ئەمەت (2009) ۋە رەيھان قادىرلارمۇ فارابى ۋە غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ تەسىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ.

نېمىس تەتقىقاتچىلاردىن ئالبەرتىس «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئارىستوتېلنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن يازغان دەپ قارىغان (كۆپرۈلۈ، 1926 :1989 -بەت). ئالبەرتىس يەنە، «قۇتادغۇ بىلىك»نى «ئۇستى ئۇستىلەپ بىرىلگەن توققۇز قات رەڭ بىلەن سىزىلغان...بىر كۇلتۇر رەسىمى» گە ئوخشاتقان بولۇپ، بۇ رەسىمنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى ئۈچ قەۋىتىنى مىللىي-

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر، ئىككىنچى ئۈچ قەۋىتىنى ئارىستوتېلنىڭ ئىدىيەسى ئاساسىدىكى ئېتىكا-سىياسەت، ئەڭ ئۈستىدىكى ئۈچ قەۋىتىنى ئىسلامىي، ئاخىرقى قەۋىتىنى بولسا ئىبنى سىنا ئىدىيەسى دەپ تەرىپلىگەن (ئالبەرتىس 1985:224). لېكىن بۇ ئوخشىتىشتا ئەينى دەۋردىكى قەشقەردە ئومۇملاشقان باشقا دىن ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ، پەلسەپە، كۆز قاراشلارنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»كە بولغان تەسىرى ئۇنتۇلغان دەپ تەنقىد قىلغانلارمۇ بار. (تاش، 2010: 1884 - 1891 -بەتلەر).

ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلاردىن سەمەت خېۋىر، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تادۇدىن (4 ئېلېمېنت) ئىبارەت ماددا ئۇقۇمى بىلەن دۇنيانىڭ مەنبەسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، كائىناتنىڭ ۋە ھاياتنىڭ بۇ تۆت ئېلېمېنتتىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەنلىكىنى، بۇ پىكرىنىڭ قەدىمكى گېرك پەيلاسوپلىرىدىن ئەمپەدوكلەسنىڭ[5] پىكىرلىرى بىلەن ئورتاقلىقىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ (1999). يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى، 20 يېشىدىن كېيىن بۇرۇن يازغان پۈتۈن ئەسەرلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، سوقراتنىڭ شاگىرتى بولغان ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىغان، بۇ ھەقتە ئەسەرلەر يازغان پىلاتون بىلەن سېلىشتۇرۇپ، خاس ھاجىپنىڭ كىتابىنى نېمە ئۈچۈن 50 يېشىدا يازغانلىقى، كىتابىنىڭ شېئىر شەكلىدە بولۇشى، كىتابىنى خۇددى پىلاتونغا ئوخشاش پېرسوناژلارنىڭ ئۆز-ئارا دىيالوگى ئۇسلۇبىدا يازغانلىقى...قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختىلىپ، يۈسۈپ بىلەن پىلاتون ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلارنى تېپىشقا تىرىشقان. (دەمىرچى 2016: 338 - 41 -بەتلەر). يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ فارابىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغانلىقى ئېھتىماللىقىنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدۇق. فارابى تۇنجى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئارىستوتېل ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە ئارىستوتېلنىڭ ئالتە قىسىملىق مەنتىقە كىتابى «ئورگانون»نى تەرجىمە قىلغان. فارابىنى ياخشى بىلىدىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئارىستوتېلنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا، قەدىمكى گرېك پەلسەپەسى ۋە پېشۋالىرىنىڭ ياخشى تونۇلىدىغانلىقى، ئەسەرلىرىنىڭ ئوقۇلىدىغانلىقىدا گەپ يوق. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئۆزىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن، بىلىملىك بىر زاتنىڭ بۇ كىتابلارنى ئوقۇشى، مۇلاھىزە قىلىشى ۋە ئىلغار پىكىرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى بىلىم ساھەسىدىكى بىر مەراپەتپەرۋەر ئالىم ئۈچۈن تەبىي ئەھۋال دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## 4) شەرقنىڭ ئەنئەنىۋى پەلسەپەسى

يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىق قىلىنغان يۈزلەپ ئەسەردە يەنە، كىتابنىڭ ئاساسلىق پىكىر مەنبەلىرىدىن بىرىنىڭ شەرق پەلسەپەسى ئىكەنلىكىمۇ تىلغا ئېلىنماقتا. يۇقىرىدا ئۇستاز قەفەسوغلۇنىڭ كۆز-قارىشىنى يازغان ئىدۇق. ئۇنىڭ كۆز-قارىشىدىمۇ بۇ پىكىر گەۋدىلەنگەن. شەرق پەلسەپەسى ئاساسلىق مۇنداق ئىككى مەنبەنى كۆرسىتىدۇ. بىرى، ھىنت-بۇددىزم پەلسەپەسى؛ ئىككىنچىسى خىتاي-كۇڭزى پەلسەپەسى. كىتابتىكى 4 - پېرسوناژ ئودغۇرمىش ئوبرازى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىسىمنىڭ مەنىسىنىڭ «ئويغانغان» (بۇدا ئىسمىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش) بولۇشى، ئودغۇرمىشنىڭ ياردەمچىسىنىڭ ئىسمىنىڭ سانسكرىتچە «كۇمارۇ» بولۇشى، ئودغۇرمىشنىڭ زاھىتلىق بىلەن ياشاشنى ئارزۇلاپ، سارايغا كېلىشنى رەت قىلىشى ۋە كىتابتا يەر ئالغان تۆت ئېلېمېنت چۈشەنچىسى قاتارلىقلار ھىنت ۋە بۇددىزم تەسىرىدىن بولغان دەپ قارىلىدۇ. تۈرك تارىخچىسى خالىل ئىنالچىك، كىتابدىكى ھىنت-ئىران ئەنئەنىسى ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭچە بولغاندا قاراخانىلارنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدا، ھىنت تەسىرى بىر تەرەپتىن ساسانى-ئىران-ئىسلام يولى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇددىست ئۇيغۇرلار ۋاستىسى بىلەن كىرگەن.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە كىتابتا تەكىتلەنگەن، «يۇمشاق كۆڭۈللۈك، كەمتەرلىك، ھۆرمەت قىلىش، ياخشىلىق قىلىش ۋە قانۇن بىلەن باشقۇرۇش» ئىدىيەسى ۋە «كىشىلەرنى ئەخلاق بىلەن ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش» دېگەندەك كۆز-قاراشلىرى كۇڭزىنىڭ كۆز قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ بىر قىسىم غەرب ۋە خىتاي تەتقىقاتچىلار كىتابتىكى كۇڭزى ئىدىيەسى ئۈستىدە كۆپرەك تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلغان[6]. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزمدىن بۇرۇن مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى، مانى دىنىنىڭ ئاساسلىق پەلسەپەسىدىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئالىنغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. ر.ر.ئارات، ئالبەرتىس، بروكېلمان قاتارلىق تەتقىقاتچىلار بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلمايدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھاممەتئىمىننىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەسىرىدە (1999)، كىتابتىكى چۈشەنچىلەرنىڭ مەنبەسىنى: ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك مەدەنىيىتى؛ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى؛ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىسلام پەلسەپەسى، دەپ ئۈچ تەرەپتىن يىغىنچاقلىغانىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھاممەت ئىمىن يەنە «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەركىزى ئىدىيەنىڭ كۆكتۈرك تېكىستلىرىدىمۇ كۆرۈلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۇيغۇر تەتقىقاتچى خېۋىرمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئادەم بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، لېكىن ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىملىك بولىدۇ» دېگەن چۈشەنچىسىنى كۇڭزى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى مېڭزى ئوتتۇرىغا قويغان «تۇغما بىلىملىك» كۆز-قارىشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، توغرا قاراشنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆز قارىشى ئىكەنلىكىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى كۇڭزىنىڭ تەسىرىدە قالدى دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ (خېۋىر 1999: 9-7 -بەتلەر).

«قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بۇددىزمنى قوبۇل قىلىپ، سادىق بۇددىستلاردىن بولۇپ ياشاۋاتقان دەۋر ئىدى. لېكىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ شۇئانزاڭنىڭ تەرجىمىھالىدىن باشقىسى

كىلاسسىك خىتايچە ئەسەرلەر ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ، يېڭى ئوتتۇرىغا چىققان دىنىي تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنى بۇددىزم ۋە شامانىزم تەسىرلىرىگە پەقەت ئۇچرىمىغان دېيىش تازا توغرا ئەمەس. شۇڭا بىۋاسىتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خىتاي پەلسەپەسىدىن تەسىرلەنگەن دېيىش بىرئاز يەڭگىللىك بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، غەربلىك پەيلاسوپلارمۇ بۇ ئىدىيەنى قوللىغان. مەسىلەن، پلاتونمۇ ئادالەت، بىلىم ۋە ئەخلاقتا ئەھمىيەت بەرگەن، بىلىملىك كىشى دۆلەتنى باشقۇرۇشى كېرەك دېگەن. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەكىتلىگەن ئادالەت، بىلىم، بەختلىك ۋە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش، دۇرۇسلۇق، ئەخلاقلىق، دىندار، ياقشى ئىنسان بولۇپ ياشاش...دېگەندەك چۈشەنچىلەر پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرى ئورتاق ياقلايدىغان قىممەت قاراشلىرىدۇر.

قىسقىسى، «قۇتادغۇ بىلىك »تىكى باشقا مەدەنىيەت ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ تەسىرىنى بەك ئاشۇرۇپ، رىياللىقتىن ئۇزاقلاپ كېتىش توغرا ئەمەس. بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى ھەقىقىي تۈرك-ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ باي ۋە مۇستەھكەم ئاساسىدا قەد كۆتۈرگەن دېيىشكە ھەقلىقمىز.

## 4. خۇلاسە

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان چاغدا مەدەنىيەتسىز، قالاق بىر مىللەت ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن نەچچە يۈز يىللىق دۆلەت باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە، ھەر دەرىجە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا، سىياسىي-ئىقتىسادىي قىممەت قارىشىغا، بىناكارلىقتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا، دىنىي ئەنئەنىگە ۋە ئىلغار بىر ئەدەبىي يېزىققا ئىگە ئىدى. نۇرغۇن شائىر، يازغۇچى، تەرجىمان، كاسىپ، سەنئەتچىلىرىنى يېتىشتۈرگەن ۋە كىتاپلارى، كۇتۇپخانىلىرى، ئىلىم تەشكىلاتلىرى، ئىبادەتخانىلىرى بار، خېلىلا ئومۇملاشقان تەلىم-تەربىيە سىستېمىسىغا ئىگە مەدەنىيەتلىك بىر خەلق ئىدى[7]. يەنە بىر تەرەپتىن ئەجدادىمىز، ئەرەب، پارس، ھىنت، گىرېك، ۋىزانتىيە ۋە خىتاي، كورېيە مەدەنىيىتى بىلەن ئاللىقاچان تونۇشۇپ بولغان ئىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، ئۇيغۇرلار كاشغەرنى مەركەز قىلغان يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويىدى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ چاغدا يۈكسەك كۈلتۈر سەۋىيەسىگە ئېرىشكەن ۋە بۇ كۈلتۈرنى نامايان قىلىپ تۇرغان ئەڭ يېقىن قېرىنداشلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. يېڭى دىن بىلەن بىللە يېڭى بىر مەدەنىيەت مۇھىتىنى يېقىندىن تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇرلار تېخىمۇ كەڭرى جۇغراپىيەدە، تېخىمۇ پەرقلىق كۈلتۈرئالاھىدىلىكىگە ئىگە مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشتى، بۇ يېڭى كۈلتۈرلەرنىڭ بولۇپمۇ يېڭى دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈردى.

مۇشۇنداق بىر مۇھىتتا يېتىشكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلغار ئىدىيەلىرى ئۆز ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلىشى تاسادىپىلىق ئەمەس. ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن بىر ئالىم ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇ ئۆزىنى يېتىشتۈرۈپلا قالماي، دۆلەتنى ۋە خەلقنى ئۈچۈن مەنپەئەت يەتكۈزۈش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن، شۇنداقلا ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىدىيە بويىچە ياشىغان بىر ئۆلگە. ئۇنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ئىدىيەسى ئارقىلىق بۇ ئۆلگىنى تىكلىگەنلىكىنى ھەم ئەسەرىدىن ھەم ئۇ ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن قابىلىيەتلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئالىم بولۇش، كىشىنىڭ مىللىي كىملىكى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، مىللىي ئەنئەنىسىنى، دۇنيا قارىشىنى، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئەخلاقىي ۋە پەلسەپىۋي كۆز قاراشلىرىنى، دۇنيادىكى ئىلغار كۆز قاراشلار بىلەن بېزەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا بىر ئالىم ئۆز بىلىمىنى ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتى ۋە ئۆز خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى، ئاندىن ئىنسانلىق ئۈچۈن پايدىلىق قىممەت يارىتىشى كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يېتىلىش جەريانى ۋە ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئىلىم-ئىرفان نامايەندىلىرىدىن قارايدىغان بولساق، بۇ پىرىنسىپ بىلەن ياشىغانلىقىنى، ئالەمشۇمۇل ئالىم بولالىغانلىقىنى كۆرىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «ئىنسان ھايات ياشىغان چاغدىلا ئەمەس، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ياشاشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك؛ ئىنسان بۇ دۇنياغا قالدۇرۇپ كەتكەن نامى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تىلىدا ياشاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ؛ ياخشى نام بىلەن ياشامسەن، ياكى يامان نام بىلەنمۇ؟ بۇنى سەن ئۆزۈڭ تاللا» دەيدۇ. خۇددى ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆلمەس ئەسىرى، ياخشى نامى بىلەن 1000 يىلدىن بۇيان ھۆرمەت، مۇھەببەت ۋە مىننەت بىلەن ئەسلىنىپ تۇرماقتا. بۇ ئۇلۇغ كىشى يەنە مىڭلارچە يىللار بۇ كۈچلۈك مەدەنىيەتنىڭ ئىزناسى بولۇپ چاقنىغۇسى.

## ئىزاھاتلار:

1. قاراخانىلار تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ: رېشات گەنچ، جاراخانىلىلار تارىخى، ئەنقەرە 2002؛ ئاخمەت ب. ئەرجىلاسۇن، تۈرك دىلى تارىخى، ئەنقەرە 2004، -292-289بەتلەر.

2. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ: تۈركەر-كۈيەل، 1990: 230-219 -بەتلەر؛ ئالبەرتىس، 1985: 230-217 -بەتلەر؛ دېمىرجى، 2016: 143 -بەتلەر.

3. «كەلام» ئىسلام ئىلىملىرىدىن بىرى بولۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى، بىر ئىكەنلىكى ۋە ھېكمەتلىرىنى ئەقىل ۋە مەنتىق بىلەن ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلغان پەلسەپە ساھەسىدۇر.

4. بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلار ئۈچۈن قاراڭ: جامال ۋە كافكاسيالى 2016.

5. تەبىئەت ھەققىدىكى پىكىرلىرى بىلەن تونۇلغان

پەيلاسوپ ئەمپەدوكلەس، ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيلاسوپلارنىڭ دۇنيانىڭ ئاساسلىق تەركىۋى دەپ قارالغان سۇ، ئوت قاتارلىق ماددىلارغا توپىنى قوشقان ۋە بۇ تۆت ماددىنى بىرلەشتۇرۇپ چۈشەندۈرگەن تۇنجى پەيلاسوپتۇر. ئەمپەدوكلەس، بۇ تۆت ئاساسلىق ئۆگە سۆيگۈ ۋە نەپرەتنىڭ كۈچى بىلەن بىرلىشىدۇ ۋە ئۈزاقلىشىدۇ، چۈنكى سۆيگۈ ۋە نەپرەتمۇ ماددىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ، دەپ قارىغان.

6. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ: لاڭ يىڭ، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە شەرق-غەرپ مەدەنىيەتلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992؛ ساي سايجىن 1992؛ ۋ. بارتولد.

7. بۇ مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىلىرىنى مەڭگۈ تاشلاردىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت خىتتاي مەنبەلىرىدە، بولۇپمۇ سەييياھ ۋاڭ يەندېنىڭ كىتابىدا، شۇانزاڭنىڭ تەرجىمەھالى ۋە باشقا مەنبەلەردىكى ھۇن، ئۇيغۇر، كۆكتۈركلەرگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىلگىلى بولىدۇ. ئەلبەتتە، دىۋانى لۇغاتىت تۈرك، قۇتدغۇ بىلىگ بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرىنى ئەڭ ياخشى كۆرسىتىپ بەرگەن ئۆز مەنبەلىرىمىزدۇر.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، 1999. «قۇتادغۇ بىلىك گۆھەر خەزىنە ئۆيى»، ئۈرۈمچى.
خېۋىر سەمەت، 1999. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،ئۈرۈمچى.
ئەكبەر ئەمەت، 2009. « فارابىنىڭ < قۇتادغۇ بىلىك>كە بولغان تەسىرى ھەققىدە»، تارىم ژۇرنىلى، 10 -سان.

Alberts, Otto. 1985. “Bir Türk lehçesi olan Uygurca ile yazılmış Kutadgu Bilig’in (1069-70) Şairi Ibn Sînâ’nın bir öğrencisi”, tercime qilghan: Mübahat Türker Küyel, Erdem, I/1 s. 217-230, Ankara. (Maqalining esli:ALBERTS, Otto, Der Dichter des in uigurisch-türkischem Dialect geschriebenen Kudatku bilik (1069-1070 p Chr) ein Schüler des Avicenna Ar- chiv für Geschichte der Philosophie 1901, 14/3: 319-336.

Cai Canjin: A Preliminary Study of Kutadgu Bilig’s Philosophy, Oriental Press, Beijing, 1992.

Demirci, M. 2016. “Bir Felsefe metni Olarak Kutadgu Bilig”, Yûsuf Has Hâcıb’ın Doğumunun 1000. Yılında Kutadgu Bilig:‘Türk Dünya Görüşünün Şaheseri’ Uluslararası Sempozyumu Bildirileri, 2016 İstanbul, s.137-147.

ERcilasun, A.B. 2004. Türk Dili Tarihi: Başlangıcından 20.yy’a Kadar, Akçağ yayınları.

Fârâbî, Ebu Nasr. 1997. İdeal Devlet (el-Medînetü’l-Fâzıla), tercime qilghuchi. Ahmet Arslan, Ankara: Vadi Yayınları.

Heidegger, Martin. 2001. “Platon’un hakikat doktrini”, Metafizik Nedir? Tercime qilghuchi. Ahmet Aydoğan, s. 85-116, Istanbul: Iz Yayıncılık.

Jamal, Gülnisa we M.S.Kafkasyalı.2016, Kutadgu Bilig Araştırmaları Tarihi, Ankara.

Réshat Genç, Karahanlilar Tarihi, 2002 Ankara

Kafesoğlu, Ibrahim, 1980. Kutadgu Bilig ve Kültür Tarihimizdeki Yeri, Kültür Bakanlığı Yayınları, Istanbul.

Köprülü, M. F.1926, Türk Edebiyatı Tarihi I, İstanbul, s. 198.

Şeker, Fatih M., Türk Düşünce Tarihi açısından Kutadgu Bilig, 2016 Dergah yay, ist.

Talat Tekin 1998, Orhun Yazıtları, Türk Dil Kurumu yayınları, Ankara 1998.

www.uyghurkitap.com

Türker-Külyel, M, 1971. Türker-Küyel, Mübahat“Farabi, Hikmet ve Kutadgu Bilig”, Erdem, 1991, 7/20, s.375-470.

Türker-Küyel, Mübahat. 1990. “Kutadgu Bilig ve Fârâbî”, Uluslararası İbn Türk, Hârezmî, Fârâbî, Beyrûnî ve İbn Sînâ Sempozyumu Bildirileri (09-12 Eylül 1985), s. 219-230, Ankara.

Yılmaz, Gökhan, (2006), “Kutadgu Bilig’de Devlet Fikri”, Kutadgubilig Felsefe-Bilim Araştırmaları Dergisi, Sayı 9, s. 75-98.

Yûsuf Has Hâcib. 2006. Kutadgu Bilig, çev. Reşit Rahmeti Arat, Istanbul: Kabalcı Yayınevi.

www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى

ئەدەھەمجان ئابدۇمالىك ئوغلى
(قىرغىزىستان)

## كىرىش

ئۇيغۇر خاقانلىقى، قىرغىز خاقانلىقى، ئۇلاردىن كېيىن قارلۇق خاقانلىقى ۋە ناھايەت قاراخانىيلار دۆلىتى قەدىمكى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي تارىخى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىگە ، ئىلىم-پەن تەرەققىياتىغا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا بىباھا تۆھپىلەرنى قوشقان. يەتتەسۇ شەرقىي تۈركىستان ئۆلكىلىرى قارلۇق قەبىلىسىدىن چىققان قاراخانىيلار «سۇلالىسى»نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. بۇ سۇلالە 6 -، 9 - ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن بۈيۈك تۈرك خاقانلىقلىرىنىڭ داۋامى بولۇپ، 9 - ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا دۆلەتنى باشقۇرغان. 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئابدۇل كەرىم سۇتۇق بۇغراخان ( 924 - 955 ) ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان . شۇنىڭ بىلەن تۈرك قوۋمى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشقان . 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە سامانىيلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار ماۋارائۇننەھرنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان . شۇ دەۋردە، بۇ تۇپراقلار تۇران ۋە تۈركىستان زېمىنى بولۇپ تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ۋەتىنى بولغان.

تەكلىماكان چۆللۈكىدىن باشلاپ كاسپىي دېڭىزىغىچە، ئۇرال تاغلىرىدىن باشلاپ ھىمالايا تاغلىرىغا قەدەر بولغان ياپ-يېشىل ئۇلۇغ تۇران - تۈركىستان دىيارىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدە بولۇپمۇ ئىسلامنىڭ يۈكسىلىشىدە رولى چوڭ بولغان . بۇ يەرلەردە ئىمام بۇخارى، ئىمام نەسائى، ئىبنى ھىبان كەبى مۇھەددىسلەر، ئىمام نەسەفى، زەمەخشەرىگە ئوخشاش مۇفەسسىرلەر، سان-ساناقسىز ئۇلۇغ فوقەھالار (فىقھە ئىلىمىنىڭ ئالىملىرى)، ئۇلاردىن مەشھۇر بولغان ئىمام سەرەخسى، ئىمام كاسانى بۇرھانىدىن مەرغۇلانىلار؛ ئەقىدە ئىلىمىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن ئىمام ماتورىدى، پەلسەپە ئىلمىدە ئەبۇ نەسىر فارابى، تىبابەت ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى ئىبنى سىنا، ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان ئالخارازمىي، ئەخمەت فەرغانى، ئىلىم نوجوم، جۇغراپىيە ئىلىملىرى ئالىمى ئەبۇ رەيھان بىيرۇنىيگە ئوخشاش ئالىملار، مۇتەپەككۇرلەر يېتىشىپ چىقتى.

## ئەسەر يېزىلغان دەۋر

مىلادى VIII-X ئەسىرلەردە ئىسلام ئەدەبىياتى ئىلمىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاساسچىلىرى بولغان ئابدۇل خەمىت كاتىبى ( VII ئەسىر )، ئىبنى مۇقاففە (720-756)، جاھىز (775 - 868)غا ئوخشاش ئەرەب ئەدىبلىرى قاتارىدىن ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارمۇ يەر ئالغان. مانا بۇ تۈركىستاننىڭ ئىسلامنىڭ دۇنيايىسىنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تۈركىي خەلقلىرىنىڭ شائىرى، مۇتەپەككۇرى، دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەتتەسۇ ئۆلكىسىدىكى كۆز ئوردا بالاساغۇن شەھىرىدە 1016 - يىلى تۇغۇلغان. بۇ دەۋردە، بالاساغۇن شەھىرى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى. ئەپسۇس مۇنداق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئىنتايىن يېتەرسىز . شائىر ئۆزى ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلار بەرگەن: «بۆ كىتابنى تەسنىف قىلغلى بالاساغۇن ماۋلتلۇغ پەرھىز ئىدىسى ئىر تۆرۈر. ئەمما بۇ كىتابنى قەشقەر دە تۆگەل قىلىب مەشرىق مەلىكى توغاچ خان ئۇسكىنگە كىكىرمىش. مەلىك ئەنى ئەغرلەب، ئۇز خاس ھاجىبلىقى ئەڭە بىرمىش تۆرور. ئەنىڭ ئۆچون ئولوغ خاس ھاخىب تىپ جەۋق يازمىش تۆرور.» (مەزمۇنى : بۇ كىتابنى يازغۇچى بالاساغۇندا تۇغۇلغان، تەقۋادار كىشىدۇر. ئەمما بۇ كىتابنى قەشقەردە تاماملاپ شەرق پادىشاھى تاۋغاچ خاننىڭ ئالدىغا ئاپاردى. پادىشاھ ئۇنى مۇكاپاتلاپ، ھۆرمەتلەپ ئۆز سارىيىدا خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن «يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ» دېگەن مەشھۇر نام بىلەن تونۇلغان ).

كىتابىدا نامى تىلغا ئېلىنغان خاقان نەسىردىن تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئابۇ ئەلى ھەسەن ھارۇن ئىبنى ئارسلان خان بولۇپ (1075-1103) يىللاردا قاراخانىيلار دۆلىتىنى باشقۇرغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ۋاقتىدا قەشقەردە ئارسلان تىگىن تۇغرۇل قارا خاقان مەخمۇتخان (1059-1076) ئورتاق خاقان سۈپىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئاساسىي پايتەخت بالاساغۇن بولۇپ، ئۇلۇغ خاقان پۈتۈن دۆلەتنى باشقۇراتتى. بۇخارا، ئۆزگەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئورتاق خاقان يەرلىك ھوقۇقنى يۈرگۈزەتتى.

شۇ دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە، مۇكەممەل بىر بىلىم ئەھلى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى بىلىشى، شەرىئەت ۋە تەسەۋۋۇپ ئىلمىنىمۇ ياخشى بىلىشى شەرت ئىدى. زامانىنىڭ بارلىق ئەدىبلىرى بۇ ئىلىملەرنى مۇكەممەل ئۆگىنەتتى . بۇ سەۋەبتىن

يۈسۈپ خاس هاجىپ دەۋرىنىڭ تەلىپى بويىچە بارلىق ئىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن باشقا يەنە بالاغەت، لوگىكا ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەشھۇر ئالىملار ئارىسىدا يۇنان، پارس، ھىندى ۋە چىن خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت، پەلسەپە، ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلىرىگە قىزىقىش كۈچەيگەن ۋاقىتلار بولۇپ، ئۇلار ھەرخىل ئىجادىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. ئەلۋەتتە، يۈسۈپ خاس هاجىپمۇ شۇ ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، زامانىنىڭ ئىلىمدىن مۇكەممەل خەۋەردار بولغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى.

شۇ دەۋرنىڭ ئەنئەنىلىرىگە كۆرە ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىدا شېئىرلار، غەزەللەر يازغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكى تۈرك تىلىدا يېزىلغان دىۋانلىرى (ئەسەرلەر غەزەللىرى) بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ئۇ ئەسەرلەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى. چۈنكى ھېچبىر شائىر، ئىجادكار ئۆز ئىجادىيىتىنى ئالتە يېرىم مىڭ (6500) بېيىتتىن ئارتۇق بولغان يىرىك داستاندىن باشلىمايدۇ.

ئەدىبنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدۇر. مەسنەۋى ئۇسۇلىدا يېزىلغان ئەسەر:

ئۈچ باسقۇچ مۇقەددىمە (1 -باسقۇچ نەسرىي مۇقەددىمە، 2 - باسقۇچ 1 - باب ۋە 3 - باسقۇچ 2 -باب نەزمىي) 38 قۇر، شېئىرىي مۇقەددىمە 77 بېيىت ۋە مۇقەددىمە بابلار ئىككى باب، 390 بېيىتتىن ئىبارەت. ئىككىنچى ، ئۈچىنچى بابلار ئارىسىدا سەرلەۋھەلىك مۇندەرىجىلەر بېرىلگەن. ئاساسىي قىسىم - داستان مەزمۇنى 68 بابىدا، 174 سەرلەۋھە ئاستىدا بېرىلگەن. ئومۇمىي سانى 5896 بېيىتتىن ئىبارەت. خاتىمە قىسمى ئىككى قەسىدە مەسنەۋى بابىدىن ئىبارەت.

ئاساسىي قىسىم ئاخىرىدىكى 6261 - 6286 - بېيىتلەرنى كىتابنىڭ يېزىلىش تارىخى، مەقسىتى، كىتابخانلارغا مۇراجىئەت، ئاللاھ تائالاغا مۇناجات، پەيغەمبەر سەللەللاھۇئەلەيھىۋەسەللەمگە ۋە ساھابىلەرگە مىننەتدارلىق بىلەن تاماملايدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن يەنە يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىقتىن شىكايەت قىلغان 44 بېيىتتىن ئىبارەت بىر قەسىدە، يەنە بىرى زامان بۇزۇقلۇقى، دوستلار ۋاپاسىزلىقىدىن ئاغرىنىش ھەققىدە 40 بېيىتتىن ئىبارەت بىر قەسىدە، 37 بېيىتتىن تۈزۈلگەن مۇئەللىپ ئۆزىگە نەسىھەت قىلغان مەسنەۋى ، ئەسەرنىڭ تۈركچە يېزىلىشى، يېزىلغان يىلى، يەنە دۇئا قىلىش، نەسىھەت ۋە ھەمدۇ سانا ئېيتىش بىلەن تاماملىنىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى «مىللىي ئەدەبىياتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يارىتىلغان تۈركىي تىلدىكى ئىسلام مەنىۋىيىتىنىڭ بەدىئىي پەلسەپەسى، ئىجتىمائىي ئەخلاق قامۇسى»، دەپ تەرىپلىنىشكە مۇناسىپ.

بەزى ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز يۈسۈپ خاس هاجىپ ئەسىرىنى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ (935 - 1020) «شاھنامە» ئەسىرىگە باغلىماقچى بولۇشىدۇ. ئەلۋەتتە، شائىر دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئەسىرىنى ياخشى بىلگەن. ئۇ ئۆز داستانىدا ئافراسىياب، فەرىدون، زەھھاك كەبى «شاھنامە » قەھرىمانلارىنىمۇ زىكىر قىلىدۇ. يەنە ئىككى داستاننىڭ ۋەزنى بىر - بىرىگە يېقىن بولغانلىقى سەۋەبتىن شۇنداق دەپ ئېيتىلغان بولسا كېرەك. لېكىن يۈسۈپ خاس هاجىپتەك زەبەردەس، مۇستەقىل ۋە سالماق شائىرنىڭ ئەسىرىنىڭ يېگانىلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئارۇز ۋەزنىنىڭ «جەڭگىۋار ئۆلچاۋ» نامىنى ئاساس قىلغان مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئارۇزنىڭ مۇتەقارىب مۇسەممەنى سالىم ۋە ئۇنىڭ فەرئىي ھاسىلىسى بولغان مۇتەقارىب مۇسەممەنى مەھزۇف ۋە مۇتەقارىب مۇسەممەنى مەقسۇر بەھرلىرىدە يېزىلغان*.

قۇتادغۇبىلىك» ئىسلام دۇنياسى مەنىۋىيىتىنىڭ قامۇسى بولىدۇ. «شاھنامە» بولسا يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى بەدىئىي تۈستە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يۈسۈپ خاس هاجىپ ئەسىرى ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ھالىتىنى بەدىئىي تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا مۇجەسسەم قىلىدۇ.

مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ «شاھنامەئى تۈركى» نامى بىلەن شۆھرەت تاپقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ قىياس شۇ جەھەتتىن ئورۇنلۇقكى، ئۆتمۈشتە بۇ تۇپراقلاردا ئىرانلىق ھۆكۈمدارلار - كەيانى ۋە ساسانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بولسا، يۈسۈپ خاس هاجىپ دەۋرىدە قەشقەردىن باشلاپ مەشرىققىچە بولغان جايلار تۈركىي سۇلالىلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى .

شۇ سەۋەبتىن ئەسلى سۇلالىلەر تارىخى ئەمەس، دۆلەت باشقۇرۇش قائىدىسىنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى.

قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئاۋام خەلق ئۈچۈن ئەمەس، ئالدى بىلەن خاقان ۋە بەگلەر، يەنى يۇرتنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا ئاتاپ يېزىلغان. تۈركىي سۇلالىلەر بۆگۈن ئىسلام تېررىتورىيەسىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بولۇپ كېلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئىجتىمائىي جەھەتتىن «شاھنامە»گە قارىغاندا «قۇتادغۇ بىلىك»، يەنى «ھۆكۈمدارلار ئەھدىنامىسى» بەكرەك زۆرۈر بولۇپ، بۇ كىتاب رەسمىي تۈرك تىلىدا يېزىلىشى كېرەك ئىدى. يۈسۈپ خاس هاجىپ بۇ زۆرۈرىيەتنى ۋاقتىدا تونۇپ يېتىپ ئۇنىڭغا يۈكسەك سەۋىيەدە جاۋاب بېرىدۇ.

«شاھنامە» مەلۇم شەخسلەر، مەلۇم ۋەقەلەر ئاساسىدا، بەزەن كۆپتۈرۈپ، مۇبالىغە بىلەن ئىران

* بۇ پاراگرافتىكى ئەرەبچە ئاتالغۇلار ئاپتورنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن تەرجىمە قىلىنماي ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى بويىچە بېرىلدى.

www.uyghurkitap.com

شاھلىرىنىڭ تارىخىنى بايان قىلسا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئادىل ھاكىم ، دانا ۋەزىر، ئەقىل ۋە بىلىم، قانائەتچان سوپى ئارىسىدىكى مۇنازىرىلەردىن ئىبارەت بولغان، مۇكەممەل دەرىجىدە پەند - نەسىھەتلەرنى بايان قىلدى.

مەھمۇد غەزنەۋىي فىردەۋسىدىن ئەنە شۇنداق ئەسەر كۈتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە باشقا ئەسەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسىرىگە ئەرزىمىگەن كۈمۈش، تەڭگىلەر بەردى.

تاۋغاچ بۇغراخان ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپتىن ئۆزى كۈتكەن نەرسىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئىسىل سوۋغات، شۇنداقلا ئۇلۇغ خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسىنى تەقدىم قىلدى. XI - ئەسىر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. بۇ دۆلەت چىندىن تارتىپ كاسپىيغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان ئىدى، بۇ بىپايان مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. بىرلىككە كەلگەن، بىرلا ھاكىمىيەت ئاستىغا مەركەزلەشكەن بۈيۈك دۆلەتنى بەرپا قىلىش، مۇستەھكەملەش، ئىدارە قىلىش، تۈرلۈك خان ۋە بەگلەر ئارىسىدىكى نىزالارغا خاتىمە بېرىش شۇ دەۋر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئەنە شۇنداق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسلۇبى، سىياسىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، قانۇن- قائىدىلەرنى، ئەدەپ - ئەخلاق نىزاملىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن نىزامنامە - قامۇس كېرەك ئىدى. شۇ دەۋردە قاراخانىيلار ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئىككى يىرىك ئىلمىي ئەسەرنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئىمام سەرەخسى ئۆزگەندى ( 1009 - 1091) نىڭ ئىمام مۇھەممەت بىن ھەسەن شەيبانىينىڭ «سىيارۇلكەبىر» ئەسىرىگە يازغان شەرھى بولدى. بۇ ئەسەر ئىسلام فىقھى ئاساسىدا دۆلەت باشقۇرۇش نىزاملىرى، خەلقئارا مۇئامىلىلەر، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىمام سەرەخسىيدىن 500 يىلدىن كېيىن گوللاندىيەلىك قانۇنشۇناس ئالىم گۇگا گراتسى (Hugo de Groot 1583 - 1645) «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ھوقۇقلىرى ھەققىدە ئۈچ كىتاب» (“De jure belli ac pacis libri tres”) دېگەن كىتابىنى يېزىپ، خەلقئارا ھوقۇق مەنپەئەتلىرىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇ ساھەدە ئەسلى بىرىنچىلىك ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتى مۆجتاھىد ئالىم ئىمام مۇھەممەتكە ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي مىراسىنىڭ ۋارىسى ئىمام سەرەخسىگە تېگىشلىك ئىدى. ئىككىنچى ئەسەر بولسا، تەسەۋۋۇپ ئىلمىگە باغلانغان، دۆلەت باشقۇرۇشنى روھىيەتكە، روھانىيەتكە، ئەدەپ - ئەخلاققا باغلىغان نىزامنامە «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى بولدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ بىرى قەشقەردە، يەنە بىرى ئۆزگەندە بېيىتىلدى، ئىككىلا ئەسەر ھەم بالاساغۇندا تاۋغاچ بۇغراخان قولىغا تەگدى، بىرسىگە «خاس ھاجىپ» دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەن بولسا، يەنە بىرىگە «شەمسۇل ئەئىممە-ئىماملار قۇياشى» بولدى، بىرى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگەتسە، ئىككىنچىسى تەرىقەت يوللىرىنى كۆرسەتتى. تەرىقەت ئۆلىمالىرى: «تەرىقەتسىز شەرىئەت - جانسىز جەسەت» دېيىشىدۇ.

«شەرھ سىيارۇل كەبىر» جەسەت بولسا «قۇتادغۇ بىلىك » ئۇنىڭغا جان بولۇپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇن بولغان بولسا ئەجەب ئەمەس. بۇلارنىڭ ئەسىرى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن پەيتىدە روياپقا چىقتى. بۇنداق مۇكەممەللىك مانا شۇ ئىككى بۈيۈك ئالىمنىڭ مېھنىتىنىڭ سەمەرىسى، نەتىجىسى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ! ئەلۋەتتە، بۇ مېنىڭ شەخسىي پىكرىم، چۈنكى تارىخىي دەلىللەر شۇنداق پىكرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ يەنە باشقا شۆھرەت تاپقان ناملىرى «ئەدەبۇل مۈلۈك» ۋە «ئايىنۇل مەملىكە»لەرمۇ بىز ئېيتقان جەھەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

شائىر ئېيتىدۇ:

«بۇ كىتەب قەيۇ پەدشەھقە يە قەيۇ ئىقلىمغە تېگدى ئېرسە غەيەت ئۇزلۇقۇندىن، نىھاياتىدىن كىچە كوركلۈكلۈكۈندىن ئول ئىللەرنىڭ ھۇكەمالەرى، ئالىملەرى قەبۇل قىلىب تېكمە بىرى بىر تۈرلۈگ ئەت لەقەب بېردىلەر. چىنلىغلەر <ئەدەبۇل مۈلۈك> ئەت بېردىلەر. مەچىن مەلىكىنىڭ نەدىملەرى <ئايىنۇل مەملىكە> ئەتەدىلەر، مەشرىقلىغلەر <زىنەتۇل ئۇمەرا> تېب ئەيدىلەر. ئىرەنلىغلەر <شەھنەمەئى تۈركى> تېدىلەر، بەزىلەر مە <پەندنامەئى مۈلۈك> تېمىشلەر. تۇرەنلىغلەر <قۇتەدغۇ بىلىك> تېب ئەيمىشلەر». (مەزمۇنى: بۇ كىتاب قايسى پادىشاھقا يەتسە ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت ياخشىلىقىدىن، نىھايەتتە يۇقىرى دەرىجىدىكى جەزىبدارلىقىدىن شۇ ئەللەرنىڭ دانىشمەنلىرى، ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ھەر بىرى تۈرلۈك ناملارنى بېرىشتى. چىنلىقلار «ئەدەبۇل مۈلۈك» دەپ ئاتىدى. ماچىن مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇل مەملىكە» ئاتىسا ، مەشرىقلىقلەر «زىننەتولئومرا» دەپ ئاتاشتى. شۇنداقلا بەزىلەر «پەندنامەئى مۈلۈك» دېيىشتى. تۇرانلىقلار بولسا «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتىدى ).

## داستاننىڭ مەزمۇنى

ئۇنىڭ ئاساسىي قەھرىمانلىرى تۆت پېرسوناژدىن تەشكىل تاپقان:

1 - ئادالەت - ئۇ باش ھۆكۈمدار (يەنى ، پادىشاھ )، ئۇنىڭ ئىسمى كۈنتۇغدى، قۇياشتەك بارچىغا نۇر تارقىتىدۇ.

2 - دۆلەت ( بەخت ) - باش ۋەزىر، ئىسمى ئايتولدى . بەخت - سائادەت ، مال - دۆلەت . ئىچكى مەزمۇنى توشۇنچە، بايلىق، سائادەت، ئامەت، بەخت، قۇدرەت مەنىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان، ھۆكۈمدارنىڭ تايانچى، بىلىنىڭ قۇۋۋىتى، كۆزىنىڭ نۇرى، پاراۋانلىق بەخش ئەتكۈچى، باش

مەسلىھەتچى ۋە نازىر. دۆلەت، بەخت - ئامەت، قۇدرەت بەرقارار ئەمەس، بەزەن تولۇن ئايدەك تولۇپ تاشىدۇ، بەزەن پېتىۋاتقان ئايدەك ئاستا - ئاستا كۆرۈنمەي قالىدۇ. يەنە بىر قارىساڭ يوق يەردىن پارقىراپ ھىلال بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. گاھ چوڭىلايدۇ، گاھ كىچىكلەيدۇ. ئەمما دۆلەت مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئاخىر يوقايدۇ.

3 - ئەقىل ۋە بىلىم - ئايتولدىنىڭ ئوغلىغا سىمۋول قىلىنغان . ۋەزىرنىڭ ۋارىسى، ئىسمى ئۆگدۈلمىش - ئەقىل ۋە بىلىم تىمسالىدۇر. ئەگەر بەخت، بايلىق، ئامەت ئۆتكۈنچى بولۇپ، كىشى قولىدا داۋاملىق تۇرمىسا، ئەقىل ۋە بىلىم ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ. ئەسلى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئۆگدۈلمىش، يەنى ئەقىل ۋە بىلىمدۇر. شۇ سەۋەبلىك كىتابنىڭ نامى ھەم «قۇتادغۇ بىلىك» - «بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم»دۇر. ئەلۋەتتە، ئەقىل ۋە بىلىم ئوقۇش بىلەن، ئۆگىنىش بىلەن راۋاجلىنىدۇ، قۇۋۋەتكە كىرىدۇ. ئۆگدۈلمىش ھەم ئاۋۋال يىگىتلىك چېغىدا كۈنتۇغدىنىڭ، كېيىن ئودغۇرمىشنىڭ پەند - نەسىھەتى، تەلىم - تەربىيىسى بىلەن كامالەتكە يېتىدۇ.

4 - سىمۋول: قانائەت، ئۇنىڭ ئىسمى ئودغۇرمىش بولۇپ، ئۆگدۈلمىش - ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ قېرىندىشى. ئەمما ئايتولدى - مال - دۆلەت ئودغۇرمىشنى ئىزلىمەيدۇ. ئەگەر ئىنساندا، جەمئىيەتتە قانائەت بولمىسا ئۇنىڭ بارلىق ئەس يادى پۇلدا بولۇپ، ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ھۆكۈمدارىغا - ئادالەتكە ئودغۇرمىش قېرىندىشى ئۆگدۈلمىشنى تونۇشتۇرىدۇ. ئادالەت ئەقلىنىڭ ياردىمىدا قانائەتتىن خەۋەر تاپىدۇ. قانائەت ئاقىۋەتنى ئويلاش بىلەن بولىدۇ، ئۇ ئىنسانغا ئاقىبەت - روھىي ئاسايىشلىقنى، قانائەتنى كەلتۈرىدۇ. ئادالەت قانائەتسىز بولمايدۇ.

ھاكىم، ھۆكۈمدارلار دانىشمەنلەرنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولۇشى، ئۇلارنىڭ دانا مەسلىھەتلىرىنى ئېلىپ تۇرۇشى لازىم بولىدۇ. دانىشمەن ھاكىمنى ئىزدىمەيدۇ، بەلكى ھاكىم ئۇلارنى ئىزدەپ يول -يورۇقلارنى ئۆگىنىدۇ .

ئىمان، تەقۋا، ئىبادەت، زۇھد، ئىلىم، ئادالەت، قانائەت، ئىنائەتلەر، ئەسەرنىڭ ئاساسى غايىسى بولغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىقارارلىقى، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى مانا شۇ نەرسىلەرگە باغلىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ بەس - مۇنازىرىلىرى جەريانىدا ئاۋام خەلقتىن تارتىپ ئالىي ھاكىمغىچە بولغان بارلىق تەبىقە ۋە تائىپىلەرنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق، سۆز - ھەرىكەت، مۇناسىۋەت چېگرالىرى ھەققىدە بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

15 - ، 25 - بابلاردىكى كۈنتۇغدى ۋە ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆھبەتلىرى؛ 31- ، 53 - بابلاردىكى ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ سۆھبەتلىرىدە، بارلىق ئىجتىمائىي تائىپىلەرنىڭ - بەگلەر، سىپاھلار، ساراي خىزمەتچىلىرى، ۋەزىرلەر، ھاجىپلەر، خەزىنىچىلەر، لەشكەر باشلىرى، ئەلچىلەر، كاتىپلار، سەييىدلەر، شائىرلار، مۇنەججىملەر، ئالىملار، تېۋىپلار، دېھقانلار، سودىگەرلەر، چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، مىسكىنلەر، پۇقرالار ... قاتارلىقلارنىڭ ھال - ئەھۋالى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئىش-ھەرىكىتى ھەققىدە مۇپەسسەل تەسۋىر بېرىدۇ، ئۇلارغا ھۆكۈمدار ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئادالەتلىك مۇناسىۋىتى قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى تونۇشتۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇ ئەسەر ئەدەبىي - بەدىئىي ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن بەدىئىي لىرىكىدىن، ئەدەبىي تەسۋىرلەر، مۇبالىغە، دراممىلاردىن خالىي ئەمەس.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ھېكمەتلەردىن نەمۇنىلەر*:

678 - توروموش نەڭ ئېرسە ٴ يوقالغو تورور،
تُورُوتُوگلى خالىق نە قىلسە قىلوُر.
مەنىسى:
يەرەلگەن نېكى بولسە يوقالغۇچىدىر،
يەرەتقەن خالىق نە قىلسە قىلوُر.

679 - تىرىگلىك تېدوكىڭ بۇ يېلتېك كېچەر،
قاچەر، يېتسە بۆلمەس، ئەنى كىم بۆلوُر.
مەنىسى:
تىرىكلىك دېگانىڭ شەمالدېك كېچار،
قاچەر يېتسە بۆلمەس، ئۇنى كىم تۇتەر.

806 - كونىلىك اوزە پۇلدى بيگلىك اولى،
بو بيگلىك كۆگى اول كۆنلىك يۆلى.
مەنىسى:
ئەدالەت ئۇزرە بولدۇ بېكلىك ئەۋۋەلى،
بو بېكلىك ئەساسى ئەدالەت يولى.

807 - تۆرى قىلسە ئېلكە، كُۆنى بۆلسە بېگ،
تىلەك ئاررزۇ بۆلغاي بۇ قالسە كەلى.
مەنىسى:
مەنىسى:
ئەدىل قىلسە ئېلگە، ئادىل بولسە بېك،
تىلاك- ئىستەكلەرگا سوزسىز يېتاجەك.

853 - يوروغلى بو ينكلوق اِيدي كَد اوگُوش،
كۆنى چىن بوتون ئېر مينگا كز كۆشۇش.
مەنىسى:
كېزىپ ژورغۇچۇ خەلق بولاي، شۇبھەسىز،

*بېيتلىرىنىڭ مەنىسى ئاپتورنىڭ پايدىلانغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن «ئۆزبېكچە» بېرىلدى.

ئادىل، ساق، پىتوك ئىر مەن ئۆچۈن ئەزىز.

854 - قىز ئىرمەس كىشى، كۆر كىشلىك قىز ئۇل،
كۆنى چىن كىشلارنى ئۆگدى ئۇقۇش.
مەنىسى:
ئادەمدەن ئەزىزراق ئادەمگەرچىلىق،
ئادىل، ساق كىشلەر ھەياتى لەزىز.

890 - ئەغىشتىك بۇ ئىدگو، ئەغولمەز كىشى،
تىگىب تىگمە يەڭلوق قىلومەز ئىشى.
مەنىسى:
ئىزگۈلۈك ئۇلوغ ئىش، پىتالمەس كىشى،
تىكىپ جان ئۇنى ھىچ ئىپلالمەس كىشى.

891 - ئەغىرتىك قەموغى ئەغِىر قىلغۇقە،
قىلۇمەز بۇ ئىشنى بىلىگسىز كىشى.
مەنىسى:
تۇگال ئىزگۈلۈكنى پىتوك ئىر قىلۇر،
قىلالمەس بو ئىشنى بىلىمسىز كىشى.

1256 - كۆدەزىلدى كىمنى كۆدەزسە ئىدى،
تىلاك بولدى، نىمەت تۆلۈسون يىدى.
مەنىسى:
ئىمان كىمدە بولسە ئامان تاپتى ئۇ،
تىلاك ئاررولەرغە تۇگال يىتتى ئۇ.

1257 - قەيۇ قۇل بەيەتقا ئىنانسە تۇرۇب،
بەلَا، قەدَغو قاپغىن اُوزىگە تۇدى.
مەنىسى:
ئەگەر كىمنىڭ ئىمانى بولسە مۇكەممەل،
بەلا، غەم ئىشىگىن مەھكەم ياپتى ئۇ.

1357 - ئەجەل كىلمەس ئىركەن ئۆلۈمكە ئىتىن،
تىرىكلىگ ئۆددىندە تَەپوغ قىل، تَپىن.
مەنىسى:
ئۆلۈمگە ھازىر بول، كىلار دىپ ئەجەل،
شەرئىي خىزمەتىڭ ئىت تىرىكلىكدە ھەل.

1358 - ئۆلۈم كىلسە توتسە ئۆكۈنچ، ئەسغى يۆق،
نىچە مە ئۆلۈسە قارە يىر قَەتىن.
مەنىسى:
ياقە توتكەچ ئۆكۈنچ پايدە سىز بولۇر،
يەر ئاستىدە يىغلەش بولۇر بى ئەمەل.

1812 - كىشى يىلقى بىرلە ئەدىرتدى بىلىگ،
بىلىگ بىرلە يەڭلوق كوتوردو ئەلىگ.
مەنىسى:
ئادەمنى ھەيۋاندەن بىلىم ئەيىردۇ،
بىلىم بىرلە ئىنسان قەددىن راسلەيدۇ.

1813 - يورى، يىلقى بولمە، بىلىگ بىل ئوقۇش،
بىلىگ بىرلە سۆزلە، يۆرۈق توت تىلىگ.
مەنىسى:
بولۇپ قالمە ھەيوان، بىلىم ئال ھۈنەر،
بىلىپ سۆزلە، تىلىڭ بىلىم ساقلەدۇ.

2013 - كور ئەرسلان بُولو بىرسە ئىتقە بَەشى،
بو ئىت بەرچە ئەرسلان بولور اوز توشى.
مەنىسى:
گەر ئىتلارغە ئەرسلان بولەركان باشلىق،
بو ئىتلەر بولادى ئەرسلان تۇسلىك.

2014 - قَەلى بولسە ئەرسلانقە ئىت بَەشچىسى،
بو ئەرسلان بولور بەرچە ئىت سَەقشى.
مەنىسى:
گەر ئەرسلان تودەسىغە ئىت بولسە باشلىق،
ئەرسلانلەر بولادى ئىتكە ئىپىدداشلىق.

2079 - بو بىگلەر نى يۆلچە يۇرسە قَەلى،
اوشول بىگ يُورىقى بو قُولنوك يُولى.
مەنىسى:
ئەگەر بىكنىڭ قەنداق بولسە، تەنلىغان يولى،
قولنىڭ يولى ھەم اوشال بىك يولى.

2080 - بىگى ئىدگو بولسە، يورىقى كُونى،
تَەقى ئارتوق ئىدگو يورىغاى قۇلى.
مەنىسى:
بىگى ئىزگو بولسە، يورىغى رەوَان،
ئىزگودە ئارتىقراق بولىدۇ قولى.

2096 - بو بىگلار قەپوغىن سىياسەت بىزار،
سىياسەت بىلە بىگ ئىلىنى توزار.
مەنىسى:
بو بىكلار ئىشىگىن سىياسەت بىزار،
سىياسەت بىرلە بىك ئىلىنى توزار.

2097 - ئىسسىزغا سىياسەت يىرىتغو كىراك،
بودون بولغانىقنى سىياسەت سوزار.
مەنىسى:
ئەھمەققە سىياسەت يۈرگىزماق كىراك،
دۇنيا ئىپلاسلىغىن سىياسەت سوزار.

مانا بۇ رۇبائىيلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بەدىئىيلىكى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بولۇپ ئۇنىڭدىكى ھەر بىر قۇر، قىتئەلەردىكى ھىكمەتلەر بىلەن شائىرنىڭ ئوي - پىكرى ئۆز- ئارا نىھايەتتە ماسلاشقان. شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى يارقىن، تىلى ناھايىتى ئۆتكۈر، مەزمۇنغا باي بولۇپ ئىسلام دۇنياسى شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاساسىي ئۇسلۇبى، خۇسۇسىيىتى، ھەر بىر بېيىتنىڭ مۇستەقىل تەسۋىرى، تىمسالى، بىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش تەلىپى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ رەھمەتۇللاھى تەرىپىدىن تولۇق ھېس قىلىنغان ۋە ئەمەلىيەتتە تەتبىق قىلىنغان. ئۇنىڭ بېيىتلىرى ھېكمەتلىك سۆز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن .

## قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ئۇنىڭ تىلى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان .

رۇس شەرقشۇناس - تۈركشۇناس ئالىمى ۋ. ۋ. رادلوف بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ھەققىدە ئېنىق بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويمامدۇ ۋە ئالتايلاشتۇرۇلغان ترانسكرىپسىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

ۋىلگېلىم تومسىن (دانىيەلىك تۈركشۇناس ئالىم) رادلوفنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى ئاساسسىز، دەپ قارايدۇ ۋە رادلوف كېيىن ئۇنىڭ ئىسپاتلىرىنى قوبۇل قىلىپ پىكرىدىن ۋازكېچىدۇ.

سېرگېي يېفىموۋىچ مەلوۋ رۇس شەرقشۇناس - تۈركشۇناس ئالىم؛ «بۇ ئەسەرنى بىر يەردە چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان» دېسە، يەنە باشقا بىر جايدا «ئۇيغۇر مۇسۇلمان يادىكارلىقى» دەيدۇ. «ئۇنىڭ ئەرەب ھەرپىدە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى XI ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ»، دەيدۇ.

نەمەنگەندىن تېپىلغان نۇسخىسىدا مۇنداق دېيىلگەن :

«ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى قەمۇغ ئىتتىپاق بولدىلار كىم مەشرىق ۋىلايەتىندە تۈركىستان ئىللارىندە بوغراخان تىلىنجە بو كىتابدىن يەخشىراق ھەرگىز كىم ئەرسە تەسنىف قىلمەدى. بو كىتاب قايىو پەدشەھقە يا قايىو ئىقلىمقە تىگدى ئەرسە غايەت ئۇزلۇقىندىن نىھايەتىدىن كەجە كوركلۆكلۆكىندىن ئۇل ئېللەرنىڭ ھۆكەمالەرى، ئالىملەرى قەبۇل قىلىب تېكمە بىرى بىر تۈرلۈگ ئەت لەقەب بېردىلەر.

مەنىسى: ماچىن ئالىملىرى ۋە دانىشمەنلىرى شۇنداق بىر پاكىتقا قايىل بولدى . مەشرىق ۋىلايىتىدە ۋە تۈركىستان رايونلىرىدا بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇ كىتابتىن ياخشىراقنى يازالمىدى. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھقا ياكى قايسى يۇرتقا يەتكەن بولسا، كىتابنىڭ تولىمۇ مۇكەممەللىكىدىن ھەمدە دەرىجىدىن تاشقىرى جەلپ قىلىش كۈچى تۈپەيلىدىن، شۇ رايون، يۇرتلارنىڭ دانىشمەنلىرى ۋە ئالىملىرى بۇ كىتابنى قوبۇل قىلىپ ھەرخىل ئىسىملەربىلەن ئاتايتتى.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلى شۇنداقلا ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق (ختبباتۇل ھاقائىق»، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)، نەسرۇددىن رەبغوزىنىڭ «قىسەس رەبغوزىي» («قىسەسۇل ئەنبىيا») قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ

تىللىرى بىر - بىرىگە يېقىن بولغان. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرقلەرمۇ بولغان. ھەر بىر قەۋمنىڭ ئۆزىگە خاس شىۋىسى بولغان ۋە ئۇلار ئەنە شۇ لەھجە ئاساسىدا ئەسەرلەر يېزىشقان. بۇ ئەسەرلەر تىل نۇقتىئىنەزەرىدىن بىر - بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە تۈركىي تىللارنىڭ ئوغۇز - قىپچاق ۋە قارلۇق - ئۇيغۇر تىللىرىغا خاس بولغان سەرفىي ۋە نەھۋىي يەنى لېكسىكا ، فونېتىكا ۋە مورفولوگىيە خۇسۇسىيەتلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

## ئەسەرنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى

تارىختا قانچىلىغان شەھەرلەر، بىنالار، دەريالار، دۆلەتلەر، شۇنىڭغا ئوخشاش سان-ساناقسىز نەرسىلەر پەيدا بولدى ۋە يەنە يوقالدى. رۇس شائىرى ئا. س. پۇشكىن: «ئۆزۈمگە قول بىلەن ياسىغىلى بولمايدىغان ھەيكىلىمنى تىكتىم» دېگىنىگە ئوخشاش، يۈسۈپ خاس ھاجىپ رەھمەھۇللا ئەبەدىي يوقالمايدىغان، ئۆز نامىنى مەڭگۈلۈككە ئويغان ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. زامانە زەيلى، دەۋر پەرۋازى، ئاداۋەت يەغماسى، جاھالەت بالاسى، زۇلمەت سەۋداسى، بەشەرىيەت زېھنى، زەكاۋەتى ۋە قولى بىلەن يارىتىلغاننۇرغۇنلىغان مىراسلارنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ رەھمەھۇللانىڭ يادىكارلىقى بولسا ساقلاندى ۋە بىزلەرگىچە يېتىپ كەلدى.

بۇ ئەسەرنىڭ 1439 يىلى ھىراتتا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ھەسەن قارە سَەيل شەمس تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى تۈركىيەنىڭ توقات شەھرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن 1474- يىلى ئەبدۇررەززاق شەيخزادە بەخشى ئۈچۈن فىنارى ئوغلى كەدى ئەلى تەرىپىدىن ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. مەشھۇر تارىخچى، شەرقشۇناس ئالىم يوزېف ھامېر (Joseph Freiherr von Hammer-Purgstal;) (1774 - 1856) ئىستانبۇلدا ياشىغان ۋاقتىدا يەنى، 1799 - يىلى بۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ ئۇنى ساراي كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان.

1896 - يىلى بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قولىيازما نۇسخىسى قاھىرە كۇتۇپخانىسىدا تېپىلغان . ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان ئۈچىنچى نۇسخىسى 1913 - يىلى نەمەنگەن شەھرىدە مۇھەممەد ھاجى ئېشان لالەرىش ئىسىملىك كىشىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدىن تېپىلغان بولۇپ ھازىر بۇ كىتاب تاشكەنت بېرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا 1809№ رەقەم ئاستىدا ساقلانماقتا.

قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىغا 1439 - يىلى كۆچۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغانلىقىغا ئەسەرنىڭ ئۆزىدە دەلالەت قىلغۇچى مەزمۇنلار بار:

مەسىلەن:
بەك ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تورور ،
بەلگى الىمى كېتسە بەك قالور،

بو يەردە ھەرپ ئويۇنى ئەكس ئېتىپ «بەك» سۆزى

بىلەن «بىلىك» سۆزى مەخرەج بولۇپ «بىلىك»دىن «ل»نى چىقىرۋەتسە «بەك» قالىدۇ . ئۇنىڭ مەنىسى : بەگ بىلىملىك بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇنىڭ بىلىمى بولمىسا بەگ بولالمايدۇ .

## خۇلاسە

ئەسەرنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي خاراكتېرى جەھەتتىن تەتقىق قىلىنىشى ئالىملارغا ھاۋالە. بىزگە ئەۋزەل بولغىنى ئەسەردە مەقسەت قىلىنغان غايە ۋە ئۇنىڭدىن يەكۈنلەنگەن نەتىجەدۇر.

بۇ ئەسەر يېزىلغان ۋاقىت ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ روناق تاپقان دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئابباسىيلار باغدادتا، سامانىيلار خۇراساندا، قاراخانىيلار تۈركىستان ۋە ماۋارائۇننەھەردە تەڭدىشى يوق، بىباھا مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىيات، يۈكسىلىش قانچىلىك يۇقىرى بولۇپ كەتسىمۇ، ئەينى دەۋردىكى روھىيەت - روھانىيەت، ئەينى دەۋردىكى مۇھىتنىڭ يەنىلا بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ۋە ئارزۇلۇق بولۇشى شۇ دەۋردىكى كەيپىيات ۋە روھىيەتنىڭ «ئەتەبەتۇل ھاققايىق»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەرگە ئۇخشاش ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىدەدۇر. بىزدىكى چۈشكۈنلۈك، قارارسىزلىق ئەنە شۇ ئاددىي نەرسىلەرنى ئېڭىمىزغا سىڭدۈرەلمەسلىكىمىزدىندۇر. ماددىي بايلىقلار بىزنى تەرەققىيات چوققىسىغا ئېلىپ چىقىدۇ - يۇ، روھىيەتتىن، روھانىيەتتىن ئايرىپ، ئەنە شۇ چوققىدىن پەسكە غۇلىتىۋېتىپ بارامدۇ قانداق ؟! بۇ ئەدىبلەر ئىدېئال ۋە خىيالىي ھاياتنى ئارزۇ قىلىشقان دەپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئارزۇ قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئاغزىمىزنىڭ شۆلگىينى ئاققۇزۇپ، بىزمۇ كېتىپ بارىمىزمۇ؟!

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئاكادېمىك نەشرى تاشكەنت، «پەن» نەشرىياتى، 1971 .
فىلولوگىيە پەنلەر نامزاتى قەيۇم كېرىمۇۋ تەرىپىدىن كىرىل ھەرپىگە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان (كۆچۈرۈلگەن ) ۋە ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

2.С. Е. Малов “Памятники древнетюркской письменности” (тексты и исследования) Издательство Академии наук СССР Москва, Ленинград 1951.
س. يې. مەلوۋ. «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى (تېكىستلەر ۋە تەتقىقاتلار). س س س ر بىلىم ئاكادېمىيەسىنىڭ نەشرى، موسكۋا ۋە لېنىنگراد، 1951.

3."اصول السرخسي" للإمام أبي بكر محمد بن أحمد بن أبي سهل السرخسي المتوفي 490 هـ "دار المعرفة" بيروت - لبنان
ھىجرىيە 490 يىلى ۋاپات بولغان ئىمام ئەبۇ بەكر مۇھەممەد بىن ئەھمەد بىن ئەبۇ سەھل سەرەخسىينىڭ «ئۇسۇل سەرەخسىي» كىتابى. لىۋان. بېيرۇتتا «دارۇل مەرىپەت» نەشرىياتىدا بېسىلغان.

4. Адам Мец. “Мусульманский ренессанс” Издание - 2-е. Издательство “Наука” главная редакция восточной литературы Москва 1973.
ئەدەم مېتس. «مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىش دەۋرى» 2 - نەشرى. «نەۋكە» - «ئىلىم» نەشرىياتى شەرق ئەدەبىياتى باش مۇھەررىياتى موسكۋا 1973.

5. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي «شاھ نامە» تاشكەنت، 1974 . غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى

6. « كتاب ديوان اللغة الترك» محمود بن الحسين بن محمد الكاشغري "دار الخلافة العليه - مطبعة عامره 1333.

مەھمۇد بىن ھۇسەين بىن مۇھەممەد كاشغىرىينىڭ «دىۋان لۇغەتۇت تۈرك كىتابى»، ھىجرىي 1333 يىلى دارۇل خىلافەتۇل ئالىيە باسماخانىسىدا بېسىلغان.


www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

رۇسلان ئارزىيېۋ*
(قازاقىستان)

«قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان دەۋردە، قاراخانىيلار دۆلىتى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە مەدەنىي ھاياتى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى پەللىسىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۇنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسى سۆزسىز يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش دانا پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن «قۇتادغۇ بىلىك»كە ئوخشاش ئۇلۇغ ئەسەردە تەسۋىرلىنىپ، سىياسىيسى، مەدەنىي ھەم مەنىۋى ھاياتىمىزدا مەڭگۈلۈك بىباھا خەزىنە بولۇپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى.

مەزمۇن جەھەتتىن ئالەمشۇمۇل خاراكتېرغا ئىگە مۇنداق ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە مەلۇم قانۇنىيەتلەرنىڭ، ئاساسلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي.

ئەڭ ئالدى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق باي تارىخىغا ۋە مەدەنىيىتىگە ئاساسلىنىدۇ. ئا. ئا. ۋالىتوۋا «قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇنىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ فولكلورىنىڭ رولىنىڭ مۇھىم رول ئىگىلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، «شائىرنىڭ سىياسىيسى ۋە ئېتىكىلىق كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ سالماقلىق ئىپادە قىلىش ئۈچۈن، خەلق دانىشمەنلىگىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان» (1958، 91) دېسە، قەدىمىي تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ چوڭ مۇتەخەسسىسى ئى. ۋ. ستېبلېۋا ئەسەردە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ۋە «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»تىكى شېئىرىي پارچىلاردا شەكىللەنگەن بەزى ئەنئەنەلەرنىڭ ئەكس ئېتىدىغانلىقى توغرىسىدا يازىدۇ (1971، 104). ئەدەبىياتشۇناس م. س. فومكىن ئەسەردىكى بەزى پىكىرلەرنىڭ 10 -ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى شىڭقو شەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلغان «سەككىز يۈكمەككە» ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىدىكى باي يازما يادىكارلىقلارغا ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەنمۇ تونۇشقان»، دەپ قارايدۇ (1990، 39-38).

مەلۇمكى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شەكىللىنىشىدە دىيارىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ يەردە ھەر خىل قەدىمىي مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىپ، قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. شۇڭلاشقا ئا. ئۆتكۈر بۇ دىيارنى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ «تۆت كوچا ئاغزىغا ئايلانغان» دەپ يازغان ئىدى (1988، 99). ئۇ دەۋرلەردە «ئۇلۇغ يىپەك يولى» بولسا، «ئۇيغۇر يولى» دەپ ئاتالغان (ۋوستوچنىي تۈركىستان، 1988، 380). بۇ دىيارغا 19 -ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۈچ قېتىم ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغان ئىنگلىز ئالىمى ئاۋرېل ستېين ئەجدادلىرىمىز ياشىغان جاينى «دۇنيا تارىخىدا ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە بولغان كارىدور رولىنى ئاتقۇرغان» دېسە (زوتوۋ،1991، 30)، ئاتاقلىق تۈركشۇناس ۋېنگىر ئالىمى لازلو راسونيى ئۆزىنىڭ «تارىختا تۈركلۈك» ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قۇۋۋەتلىك بىر شەكىلدە سىنكرېتىك خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، شەرق ھەم غەرب مەدەنىيەتلىرى بۇ يەردە ئارىلاشقاندەك دۇنيانىڭ ھېچ بىر يېرىدە ئارىلاشمىغان دەپ يازىدۇ (1993، 109). «قۇتادغۇ بىلىك»نى مەخسۇس تەتقىق قىلغان لاڭ يىڭ ئۆزىنىڭ «<قۇتادغۇ بىلىك> ۋە شەرق -غەرب مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ئېچىۋېتىش خاراكتېرغا ئىگە بولدى، شۇڭلاشقا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇش، تارىخىي بۇرچ سۈپىتىدە ئۇيغۇر مىللىتىگە يۈكلەندى»، دەپ يازىدۇ (1994، 270). ئالىملار بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە شەرقنىڭ ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە خىتاي ئوخشاش مەدەنىيەتلىرىنىڭ ھەم غەربنىڭ ئەرەب مەدەنىيىتى ئارقىلىق گرېك - رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بولغان دەپ قارايدۇ. مۇنداق كەڭ ھەم ھەر خىل مەزمۇنلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئىككى خىل پىكىر مەۋجۇت. بىرلىرى، «قۇتادغۇ بىلىك» دىداكتىكىلىق ئەسەر، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىلىم ۋە ئەدەپ-ئەخلاقنى تەرغىب -تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت دېسە، «قۇتادغۇ بىلىكنى» ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر ئۆگەنگەن ئالىملار ئۇنى پەلسەپىۋى ئەسەر سۈپىتىدە قاراپ، «ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى دۆلەتنى توغرا باشقۇرۇش ئارقىلىق خەلقنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»، دەيدۇ.

ئىككىنچى پىكىرگە تۆۋەندىكىچە ئاساسلار بار دەپ ئويلايمىز:

1.كىتابنىڭ نامى. مەلۇمكى «قۇتادغۇ بىلىك»نى ھازىرقى ئۇيغۇر ۋە باشقا تىللارغا «بەخت بەرگۈچى بىلىم» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ يەردىكى «قۇت» سۆزىنىڭ مەنىسى قانداق كەڭ بولغان بولسا، «بىلىك»

*فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوتسېنت

www.uyghurkitap.com

سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ شۇنداق كەڭ. «قۇت» سۆزى قەدىمىي تۈركىي تىلدا «ئامەت، تەلەي، ئابرۇي، بايلىق، دۆلەت، ماھىيەت، باھا» مەنىلىرىنى باشقا «ئۇلۇغلۇق، قۇدرەت، سىياسىي ھاكىمىيەت» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرسە، «بىلىك» سۆزىنىڭ تومۇرى «بىلىم» مەنىسىدىن باشقا يەنە «باشقۇرماق» مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. دېمەك، كىتاب نامىنى «قۇدرەتنى ئېنىقراقى سىياسىي ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش» ياكى «بەخت بەرگۈچى باشقۇرۇش» دەپ تەرجىمە قىلىسىمۇ بولىدۇ. بۇ پىكىرلەرنى ئاتاقلىق تۈركىيشۇناسلار س. ئې. مالوۋ، ئا. ۋالىتوۋالار قوللايدۇ. ئاكادېمىك ئا. ن. كونونوۋمۇ دەل مۇشۇنداق تەرجىمە قىلىش ئەسەرنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا، مەقسىتىگە، ژانىرىغا تولۇق جاۋاب بېرەلەيدۇ دەپ قارايدۇ (1983، 497-496). تۈرك ئالىمى ئىبراھىم كافېسوغلۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «قۇت» سۆزىگە دەسلەپ «دەۋلەت» مەنىسىنى بەرگەنلىكىگە، چىڭگىزخانىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى سۆزلىرىنىڭ توپلىمىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتىلىشىغا، 11 -ئەسىرلەردە «بەخت ۋە سائادەت» سۆزلىرى «قۇت»، «قىۋ» سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكىگە ئاساسلىنىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»نى «ھۆكۈمرانلىق بىلگىسى» ياكى «دۆلەت بولۇش ياكى دۆلەتلىك بولۇش بىلگىسى» دېگەنگە ئوخشاش تەرجىمە قىلغان، دەپ يازىدۇ. «<قۇتادغۇ بىلىك> ۋە قانۇن» ناملىق چوڭ مونوگرافىيا يازغان يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامىمۇ بۇ ئەسەر نامىنى «دۆلەت باشقۇرۇش (بىلىمى)» دەپ تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسپات ۋە پاكىتلىرىغا قوشۇلىدۇ ( 1993، 3). ئەسەرنىڭ نەسرىي كىرىشمىسىدە بولسا، مۇنداق دېيىلگەن: «پۈتۈن تۈركىستاندا بوغراخان تىلىدا، تۈرك لۇغىتىدە بۇ كىتابتىن ياخشىراق ھېچ كىم يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھقا، قايسى ئەلگە يەتسە، غايەت ياخشىلىقىدىن، ناھايىتى گۈزەللىكىدىن ئۇ ئەللەرنىڭ ھاكىملىرى، ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ھەر بىرى ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك ئاتلار بەرگەن: خىتايلار «شاھلارنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى»، ماچىن دۆلىتىنىڭ ھاكىملىرى «مەملىكەتنىڭ دەستۇرى»، شەرق ئەللىرى «ئەمىرلەر زىننىتى»، ئىرانلىقلار «تۈرك شاھلىرىنىڭ كىتابى»، تۇرانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتىدى. ئەسەرنى ھەر تۈرلۈك ئەللەردە بۇ خىل ئاتاشلارنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ «بەخت بەرگۈچى بىلىم» دېگەن نامغا قارىغاندا، «دۆلەتنى باشقۇرۇش بىلىمى»، «بەخت بەرگۈچى باشقۇرۇش» ياكى «دۆلەتنى باشقۇرۇش» دېگەن ناملارغا يېقىن ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

2. ئەسەر مەزمۇنى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەزمۇنى بىلەن تونۇش. ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىلىم – بىلىمنى چۈشەندۈرۈشتىن بەكرەك، دۆلەتنى قانداق قىلىپ باشقۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئەمەلدارلىرى قانداق بولغاندا، ئۇلار دۆلەت پۇقرالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق تەڭشىگەندە، خەلقنى بەختلىك ھاياتقا ئېرىشتۈرەلەيدۇ دېگەن مەزمۇننى مەركىزىي ئىدىيە قىلغان. ئەسەر قەھرىمانلىرىدىن پادىشاھ كۈنتۇغدى، ئادالەت ۋە قانۇننىڭ تەمسىلىدۇر؛ ۋەزىر ئايتولدى، بەخت ۋە بايلىقنىڭ تەمسىلىدۇر؛ ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش بولسا ئەقىل ۋە پاراسەتنىڭ سىمۋولىدۇر؛ ئاقىل دىن زات ئودغۇرمىش قانائەتنىڭ سىمۋولىدۇر. بۇ تۆت قەھرىمان بىرى پادىشاھ (كۈنتۇغدى)، ئىككىسى ۋەزىر (ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش)، بىرى ئەدىب (ئودغۇرمىش) بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنى باشقۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم بولغان كىشىلەر ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

دېمەك يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى دۆلەتنى توغرا باشقۇرۇش ھەققىدە دەپ ئېيتىشقا تولۇق ئاساس بار. كېيىنكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، قانداق قىلىپ، دۆلەتنى توغرا باشقۇرۇشقا بولىدۇ؟ ئۇ دەۋرلەردە «دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە پاراۋانلىقى، ئاساسەن، ئادىل پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئادىل ۋەزىرلىرى ئارقىلىق بولىدۇ»، دېگەن چۈشەنچە ھاكىم ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، خەلقنىڭ بەختلىك ھاياتى پادىشاھنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق بولماسلىقى كېرەك. دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ ئالدى بىلەن قانۇنغا، بولۇپمۇ خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، بارلىق ئادەملەرگە تەڭ قارايدىغان ئادىل قانۇنغا باغلىق بولۇشى كېرەك. پادىشاھ (دۆلەتنىڭ رەھبىرى) ئۆزىمۇ شۇ قانۇنغا بېقىنىشى كېرەك. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ باش قەھرىمانى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي لاۋازىمىنى ئىگىلەپ تۇرغان پادىشاھنىڭ بىلدۈرىدىغان سىمۋوللۇق مەنىسى –ئادالەت، ئادىل قانۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئادىل قانۇنغا باغلىق قويۇلغان:

824. ئەلىگ ئايد : بىلگە مەنىڭ قىلقىم،
كۆرۈپ، مەڭزەتۈ ئۇرد بۇ ئاتىم.

يەشمىسى: ئېلىگ دېدى: ئالىم بۇ قىلىغىم كۆرۈپ،
قويدى ئېتىمنى كۈنگە ئوخشىتىپ.

825. كۈنۈگ كۆر ئىرىلمەز تولۇ ئوق تۇرۇر،
يارۇقلۇق بىر تەگ تالۇ ئوق تۇرۇر.

يەشمىسى: قارا، كۈن ئۇۋۇلماس، ھېمىشەم پۈتۈن،
يورۇغى بىردەكلا ۋە پارلاق، تولۇن.

826. مەنىڭ مە قىلىئىنچىم ئاڭار ئوقشادى،
كۆنىلىك بىلە تولدى ئەكسۈمەدى.

يەشمىسى:مېنىڭمۇ قىلىقىم ئاڭا ئوخشىدى،
ئادالەت بىلەن تولدى، كەم بولمىدى.

827. ئىككىنچى توغار بۇ كۈن يارۇر بۇ ئاجۇن،
تۆزۈ خەلققا تەگرۈر يوقالماز ئۆزۈن.

يەشمىسى: ئىككىنچى، تۇغار كۈن، يورۇر بۇ جاھان،
ئومۇمغا چاچار نۇر، كېمەيمەس ھامان.

828. مەنىڭ مە تۆرۈم بۇ يوقالماز ئۆزۈم،
قامۇغ خەلققا بىر تەگ نە قىلقىم سۆزۈم.

يەشمىسى: مېنىڭمۇ قانۇنۇم شۇ، يوقالماس ئۆزۈم،
پۈتۈن خەلققە بىردەك قىلىقىم، سۆزۈم.

ئادىل قانۇنىنىڭ بىر دۆلەت ھەم مىللەت ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئادەمزات ئۈچۈن، دۇنيا ئۈچۈن قانچىلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ:

3463. بۇ كۆك تىرگۈكى ئول كۆنىلىك تۆرۈ،
تۆرۈ ئارتاسا كۆك تۇرۇماز ئۆرۈ.

يەشمىسى: ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464. تۆرۈلۈگ بۇ بەگلەر يوق ئەرسە تىرىگ،
بايات بۇزغاي ئەردى يىتى قات يەرىگ.

يەشمىسى: يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 2 -تولۇق رۇسچە نەشرىگە كىرىشمە يازغان ئالىم م. س. فومكىنمۇ ئەسەرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالايدۇ: «قەدىمىي دەۋر شائىرى بىشارىتىنىڭ ھەقلىقى ۋاقىت ئارقىلىق دەلىللىنىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالماي مۇمكىن ئەمەس. 11 -ئەسىرنىڭ ئۆزىدىلا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئارقىسىدا تۈركىي تىللىق مەدەنىيەتتە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ نورمال مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا <قانۇنىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقى بولۇش كېرەك>، دېگەن چۈشەنچە ئېنىق بېكىتىلگەن ئىدى.»(1990 ، 19) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغلىقىمۇ دەل مۇشۇنىڭدا، دەپ ئويلايمىز.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار :


Валитова А. А. К вопросу о фольклорных мотивах в поэме «Кутадгу билиг».-Советское востоковедение, 1958, №5.

Стеблева И. В. Развитие тюрских поэтических форм в 11 веке. М.: Наука, 1971.

Фомкин М. С. Сокровищница восточной мудрости (Вступ. статья) // Юсуф Баласагуни. Благодатное знание. Библиотека поэта. Большая серия. Л.: Советский писа-тель, 1990.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى// «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە بايان(3). قەشقەر، 1988.

Восточный Туркестан в древности и раннем средневековье. Очерки истории.М.: Наука, 1988.
Зотов О. В. Китай и Восточный Туркестан в 15-18 вв. М.,1991.

Rasonyi L., Tarihte Türklük, Ankara, 1993

لاك يىك. «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە شەرق -غەرب مەدەنىيىتى. ئۈرۈمچى، 1994.

Кононов А. А. Поэма Юсуфа Баласагунского «Благодатное знание»// Юсуф Баласагунский «Благодатное знание». М.: Наука, 1983.

يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى. «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە قانۇن. ئۈرۈمچى، 1993.

2019-يىللىق 3/4-سان
ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئىككى سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا[1]

مىرسۇلتان ئوسمانوف

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ترانسكرىپسىيەلىك تېكىست ئۈستىدە ئىشلەۋاتقىنىمدا، تۆت بېيىتتا ئىشلىتىلگەن « ايليک آلتونی» دېگەن سۆز بىرىكمىسىدىكى « آلتون » سۆزى، ئەسلىدە بىر ئېلېمېنتنى بىلدۈرىدىغان لېكسىكىلىق مەنىدە ئەمەس، بەلكى باشقا بىر خىل كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان ئوخشايدۇ دېگەن گۇمان تۇغۇلۇپ قالغان ئىدى. بۇنداق گۇماننى يېشىش ئۈچۈن مەسىلىنى تىلشۇناسلىق قائىدىلىرى بويىچە سېمانتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئۆلچەملەر بىلەن تەھلىل قىلىش لازىم كۆرۈلدى. يەنى بۇ بىرىكمە كۆرۈلگەن بېيىتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نەسرىي يەشمىسى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى كۆرۈپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

1991 - يىلى ئابدۇشۈكۈر تۇردى ۋە قادىر ئەكبەرلەر تەرىپىدىن قىلىنغان نەسرىي يەشمىدە « ايليک آلتونی» دېگەن بىرىكمىنىڭ ئېلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

3139 - بېيىت:

مینک امکاریم کا ایلک آلتونی

اغیر قیلماسون کونکلی توتسو کونی

نەسرىي يەشمىسى: مېنىڭ مۇشەققەتلىرىمنى ئېلىك ئالىيلىرى قەدىرلەپ كەتمىسۇن، كۆڭلىنى دۇرۇس تۇتسۇن[2].

3152 - بېيىت:

ایلیک آلتونی تینغا کونکلی بوتوب

سڤینجین تیریلکای اژونوغ توتوب

نەسرىي يەشمىسى: ئېلىك ئالىيلىرى ئىشىنىپ كۆڭلى تىنىدۇ، دۇنيانى باشقۇرۇپ، شادلىقتا ياشايدۇ[3].

3160 - بېيىت:

ساریلغامو(C: سیریلغایمو) ارکی ایلیک آلتونی

ایلانکایمو ارکی منکا اول کونی

نەسرىي يەشمىسى: ئېلىك ئالىيلىرى رەنجىپ قالارمىكىن، ئۇ توغرا ئادەم مېنى ئەيىبلەرمىكىن[4]؟

4957 - بېيىت:

ایلیک آلتونی اینچ اسان بولسونی

بیات بیرکا برجا تیلاک قولسونی

نەسرىي يەشمىسى: ئېلىك ئالىيلىرى ئامان-ئېسەن بولسۇن، خۇدا بارچە تىلەك-ئارزۇلىرىغا يەتكۈزىدۇ[5].

نەسرى يەشمىدە تۆت بېيىتنىڭ ھەممىسىدە «ایلیک آلتونی» بىرىكمىسى «ئېلىك ئالىيلىرى» دەپ ئېلىنغان.

يەشمىنىڭ ئومۇمەن توغرا ياكى توغرا بولمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتماي، يۇقىرىدىكى بېيىتلارغا مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، تۆت بېيىتنىڭ ھەممىسىدە « ایلیک آلتونی » دېگەن سۆز بىرىكمىسى، ئەسەردە بېرىلىۋاتقان ئۈچۈرنىڭ ئوبيېكتىدۇر. جۈملە نۇقتىسىدىن قارىغاندا «ایلیک آلتونی» بىرىكمىسى جۈملىنىڭ ئىگىسىدۇر.

جۈملىنىڭ خەۋرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

3139 - بېيىتتا:

اغیر قیلماسو کونکلی - قەدىرلەپ كەتمىسۇن (ئىچىنى ئاغرىتمىسۇن)

3152 - بېيىتتا:

تینغا - خاتىرجەم بولغاي

3160 - بېيىتتا:

ساریلغا مو ارکی - رەنجىپ قالارمىكىن

4457 - بېيىتتا:

---

1. رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى، بېرلىن دۆلەت كۇتۇپخانىسى تەتقىقاتچىسى ۋە كۆپېنھاگېن ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچىسى ئايسىما مىرسۇلتان. مەزكۇر ماقالە تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ گېرمانىيەدىكى پروفېسسور كلاۋس رۆھربورننىڭ 80 - ياشلىق ئارمانىغا بېغىشلىغان ئەڭ ئاخىرقى ماقالىسى بولۇپ، قىزى ئايسىما مىرسۇلتان تەرىپىدىن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 2019 - يىلى مەزكۇر ئارمانىنىڭ 247ـ252 بەتلىرىدە «Über zwei Phrasen im Kutadgu Bilig» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1000 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىگە بېغىشلانغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ بۇ سانىدا، ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىنى ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش توغرا كۆرۈلدى.
2. تۇردى، ئەكبەر؛ 453 ، 1991
3. تۇردى، ئەكبەر؛ 453 ، 1991
4. تۇردى، ئەكبەر؛ 456 ، 1991

اينچ اسان بولسونى - ئامان-ئېسەن بولسۇن

يۇقىرىدىكى نەسرىي يەشمە بويىچە «ايلیک آلتونی» دېگەن بىرىكمىدىكى ئىككى سۆزنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىگە قارايدىغان بولساق، ھۆرمەت يۈزىدىن بىر قىسىم شەخسلەر «پالانچى ھەزرەتلىرى»، «پالانچى جانابلىرى» دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن سۆپەتلىگىنىگە ئوخشاش، «ايلیک» سۆزى سۆپەتلەنگۈچى، «آلتونی» نىڭ ئورنىدا كەلگەن «ئالىيلىرى» سۆزىنىڭ سۆپەتلىگۈچى رولىدا كەلگىنى ئېنىق.

گىراماتىكىلىق باغلىنىش جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ ئىككى سۆز سۆپەتلەنگۈچى ۋە سۆپەتلىگۈچىلىك مۇناسىۋەتتە ئەمەس، بەلكى ئىگىلىگۈچى ۋە ئىگىلەنگۈچىلىك مۇناسىۋەتتە باغلانغاندۇر. يەنى، «ايلیک» سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۈچىنچى شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى «-ی» قوشۇلغان.

سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن ئالغاندا، «آلتونی» سۆزى ئىسىم تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، بۇ بىرىكمىدا ئالتۇندىن ئىبارەت ئېلېمېنتنى ئەمەس، بەلكى «ايلیک» نىڭ «ئاغىر قىلماق، تىنماق، سىيرىلماق، تىنچ-ئېسەن بولماق» قاتارلىق ئىنسانىنىڭ مېڭە پائالىيىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر فىزىيولوگىيەلىك ئەزاسىنىڭ ئورنىغا كۆچمە مەنىدە قوللىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. شۇڭا ئېيتىشقا مۇمكىنكى، بۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان فىزىيولوگىيەلىك ئەزا ئىنسان مېڭىسى ئورۇنلاشقان ئەزا-باش يەنى كاللىدۇر.

«آلتونی» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىنسانىنىڭ ئاساسىي يەنى غول ئەزاسى بولغان «باش»نى بىلدۈرىدىغانلىقىغا تۆۋەندىكى بىر مىسالنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يېشىش مۇمكىن. بۇ مىسال شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسىدە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئۆز ئارا كۆرۈشكەندە ئالدى بىلەن:

-ئۆزلىرى (ئۆزلىرىلەر)تازىمۇ-ئۆزلىرى ساقمۇ؟

-ئالتۇن باشلىرى ئاما(ن)مۇ؟

-كۈمۈش بويلىرى ئېسەنمۇ؟

دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تىنچلىق سورىشىدۇ. يۇزە قارىغاندا، «ايلیک آلتونی» دېگەن بىرىكمە بىلەن «ئالتۇن باشلىرى» دېگەن بىرىكمە ئوخشاش بىر ئۇقۇمنىڭ ئىككى خىل ئىپتىلىشى ئەمەستەك بىلىنىدۇ، لېكىن بىلدۈرۈۋاتقان مەنا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەر ئىككى بىرىكمىدە ئۇيغۇرلارنىڭ «باش»نى «ئالتۇن»غا ئوخشاتقانلىقى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز «ئالتۇن» سۆزىنىڭ ئىنسانىنىڭ رەئىس ئەزاسى بولغان «باش»نى سۆپەتلەپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى مىساللارنى ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

ئالتۇن باشلىق ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە،

پاخما باش ئاناڭ بىلەن قال[6] .

ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا، ئالتۇن تاۋاقتا سۇ ئىچەرسەن[7] .

تۆۋەندىكى ماقالدا «ئالتۇن» سۆزى بىۋاستە «باش» مەنىسىدە كەلگەن.

ماقال: ئالتۇندىن كۆز يېشى تۆكۈلەر[8] .

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىدە «باش»نى «ئالتۇن»غا، بەدەننى «كۈمۈش»كە ئوخشىتىش قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت. مۇنداق ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا رايونلىرىدا داۋام قىلمىغان بولسىمۇ، قۇمۇل رايونىدا ئەينەن داۋاملىشىپ كەلگەن.

ماقال-تەمسىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تۇراقلىشىشى ئۇزۇن دەۋرلىك تارىخقا ئىگە. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋرىدە تۇراقلىشىپ قالغان بۇ ئادەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسىرىدە يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

بۇ يەردە تىلغا ئالماقچى بولغان ئىككىنچى بىرىكمە 2360- بېيىتنىڭ 2-مىسراسىدىكى «بيل الشيب» دۇر.

يوق ارسا باريقلان بيل الشيب كوراش

نەسرىي يەشمىسى: بولمىسا ساۋۇت كىيىپ جەڭ قىلىش لازىم، دەپ بىل[9]

رەشت راھمەتى ئاراتنىڭ ترانسكرىپسىيەلىك مەتنىدە ۋە نەسرىي يەشمىسىدە، بۇ مىسرادىكى «بيل» سۆزى «بىلمەك» پېئىلىنىڭ 2-شەخس بىرلىك بۇيرۇق شەكلى دەپ تونۇلغان ۋە «بىل» دەپ ئېلىنغان.

ئەگەر مۇشۇ نەسرىي يەشمە بويىچە تەھلىل قىلساق، «بيل الشيب كوراش» دېگەن بىرىكمىدە «بىلمەك» مەنىسىدىكى 2 - شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايى «بىل» بىلەن «كۆرەش» دېگەن 2-شەخس بىرلىك بۇيرۇق رايى بىلەن كەلگەن بولىدۇ ۋە «كۆرەش» يەنى «كۆرەش قىل» سۆزى «بىل» دېگەن ئۆتۈملۈك پېئىل ئۆتكەن ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. بىر ئۆتۈملۈك پېئىل بۇيرۇق رايىنىڭ ئىككىنچى بىر بۇيرۇق رايىدا كەلگەن پېئىلنى ئوبيېكتىغا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «-نى» بولمىغان شارائىتتا (مەسىلەن : «ئال-»نى بىلىپ «بەر-»نى بىلمەيدۇ دېگەندەك) ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلىشى مۇمكىن بولمىغان گىراماتىكىلىق ھادىسىسىدۇر. بۇ مىسرادىكى «الشيب كوراش» يەنى «ئېلىشىپ كۆرەش»نى «بىل» ياكى «بىلگىن» دېگەن مەزمۇندا ئەمەستۇر.

5. تۇردى، ئەكبەر؛707، 1991
6. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى؛65، 1984
7. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى؛65، 1984
8. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى؛65، 1984
9. تۇردى، ئەكبەر؛245 ، 1991

ئەمدى «الشيب - ئىپلىشىپ» سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆز «ئالماق» دېگەن ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسىدىن ھاسىل بولغان رەۋىشداش بولۇپ، خۇددى 5684-بېيىتتىكى «الشيب ئالىك - قول ئىپلىشىپ»قا ئوخشاش مەلۇم بىر ئوبيېكتىپ ئۈستىدە «ئالماق» ھەرىكىتىنىڭ كۆپچىلىك تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئوبيېكت ھازىرغا قەدەر «بىل-» ترانسكرىپسىيە بېرىلىپ كەلگەن «بىل» ئەمەس بەلكى «بەل» دەپ ترانسكرىپسىيەسى بېرىلىشى توغرا ھېسابلىنىدىغان تۇرغۇن سۆز يەنى ئەزا «بەل» دۇر. بۇنداق بولغاندا، بۇ بىرىكمىنى «بەل ئىپلىشىپ» دەپ چۈشىنىش گىراماتىكىلىق جەھەتتىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىمۇ مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ. بۇ مىسرا قۇتادغۇبىلىكتە قۇچاقلاشما جەڭنىڭ ئىپادە قىلىنىشى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بەل تۇتۇشماق» مەنىسىدە قوللىنىلغان «بەل ئىپلىشماق» ۋە «قول تۇتۇشماق» مەنىسىدە قوللىنىلغان «قول ئىپلىشماق» دېگەن سۆزلەرگە ئۇيغۇندۇر.

ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىقلىرىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا، مەيلى ئايرىم سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى، مەنىسى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بىر قىسىم سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەزمۇنى جەھەتتىن بولسۇن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ دىيالېكت، شېۋىلىرىگە ياندىشىشنىڭ (ماسلىشىشنىڭ) مۇھىملىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا توغرا خۇلاسىلەرنى چىقىرىشىمىز مۇمكىن ئەمەستۇر.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


ARAT, REŞIT R. 1947: Kutadgu Bilig I, Metin. İstanbul.

- 1959: *Kutadgu Bilig II*, Tercüme. İstanbul.

- 1979: *Kutadgu Bilig III*, Indeks (neşre hazırlayanlar: Kemal Eraslan, Osman F. Sertkaya, Nuri Yüce). Istanbul.

CLAUSON, SIR GERARD 1972: *An Etymological Dictionary of pre-thirteenth-century Turkish.* Oxford.

DANKOFF, ROBERT 1983: *A Wisdom of Royal Glory: A Turko-Islamic Mirror for Princes.* Chicago/London.

مىرسۇلتان ئوسمانوف، 1997: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى. ئۈرۈمچى.

مىرسۇلتان ئوسمانوف، 2013: قۇتادغۇ بىلىك: تولۇقلانغان فەرغانە نۇسخىسى. ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى، ئۈرۈمچى، 1979.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى، ئۈرۈمچى، 1984.

ئابدۇشۈكۈر تۇردى، قادىر ئەكبەر 1991 : قۇتادغۇ بىلىك، بېيجىڭ.

ئابلىز ياقۇپ، غېنىزات غەيرۋانى قاتارلىقلار 1999-1990: ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى، I-VI، ئۈرۈمچى.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن ئادالەت كۆز ـ قارىشى توغرىسىدا

سۇلتان ماخمۇت قەشقەرى*
(تۈركىيە)

تۈرك تارىخىدا دەسلەپكى مۇسۇلمان تۈرك دۆلىتى سۈپىتى بىلەن تونۇلغان قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈرك كۈلتۈر- مەدەنىيىتى ناھايىتى مەشھۇر ئىككى شەخسنى يېتىشتۈردى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇلاردىن بىرى مەھمۇد كاشغەري، يەنە بىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. مەھمۇد كاشغەري تىلچى، ئېتنوگراف، تارىخچى، گرامماتىكچى، دىيالېكتولوگ، جۇغراپىيەچى، خەرىتەچى، فولكلورچى، شائىر، ئەرەبشۇناس بولغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، دىن، مېتېئورولوگىيە، دىنلار تارىخى، پەلسەپە، روھ بىلىمى، تەلىم-تەربىيە، ئوقۇتۇش، ئائىلە سىستېمىسى، ئەخلاق، ماقال-تەمسىل بىلىمى، قانۇن ۋە ئۆرپ-ئادەت بىلىمى، دۆلەت ۋە ساراي تەشكىلاتى، سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە، قوشۇن، ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، مىللەتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە بىلىم ۋە مەلۇمات ئىگىسى بولغان بۈيۈك ئۇيغۇر تۈرك ئالىمى، مۇتەپەككۇرى ۋە مەشھۇر شائىرى ئىدى.

تۈركىستان تۇپراقلىرىدا قۇرۇلغان قاراخانىيلار دۆلىتى دەۋرى تۈرك-ئىسلام كۈلتۈرىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئالتۇن چاغلىرىدىن بىرىدۇر. تۈرك ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ، تۈرك-ئىسلام پوئېزىيەسىنىڭ يېڭى خوش-خەۋىرىنى بەرگەن دەسلەپكى بۈيۈك ئەسەر، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن 1069 - يىلى يېزىلىشى تاماملانغان «قۇتادغۇ بىلىك»تۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1019 - يىلىدا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى پايتەختى بالاساغۇن شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا بۇ يىل يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 - يىلىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ يېزىلىشىنىڭ 950 - يىلىدۇر.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەدەنىي- مائارىپ كومىتېتى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قارار ماقۇللاپ 2019 - يىلىنى دۇنيا بويىچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ يىلى دەپ ئېلان قىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى بالاساغۇندا يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، 50 يېشىدا قەشقەرگە كەلگەن ۋە مەزكۇر ئەسىرىنى 1070-1069 - يىللىرى ئارىسىدا قەشقەردە تاماملىغان ۋە ئەسىرىنى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. بۇ بۈيۈك ئەسىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار خاقانى تەرىپىدىن باش مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنى دۆلەت خىزمىتىدە ئۆتكۈزۈپ، 1085 - يىلىدا 67 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ قەبرىسى قەشقەر شەھىرىدە مەۋجۇتتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئىسىملىك ئەسىرى تۈرك چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرسىتىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئەسەردۇر. ئەسەر بىر تەرەپتىن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك چۈشەنچىسىنىڭ خاراكتېرىنى، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەرنىڭ يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئىسلامىي دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى تۈرك ئەدەبىياتىدا ئۆرنەكى بولمىغان بىر ئەسەردۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە قاراخانىيلار ھونلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن تۈرك دۆلەت ۋە سىياسەت چۈشەنچىسىنى ۋە ئەنئەنىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن داۋام قىلدۇرۇپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مىللىي ئاساس بىلەن تۈركلەر تەرىپىدىن يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئىسلامىي مەدەنىيەتنىڭ ئۇنسۇرلىرىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆز دەۋرىنىڭ تۈرك-ئىسلام بىرىكمىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھۆكۈمدارلىق گۈزەل بىر نەرسە، ئەمما بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغىنى ئەنئەنەدۇر، شۇنداقلا بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئەنئەنىنىڭ تۈز(تەك، باراۋەر) ئىجرا قىلىنىشىدۇر.» شەكلىدە ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئادالەت چۈشەنچىسى تۈرك جاھان ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە ۋە دۆلەتكە نىسبەتەن بىر بىلىملىك ئىنسان مەسئۇلىيىتى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنى يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، زىددىيەتلەر ئىچىدە قالغان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى يېڭى بىر تەرتىپ ۋە مۇقىملىققا ئىگە قىلىش، ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ۋە جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەپ، جەمئىيەت ۋە دۆلەت پەلسەپەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كېلەچەك نەسىللەرگە ۋە كېلەچەكتە قۇرۇلىدىغان يېڭى تۈرك دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدار، ۋەزىرلەر ۋە رەھبەرلىك قىلغۇچىلارغا گۈزەل ۋە توغرا بىر ئەخلاق ۋە سىياسەت پىرىنسىپىنى، يەنى بىر ئاساسىي قانۇنىنى ھەدىيە قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان.

*پروفېسسور دوكتور، تراكيا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى (پېنسىيەگە چىققان).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurbook.com

مەشھۇر ئالىم، بۈيۈك شائىر ۋە پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىنى، ئەبۇ ناسىر فارابى ۋە ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىنى، قەدىمدىكى گرېك پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشى بىلەن ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەجدادىمىزدىن مىراس قالغان ئەخلاقىي تەۋسىيەلەرنى، دۆلەت قۇرۇلمىسى ۋە قانۇنلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەنگەن، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولغان بىر شەخسىيەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان تالانت ئىگىسىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرى ئىنسان ۋە دۆلەت ھاياتى مەلۇماتلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇنى ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلىگەن: «قامۇسنامە» (بىلىملەر بۇلىقى)، ئىككىنچى تەزلىك قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى، «تەۋسىيەنامە»، «سىياسەتنامە»، «دۆلەتنامە» ۋە «دۆلەتلىك بۇلۇش مەلۇماتى»، «دۆلەت قۇرۇش مەلۇماتى»دىن ئىبارەت ئابىدە بىر ئەسەردۇر.

پروفېسسور دوكتور رىشىت راخمەتى ئاراتنىڭ ئېيتقىنىدەك، «مەخمۇتنىڭ ئەسىرى تۈرك دۇنياسىنىڭ تاشقى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغان بولسا، «قۇتادغۇ بىلىك» تۈركلەرنىڭ مەنىۋى تەرىپىنى، سىياسىي ۋە ئىدارە كۆرۈنۈشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى كىتاب ئىسلام مەدەنىيىتى دائىرىسىدىكى تۈرك جەمئىيەتلەرنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتى بىلەن تۈرك دۆلىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قىياپىتىنى تونۇشىمىز ئۈچۈن كېرەكلىك پۈتۈن مەلۇماتلارنى بىزگە بىلدۈرۈپ ئۆتكەن.»

ئاتاقلىق تارىخچى پروفېسسور دوكتور ئىبراھىم قەپەسوغلىنىڭ كۆرسەتكىنىدەك: «<قۇتادغۇ بىلىك> ئادالەت ۋە قانۇنلارنى روشەنلەشتۈرۈش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قولىمىزدا مەۋجۇت بولغان ئەڭ قىممەتلىك قايناق ھېسابلىنىدۇ. ئەرەب دۇنياسىدا بۇ كىتاب <نىزامۇل مۈلك>(دۆلەت نىزامى) دەپ ھېسابلىنىپ كەلمەكتە.»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا «كۈنتۇغدى»نى، يەنى ھۆكۈمدارنى ئادىل قانۇن ۋە قانۇن تۈزۈشنىڭ سىمۋولى ھالىغا كەلتۈرۈپ يۈكسەك دەرىجىدە ئىدېئاللاشتۇرۇلغان ئىدى.

داستاننىڭ 18 - بابىدا كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرى بۇنىڭ ئۇچۇق بىر مىسالىدۇر.

809. كۆنىلىك ئۆزەلە كەسەرمەن ئىشىگ،
ئادىرمازمەن يا قۇلىغ كىشىگ.
يەشمىسى:
توغرۇلۇق ئاساسىدا كۆرمەن ئىشنى،
ئايرىمايمەن بەگمۇ يا قۇلمۇ كىشى.

817. كەرەك ئوغلۇم ئەرسە ياقىنى يا ياغۇق،
كەرەك باركىن ئەرسەكە چىگىلى قونۇق.
يەشمىسى:
كېرەك ئوغلۇم ياكى ياقىن بىر يولچى،
كېرەك يەرلىك ۋە ياكى ئۆتكۈچى.

818. تۆرەدە ئىككىگۈ ماڭا بىر سانى،
كەسەردە ئادىنى بولماغاي ئول مىنى.
يەشمىسى:
قانۇن ئالدىدا ماڭا ئوخشاش ھەممىسى،
قارارلىرىمدا پەرق بولماس ھېچبىرى.

بۇ مىساللاردىن ئوچۇق كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردىلا قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەر بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. بۇ ئارقىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۈرك تۆرەسىنىڭ ئادالەت چۈشەنچىسىنى، ئادالەت پىكرىنىڭ تۈرك دۆلەت ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم پەلسەپىلىك مەركىزى كۆز-قاراش ئىكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەشھۇر ئەسەردە دۆلەت ئۈچۈن، توغرىسى تۆرە ۋە قانۇننىڭ بەكمۇ مۇھىملىقىنى، توغرىسى تۆرە ۋە دۆلەت قانۇنىنى ھاياتتا ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ھەر قايسى قاتلامدىكى خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك ۋە جەسۇرلۇقتا ئوخشاش ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى، مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ پىداكارلىقى بىلەن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى، مىللەتنىڭ پاراۋانلىققا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە بىلىمسىز، ئەخلاقسىز، قابىلىيەتسىز، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىدىن باشقا ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغان زالىم، قورقۇنچاق ئىنسانلار دۆلەت ئىدارىسىنىڭ بېشىغا چىقىۋالسا، دۆلەت ئاجىزلىشىپ، پەرىشان ھالغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق رەۋىشتە كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنى تۆۋەندىكى بېيىتلاردىن كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن:

3463. بۇ كۆك تىرە گۈلى ئول كۆنىلىك تۇرۇ،
ئۆرۈ ئورتاسا كۆك تورۇماز ئۆرۈ.
يەشمىسى:
بۇ كۆكنىڭ تىرەگى توغرى قانۇندۇر،
كۆك يىرىدە تۇرماس قانۇن بۇزۇلسا.

103. ئاجۇن ئىنچگە تەگدى ئۆزۈلدى تۆرۈ،
تۆرۈ بىرلە ئاتىڭ قويۇردى ئۆرۈ.
يەشمىسى:
قانۇن تۈزىتىلدى تىنچلاندى جاھان،
قازاندى ئۇلۇغ نام قانۇندا خاقان.

819. بۇ بەگلىك ئۇلى كۆر كۆنىلىك تۇرۇر،
كۆنى بولسا بەگلەر تىرىكلىك بولۇر.
يەشمىسى:
بەگلىكنىڭ ئاساسى باق توغرىلىقتۇر،
توغرى بولسا بەگلەر ئىشى ئوڭۇشلۇقتۇر.

894. قالى ئەدگۈ بولسا بۇرۇن باشچىسى،
قامۇغ ئەدگۈ بولدى ئانىڭ ئىشچىسى.
يەشمىسى:
ئەگەر ياخشى بولسا مىللەتنىڭ بېشى
ھەممىسى ياخشى بولار ھەم ۋەتەندىشى.

895. ئاپاڭ ئەدگۈ بولسا بۇ بەگلەر ئۆزۈن،
بايۇر بودنى بارچا كۆر ئەتلۈر ئاجۇنى.
يەشمىسى:
بىلكى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئۆزى،
بېيىپ كېتەر مىللەت، يۈكسىلەر ئېلى.

2034. ئەل ئارتار تۆرۈ بىرلە ئەتلۈر ئاجۇن،
ئەل ئەكسۈر بۇ كۈچ بىرلە بۇزۇلۇر ئاجۇن.
يەشمىسى:
قانۇن بىلەن ئەل يۈكسىلۈر دۇنيا تۈزۈلۇر،
زۇلۇم بىلەن ئەل ۋەيراندۇر، دۇنيا بۇزۇلۇر.

2023. ئىكىنىڭ بىرلە ئەلچى بەگلىك بۇزار
كىدۇر ئەگرى يولغا كۆنىدىن ئازار.
يەشمىسى:
ئىككى شەي بىلەن بەگ بەگلىكنى بۇزار،
كىرەر ئەگرى يولغا توغرىدىن ئازار.

2024. بىرى كۈچ بىرى ئوساللىق قىلۇر
بۇ ئىككى بىلە بەگ ئەلىن ئارتاتۇر.
يەشمىسى:
بىرسى زوراۋانلىق، بىرسى غەپلەت،
بۇنىڭ بىلەن بەگ ۋەيران قىلار مەملىكەت.

2032. كۆيەر ئوت تۈزۈر كۈچ ياغۇسا كۈيەر،
تۆرۈ سۇۋۇتۇرۇر ئاقسا نىمەت ئۈنەر.
يەشمىسى:
زۇلۇم يانغان ئاتەش يېقىنلاشساڭ كۆيدۈرۈر،
ئادالەت ئاقار سۇ نىمەت ئۈندۈرۈر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا دۆلەت ھاياتىدا خەلقنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ھەق، ھوقۇق ۋە ئادالەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، ھوقۇقنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە ئادالەتنىڭ ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن ئوخشاش بىردەك ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى، تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسىدە بۇ نىزامنىڭ تارىختىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى، دۆلەتنى بىلىملىك، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق ۋە قابىلىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرلىكتە، دۆلەتنى ھەر خىل خەتەرلەردىن، ئىچ ۋە تاشقى دۈشمەنلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئەسكىري كۈچنىڭمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

286. قىلىچ ئۇرسا بىچسا ياغى بوينىنى،
تۆرۈ بىرلە تۈزسە ئىلى بۇدنىنى.
يەشمىسى:
قىلىچ بىلەن كېسەر دۈشمەن بوينىنى،
قانۇن بىلەن يۈرگۈزەر ئىدارىسىنى.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بۇ مىسرالىرىدىمۇ ئادالەتلىك قانۇن بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. پىروفېسسور دوكتور رەشىت راخمەتى ئارات، «قۇتادغۇ بىلىك»، تۈرك تىل قۇرۇمى، ئەنقەرە، 1979 .

2. پىروفېسسور دوكتور ئىبراھىم قاپەسوغلۇ ، «<قۇتادغۇ بىلىك> ۋە كۈلتۈر تارىخىمىزدىكى ئورنى»، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1980 .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى گۈل ـ چېچەكلەر بايانىدىن گۈل مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر*

سەلىمە ئا. كامال**
(ئاۋستىرالىيە)

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك، بىناكارلىق، يېمەك-ئىچمەك، ئەدەبىيات-سەنئەت... قاتارلىق نۇرغۇن مەدەنىيەت مىراسلىرى بار. ئۇنىڭغا تاج سۈپىتىدە قوشۇلغان يەنە بىر مەدەنىيەت مىراسىمىز باركى، ئۇ بولسىمۇ گۈل مەدەنىيىتىمىزدۇر.

بىر ئۇيغۇر ئايىدالاغا تۆت تام سوقۇپ ماكان تۇتسا،ئاۋۋال كىگىزدەك بىر پارچە يەر ئېچىپ گۈل-گىياھ تېرىيدۇ. ھەشقىپېچەك، كاۋا-قاپاققا باراڭ ياسايدۇ. ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ خاس ئىسىملىرى گۈل بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. بېشىدا چىمەن دوپپا-گۈللۈك ياغلىق،كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى، ھەتتا، ئىچ كىيىملىرىمۇ گۈل بىلەن نەقىشلىنىدۇ. يىگىتلەر قىزلارغا چېچەكلەر سۇنۇپ مۇھەببەت ئىزھار قىلسا، قىزلار قولياغلىق، تاماكا خالتىلىرىغا گۈل چېكىپ يىگىتكە قايتۇرۇپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرىدۇ. 70 ياشلىق موماي كۆكتاتلىقتىن قايتقىنىدا قىردىكى رەيھاندىن ئۈزۈپ قۇلىقىغا قىسىۋالسا، بوۋايلار دوپپىسىغا باسۇرۇپ، چېكىسىگە قىزىلگۈل غۇنچىسىنى قىسىدۇ.گۈلنى ئەتىۋارلاش ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى گەۋدىلىك.

ئۇيغۇرلار گۈلنى تىنچ-خاتىرجەملىك، خۇشاللىق، گۈزەللىك، مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى قىلىپلا قالماي، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدىمۇ ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئۆزلىرىگە تەسەللى ئىزدەيدۇ. مەسىلەن: مېيىتنى رەيھان كۆكى، ئەتىرگۈل بەرگىلىرى چىلانغان سۇدا يۇيۇش، تاۋۇت ئۈستىگە گۈل چېكىلگەن يوپۇق يېپىش، ياشلار-ئاياللارنىڭ تاۋۇت يوپۇقى ئۈستىگە بىر دەستە گۈل تاقاپ ئۈزىتىش...قاتارلىقلار. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار: «ئادەمنىڭ ياخشىسى چۆلنى بوستان قىلۇر،يامىنى بوستاننى چۆل قىلۇر» دېگەن ھېكمەتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئەسىرلەر بويان ئەمەل قىلغۇچىسىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ گۈلگە، گۈزەللىككە بولغان ھېرسلىقى نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا كۈچلۈك؟

بۇ ھېرسلىقنىڭ شەكىللىنىش، مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىستىكىم قوزغالغان، بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىيال ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پەلسەپە ۋە ئىدېئولوگىيەسىنى، مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «قۇتادغۇ بىلىك»تىن جاۋاب تاپتىم. چۈنكى، «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەينى زاماندىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش،ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە زۆرۈر بولغان دۆلەتچىلىك، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا ئالاقىدار دەستۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپلا قالماي، مۇھىم تېمىلار قاتارىدا باغۋەنچىلىككە جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېگىنغا، تۇرمۇشىغا، ئەدەبىياتىغا، مەدەنىيىتىگە كىرىپ بولغان گۈل-چېچەكلەرگىمۇ 81 مىسرالىق ئورۇن بېرىلگەن***.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ باش قىسمىدا باھار مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

67 .قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،

بېزىندە يېپۈن، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

69. دالا ـ تاغ، قىر، ئويمان تۆشەندى يىپىپ،

بېزەندى ۋادىلار يېشىل، ھال كىيىپ.

بۇ مىسرالاردا دەل- دەرەخلەرنىڭ يېشىل يوپۇرماقلار بىلەن ياسانغىنى، ۋادىلارنىڭ يېشىللىققا پۈركەنگىنى تەسۋىرلىنىپلا قالماي، ھال، سېرىق، كۆك، يېشىل چېچەكلەرنىڭ تەبىئەتنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

70. تۈمەن رەڭ چېچەك ئېچىلدى كۈلۈپ،

ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

بۇ مىسرالاردا «تۈمەن رەڭ» گۈل-چېچەكلەر تەڭ ئېچىلغاندا، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيا خۇشپۇراققا تولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئاجايىپ گۈزەل تەسۋىرلىگەن. ئاپتور گۈللەرنىڭ نامىنى ساناپ ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئاشۇنداق خۇشپۇراققا تولغان گۈزەل تەبىئەتنى سۆيىدىغانلىقىنى، ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلار دۆلىتى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە پاتقان شۇكۈنلەردە دۆلەتنى قۇتقۇزۇش،

---

* بۇ ماقالە 1998 ـ يىلى قەشقەردە ئېچىلغان مەملىكەتلىك «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي يىغىنىدا ئوقۇلغان.
** ژورنالىست،تەتقىقاتچى،كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ساھىبى.
*** «قۇتادغۇ بىلىك»تە گۈل ـ چېچەكلەرگە بېغىشلانغان 81 مىسرا، بۇ ماقالىنى يېزىش داۋامىدا ئاپتور تەرىپىدىن تۈنجى قېتىم ساناپ چىقىلغان بولۇپ، بۇ سانلىق مەلۇمات ئىلمىي يىغىن ھەيئىتى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

قۇدرەت تاپقۇزۇشقا جىددىي تەدبىر ئىزدەۋاتقان بىر مۇتەپەككۇرنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە گۈل-چېچەكلەردىن ھۇزۇرلىنىدىغان، گۈل مەدەنىيىتىدىن پەخىرلىنىدىغان گۈزەل قەلبلىك بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

78. چېچەكلىكتە ملك خىلدا بۇلبۇلنىڭ ئۈنى،
ئوقۇر سۈرى ئەبرىنى كۈنى ھەم تۈنى.

79. ئىلىك بىلەن جەرەن گۈل ئارا ئوينىشۇر،
ئارقار بىلەن تاغ ئۆچكىسى جۈپ-جۈپ سەكرىشۇر.

ئاپتور 67 - 69 - بېيىتلاردا باھار، گۈل-چېچەكلەر تەسۋىرىنى ئەتراپلىق يورۇتقان ئىدى. بۇ مىسرالاردا بولسا، ئىنسانلارغا سىمۋول قىلىنغان ئىلىك، جەرەن، ئارقار...لارنىڭ گۈزەل دۇنيادا تېخىمۇ ئەركىنلىككە، شاد-خۇراملىققا موھتاج ئىكەنلىكىنى، گۈزەل تىنچلىق بولغاندىلا، گۈزەل ھايات بولىدىغانلىقىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەركىن ھايۋانلارنى ۋاسىتە قىلىپ چۈشەندۈرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى گۈلگە تولغان تەبىئەت تەسۋىرلىرى ئارقىلىق گۈل مەدەنىيىتىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىغا، شېئىرىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ بولغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

80. قاشىن تۇردى ئاسمان،كۆزى ياش چاچار،
چېچەكلەر يۈز ئاچتى، كۈلۈپ قاتقارار.

118. يىغىپ تۇرسۇن يامغۇر، چېچەك كۈللسۇن،
قۇرۇغان دەرەختە بىخلار كۆكلسۇن.

شۇنىسى تېخىمۇ قىممەتلىككى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇيۈك ئەسىرىدە گۈل- چېچەكلەر تەسۋىرى پەقەت تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى بايان قىلىش، مەنزىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈنلا تەكىتلەنگەن بولماستىن، بەلكى، ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ ئىش- ھەرىكىتىنى ئىپادىلەشكىمۇ سىمۋول قىلىنغان. ئاپتور: پۇقرانىڭ دىلى- گويا بىر باغ؛ بەگنىڭ، خان-پادىشاھلارنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتى -گويا سۇ. خۇددى باغدىكى گۈل- چېچەكلەرنى سۇ بىلەن ياشارتقىلى بولغاندەك، پۇقرانىڭ دىلىنىمۇ ياخشى سىياسەت، ياخشى ئەمىر-پەرمان، ياخشى ئۆگۈت – نەسىھەتلەر بىلەن سۆيۈندۈرگىلى بولىدۇ، دەپ جەزملەشتۈرۈلگەن. ئالىمنىڭ بۇ يەكۈنى تۆۋەندىكى قۇرلاردا خىلى روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

1808. قايۇ باغقا كىرسە سۇگەر ئۆكسمەي،
تۇمەن خىل خۇشپۇراق گۈل چېچەكلىگەي.

1810. ئەگەر بەرمسە ياخشى يارلىق تىلى،
ياشارماي چېچەك،تىز قۇرۇيدۇ گۈلى.

شۇنى تەكىتلىمەي ئۆتەلمەيمىزكى، مەنىۋى مەدەنىيەت پەقەت تىنچ، توق-باياشاتلىقتا گۈللىنىدۇ. ئالىمنىڭ قەلىمىدىكى گۈل- چېچەك تەسۋىرلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە خېلى ئۇزاق مەزگىل تىنچلىق بولغانلىقىنى (332 يىل ھۆكۈم سۈرگەن)، خەلقنىڭ باياشات ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاشنى بىرقىسىم پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەقلىي تەپەككۇرلىرى ناھايىتى كۈچلۈك بۇ ئېنسىكلوپېدىيە نىمە ئۈچۈن گۈل تەسۋىرىگە شۇنچە كەڭرى ئورۇن بېرىلگەن؟

مەن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇرراق دەلىللەش ئۈچۈن يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن زامانداش ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركي تىللار دىۋانى» («دىۋانۇ لوغەتىت تۈرك») كە مۇراجىئەت قىلدىم.

ئۇنىڭدا: «جەننەت» دېگەن سۆزگە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن:

تۇرلۇك چېچەك يازىلدى(ئېچىلدى)
گويا كىمخاب سىلىنچا سىلىندى.
جەننەت يېرى كۆرۈلدى،
قىش كەلمەسكە كەتتى.

يەنى: تۈرلۈك گۈللەر ئېچىلدى، يەر يۈزىگە گويا يىپەك گىلەملەر سېلىنغاندەك بولدى. يەر گويا جەننەت بولدى، ھاۋا ئىللىپ، سوغۇق بارسا كەلمەسكە كەتتى.

بىز بىلىمىز، رىۋايەتلەردە جەننەت گۈلگە، ھۆر- پەرىلەرگە، نازۇ-نېمەتلەرگە تولغان راھەت ماكان دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئالىم مەھمۇد قەشقەريي «جەننەت»نى تەسۋىرلەشتە ھۆر-پەرىلەرگە، نازۇ-نېمەتكە، راھەتكە تولغان قىلىپ تەسۋىرلەشنى ئەمەس، گۈل-چېچەككە تولغان قىلىپ تەسۋىرلەشنى تاللىغان. ئۇ يەنە: «تىكسىن، تۈگسىن» دېگەن سۆزلەرگە «تۆت بۇرجەكلىك تۈگۈلىدىغان تۈگۈچ» دەپ تەبىر بەرگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىشتە يەنە گۈللەرگە مۇراجىئەت قىلغان.ئۇنىڭدا:

ھەممە چېچەك يىغىلدى،
يوملاقلىشىپ پۈكۈلدى.
خۇددى تۆت بۇرجەكلىك تۈگۈندەك،
بىر-بىرىگە يۆگەشتى.

يەنى: ھەرخىل گۈل-چېچەكلەر توپلاندى. غۇنچىلىرى تۆت بۇرجەكلىك بۇرجەكلىك تۈگۈنلەردەك بىر- بىرىگە چىرمىشىپ، ئېچىلمايلا دەپ قالدى.

بەش ھەرپلىك سۆزلەر قىسمىدا يەنە «چېچەكلىك» دېگەن سۆزگە: چېچەكلىك، گۈلزارلىق، گۈللۈك دەپ؛ «ئاتىلدى» دېگەن سۆزگە: ئېتىلدى، چېچەك ئاغزى ئېتىلدى، يېرىلدى، چېچەك ئېچىلدى،

www.uyghurkitap.com

گۈل ئېچىلدى، دەپ ئالاھىدە تەبىر بەرگەن.

گۈلدەستە تىزىش، ئۆز-ئارا سوۋغا قىلىش--«غېرىب-سەنەم» داستانىدىكى غېرىبنىڭ ئاشىقلىقتىن بىتاپ بولغان سەنەمگە ئاتاپ گۈلدەستە تىزغانلىقى، ئاغىچا ئانىنىڭ ياردىمىدە گۈلدەستىنى سەنەمگە سۇنغانلىقى، سەنەمنىڭ گۈلدەستىنىڭ تىزىلىش شەكلىنى كۆرۈپلا غېرىبنىڭ قولىدا تىزىلغان گۈلدەستىنى تونۇغانلىقى ... ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئادەت-مەدەنىيەت بولماستىن، بۈگۈنكى كۈندە دۇنياغا ئورتاق مەدەنىيەت بولۇپ قالدى. ئەمما بىز كەينىمىزگە 1000 يىل چېكىنىپ تۇرۇپمۇ تارىخىمىزدىن يۇقىرىقىدەك گۈلدەستە تىزىش مەدە- نىيەت ئىزنالىرىنى تاپالايمىز.

بىز يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى»مىزگە قارايلى: ئۇنىڭدا يەنە «ئاكىن»،«ئۆگۈن» دېگەن سۆزلەردۇر، «گۈل تۇپى ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭمۇ تۇپلىنىشى مۇشۇ سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ»،دەپ ئىزاھلانغان.

بۇيەردە دېيىلىۋاتقان «گۈل تۇپى» دالىدىكى گۈللەر ئەمەس-ئەلۋەتتە! ئادەملەرنىڭ قولىدا تۇپلانغان، رەتلەنگەن، تىزىلغان گۈلدەستىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تە تېخىمۇ ئېنىق. قامۇسنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى گۈل-چېچەكلىك باھار پەسلىگە ئوخشىتىدۇ:

6531. يورۇق يازدەك ئەردىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،

خازان بولدۇمكىن ھەممىنى قۇرۇتتۇم.

6623 . يىل ئىككى يۈز ئاتمىش ئىككى ئەردى تۆت يۈز ئىلە،

بۇ سۆز سۆزلىدىم مەن تۈتۈپ جان سۈرە.

6624. تولۇق ئون سەككىز ئايدا تۈگەتتىم بۇ سۆز،

يىغىپ سۆز تاللىدىم ھەم تىزدىم تېرە.

6625. ئېچىلغان چېچەكتەك ئىپار ھىد پۈرار،

تىزىپ سۇندۇم بۇنى تاماملاپ، پۈرا!

بۇ مىسرالاردىن بىزگە كۈندەك ئايان بولدىكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»نى يازغان دەۋرنى، سەرپ قىلغان ۋاقتىنى بايان قىلغان تۈگەنچە قۇرلاردىمۇ گۈل-چېچەكلەر نامىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان. ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نى گۈللەرنىڭ سەرخىللىرىنى بىر تال - بىر تالدىن تېرىپ تىزغان گۈلدەستىگە، ئۇنىڭ قىممىتىنى ئىپار پۇرىقىنى چېچىپ تۇرغان ئەشۇ گۈللەرگە ئوخشاتقان. بىز بۇ مىسرالاردىن ئۆزىمىز تەھلىل قىلىۋاتقان تېمىدا تېخىمۇ مۇكەممەل ئاساسقا ئېرىشەلەيمىز. «ئېچىلغان چېچەكتەك»، «تىزىپ سۇندۇم» دېگەندەك ئوخشىتىشلار ئەينى دەۋردە گۈل تىزىش مەدەنىيىتىنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ئەگەر گۈلدەستە تىزىش، گۈلدەستە سۇنۇش مەدەنىيىتى بولمىغان بولسا، بۇ مىسرالارمۇ بولمايتتى.

يۇقىرىدىكى باياندىن شۇنى جەزملەشتۈرەلەيمىزكى، گۈلگە بولغان ھېرىسمەنلىك قاراخانىيلار دەۋرىدە گۈل مەدەنىيىتى بىخلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، گۈل مەدەنىيىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى ئاسراش داۋامىدا ئىستىخىيەلىك ھالدا شەكىللەندۈرگەن تەبىئەتتىكى گۈل-گىياھ ھېرىسمەنلىكى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان.

ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن مىلادى 570 - 550 - يىللارغا ئائىت مىس چۆگۈنگە بېشىغا گۈل نۇسخا چۈشۈرۈلگەن دوپپا كىيىپ ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان ئۇيغۇر سەنئەتچىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. نىيە ناھىيەسىدىن تېپىلغان تېگى كۆك، ئاق گۈللۈك رەخت، شۇنداقلا ئاستانە قەدىمىي شەھرىدىن تېپىلغان ئۈستىگە ئاچ قىزىل، سۇس ھاۋارەڭ،سېرىق، كۆك، جىگەررەڭ، ئاقتىن ئىبارەت ئالتە خىل رەڭلىك مەشۇت يىپتا گۈل كەشتىلەنگەن كىمخاب ئاياغ* قاتارلىقلارمۇ كۆركەملىكى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپلا گۈل-چېچەك گۈزەل سەنئىتىنى مۇھىم ئېستېتىك لەززەت ئوبيېكتى قىلغانلىقى، يەرلىك تۈسكە، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە گۈزەل سەنئەتنى بەرپا قىلغانلىقىنىڭ، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى يارىتىش جەريانىدىكى ئەقىل- پاراسىتىنىڭ نامايەندىسى، شۇنداقلا يۇقىرىدا ئىسپاتلىغىنىمىزدەك، گۈلگە بولغان ھېرىسمەنلىكنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەتبىقلىنىپ، «گۈل مەدەنىيىتى» باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈشىگە سېلىنغان پۇختا ئۇلدۇر.

1985 -يىلى چەرچەن ناھىيەسى زاغۇنلۇق كەنتىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان جەسەتلەر ھەققىدىكى خۇلاسىگە قاراپ باقايلى:

«M2 نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان تۆت جەسەتتىن بىر ئايال، بىر ئەرنىڭ جەسىتى مۇكەممەل ساقلانغان. جەسەتلەر تەخمىنەن 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئەرنىڭ يۈزى يۇمىلاق، قاڭشارلىق، چاچ-ساقىلى قوڭۇر، ئىككى چېكىسى ۋە مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆزى، بۇرنىنىڭ ئۈستىنى بويلىتىپ سېرىق رەڭلىك مىنېرال بوياقتا گىرىم قىلىنغان. بولۇپمۇ، ئىككى چېكىسى بىلەن مەڭزىگە سىزىلغان يۆگىمەچ شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.». ئايالنىڭ پۇتىغا تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان رەڭدار پايپاق كىيدۈرۈلگەن. قاڭشارلىق، كۆزى چوڭ، قوڭۇر چاچلىق بولۇپ، پېشانە، چېكە، مەڭزىگە، كۆزى، بۇرنى، ئېڭەكلىرىگىچە سېرىق مىنېرال بوياقتا شەكىل چىقىرىپ گىرىم قىلىنغان.

M2, M3, M4 قەبرىلەردىن تېپىلغان ئۇرچۇق تونۇپچىنىڭ ئۈستى، ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ تۆت گورۇپپا يۆگىمەچ گۈل نۇسخىسى ناھايىتى نەپىس ئويۇلغان. بۇلاردىن باشقا، ھەرقايسى قەبرىلەردىن تېپىلغان 4000 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى يۇڭ توقۇلما كىيىملەر ئىچىدىكى ئەرەنچە تونلارنىڭ تۆۋەنكى پەش ۋە ئېتەكلىرىگىچە دولقۇنسىمان يۆگىمەچ گۈل شەكىللىرى توقۇپ چىقىرىلغان. بەزىسىگە كەشتىلەنگەن**. دېمەك، زاغۇنلۇقتىن شايىغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش زامانلاردىلا كىيىملىرىگە گۈل بېسىش، كەشتىلەش، ھەتتا، بەدىنىگە (يۈزىگە) گۈل چېكىشنى ئادەت قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ گۈلنى بېزەك، پەرداز بويۇمى سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ قالماستىن، گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغانلىقى، تېخىمۇ مۇھىمى، «گۈل مەدەنىيىتى» دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىنىڭ روشەن ئالامىتىدۇر.

بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئۆچۈرمەي كېلىۋاتقان رىۋايەت-ئەپسانە، چۆچەكلىرىدىكى: خان-پادىشاھلار قۇرغان چاھار باغلارنىڭ-رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، بۇلبۇللار گۈلگە قاراپ نەزمە قىلغان...دەپ تەسۋىرلىنىشى؛ «گۈل چىرايلىق بولسا، كېپىنەك قونىدۇ» دېگەندەك ماقال-تەمسىللىرىمىز، بۇددا مىڭ ئۆيلىرىدىكى گۈل نەقىشلىرى، بېرلىن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 10 -ئەسىردىكى تۇرپان (قوچۇ)خانلىقى شاھىنىڭ گۈل تۇتۇپ تۇرغان سۈرىتى...قاتارلىق نۇرغۇن ئاساس كۆرسىتىش مۇمكىن.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نادىر ئەسىرىدە گۈل-چېچەكلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھاياجان ئەمەس.بەلكى ئەشۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىز يېتىلدۈرگەن، ئىپادىلىگەن گۈل ھېرىسمەنلىكى «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كەلگەن دەۋرنىڭ ئالدى- كەينىدە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدىغان مۇھىم تەركىبىگە ئايلانغان. ئىستىخىيەلىك ھالدىكى گۈل-چېچەك ھېرىسمەنلىكىدىن ئاڭلىق ھالدىكى گۈل مەدەنىيىتى باسقۇچىغا كىرگەن ۋە خېلى يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئومۇملاشتۇرغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى گۈل-چېچەككە دائىر بايانلار، « تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى ئاھاڭداش تەبىرلەر، تارىخىي يادىكارلىقلىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈلگە بولغان ھېرىسمەنلىكى – ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى باشلانغان بولۇپلا قالماي،شۇ زامانلاردىن باشلاپلا، گۈل ھېرىسمەنلىكىدىن «گۈل مەدەنىيىتى» باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەن. مانا بۇ – مەدەنىيەت تارىخىمىزنى چۈشىنىش،ئېستېتىك ئېڭىمىزنىڭ تارىخى ئىزناسىنى كۆزىتىشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان تارىخى رېئاللىقتۇر.

«ئىلمىي ئابىدە- قۇتادغۇ بىلىك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 252 ـ243 بەتلەر).

* نىيە خارابىسىدىن قېزىلغان قەبرىلەردىن تېپىلغان. دەۋرى: 2 ـ 6 ئەسىرگىچە. (1998 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار مۇزېيىدىن خاتىرىلەنگەن.)
** خوتەن مەدەنىي يادىكارلىقلار مۇزېيى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇ بىلىك»تە مەسەل

دىلداراخان ئابدۇللايېۋا*

(ئۆزبېكىستان)

*دىلداراخان ئابدۇللايېۋا، 1975 - يىلى ئەنجان شەھرىدە تۇغۇلغان. 1997 - يىلىدا ئەنجان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆزرفار ئەلىشىر نەۋائىي تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. 2003 – يىلى «ئوسمان خوجا زارىي ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى» تېمىسىدىكى دىسسېرتاتسىيەسىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ فىلولوگىيە پەنلىرى نامزاتى، دوتسېنت.*

*ئۇنىڭ «ئۇسمانخوجا زارىي ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى» (2005)، «ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىۋى شېئىرىي تۈركۈملەر » (2012)، «مەسەل تۈركۈمىدىكى ئەسەرلەر تارىخى ۋە شېئىرىيەتى» (2014) ، «ئۆزبېك ئەدەبىياتى يىلنامىسى » (2018) «زۇلمەتتىكى نۇر» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: د.ئابدۇللايېۋا 2019 ) قاتارلىق رىسالە ۋە يۈزگە يېقىن ئىلمىي ۋە ئاممىباب ماقالىلىرى نەشر قىلىنغان. ھازىر «كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر تەركىبىدىكى مەسەللەر، مەنبەسى، تىپولوگىيەسى، فۇنكسىيەلىك تەتقىقاتى» ماۋزۇسىدىكى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ئۈستۈمدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارماقتا بولۇپ، ئەنجان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.*

تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ XI ئەسىرگە ئائىت نادىر نەمۇنەسى، تۇنجى بەدىئىي داستان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەر بارلىق تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئورتاق يادىكار ۋە مىراسىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مەزمۇن كۆلىمى كەڭ، زىكىر ئېتىلگەن مەسىلە ۋە تېمىلار كۆپ، ئوبرازلار خىلمۇ-خىللىغى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ . ئەسەر دىداكتىك مەزمۇنغا ئىگە، يەنى ئۇنىڭدا پەند-نەسىھەت، ئىبرەت، ئۆگۈت، تەلىم-تەربىيە بېرىش مەسىلىلىرى ھەققىدە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى تەربىيە ۋە نەسىھەتلىرىنىڭ يىلتىزلىرى ۋە ئاساسلىرى قەدىمدىكى دەۋرلەرگە، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۆگۈت ۋە پەند-نەسىھەتلەرنىڭ، ئىبرەتلىك ۋە ئوبرازلىق بولۇشىغان ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. داستاندا خەلق ئېغىز ئىجادى ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى ئوبرازلارنىڭ يازما ئەدەبىياتتا، داستانلاردا ئەكس ئېتىشى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ راۋاجلىنىشى سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

داستاندا ھېكمەتلىك سۆز- ئاتالغۇلارنىڭ، ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ قوللىنىلىشى، ئەسەرنىڭ بەدىئىي جازبەسىنى ئارتتۇرىدۇ. تۈرك ئەدەبىياتىدا، تەربىيە (ئۆگۈت)، ئىبرەت، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال ۋە تەمسىللار «مەسەل» ئاتالغۇسى ئاستىدا چۈشۈنۈلگەن بولۇپ كەڭ مەنىدە قوللىنىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ سۆز پەقەت تار مەنىدە، يەنى، ھايۋانلار توغرىسىدىكى قىسقا، مەجازىي ھېكايە دەپ چۈشىنىلىدىغان بولدى. بىراق، «مەسەل» نىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولغان ئەرەب ئەدەبىياتىدا، بۇ سۆز كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلىشى ۋە چۈشىنىلىشى ئىزاھلانغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، بىز نەزەردە تۇتقان كەڭ مەنىدىكى «مەسەل»لەر كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، «مەسەل» سۆزى «مىسال»، «نەمۇنە»، «قىياسلاش(پەرەز)» دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ . داستاندا ھەم ئەينەن بۇ مەنىلەردە ئىشلىتىلىشىنى ئۇچرىتىمىز.

160 . تىل ئارسلان مىسالى ياتار قاپەزدە،
بىخەۋەر بېشىنى ئۇ يەر نەپەستە .

داستانىنىڭ «تىلىڭنى ئاۋايلا-ئاماندۇر بېشىڭ»

---

* دوكتور، دوتسېنت، فىلولوگىيە پەنلىرى نامزاتى، *ئەنجان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى* ئەدەبىياتشۇناسلىق فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى.

ئېلخەت :

dildora. abd@mail. ru

بۆلىمىدە كەلتۈرۈلگەن بۇ مىسرالاردا تىلنىڭ، سۆزنىڭ كۈچى ۋە قۇدرىتى قەپەستە ياتقان ئارسلانغا ئوخشىتىلىدۇ.

ئەگەر ئارسلان ئۆز قەپىسىدىن قالايمىقان، رۇخسەتسىز چىقىپ كەتسە، بىشىغا كېلىدىغان پالاكەتلەر تەكتلەنمەكتەدۇر. ئوشبۇ ئوخشىتىش مەزمۇنىدا، كىتابخان ئارسلان بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىچىك لەۋھە، سەھنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى تەبىئىي. بۇنىڭدا ئارسلاننىڭ قەپەستە تۇرۇشى بىلەن تىلنىڭ چىش ئارقىسىدا... (چىش گويا قەپەسكە ئوخشايدۇ) جايلاشقىنى سىلىشتۇرۇلماقتا. ئەرەب ئەدەبىياتتىكى «مەسەل» ژانىرىنى ئىلمىي جەھەتتىن ئۆگەنگەن ئالىم ئا. قاخخاروۋ يۇقىرىدىكى مەسەل تۈرىنى «ئال-ئامسال ئال - قىياسسىيا» دەپ بەلگىلەيدۇ [3]

داستاندا «مەسەل» سۆزىنىڭ «مىسال» مەزمۇنىدا كەلتۈرۈلۈشى يەنە بىر يەردە ئۇچرايدۇ:

269 . كىشى كۆركى سۆزۈ بۇ سۆز بىپايان،
ئە تىل، ماقتا ئەزگۈ كىشىنى هار ئان.

270 . ماسال بار تۈركچەدە، بۇمغا قىياسلاب،
ئۇالارنى دىيىن مەن سۆزىمگە ماسلاب.

271 . ئۇقۇپ كۆركى سۆزۈ بۇ تىل كلۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزۈ بۇ يۈز كۆركى كۆز [2].

ئىنساننىڭ گۈزەللىكى، جامالى، ئەدىبى، ئۇنىڭ قانداق ۋە نېمىنى سۆزلىشىدەدۇر. ياخشى سۆزلىگەن كىشىنىڭ ئابرويلۇق بولۇشى شۈبھىسىز ۋە تۈركلەردە بۇنىڭغا مىساللار كۆپ دەپ چۈشەندۈرىدۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ. مىسال سۆپىتىدە ئاساسلىق قىلىپ تۈرك بەگلىرىدىن يەتۈك، ساراسى دەپ ئالىپ ئەر توڭانى كۆرسىتىدۇ.

داستاندا ئىنسان ھاياتى ھەققىدە، تىرىك ۋاقتىدا ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىبرەتلىك پىكىرلەر نۇرغۇن يەردە ئۇچرايدۇ.

234 . تىرىك ئاخىر ئۆلىدۇ قارا يەر قۇچىب،
نام ئەزگۈ ئەسا چى كەتارمى ئۇچىب؟!

235 . ئىككى خىل نوم قولار تىلدا بەگۇمون
بىرى ياخشىلىگۇ بىرىسى يومون.

236 . دانا ماقتو ئولار، نادان چى سوكىش،
ئۆزەك ئويلا، ساڭا ماقۇل قايسى ئىش؟ [2]

مەسەلشۇناس ئا.قاخخاروۋنىڭ گۇرۇپپىلىشىغا كۆرە، «قىسقا مەسەللەر» مەۋجۇتتۇر. «قۇرئانى كەرىم»دە بەزىدە ئۇلارمۇ «مەسەل» سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قۇرئانى كەرىم نازىل بولۇشتىن بۇرۇن بۇ بۇنداق مەسەللەر يوق ئىدى ۋە مەۋجۇت بولمىغان. مەسىلەن:

ھەر بىر كىشى ئۆلۈمنى تېتىپ كۆرىدۇ
بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپەڭنى يادىڭدىن چىقارما[3]

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى، ئىنسان ئۆمرىنىڭ پانىيلىغى، «تىرىك ئاخىر ئۆلىدۇ، قارا يەر قۇچىپ» تارزىدا ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. داستاندا ئىنساننىڭ نىسۋىسى ھەققىدىمۇ ئىبرەتلىك پىكىرلەر بېرىلىدۇ.

243. ياخشى نام ئالادى، كۆر ئەزگۇ كىشى،
يامانلار ناسىبى – ئەل-يۇرت قارغىشى [2].

داستان تۈركىي ئەدەبىياتىدىكى باشقا داستانلاردىن، ۋەقەلەرنىڭ سىيۇژىتى ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئەسەردە تۆت سىمۋوللۇق ئوبراز مەۋجۇت. كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۇلمىش، ئودغۇرمىش كەبى قەھرىمانلارنىڭ ئۆزئارا سۆھبەتلىرى داستان قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر بىر ئوبرازنىڭ سىمۋوللۇق مەنىدىكى كەسپلەرنى ئىپادىلىشى ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى تاماملىغان. ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدىغا بەرگەن جاۋابىنى مەزمۇن جەھەتتىن مەجازىي «مەسەل»لەر تۈرگە ئايرىش مۇمكىن .

ئايتولدى دۆلەتكە تەمسىلەن سۆزلەيدۇ ۋە ئەسەردە ئۆزى ھەققىدە قۇيىگاغىچا سۆزلەيدۇ:

«مەن ئۆزگىرىپ بىقلىنىپ تۇرىمەن. ئاخىر كونا نەرسە غۇۋا بولىدۇ. مېنىڭ يىگانە كەمچىلىكىم ئۆزگىرىشچانلىقىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر مېنى بۇۋاپا دەپ ئاتىشىدۇ». ئۇنىڭغا «سېنى تۇتۇشنىڭ يولى بارمۇ» دېگەن سوئال سورىغانلارغا مەجازىي تارزدا جاۋاب بېرىدۇ. «مەن قېيىققا ئوخشايمەن. خالىغان ئادەم مېنى تاپالمايدۇ، بارسىمۇ، تاپالىسىمۇ ئۇزاق مۇددەت «ئۇشلاپ» تۇرالمايدۇ. مېنى قولغا كىرگۈزگەن ئادەم قاتتىق ئۇشلاسىگىنا (تەرجىمە) ئۇنىڭدىن قاچالماسلىقىم مۇمكىن»

مەجازىي مەسەللەر ئادەتتە ھايۋانلار، نەرسىلەر، ھاشارەتلەر، ئۇچار قاناتلار ۋە تۈرلۈك تۇمەن جانسىز بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇنداق مەسەل تۈرلىرىدە بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەرىكەتلىرى، ئادەتلىرى، ھايات شەكلى، قىلغان ئىشلىرى مەجازىي جەھەتتىن ئىنسانلارغا قىياسلاپ شۇ ئارقىلىق خۇلاسە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»دە ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەكتۇشلىرى بىلەن دوستلىشىشى

www.uyghurkitap.com

ماۋزۇسىدىكى يەردە، مىسال ئۈچۈن تەبىئەتتىكى ھادىسىلەر، جۈملىدىن ھايۋانلار ۋە قۇشلاردى ئۆرنەكلەر كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ مەسەلدە ئوگدۈلمۈش شۇنداق دەيدۇ: «تەبىئەتكە قاراپ ئۆرنەك ئالسا ئەرزىيدۇ: ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسە، ئادەممۇ، يىلقىلارمۇ، قۇرت-قوڭغۇزلارمۇ قۇشلارمۇ ھەممىسى ئۆز خىلى بىلەن يۈرۈيدۇ. كۆپچىلىككە باش بولۇپ ياخشى يامانلارنى بەك كۆپ سىنىغان كىشى نىمە دەيدۇ- ئاڭلىغىن.

تورغايلارنى كۆردۈم، ۋىچىرلىشىپ ئۈچماقتا، ھەمراھىغا نەزەر سالسام، ئىككىلىسى بىر خىل: يەنى ھەر ئىككىسى قاپ-قارا:

4096 . ئاققۇش قوشۇلمايدۇ قاراقۇشقا باق،
قاراقۇش ئاققۇشدىن كۆپ يىراق .

ئۈچار قۇشلار ئۆز ھەمراھلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ھۆددىسىدىن چىققان يەردە، ئىنساننىڭ بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى شەرتتۇر[2].

ئىنسانىيەتنىڭ باشلانغۇچ دەۋرلىرىدە، كىشىلەر ئەلۋەتتە، تەبىئەتنى كۆزەتكەن، ۋەقە-ھادىسىلەرگە قاراپ ۋە تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەر چىقارغان ھەمدە ئۆز ھاياتلىرىغا تەتبىق قىلغان. دېمەك، تۇنجى ئوبرازلىق تەپەككۇر يىلتىزلىرىنىمۇ شۇ دەۋرلەردە پەيدا بولغان دېيىشكە ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. ئۆگۈت، ئىبرەتلىك پىكىرلەر بىۋاستە پەيدا بولمىغان، ئەكسىچە كىشىلەر دەسلەپ ۋەقەنى كۆزەتكەن، كېيىن ئۇنى باشقىلار ئۈچۈن ئىبرەت سۈپىتىدە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ۋەقەلىك ئاخىرىدا قىسقا خۇلاسە بەرگەن. شۇ مەسەللەرنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيىتى ۋە ئاساسىي قىسمى ۋەقەلىكتۇر. ۋەقەلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىنىڭ بېرىلىشى، ماقاللارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى پارچىدا كەلتۈرۈلگەن تورغاي ۋە ئاققۇش، قاراقۇشلارنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىنى تونۇشى، بۇ جەھەتتىن نەزەرگە ئېلىشنى ئىنسانغا ئۆرنەك سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. ئۆزبېك خەلق ماقاللىرى تەركىبىدىكى «تەڭ تېڭى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن» ياكى باشقا خەلقلەرنىڭ «جىنس با جىنس، كابۇتار با كابۇتار» ماقاللىرى داستاندىكى مىسالنى خاتىرلىتىدۇ . داستاندىكى مەجازىي ۋە سىمۋوللۇق ئوبرازلار تەتبىق قىلىنغان ئىلمىي ئىشلاردا، ئاققۇش ئوبرازىنىڭ سىمۋول ئەكەلگەنلىكىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن. جۈملىدىن، ئىنساننىڭ بەخت-تەلىيى، ئارزۇغا يېتىش، مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىش «ئاققۇش» تۇتۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى توختاپ ئۆتۈلگەن. ب. توخلىيېۋنىڭ ئىزاھلىشىچە، «بۇ ئوبراز تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قادىمىي ئۆرپ -ئادەتلىرى ھەمدە تەسەۋۋۇر- ئېتىقادلىرى ، ئىشەنچلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك». «ئاققۇش» ئوبرازى، تىلەك-مەقسەتلىرى روياپقا چىقىرىشتا ۋاستىلىق سىمۋول سۈپىتىدە ئەمەل قىلىدۇ[1].

مەسەللەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە ئەدەبىياتشۇناسلاردىن ن.خاتاموۋ ۋە ب. سارىمساقاۋلار مۇزىكالاردىكى گۇرۇپپىلارنى مىسال كەلتۈرگەن ئىدى: «كۆپۈنچىسى شېئىري شەكىلدىكى ۋە مەجازىي خاراكتېردىكى قىسقا ھېكايەر بولۇپ، ئۇنىڭ مەسەل- ئېپىگراما، مەسەل- دىيالوگ، مەسەل-خەلق مەسەللىرى، مەسەل-رومان، مەسەل - ھېكايە، مەسەل-ھەجۋى، مەسەل-پوۋېست، مەسەل-دراما قاتارلىق تۈرلىرى بار [5].

يارىتىلىش جەھەتتىن قەدىمىي ژانىرغا تەۋە بولغان مەسەلنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى ئەپسانىلەردە، ئاخىرقى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە پەيدا بولغان بولسا، يازما ئەدەبىياتمۇ شۇ مەنبەلەردىن پايدىلانغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. يىرىك ئەسەرلەر، جۈملىدىن، داستانلار تەركىبىدە مەسەللەرنىڭ ئورۇن ئېلىشى كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. مەسەلنىڭ ئۆزى دىداكتىك مەزمۇندىكى ژانىر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ھەم پەند - نەسىھەت، ئۆگۈت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان داستانلارغا سىڭدۈرگەن بولىدۇ.

ئەڭ مۇھىم تەرىپى بولسا، مەسەلدە ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىك ئىخچاملىشىپ ئۆگۈت قىسمىلا قالىدۇ، گويا كىرىستاللىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسەلنىڭ ئاخىرقى قىسمى كۆپۈنچە ماقال - تەمسىلدەك شەكىللىنىدۇ [4]. ھادىسىلىرىگە بىۋاستە ئىشلىتىلگەندە، ئاساس مەسىلىنىڭ ۋەقەلىك قىسمى چۈشۈپ قالغاندا، مەزمۇن بولسا ئۆگۈت ۋە نەسىھەت بولۇپ قوبۇل قىلىندى.

خۇلاسە قىلغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى يېزىلغاندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە، مائارىپى، ئىلمىي، تارىخىي، ۋە ئەدەبىي ئەھمىيىتىنى زەررىچە يوقاتقىنى يوق، بەلكى دىداكتىك ئەدەبىياتنىڭ يىرىك نەمۇنىسى سۈپۈتىدە ياشاپ كەلمەكتە.

داستاندا قەدىمكى خەلق بەدىئىي تەپەككۇردە پايدا بولغان مەسەللەرنىڭ ئورۇن ئېلىشى، سەۋەبسىز ئەمەس. ئۇلار داستان قەھرىمانىنىڭ پىكرىنى ئوبرازلىق، تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىشتى، بەدىئىيلىك ۋە ئېستېتىك رول ئوينايدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1.Mirzohidova L. XI-XII asrlar Turkiy adabiyotida majoziy tasvir badiiyati. Filologiya fanlari...disser atsiyasi avtoreferati. – Samarqand, 2018.

2.Yusuf Xos Hojib. Qutadg‘u Bilig. – T.: Yulduzcha, 1990.

3.Yusuf Xos Hojib. Qutadg‘u Bilig. – T.: Fan, 1971. (Nashrga tayyorlovchi: Q.Karimov)

4.Qahhorov A. Al-Johizning "Kitob al-hayavan asarida "masal". – T., 2007.

5.Quronov D., Mamajonov Z., Sheralieva M. Adabiyotshunoslik lug‘ati. – T., 2010.

6.Hotamov N., Sarimsoqov B. Adabiyotshunoslik terminlarining ruscha-o‘zbekcha izohli lug‘ati. – T., 1979.

www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ماقاللارنىڭ لىنگۋوكۇلتۇرولوگىيالىك* ئەكس ئېتىلىشى

مۇنەۋۋەر يۇنۇسوۋا سادىق قىزى**
(قازاقىستان)

ماقال ۋە تەمسىللەر خەلق مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھەر قاچان ئۆز رولىنى يوقاتمايدۇ. بۇ خەلق دانالىقىنى مۇراجىئەت قىلىدىغان فولكلورشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتلارغا XX ئەسىردە لىنگۋوكۇلتۇرولوگىيالىك ئىزدىنىشلەر قوشۇلدى. ۋىلگېلىم گۇمبولد تەكىتلىگەندەك خەلق روھى، روھىي ئۆزگىچىلىكىنىڭ مەنبەسى بولغان ماقال- تەمسىللەر خەلق پسىخولوگىيەسى بىلەن پەلسەپەسىنىڭ كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە ئۆزگىچە جەلپ قىلىدۇ. ئەگەر بىز ماقاللارنىڭ ئاياغلاشقان ئوي-پىكرىنى بىلدۈرۈپ، دىداكتىكىلىق مەزمۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىناۋەتكە ئالساق، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ دىداكتىكىلىق مەزمۇنى مانا شۇ خەلق دۇردانىلىرى بولغان ماقاللار ئارقىلىق ئەكس ئېتىلگەن.

ئاتاقلىق رۇس ئالىملىرىنىڭ بىرى ۋ.ئا. ماسلوۋانىڭ: «ماقال ۋە تەمسىللەر ئەنئەنىۋى فولكلور تەتقىقاتلىرىدا ژانىرلىق مېتىن مەنبەلىرى بولسا، لىنگۋومەدەنىيەتشۇناسلىقتا خەلق ياكى ئېتنولوگىيىلىك تارىخى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى ۋە باشقىلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىرىلا تەتقىق قىلىنىشى كېرەك»[1] - دېگەن پىكرىگە سۈيۈنگەن ھالدا تەتقىقاتىمىزنىڭ مەنبەسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدىكى خەلق دانالىقى ماقاللار بولدى. مەزكۇر دۇردانە ئەسەردە ئورۇن ئالغان ماقال-تەمسىللەردە خەلقنىڭ ئەل باشقۇرۇش، تەلىم-تەربىيە، ئەمگەك قىلىش پائالىيەتلىرى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىنى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باي تارىخىي تەجرىبىسى ئەكس ئېتىلگەن.

تەتقىقاتىمىز دائىرىسىدە تاللاپ ئېلىنغان ماقاللارنى ماۋزۇلار بويىچە توپلىغان ئىدۇق، «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئاساسەن «بىلىم ئېلىش»، «ياخشىلىق قىلىش»، «ئەل باشقۇرۇش»، «ئادەمگەرچىلىك بىلەن ئۆمۈر سۈرۈش»، «ئەمگەك قىلىش»، «ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئويلاپ تىل قېتىش»، «ھەققەتچى، پاك، ھالال بولۇش» ئۇقۇملىرىغا كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىنغانلىقىنى بايقىدۇق.مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلەرگە زىيان كەلتۈرىدىغان ئۈچ نەرسە ئىكەنلىكىنى، دانالار سۆزى بىلەن يەتكۈزگەن (1 - جەدۋەل).

ئەدىب ئەل باشقۇرۇش توغرىلىق بېشىدىن نۇرغۇن ئىش كەچۈرۈپ، يېشى ئۇلغايغان، تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ سۆزى ئارقىلىق: «مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئەسكەر ۋە قوشۇن كېرەك، قوشۇننى تۇتۇپ تۇرماق ئۈچۈن كۆپ مال-دۇنيا كېرەك. مال-دۇنيا ئېلىشقا خەلق باي بولۇشى كېرەك، خەلقنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈن توغرا قانۇن يولغا قويۇلسۇن. بۇلاردىن بىرىلا بولمىسا، قالغان تۆتىمۇ بولمايدۇ، بۇلارنىڭ تۆتىلىسى بولمىسا، بەگلىك بەربات بولىدۇ» [2]، - دەيدۇ (2 - جەدۋەل). مەسىلەن، ياخشىلىق قىلىش توغرىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ (3 - جەدۋەل)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئورۇن ئالغان ماقاللار ئەسەر يېزىلغان تىلدا سۆزلىگۈچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەسەرنىڭ نەسرىي يەشمىسىنى ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب يېزىقىدا تەييارلاپ، نەشردىن چىقارغان ئالىملار ئابدۇشۈكۈر تۇردى، قادىر ئەكبەر: «ھەر بىر بېيىتنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئەينى بويىچە يېشىپ بېرىشكە، سۆز مەنىلىرىنى مۇمكىنقەدەر چۈشۈرۈپ قويماسلىققا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلغان سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ساقلىنىۋاتقانلىرىنى ئۆز ئەينى ئېلىشقا دىققەت قىلىندى»[2]،- دەپ تەكىتلەيدۇ.

* تىل ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى.
** پېداگوگىكا پەنلىرىنىڭ دوكتورى، ئابلايخان نامىدىكى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر ۋە چەت تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى.

1 - جەدۋەل: كىشىلەرگە زىيان كەلتۈرىدىغان ئۈچ نەرسە

| هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا |
|---|---|
| جاھىللىقتىن جان چىقار،<br>باتۇرلۇقتىن نام چىقار.<br>جاھىلنىڭ جاراھىتى يوق،<br>بېخىلنىڭ ساخاۋىتى.<br>بېخىل يىغىپ ئۆلەر، ئاچكۆز يەپ | 1668 . بىرى – جاھىللىق، يامان مىجەز بولسا،<br>يەنە بىرى – يالغاندىن سۆز توقۇش؛<br>1669 . يەنە بىرى كىشىنى پەسلەشتۇرگۇچى بېخىللىقتۇر.<br>بۇ ئۈچىنىڭ ھەممىسى نادانلارغا خاس ئىشتۇر.<br>1672 . بېخىللىقتىن پەس يەنە نېمە بولسۇن،<br>بېخىل دۇنيا توپلايدۇ، يېمەيدۇ، كېيىن دۇنياسى قالىدۇ. |
| يالغان گەپ بىلەن تاج كىيگىچە،<br>راست گەپ بىلەن جان بەرگەن ياخشى.<br>يالغان ئېيتقان كىشىنىڭ، بەرىكىتى يوق ئىشىنىڭ. | 1671 . كىمكى يالغانچىلىق بىلەن نام چىقارسا،<br>بىلگىنكى، خەلقى ئىچىدە ئۇنىڭ ئابرۇيى كېتىدۇ. |

2 - جەدۋەل: مەملىكەتنى باشقۇرۇش

| هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا |
|---|---|
| ھايا بار يەردە ئىمان بار.<br>ھايالىق ئادەم – باھالىق ئادەم.<br>ھايالىق كىشى ھۆرمەتلىك، ھاياسىزنىڭ ئاقماستۇر ئىشى. | 2005 .بەگ ھايالىق، ئېسىل كىشى بولۇشى كېرەك، ھايالىق كىشىنىڭ ئىشلىرى بۇزۇلمايدۇ، مۇكەممەل بولىدۇ.<br>2006 . كىمدە ھايا بولسا، ھەرىكىتى يېقىملىق بولىدۇ،<br>ھەر خىل نامۇۋاپىق ئىشلارغا قول تەگكۈزمەيدۇ |
| ئارسلاننىڭ بالىسى ئارسلان بولۇر.<br>ئارسلاندەك كۈچلۈك بولسۇن، تايغاندەك ھوشۇق بولسۇن. | 2047 . قارا، ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا،<br>بارچە ئىتلار ئارسلاندەك بولىدۇ،<br>2048 . ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشچىلىق قىلسا،<br>بارچە ئىشلار ئىت سىياقىغا كىرىدۇ. |
| مال دۇنيا ساقلىغىچە ئار نومۇس ساقلا | 2055 . قىلىچ، پالتا، ئوق-يا، كۈچ-جاسارەت ۋە يۈرەك بولىدىكەن،<br>يىگىت كىشى مال ئۈچۈن ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەك. |
| ئالدىرىغاننىڭ بۇتى قانار.<br>بېخىلنىڭ يۈزى يوق، تامىقىنىڭ تۈزى.<br>قەھرلىك كۆزدىن، زەھەرلىك سۆزدىن ساقلان.<br>سەۋر -تاقەت مەردنىڭ ئىشى-ئەقلىنىڭ بېشى.<br>جاھىل كەلسە، ئەقىل قاچار.<br>جاھىللىقتىن جان چىقار، باتۇرلۇقتىن نام چىقار.<br>يالغان سۆز سەپكە تۇرسا، راست سۆز سەپتىن چىقار. | 2060 . ئۇندىن باشقا، بەگ بۇ بەش نەرسىدىن يىراق بولسۇن،<br>نەتىجىدە بەگ نامى ياخشى بولۇپ، شۆھرىتىمۇ يېيىلىدۇ.<br>2061. بىرى – ئالدىراڭغۇلۇق، يەنە بىرى بېخىللىق،<br>ئۈچىنچىسى – قەھرلىنىش؛ سەۋرلىك بول، ئۆزۈڭنى تۇت.<br>2062. تۆتىنچىسى – جاھىللىق بەگ ئۈچۈن يامان ئادەتتۇر،<br>بەشىنچىسى – ئەلۋەتتە، يالغانچىلىق ياراشمايدۇ. |

ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ تىلىدا ئېيتىلغان ماقال-تەمسىللەر ( قەدىمىي يۇقىرى مەدەنىيەتلىك خەلقىمىزنىڭ ئادەمگەرچىلىك قەدىر-قىممەتلىرى، دانالىقى ۋە پەم-پاراسىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئادەتتە ماقال-تەمسىللەر ئادەمزات خۇلقىنى، دۇنيا تونۇشىنى ئالاھىدە پىكرىلەر، ئادەمگەرچىلىك كۆز-قاراشلار ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلەر ئەسىرلەر داۋامىدا دۇنيادا ياكى بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە مۇۋاپىقلىشىپ كېلىشى مۇمكىن. بىز تەھلىل قىلىۋاتقان مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن-ئۇقۇملار ئۆزگەرمەيدىغان كېلىۋاتقانلاردۇر. پەقەت ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق ئەكس ئېتىلگەن قەدرىيەتلەر ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

تىل ۋە سۆز توغرىلىق ماقاللارنىڭ ئەسەردە ئورۇن ئېلىشى (4 - جەدۋەل):

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

3 - جەدۋەل: ياخشىلىق ھەققىدە

| ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا |
|---|---|
| قان بىلەن كىرگەن، جان بىلەن چىقىدۇ | 881 . ياخشى ئادەت ئاق سۈت بىلەن كىرگەن بولسا، بۇنداق كىشى ئۆلگەنگە قەدەر ئۆز ئادىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. |
| ياخشىلىقنىڭ تۆۋى مىڭ، يامانلىقنىڭ تۆۋى بىر | 1639 . ئەي ياخشى كىشى، ياخشىلىق قىلىپ تۇر، ياخشىلىق قېرىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك.<br>1640 . ياخشىلىق قېرىمايدۇ ھەم ئۇپرىمايدۇ، يېشى بەكمۇ ئۇزۇن، نامى بۇزۇلماستۇر. |
| بىر ياخشىلىققا، ئون ياخشىلىق قىل. | 2980. كىشى ياخشىلىق ئۈچۈن سۆيۈملۈك جېنىنى بېرىدۇ، بىر ياخشىلىققا جاۋابەن ئون ياخشىلىق قىلىدۇ. |
| ياخشىدىن نام قالىدۇ | 5607 . ئۆزۈم ئۆلسەممۇ ئۆلەي، نامىم ياخشى بولسۇن، تىرىكلەر ئاخىر ئۆلىدۇ، نامىم قالسۇن. |

4 - جەدۋەل: تىل ۋە سۆز ھەققىدە

| ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا |
|---|---|
| تىغ يارىسى ساقىيار، تىل يارىسى ساقايماس | 2580 . ئۇرۇلغان قامچىنىڭ يارىسى ساقىيىدۇ، تېزلا پۈتۈپ كېتىدۇ، تىلى بىلەن سۆكسە، ئاغرىقى يىللار بويى قالىدۇ. |
| تىلى ئىشتىك باشقا يېتەر، ئايىغى ئىشتىك ئىشقا | 2692 . قىزىل تىل قارا باشنىڭ يامان دۈشمىنى، بۇ يامان دۈشمەننى باغلا، ھوزۇر ئىچىدە ياشا. |
| ئون ئويلاپ، بىر سۆزلە | 4334 . ھەممە سۆزنى سۆز دەپ تىلىڭدىن چىقارما، كېرەكلىكىنى بىلىپ، ئويلىنىپ، ئېھتىيات بىلەن سۆزلە. |

5 - جەدۋەل: بىلىم ئېلىش ۋە بىلىملىك بولۇش ھەققىدە

| ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا |
|---|---|
| بىلىملىككە سائادەت كۆپ، بىلىمسىزگە پالاكەت. | 3013. بىلىم-پەزىلەت ئۆگەن ، ئۇنى قەدىرلە، ئۇ پەزىلەت ئاخىر سېنىمۇ قەدىرلىك قىلىدۇ. |
| بىلگىنىڭ كەلسە بولمىغىن ھورۇن ، بىلىملىككە دائىم بار ئورۇن. | 3014 . بىلىم بىل، ئەقىل ئۆگەن ، بىكار يۈرمىگىن ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ساڭا ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ. |
| بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەنگە ئالىم، سورىمىغان ئۆزىگە زالىم. | 6607. قانچىلىك بىلسەڭمۇ يەنە ئۆگەن ، ئىزدەن، قارا، بىلىملىك سورا-سورا تىلىكىگە يېتىدۇ. |
| بىلىم ئالماق – يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازماق. | 6609. بىلىم تۆۋى ۋە چېكى يوق بىر دېڭىزدۇر، سۈندۈك شوراپ ئۇنىڭدىن قانچىلىك سۇ ئالالايدۇ؟ |

نادىر ئەسەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم ئېلىش، بىلىملىك بولۇش ئىدىيەلىرىنى كۆپرەك ئالغا سۈرىدۇ (5 - جەدۋەل).

ماقالىلار بىر تىلدا ئالاقە قىلىدىغان مىللەتنىڭ قورشىغان مۇھىتنى تونۇپ بىلىشىنى، ئەسىرلەر بويى قېلىپلاشقان مىجەزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىزدىنىشكە ياخشى مەنبە بولالايدۇ. بۇ تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇلارغا خاس تۆۋەندىكى تەرىپلىمىدە يارقىن كۆرۈنىدۇ:

1. ماقالىلار – خەلق دانالىقى مۇجەسسەملەنگەن، ئەسىرلەر داۋامىدا بايقالغان، ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ تەجرىبىسى ئەكس ئېتىلگەن كوللېكتىۋىزملىق مېتىنلەردۇر.

2. بۇ مېتىنلەردە «ياخشىلىق-يامانلىق، ئاددىيلىق-قۇۋلۇق، ئادىللىق-پاسىقلىق ۋە باشقىمۇ ئادەمگەرچىلىك خاسىيەتلەرنىڭ توغرا ۋە توغرا ئەمەسلىكى ئەكس ئېتىلگەن خەلق دانالىقى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن توپلىنىپ، پايدىلىنىلغان.

3. ماقالىلار خەلقنىڭ كۆز-قارىشىنى – دۇنيا كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

4. دۇنياغا بولغان كۆز-قاراشلار ئەسەردىكى ئوبرازلار ئارقىلىق يارقىن كۆرسىتىلگەن.

5. ماقالىلار رېئال ھاياتنى ئوبرازلار ئارقىلىق تەرىپلىگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئورۇن ئالغان ماقاللارنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدا قىسقارغان تۈرىنىڭ كۆپرەك ساقلانغانلىقى يارقىن كۆرۈنىدۇ[4].

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەردە ئورۇن ئالغان ماقال-تەمسىللەر بۈنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى مەدەنىيىتىمىزنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا تونۇشى ۋە مۇرات-مەقسەتلىرىنى يارقىن كۆرسىتەلەيدۇ. رۇس ئالىمەسى ئى.ۋ. ستېبلېۋا «قەدىمي تۈركىي تىللار ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسىرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاھانە داستانىنى تەھلىل قىلىپ: «ئەسەردە ئورۇن ئالغان مىجەز خۇلق توغرىلىق نەقىل سۆزلەر، ماقاللار، فرازېئولوگىيە مۇتەللىپىنىڭ تۈرك فولكلورىدىن ياخشى خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ»،- دەپ تەكىتلەيدۇ[5].

ئەسەردە ئورۇن ئالغان خەلق دانالىقىنىڭ نەمۇنىلىرىنى كەلتۈرگەندە ئەدىب «بىلىمسىزگە بىلگىنى ۋە قىلىقى دۈشمەندۇر» - دەپ ئۆزگە تىللاردىن كىرگەن نەقىلگە تەخلىتەن تۈركچە تەمسىلنىڭ ئېسىگە كەلگەنلىكىنى كەلتۈرۈپ «ئىدراكلىق كىشى ئۈچۈن ئىدراكنىڭ ئۆزى چىن دوستتۇر، بىلىمسىز كىشىگە نامىلا يېتەرلىك ھاقارەتتۇر». بۇنى سەن ئوقۇغىن، ئەس-يادىڭدا تۇت،- دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بىز بۇ شاھانە ئەسەرنى ئوقۇپلا قويماي، بەلكى ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ماقاللار ئەمەس، بەلكى ھەر بىر سۆز قۇلىقىمىزغا «ئالتۇن سىرغا» بولغۇسى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر تامچىسى بولۇش ئارقىلىق بارنى يوق قىلماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ۋە بىزنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىمىزنىڭ روياپقا چىقىشىغا مانا شۇ دۇردانە ماقال-تەمسىللىرىمىز يول-يورۇق بېرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئورۇن ئالغان ماقال-تەمسىللەر خەلقىمىزنىڭ قەدىمي مەدەنىيىتىدىن دېرەك بېرىپلا قويماي، «ئۆتكەنگە نەتىجە بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە – ھەرىكەت بولسا»، كېلەچىكىمىز پارلاق بولار ئىدى .

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1.Гумбольдт В. фон. Язык и философия культуры. М.: Прогресс, 1985

2. Маслова В.А. Лингвокультурологиيا. М.: Академиيا, 2001. 208 с.

3.يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەسرىي يەشمىسى)، «مىر» نەشرىيات ئۆيى، ئالمۇتا شەھىرى، 2019، 559 - ب.

4.ئابلىز غاپۇرى توپلىغان «سۆز كۆركى ماقال»، ئالمۇتا، 2011 ، 805 - ب.

5.Стеблева И.В. Древняя тюркоязычная литература. Древняя тюркоязычная литература // История всемирной литературы: В 8 томах / АН СССР; Ин-т мировой лит. им. А. М. Горького. — М.: Наука, 1983—1994. — На титл. л. изд.: История всемирной литературы: в 9 т. Т. 2. — 1984. — С. 196—204.

www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇ بىلىك»دىن ئۇيغۇر دىئالېكت ۋە شىۋىلىرىگە

زەمىرە گۈلجالى*
(تۈركىيە)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** *مىللىي تىل-يېزىق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە بىرلىكىنى قوغدايدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. ئاللىقاچان ئۇرۇق-قەبىلە تۈزۈمىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مىللەت تۈسىدىكى بىر ئورتاق گەۋدىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇرلار گەرچە 10-13-ئەسىرلەردە بىرلا ۋاقىتتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خاندانلىقىدىن ئىبارەت ھاكىمىيەتلەر ئارقىلىق ئايرىم ئايرىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە پەرقلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ ئەنە شۇ مىللىي تىل-يېزىق بۇ مىللەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ساقلاپ قالغان.*

*تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ يېپيېڭى تارىخىي گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان مەزگىلىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەسەرلەرنىڭ بىرىنچىسى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك»، تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىنىڭ ۋە شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىردە شەرقتە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ تىپىك، ئەڭ روشەن نامايەندىسىدۇر. ئۇلۇغ ئەجدادىمىز، ئالىم شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېزىپ قالدۇرغان بۇ تەۋەررۈك مىراس پۈتمەس-تۈگىمەس بىر خەزىنە كەبى ئەسىرلەردىن بېرى جەلپكارلىقىنى يوقاتماي كەلدى، مانا ھېلىھەم دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تەتقىق قىلىنىشقا داۋام قىلماقتا، بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭلا ئەمەس پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق مىراسى سۈپىتىدە ئەتىۋارلانماقتا.*

*«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھېلىھەم ئىشلىتىلمەكتە، ئۇيغۇر تىلى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى سۆزلەرنى ئەڭ كۆپ ساقلىغان تۈركىي تىللارنىڭ بىرىدۇر، ھەتتا بىرىنچى ئورۇندا دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇ ئورتاق سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەدەبىي تىلدا ساقلانغان؛ يەنە بەزىلىرى بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە ساقلانغان. مەن بۇ ماقالەمدە دەل شۇ دىئالېكت ۋە شېۋىلەردە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر ھەققىدە توختىلىمەن. بۇ سۆزلەرنىڭ تولىسى تا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، بار سۆزلەردۇر.*

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر :** قۇتادغۇ بىلىك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى.

## كىرىش سۆز

تۈرك تىلىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى يازما يادىكارلىقلىرى (ھازىرغىچە بايقالغانلىرى) 7 -ئەسىردە تىكلەنگەن مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدۇر. بۇ مەڭگۈ تاشلار تېپىلىشتىن ئىلگىرى «قۇتادغۇ بىلىك: قۇت كەلتۈرگۈچى بىلىم» تۈرك تىلىنىڭ تۇنجى يازما يادىكارلىقى دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. 745-يىلى ئۆتۈكەننى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان ئۇيغۇر قاغانلىقى 840 -يىلى يىقىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھازىرقى موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىن ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەرگە قاراپ كۆچۈپ، بارغان يەرلىرىدە يەنە كىچىك-چوڭ ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى قۇرغان. گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە شۇنداقلا قاراخانىيلار خاندانلىقى بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرىدۇر.

قاراخانىيلار دۆلىتى (840-1212)، ئىلگىرى بۇغراخانلار، ئېلىگ (ئىلەك) خانلار دېگەندەك تۈركىستان ياكى ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ناملىرى بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، تۇنجى قېتىم 1874 -يىلى رۇس شەرقشۇناسى ۋاسىلىي ۋاسىلېۋىچ گرىگورەۋ (Vasiliy Vasileviç Grigorev) نىڭ بىر ماقالىسىدا «قاراخانىيلار دۆلىتى» دەپ تىلغا ئېلىنغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىسىم ئومۇملىشىپ قالغان. ئۇنىڭ بۇ ئاتالغۇنى قوللىنىشىغا بۇ خاندانلىقنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئىسىملىرىدە «ئۇلۇغ، ئۇلۇغلۇق» مەنىسىدىكى «قارا» سۆزىنىڭ بار ئىكەنلىكى سەۋەب بولغان. بۇ ئىسىمدىن باشقا «خاقانىيە دۆلىتى» ئاتالغۇسىمۇ كەڭ ئىشلىتىلمەكتە. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە چىققان ئوغۇللىرىدىن بايتاش ئارسلانخاننىڭ (سۇلايمان) پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتىنى

*دوكتور، بىلەجىك شەيخ ئەدەبالى ئۇنىۋېرسىتېتى، پەن - ئەدەبىيات پاكولتېتى،تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمى، قەدىمكى تۈرك تىلى تارمىقى ئوقۇتقۇچىسى.
ئېلخەت : zemire. gulcali@bilecik. edu. tr
ORCID: 0000 - 0001 - 8655 - 9726.

ئىسلام دائىرىسىگە كىرگۈزۈشى بىلەن تۈرك دۇنياسى يېپيېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. بىر تەرەپتە بەشبالىق (جىمىسار)، تۇرپان ۋە ئەتراپىدا بۇددىزم ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار زور مىقداردا يازما ئەسەر بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا يەنە بىر تەرەپتە قەشقەرنى ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئىسلامىيەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن باشلانغان تۈرك-ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن.

بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ تىپىك ئەسەرلىرىدىن بىرى، تۈرك-ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى نەمۇنىسى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك»، 11 -ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر، پەيلاسوپ ۋە دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن 1069-1070 -يىللىرى ئارىسىدا يېزىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ (شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ) خاقانى تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇئەلى ھەسەن بىن ئارسلان خانغا سۇنۇلغان بولۇپ، يۈسۈپمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تابغاچ بۇغرا قاراخان تەرىپىدىن «ۋەزىرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى» بولغان خاس ھاجىپلىققا تەيىنلەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىب بۇنى شۇ بېيىتىدە مۇنداق ئىپادىلىگەن:

2484 -بېيىت: تبوغلاردا ارتوق بو يينجكا تبوغ
حاجب ليق ترور بقسا يترو قموغ

(مىرسۇلتان ئوسمانوف، 2013 -يىل:278 -بەت)

تاپۇغلاردا ئارتۇق بۇ يىنچگە تاپۇغ، ھاجىبلىق تۇرۇر باقا يېترۈ قامۇغ «دىققەت قىلساڭ، خىزمەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئىنچىكە خىزمەت ھاجىپلىق خىزمىتىدۇر» (قۇتادغۇ بىلىك نەشرىي يەشمىسى، 2006 -يىل: 312 -بەت).

ھاجىپ، ئەسلىدە ئەرەبچە سۆز بولۇپ «ئارىچى» يەنى «خاننىڭ ئەڭ خاس، يېقىن مەسلىھەتچىسى » مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي دىۋانىدا بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى تۈركچىسىنىڭ تاياڭۇ «تايانچ، سەلتەنەت تايانچى، دۆلەت تۈۋرۈكى» ئىكەنلىكىنى، تۈركلەر ھاجىپ سۆزىنى ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن، تاياڭۇ سۆزىنىڭ ئىستېمالدىن قالغانلىقىنى قەيت قىلغان (كاچالىن-ئۆلمەز، 2019 -يىل، 452 -بەت).

يۈسۈپ بىلەن بىر دەۋردە ۋە ئوخشاش مۇھىتتا يېتىشكەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوردىدىن ئايرىلىپ تۈرك-ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ توپلىغان ماتېرىياللىرى بىلەن نەچچە يىللاپ (1072-1074) تەر تۆكۈش ئارقىلىق يېزىپ چىققان «تۈركىي تىللار دىۋانى» بولسا ئاباسى خەلىپىلىرىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچىسى بولغان ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدىي بىئەمرۇللاھقا تەقدىم قىلىنغان. يۈسۈپ بىلەن مەھمۇد ئوخشاش بىر دەۋرنىڭ بىلىم ئىگىلىرىدىندۇر. ئۇلار گەرچە ئەسەرلىرىنى بىر-بىرىدىن ئۇزاقتا يازغان، بىر بىرىنى كۆرمىگەن، تونۇشمىغان بولسىمۇ ھەر ئىككىسىنىڭ ئەسىرى دەۋر ئورتاقلىقى ۋە مەنبە ئورتاقلىقى نۇقتىسىدىن بىر-بىرىنى تولۇقلاپ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن پەقەت بىرلا كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى بار بولۇپ، ھازىر ئىستانبۇلدىكى «مىللەت كۇتۇپخانىسى »دا ساقلانماقتا. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بولسا ئىككىسى تەرەپ ھەرپلىك، بىرسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن 3 نۇسخىسى بار بولۇپ، ھەر ئىككىلا ئەسەرنىڭ ئەسلى قول يازمىسى تېخى تېپىلغىنى يوق.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەڭ بۇرۇن بايقالغان ھىرات (ۋېيېننا) نۇسخىسى 1439 -يىلى ھىراتتا (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن) كۆچۈرۈلگەن بولۇپ تۇنجى قېتىم فرانسۇز شەرقشۇناس ژائوبېرت ئامېدي Pierre Amédéé Emillien (Jaubert تەرىپىدىن 1825-يىلى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئېلان قىلىنغان (تۈركچە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» نىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ماددىسىغا قاراڭ). 1896 -يىلى قاھىرە (مىسىر) نۇسخىسى، 1914 -يىلى پەرغانە نۇسخىسى تېپىلىپ دۇنياغا ئاشكارىلانغان بۇ ئەسەر تا ئۇ كۈنلەردىن باشلاپلا تەتقىقاتچىلارنىڭ بولۇپمۇ تۈركولوگلار ، تارىخچىلار ۋە تىلشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلمەكتە.

بالاساغۇندا تۇغۇلغان (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان قەدىمىي بىر شەھەر) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 950 يىل بۇرۇن قەشقەردە يېزىپ تاماملاپ ئۆچمەس بىر ئىز ۋە ئۆلمەس مىراس سۈپىتىدە بىزلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ شاھانە ئەسەر پۈتۈن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىنىڭ بىرىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» تا ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدە پەرقلىق نۇقتىلاردىن، خىلمۇ -خىل تېمىلار بىلەن ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىنىپ كەلدى ۋە تەتقىق قىلىنىشقا داۋام قىلماقتا.

## «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىردە ساقلىنىۋاتقان سۆزلەر

يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى تۈرك تىلى دەۋرى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، خاقانىيە تۈركچىسى دەۋرى ۋە چاغاتاي تىلى دەۋرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ھازىرقى شەكلىگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا مىڭ نەچچە يۈز يىللىق يېزىق تارىخىنى باشتىن كەچۈردى. 20 -ئەسىرنىڭ 20 -يىللىرى ئىلى-يەتتە سۇ شېۋىلىرى بىلەن قەشقەر-پەرغانە شېۋىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك شەكلى قىلىپ بېكىتىلدى. 50 -يىللاردىن كېيىن ئۈرۈمچى ئېغىزى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسى قىلىندى.

ئۇيغۇر خەلقى ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيەۋى مۇھىتتا، ئۇزاق دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ شەكىللەنگەن دىئالېكتىكىلىق پەرقلەر تا ھازىرغىچە مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ دىئالېكتىكىلىق پەرقلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا يوقاپ كېتىشى ئۈچۈن مەلۇم جەريان ۋە ۋاقىت

كېتىدۇ. دىئالېكت ۋە شېۋىلەردىكى سۆز-ئىبارىلەر مەيلى لېكسىكىلىق جەھەتتە بولسۇن، مەيلى گىراماتىكىلىق جەھەتتە بولسۇن مىللىي ئەدەبىي تىلىمىزنى شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتىدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇڭلاشقىمۇ ئەدەبىي تىلىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنى تەتقىق قىلىشقا، يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن جانلىق تىلدىلا ئەمەس ئەدەبىي يېزىق تىلىدىمۇ ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ. ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت -شېۋىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر يالغۇز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستېمالدىكى مەسىلىلەر(مەسىلەن، يات تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن قالغان، ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدىغان لېكىن دىئالېكت -شېۋىلەردە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەرنى ئىشلىتىش ۋەھاكازالار) ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئانا تىلىمىزنىڭ تارىخى، بۈگۈنى، كەلگۈسى تەرەققىياتى، جۈملىدىن تۈركىي تىللار ئومۇمىي تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى بىلەن ئەدەبىي تىل ئارىسىدىكى پەرق ئۆزئارا ئۇقۇشالمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭ ئەمەس. بۇ پەرقلەر بەزىدە ئوخشاش سۆزلەردىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەردىن، بەزىدە گىراماتىكىلىق جەھەتتىن، بەزىدە لېكسىكىلىق جەھەتتە ۋە بەزىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىراقلا كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا بۇ ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە ئەڭ كۆپ تەر تۆككەن تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ۋە تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ بىردەك قوبۇل قىلغان ئايرىش ئۆلچىمى ئاساسەن شۇ ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقان:

1.پېئىللارنىڭ ھازىرقى-كەلگۈسى زامان فورمىسى

2.پۈتمىگەن سۈپەتداش (تەپسىلاتى ئۈچۈن مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى » ناملىق تەتقىقات كىتابىنىڭ 55-30 -بەتلەرگە قاراڭ).

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بۇ ئۆلچەملەر بىلەن ئۈچ ئاساسىي دىئالېكتقا ئايرىلىدۇ، بۇلار:

1. مەركىزىي دىئالېكت (شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ، غەربىي جەنۇبتا يەكەنگىچە بولغان كەڭ رايوندا قوللىنىلىدىغان، ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساس بولغان بۇ دىئالېكتنىڭ تارماق شېۋىلىرى: ئىلى ، ئۈرۈمچى، تۇرپان ، قەشقەر، ئاتۇش، قۇمۇل شېۋىلىرى، دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە تارىم شېۋىسى، مۇغال شېۋىسى، كۇچا شېۋىسى)؛

2. لوپنۇر دىئالېكتى ؛

3. خوتەن دىئالېكتى .

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بەك كۆپ سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھېلىھەم ئىشلىتىلمەكتە، ئۇيغۇر تىلى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى سۆزلەرنى ئەڭ كۆپ ساقلىغان تۈركىي تىللارنىڭ بىرىدۇر، ھەتتا بۇ جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇ ئورتاق سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەدەبىي تىلدا ساقلانغان؛ يەنە خېلى كۆپى بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەرقلىق دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە ساقلانغان. مەن بۇ ماقالىدە دەل شۇ دىئالېكت ۋە شېۋىلەردە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر ھەققىدە توختىلىمەن. بۇ سۆزلەرنىڭ تولىسى تا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ،بار سۆزلەردۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بۇ خىل سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئەدەبىي تىلىمىزدا ھېچ ئىشلىتىلمەيدىغان، ھەتتا شۇ دىئالېكت ياكى شېۋىنى ئىشلىتىدىغان رايوندىكىلەردىن باشقىلار بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان سۆزلەردۇر. يەنە بەزىلىرى بولسا ئەدەبىي تىلدا بار بولسىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»دىكى يەنى قەدىمكى ۋە ئورتا دەۋر ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلىدىن فونېتىكىلىق جەھەتتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان، دىئالېكت – شېۋىلەردە بولسا ئەينى شەكلىدە ساقلانغان سۆزلەردۇر.

تۆۋەندە «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دىئالېكت -شېۋىلىرىگە يېتىپ كەلگەن (ئەدەبىي تىلدىكىدىن سىرت) سۆزلەر ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە سۇنۇلىدۇ. ئالدى بىلەن ھەر بىر سۆزنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى شەكلى بېرىلىدۇ، ئاندىن ئوق ئىشارىتى قويۇلۇپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدىكى شەكلى بېرىلىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مەنىسى بىلەن ھازىرقى ئىستېمال مەنىسى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئوق ئىشارىتىدىن (←) كېيىنكى ھازىرقى شەكلىنىڭ يېنىغا قوش تىرناق («») ئىچىدە بېرىلىدۇ؛ ئەگەر مەنىلىرىدە پەرق بار بولسا «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مەنىسى بىلەن ھازىرقى مەنىسى ئايرىم-ئايرىم بېرىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ سۆزنىڭ قايسى دىئالېكت ياكى شېۋىدە ساقلانغانلىقى تىرناق () ئىچىدە كۆرسىتىلىدۇ.

ئاچىغ ← ئاچىخ «ئاچچىق» (كەلپىن)

ئارتاق ← ئارداق «ئېچىغان، سېسىغان، بۇزۇلغان» (قۇمۇل)؛ ئارداق قوغۇن «بۇزۇلۇپ قالغان قوغۇن» (تۇرپان).

ئارتاماق ← ئاردىماق «بۇزۇلماق، ئېچىماق، سېسىماق» (قۇمۇل)

ئازۇ «ياكى، ياكى ← ئاس «بەلكىم، ئېهتىمال» (قۇمۇل)

ئاسىغ ← ئاسىغ «پايدا، نەپ» (قۇمۇل)

ئاسىغ ← ئاسىغ «پايدا، نەپ» (قۇمۇل)

ئاغماق ← ئاغماق «ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك، چىقماق» (قۇمۇل، قەشقەر-پاخپۇ، خوتەن)

ئالت ← ئالت «ئاستى» (خوتەن)؛ ئالتىن «ئاستى، تېگى» (لوپنور، قۇمۇل، خوتەن)

ئام (ئەر.) ← ئام «ئاۋام، پۇقرا، خەلق» (خوتەن)

ئاۋۇچغا ← ئاۋۇشقا «بوۋاي، قېرى» (لوپنور)؛ ئوبۇشقا «بوۋاي، قېرى» (لوپنور، خوتەن)

ئاياق ← ئاياغ، ئاياق «چۆچەك، ياغاچتىن ئويۇپ، يونۇپ ياسالغان تاماق قاچىسى»
(تۇرپان، مەكىت، نىيە، كېرىيە - كۆكمەت)؛ ئاياق-قوشۇق «قاچا-قۇچا، قاچا قومۇش» (قاغىلىق)

ئادىغ ← ئايىغ «ئېيىق» (لوپنۇر )

ئەدگۈ ← ئەزگۈ «ئىزگۈ، ياخشى» (لوپنۇر )

ئەرتە ← ئەرتە «بالدۇر، بۇرۇن، ئىلگىرى» (ئىلى): ئەكىننى ئەرتە ئەككەن ھوسۇلنى ئەرتە ئالار (ماقال)

ئەردەم ← ئەردەم «پەزىلەت، گۈزەل ئەخلاق» (قۇمۇل)

ئەركەچ «ياش تېكە» ← ئەركەچ «ئەرگە مايىل ئايال، ئەركەكزەدەك» (كېرىيە)

ئەسكى ← ئەسكى «قەدىمكى، كونا، تارىخى ئۇزۇن» (خوتەن)

ئەسرىكەمەك «ئىچ ئاغرىتماق» ← ئېسرىكىمەك «ئايىماق، ئاسرىماق» (ئىلى)

ئەكسۈك ← ئۆكسۈك «كەم، ئاز» (پىچان، قۇمۇل)

ئەكسۈمەك «ئازايماق، كەملىمەك» ← ئۆكسۈمەك «كەملىك قىلماق، يەتمەي قالماق» (تۇرپان، پىچان، قۇمۇل)

ئەكمەك ← ئەكمەك «تېرىماق، تىكمەك»(ئىلى): بىرنى كەسسەڭ ئوننى ئەك (ماقال)

ئەگىن «دۈمبە» ← ئېگىن «ئۈچا، ئۈستىباش ، كىيىم» (قۇمۇل)؛ ئېگىن ، ئەڭىل «ئۈچا، ئۈستۋاش، كىيىم» (كۇچا)؛
ئەڭىن، ئەگىل «ئۈچا، ئۈستۋاش، كىيىم» (ئىلى)؛ ئېگىن-كېچەك «كىيىم-كېچەك» (لوپنۇر )

ئەم «دورا» ← ئەم «داۋا، شىپا، دورا» (خوتەن)

ئەمچى ← ئەمچى «تىۋىپ، دوختۇر » (خوتەن)

ئەمگەك «ئەمگەك، جاپا» ← ئەمگەك «كۆچمە. : جاپا، قىيىنچىلىق» (قۇمۇل)؛ ئەمگەكشا«جاپاكەش» (قۇمۇل)؛
ئەمگەكلىك «شورپىشانە ، تەلەيسىز، جاپاكەشلىك» (قۇمۇل)

ئەمگەمەك «جاپا چەكمەك، قىينالماق» ← ئەمگەمەك، ئەمگىمەك «چارچىماق، ھارماق، تالماق» (قۇمۇل)

ئەملەمەك ← ئەملەمەك «داۋالىماق» (خوتەن)

بارداق ← بارداق «سۇ قاچىسى، ئاياق» (خوتەن)

باغىرساق ← بېغىرساق «ۋاپادار، سادىق، مېھرىبان» (تۇرپان)

باقىر ← باقىر «مىس» (ئىلى)

بەك ← بەك «مۇستەھكەم، پۇختا» (تۇرپان)

بۇرۇندۇق «يۈگەن» ← بۇرۇندۇق «چۇلۇك» (كېرىيە، لوپنۇر )

بۆكە «پالۋان» ← بۆكە «پالۋان: بۇرۇنقى پالۋانلارنىڭ ئاتىلىشى» (ئىلى)

بۇدىگ ← بۇدۇك «ئۇسسۇل» (مەكىت-يانتاق)؛ بۇدۇكچى «ئۇسسۇلچى» (مەكىت يانتاق)

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى www.uyghurkitap.com

بۆكە «ئەجدىھا، بۈيۈك يىلان» ← بۆكە «ئۇششۇق، ئۆكتەم، كاج» (خوتەن)

بىتىگ «كىتاپ، مەكتۇپ»← پۈتۈك «مەكتۇپ، خەت» (خوتەن)

بىتمەك «يازماق» ← پۈتمەك «خەت يازماق؛ ئىشەنمەك؛ ئاخىرلاشماق» (خوتەن)

تاقى ← تاغى «تېخى» (لوپنۇر )

تاڭسۇق ← تاڭسۇق «ھەيران قالغۇدەك، ئالاھىدە، ئۆزگىچە» (خوتەن، ئىلى)

تامۇغ، تامۇ ← تومۇغ (تامۇغ) «دوزاخ، جەھەننەم» (خوتەن)؛ تامۇ ۋاقتى «كەلكۈن مەزگىلىدىن بۇرۇنقى سۇ قىس پەيت» (خوتەن)

تامىزماق ← تېمىزماق «تېمىتماق» (قۇمۇل)

تەرى ← تەرى «تېرە» (خوتەن)

تۇسۇن «ئاساۋ تاي» ← تۇسۇن «ئاساۋ، شاش» (ئىلى)؛ تۇسان «ئاساۋ، شاش» (كېرىيە)

تولۇ، تولى ← تۈلۈ، تۇلا «مۆلدۈر» (ئاقسۇ)؛ تۇلۇ «مۆلدۈر» (لوپنۇر )؛ تۇلى «مۆلدۈر» (شايار)

تۇش «تەڭدىشى، ئوخشىشى» ← تۇش «دوست، تەڭتۇش» (ئىلى)

تۇملىغ ← تۇم «سوغۇق» (خوتەن)

تۈتمەك ← تۈتە-، تۈتمەك «ئىسلىنىپ كۆيمەك، تۈتاشماق» (خوتەن، مەكىت)

تۈزۈنلۈك «سىلىق، ئېسىل مىجەز» ← تۈزۈتلۈك «ئىسكەتلىك، يارىشىملىق، قائىدە-يوسۇنلۇق» (تۇرپان)

تۆش ← تۆش «چۆش» (قۇمۇل)

تۆشمەك ← تۆشمەك «چۆشمەك» (قۇمۇل)

تۆشۈن ← تۆشۈن «ئۆتەڭ، قونالغۇ» (لوپنۇر )

تىش ← تىش «چىش» (قۇمۇل)

تىشى ← تىشى «چىشى» (قۇمۇل)

تېۋە ← تىۋە «تۆگە» (خوتەن)؛ تەۋە (قۇمۇل)

ساماق ← سايماق «سانىماق، ھېسابلىماق؛ كۆرمەك» (؟)

سۈچۈلماق ← چۈچۈلماق «كىيىمنى سالماق، كىيىمنى يەشمەك » (قۇمۇل)

سۈرۈگ ← سۈرۈك «توپ، پادا» (قۇمۇل)

سۈڭۈ ← سۈنگۈ «نەيزە، مىلتىقنىڭ نەيزىسى» (ئىلى)

سىنماق ← سىنماق «سۇنماق» (خوتەن، تۇرپان)

شىش «زىخ، چوكا» ← شىش «ساڭزا سالغاندا ئىشلىتىدىغان چوكا؛ ئارغامچا تۈگۈنلىرىنى يېشىدىغان مۈڭگۈز ياكى ياغاچ زىخ» (قۇمۇل)

قارا باش ← قاراۋاش «خىزمەتچى، قۇل » (تۇرپان)

قامچى ← قامچى «قامچا» (لوپ، چۆچەك)

قوزى ← قوزى «جەننەت، بېھىش» (قەشقەر-پاخپۇ)

قوشنى ← قوشنى «قوشنا» (خوتەن)

قوڭۇز ← قوڭۇز «قوڭغۇز» (تۇرپان، قۇمۇل)

مەڭزەتمەك ← مەڭزىتمەك «ئوخشاتماق، تەڭ قىلماق، تەققاسلىماق» (خوتەن)

مۇڭادماق ← مۇڭايماق «زېرىكمەك، مۇڭلانماق» (قۇمۇل)

مۇنماق ← مۇنۇماق «ئالجىماق» (قۇمۇل)

نەتەگ «قانداق» ← نەتەك «قانداق نەرسە» (نىيە)

ئوپرى «ئويمانلىق، ئويمان» ← ئوپۇر «ئويمان، ئازگال؛ كۆچمە: ئالدام، تۇزاق» (قۇمۇل، تۇرپان، لوپنۇر )

ئوپماق ← ئوپلاماق «(چاينى) ئوتلىماق» (قۇمۇل)؛ ئوپۇم «يۇتۇم، ئوتلام» (قۇمۇل)

ئوتاچى «تىۋىپ، دورىگەر» ← ئوتچى «مال دوختۇرى» (خوتەن)

ئوتاغ «چېدىر» ← ئوتاغ «(ۋاقىتلىق) قونالغۇ (خوتەن)، كېرىيەدە: قوناغ

ئۇچماق ← ئۇچماق «جەننەت، بېھىش» (قۇمۇل، لوپنۇر )

ئۇچماق ← ئۇچماق «جەننەت، بېھىش» (قۇمۇل، لوپنۇر )

ئۇلماق ← ئۇلا-. ئۇلماق «ھۇۋۇلىماق» (قۇمۇل)

ئۇمنماق← ئۇمۇنماق «ئۈمىدلىنىپ قالماق، ئۇمۇنۇپ قالماق» (قۇمۇل، كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن)؛
ئومۇلماق، ئومىلىپ قالماق « ئۈمىدلىنىپ قالماق، ئومۇنۇپ قالماق» (ئىلى)

ئۆپمەك ← ئۆپمەك «سۆيمەك» (قۇمۇل)

ئۆگسۈز ← ئۆگسۈز، ئۆكسۈز «يېتىم، تەمتىرەپ قالغان ئادەم» (؟)

ئىلەتمەك، ئىلتمەك ← ئەلتىۋەتمەك «ئەۋەتمەك، يەتكۈزمەك» (لوپنۇر )؛ ئىلىتمەك «باشلىماق، ئەگەشتۈرمەك» (ئىلى)

ئىلگ «قول» ← ئىلىك، ئىلىك قاپ «پەلەي»: ئىلىك، ئىلىك «قول» (خوتەن)

ئىكىندى ← ئىكىندى «دىگەر ۋاقتى» (ئىلى)

ئىملەمەك ← ئىملىمەك «ئىشارەت قىلماق» (قەشقەر)

ئىنانماق ← ئىنەنمەك «ئىشەنمەك» (قۇمۇل)

ئىنمەك ← ئىنمەك «چۈشمەك، چۆكمەك» (قەشقەر، قۇمۇل)

ياداغ ← ياياق «پىيادە» (قۇمۇل، تۇرپان، لوپنۇر )

يارىم ← يارىم «يېرىم» (ئىلى)

يازۇق ← يازۇق «گۇناھ؛ ئاچچىق؛ تۆھمەت، غەيۋەت» (لوپنور)

يازماق 1 ← يازماق «خاتالاشماق، خاتا قىلماق» (؟) (ئۇيغۇرچە -خەنزۇچە لۇغەت،، -1207بەت)

يازماق 2 ← يەزمەك «يەشمەك» (قۇمۇل، كۇچا، ئىلى)

ياغى ← ياغى «دۈشمەن، ياۋ، يامانلىق» (قۇمۇل، لوپنۇر ): ياغى ياندىن، دۈشمەن قېرىنداشتىن (ماقال)

ياۋاش ← ياۋاش «يۇۋاش» (ئاتۇش)

يەتى ← يەتتى «يەتتە» (كەلپىن، تۇرپان ئاس)

يۇل ← ژۇل «بۇلاق» (مەكىت)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈرۈك ⟵ يۈرۈك «ئاق» (خوتەن)

يىدىغ « سېسىق پۇراپ قالغان (نەرسە)» ⟵ يىدىغ «پالاق (تۇخۇم)، بۇزۇلغان» (قۇمۇل)

يىدىماق ⟵ ئىدىماق «سېسىق پۇراپ قالماق» (قۇمۇل)

يىغاچ ⟵ يىغاچ «ياغاچ، دەرەخ» (قۇمۇل، تۇرپان)

## خۇلاسە

بۇ ماقالەمدە، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى سۆزلەردىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرىگە يېتىپ كەلگەن سۆزلەردىن مىنىڭ بايقىغانلىرىمنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بار سۆزلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى خاقانىيە تۈركچىسى يەنى 10-13 ئەسىر ئۇيغۇر تىلى ۋە داۋامىدىكى چاغاتاي تۈركچىسى دەۋرىدىن تا بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان سۆزلەردۇر. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن ئوخشاش بىر دەۋرنىڭ يادىكارى بولغان «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك»تىمۇ مەۋجۇتتۇر. مەن بۇ ماقالەمدە پەقەتلا «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئاساس قىلغان بولغاچقا ئەينى دەۋرنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرمىدىم. دىيالېكت ياكى شېۋىلەر خۇددى بىر تىلنىڭ گېنىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى دىيالېكتلاردا ساقلانغان بۇ سۆزلەر ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلدا ئىشلىتىلمەيدىغان، لېكىن شېۋىلەردە جانلىق تىلدا ساقلانغان سۆزلەرنى تاپالايمىز؛ بۇنىڭدىن سىرت تىلىمىزغا توخرىچە، سانسكرىتچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە، پارسچە ياكى باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىمۇ بايقىيالايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل سۆزلەر ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىدىن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىغان، ھەتتا ساۋاتىمۇ يوق كىشىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈش بىلەن، ئەجدادلىرى بىلەن، مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن بولغان باغلىنىشىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەھەرلىشىشنىڭ تېزلىشىپ كېتىشى، تىل ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ بارغانسېرى ئومۇملىشىشى ۋە شۇنداقلا ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرى بىلەن دىيالېكت – شېۋىلەرنىڭ پەرقى ئاستا -ئاستا ئازايماقتا. بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا چەت ئەلدىكى تىلشۇناسلارنىڭ، زىيالىيلارنىڭ ھەتتا ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلىمىزنى ئۆزىدىن باشلاپ قوغدىشى كېرەك بولۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە دىيالېكت ۋە شېۋىلەردىكى سۆزلەرنىڭ توپلىنىشى، تەتقىق قىلىنىشى تولىمۇ زۆرۈر ۋە مۇھىم بىر ئىشتۇر. مەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى كەسپىدە ئوقۇپ، مۇشۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان بىر ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ خىل ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنى ھەم مىللىي ھەم كەسپى بۇرچ دەپ قارايمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلىرىمنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىر ۋاقىتتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، جۈملىدىن دىيالېكت ، شېۋىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارماقچىمەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي مەتىنلىرىدىن بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت – شېۋىلىرىگىچە يېتىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن سېلىشتۇرۇلۇشى، بۇ سۆزلەرنىڭ ئەدەبىي تىلدىمۇ ئىشلىتىلىشى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز خەزىنىسىنىڭ بېيىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار:

ئابدۇللا سۇلايمان قاتارلىقلار: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، -2006يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئابدىشۈكۈر تۇردى، قادىر ئەكبەر: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ - قۇتادغۇ بىلىك (نەسرىي يەشمىسى)». مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2006 -يىل.

غۇلام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986.يىلى نەشرى.

قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسى:« ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997 -يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجدىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى:« ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 200 -7يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (قىسقارتىلمىسى)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 199 -9يىلى نەشرى.

مۇھەببەت قاسىم، تاش راخمان، سەلتەنەت خالىق: «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت-شېۋىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» (قوشۇمچە: ھەرقايسى دىئالېكت-شېۋىلەردىن ئەدەبىي پارچىلار)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، -2012يىلى.

مۇھەببەت قاسىم قاتارلىقلار:« ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى، ئۈيغۇرچە-خەنزۇچە نەشرى.

مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1989 -يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

_________ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى خوتەن دىئالېكتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 -يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

_________ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىئالېكتى»، شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006 -يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

_________ «يۇسۇپ خاس ھاجىپ- قۇتادغۇ بىلىك» (ئەرەپ ھەرپلىك مەتنىنىڭ يېشىمدىن تىزىلىشى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2013 -يىلى.

مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلار: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997 -يىلى نەشرى.

نىجات سوپى: «ئۇيغۇر تىلى ئىلى ئېغىزى ھەققىدە تەتقىقات»، 2010 -يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى.

تۈركچە ۋە باشقا چەت تىللاردا يېزىلغان ماتېرىياللار:

ABDUREHİM, Esmael, The Lopnor Dialect of Uyghur (A descriptive analysis), Helsinki, 2014.

ARAT, Reşit Rahmeti, Kutadgu Bilig (Çevriyazılı Metin, Türkiye Türkçesine aktarımı). Kabalcı Yayınları, İstanbul, 2018.

CLAUSON, Sir Gerard, An Etymological Dictionary of Pre-Thirteenth-Century Turkish. Oxford, 1972.

EMET, Erkin, Doğu Türkistan Uygur Ağızları, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara, 2015 (2.baskı).

ERDAL, Marcel, Old Turkic Word Formation. A Functional Approach to the Lexicon. 1 - 2. Wiesbaden, 1991 (Turcologica 7).

JARRING, Gunnar, En Eastern Turki-English Dialect Dictionary. Lund, 1964.

YAKUP, Abdureshid, The Turfan Dialect of Uyghur, Turkologica 63, Wiesbaden, 2005.

خەنزۇچە ماتېرىياللار:

米海力 （مىھراي）：维吾尔语喀什语研究。 中央民族大学出版社， 北京， 1997 年。

米娜瓦尔 艾比布拉 （مىنەۋەر ھەبىبۇللا）：维吾尔方言与语言调查，民族出版社， 北京，2004年。

www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى 19 ـ، 20 ـ، 21 ـ بابلار ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل

ئاسىمە ئىلھام*
(تۈركىيە)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە، ئالدى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى 19 ـ، 20 ـ، 21 ـبابلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە بۇ بابلاردا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى ۋە ئىدىيەۋى قاراشلار مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** قۇتادغۇ بىلىك، ئىدىيەۋى مەزمۇن، كۆز قاراش

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە، قاراخانىيلار خاتالىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك پەلسەپىۋى داستانى، قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى ۋە بىر پۈتۈن دەۋردىكى ئىجتىمائىي ھايات، بىلىم، ئەخلاقنىڭ ھەممە مەزمۇنلىرىنى پاساھەتلىك شېئىرىي تىل بىلەن قويۇق دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئوبرازلار ۋاستىسىدە مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلغان ئىجتىمائىي ئېنسىكلوپېدىيە - «قۇتادغۇ بىلىك» ئەنە شۇ دەۋر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەردۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولغان خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيەت دۇردانىلىرى ۋە باي ئەنئەنىۋى تەجرىبىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولغاچقا ئەينى زاماننىڭ ئىلغار ئىدېئولوگىيەسى ،تەبىئەت پەلسەپەسى ، بىلىش نەزەرىيەسى ، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىلىم- پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ ئەينى دەۋرنىڭلا ئەمەس بەلكى ھازىرقى دەۋر ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك مىراسقا ئايلانغان.

تۆۋەندە، مەن مەزكۇر داستاندا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار ۋە ئىدىيەۋى قاراشلار توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمەن.

19 ـبابتا، ئەلىگ بىلەن ئايتولدىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان سۆھبەت ئارقىلىق، سۆزلەشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار يەنى، باشقىلار ئېغىز ئاچماستىن بۇرۇن سۆزلىمەسلىك، بىھۇدە سۆزلىمەسلىك،سورالغاندا جاۋاب بېرىش، ئەقىل بىلەن سۆزلەش، كۆپ ئاڭلاش، ئاز سۆزلەش، ياخشى، پايدىلىق سۆزلەرنى قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ بابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق كۆز قاراشلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن، يەنى:

## 1 - كەم سۆزلۈك ۋە كۆپ سۆزلەش توغرىسىدا

مەسلەن :
964 - قىزىل تىل ئۆمرۈڭنى قىسقارتىدۇ،
ئېسەنلىك تىلىسەڭ، ئۇنى قاتتىق باغلا.

967 - بېشىنىڭ ئامانلىقىنى تىلىسەڭ، تىلىڭغا ئېھتىيات بول،
تىلىڭ ھەركۈنى بېشىڭغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

## 2 ـتوغرا ۋە ياخشى سۆز توغرىسىدا

مەسلەن :
984 ـئەگەر بۇ تىل سۆزلەشنى بىلسە ،
سۆزنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ.

1001 - سۆزنىڭ پايدىسى ئۇلۇغدۇر،
سۆز جايىدا قوللىنىلسا، قۇلنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

1003 - ئەگەر تىل جايىدا سۆزلەشنى بىلمىسە،
يېشىل كۆكتىكى كىشىنى يەرگە چۈشۈرىدۇ.

## 3 - ئەقىل بىلەن سۆزلەش توغرىسىدا

مەسلەن :

971 - بىلمىسىزنىڭ تىلى دائىم باغلاقتا بولۇشى لازىم،
بىلىملىك كىشى تىلىغا ھاكىم بولۇشى كېرەك.

992 - قارا، بىلىمنىڭ بەلگىسى ئىككى نەرسىدۇر،
بۇ ئىككى نەرسە بىلەن كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ
993 - بۇنىڭ بىرى-تىل، يەنە بىرى- بوغۇزدۇر،
بۇ ئىككىسىنى باشقۇرالىسا دەريادەك پايدىسى تېگىدۇ.

* ماگىستىر ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىسى

### 4 - خەلقپەرۋەر ۋە بىلىملىك خاقاننىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشى

مەسىلەن :

1039 -خەلق بېيىدى، مەملىكەت تەرتىپكە چۈشتى،
خەلقى ئەلىگ ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

1040 - خەلق نىجات تاپتى، جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتۇلدى،
قوزا بىلەن بۆرە بىللە يۈرىدىغان بولدى.

1041 - ئېلى روناق تاپتى، قانۇن تۈزۈلدى،
ئەلىگنىڭ دۆلىتى كۈندىن-كۈنگە زىيادە بولدى.

بۇ بابتىكى ئاساسلىق ئىدىيەلەر يۇقىرىدىكى بىر قانچە لىنىيەلەر بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

20 -بابتا، ئاساسلىقى، ئەلىگ بىلەن ئايتولدى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلەر ئارقىلىق، ئادەم مەيلى قانچىلىك بەختلىك بولۇپ كەتسۇن، ئۆلۈمنىڭ ھامىنى كېلىدىغانلىقى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى، يەنە ئايتولدىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن قاتتىق ئۆكۈنگەنلىكى، ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلانغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، كىشىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا بىخۇد بولماسلىقى، مال-دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى، مال-دۇنياغا بېرىلمەي ئۆلۈمگە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى، قولىدىن كېلىشىچە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش لازىملىقى قاتارلىق مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلەر بويىچە قانات يايدۇرۇلغان:

#### 1 -ئۆلۈمنىڭ قانۇنىيەت ۋە مۇقەررەرلىكى توغرىسىدا

مەسىلەن :

1066 - ئەي تىرىك يۈرگۈچى، غاپىل بولما،
تىرىك ئىكەنسەن، ئاخىر سەنمۇ ئۆلىسەن.

1086 -كىشى تۇغۇلغان ئىكەن، ئۆلۈشمۇ كېرەك،
نېمىكى كۆتۈرۈلگەن بولسا، چۈشۈشى كېرەك.

1113 - ئەگەر كۈمۈش ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالىسا ئىدى،
كىشىلەر كۈمۈشنى ئۆزى ئۈچۈن بەدەل قىلغان بولاتتى.

1140 - ئۆلۈم تۆۋى ۋە چېكى يوق بىر دېڭىزدۇر،
سىنچىلاپ قارىساڭ، تۆۋى يوق چوڭقۇرلۇقتۇر.

#### 2 - ئىنسان تەبىئىيتى توغرىسىدا

مەسىلەن :

1122 - بۇ ئىنسان ئوغلى نېمىدېگەن ئاجىز-ھە؟
تىرىكلىك كۈنلىرىنى تىلىگىنىدەك ئۆتكۈزەلمەيدۇ.

1124 - ئازراق ياخشىلىققا يېتىشسە، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ،
سۆزىنى يېشىل كۆكتىن ئۈستۈن چاغلايدۇ.

1125 - مەرتىۋە قازانسا، مەغرۇر، كۆرەڭ بولۇۋالىدۇ،
ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىدۇ ۋە ئۆكۈنچ بىلەن ئۆلىدۇ.

#### 3 -تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك توغرىسىدا

مەسىلەن :

1054 - مىزاجى ئاينىدى، تامىقى تېتىقسىز بولدى،
روھى ئېغىرلاشتى، كېسەل ئۇنى قاتتىق تۇتتى.

1055 - مىزاجلىرى بۇزۇلدى، كۆر، كۈچى كېمەيدى،
تال چىۋىقتەك تۈز قامىتى تۆۋەن پۈكۈلدى.

1060 - بەزىلەر جولاپ قوشۇپ، سوغۇقلۇق قىلدى،
بەزىسى كېرەكلىك شاراب ھازىرلاپ بەردى.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئەسەر ئەسلى ئەمەلدارلارغا نەسىھەت ۋە يول كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى دىداكتىك داستان ھەم مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن نۇرغۇن ئەللەرگە تارقالغان ۋە ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەر يەنە پەقەت پەلسەپىۋى مەزمۇنلارنىلا ئەمەس بەلكى سىياسەت، دىن، پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە، ئېتىكا، ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيە، ھەربىي ئىشلار، قانۇن، دىپلوماتىيە، ئىقتىساد، تېبابەتچىلىك ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىق نۇرغۇن تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىقتۇر.

21 -بابتا، ئايتولدى بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق، ھاياتنىڭ تولىمۇ قىسقا ئىكەنلىكى، ھېچكىمنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانداق چارە قىلالمايدىغانلىقى، ئۆلۈمگە ياخشى تەييارلىق قىلىش لازىملىقى، ئەۋلادلارنى ياخشى ھەربىيلەش ، شۇنداقلا ئاللاھ مەدھىيەسى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

#### 1 - بالا تەربىيەسى توغرىسىدا

مەسىلەن :

1164 - ئوغۇل-قىزنىڭ غېمى تۈۋسىز دېڭىزدۇر،
قىزلىل يۈزنى ئوغۇل-قىزنىڭ غېمى سارغايتىدۇ.

1166 -ئوغۇل-قىز تۇغۇلغاندىن ئاتا زەخمەت چېكىدۇ،
ئوغۇل-قىز بولسا ئاتىسىنىڭ ئېتىنىمۇ ئاتمايدۇ.

1219 - ئاتا ئوغلىغا قاتتىق قول بولسا، ئوغلى ياخشى بولىدۇ،
ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدۇ.

1224 - ئاتا بالىسىنى كىچىكىدىنلا بوش قويۇۋەتكەن بولسا
ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئەيىب ئاتىدا.

1228 - ئوغۇل-قىزغا پەزىلەت، بىلىم ئۆگىتىش لازىمكى،
شۇ پەزىلەت بىلەن خۇي-پەيلى گۈزەل بولسۇن.

## 2 -ئۆلۈم توغرىسىدا

مەسىلەن :

1179 - بۇ ئۆلۈمنىڭ تىرنىقى نىمىدىگەن ياۋۇز نەرسە،
ئۆلۈمنىڭ كىشنى يىقىتمىقى نىمىدىگەن ئەشەددىي!

1180 - ياسىداق سارايىنى بۇزغۇچى ئۆلۈمدۇر،
بارلىق يىغلىغانلارنى چاچقۇچى ئۆلۈمدۇر.

1196 - ئۆلۈمگە ئالتۇن- كۈمۈش پايدا بەرمەيدۇ،
ئۆلۈمنى بىلىم ياكى ئىدراك توسۇپ قالالمايدۇ.

1200 - ئۆلۈم كىشىگە يۈز خاتىرە قىلسا ئىدى،
مۇبارەك پەيغەمبەرلەر ئۆلمىگەن بولاتتى.

1210 - تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۇغۇلغاندۇر،
ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، ئاخىر ئۆلۈم مەجبۇرى ئىلىپ
كىتىدۇ.

## 3 -ئاللاھ مەدھىيەسى توغرىسىدا

مەسىلەن :

1243 - ناھايىتى مېھرىبان، سېخىي ئاتام ئىدىڭ،
ئەمما ياراتقۇچى سىنىڭدىنمۇ مېھرىباندۇر.

1245 - قەدىرسىزگە قەدىر-قىممەت ئۈنىڭدىن تېگىدۇ،
ئۇنىڭ خالىشى بىلەن كىچىككە ئۇلۇغلۇق كېلىدۇ.

1260 - پۈتۈن ئارزۇ، نىمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشتىم،
ئەي ياخشى ئىگەم، مەن سەندىن خۇشاللىق تاپتىم.

1267 - خۇدا كىمگە ئىنايەت ۋە ياردەم بەرسە،
ئۇ كىشى ھەر ئىككى دۇنيادا بەختلىك بولىدۇ.

1271 - تەڭرى كىمنى ئاسرىسا، ئۇ ئاسرىلىدۇ،
تىلىكىنى تاپىدۇ ۋە ياخشى نىمەتلەرگە يېتىشىدۇ.

بۇ يەردە ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەمنىڭ بايات تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى روشەن ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالەمنىڭ مەنبەسى ئۈزلۈكسىز زىددىيەت ۋە بىرلىك ئىچىدە دائىمىي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان تۆت زات ئىككەنلىكىنى كۆرۈنەرلىك ئوتتۇرىغا قويغان. فارابىدىن كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەتنى تەبىئەت ئارقىلىق ئىزاھلاش نۇقتىئىنەزەرىنى قايتا تەكىتلىگەنلىكى بۇ ئەسەرنىڭ تەبىئەت پەلسەپەسى جەھەتتىكى تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئەسەردە يەنە بىر مەزمۇن تەبىئەتنىڭ تەركىبى قىسمى ھېسابلانغان ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكى، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى پائالىيەتچان ئورنى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بىلىش ئىقتىدارى، قەدىر-قىممىتى، بەخت-سائادىتى ئاپتور تەرىپىدىن ھەم تەبىئەت پەلسەپەسى ھەم گۇمانىزم ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىنغان. گەرچە ئەسەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ ئۆلۈم، كىشىلىك دۇنيا، ھاياتلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا روشەن دىنىي ئىدىيەلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەر ھەرگىزمۇ دىن ۋە ئەقىدە تارىخىدىكى مۇقەددەس كىتاب بولماستىن، بەلكى بىر پەلسەپۋى بىلىش ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم بىر نامايەندە، ئۇ كۆپلىگەن تەبىئەت، بىلىش ۋە ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى ئىزاھلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا مېڭىش يولىنىڭ شەرقتىكى مەشئىلىنى يورۇتقان.

ئومۇمەن، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى نادىر دۇردانە، ئېلىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن پەلسەپۋى ۋە ئىدىيەۋى جەۋھەرلەر ھازىرغا نىسبەتەنمۇ ناھايىتى زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىكى ئىلغار ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىپ، ھازىرىمىز ۋە كەلگۈسىمىز ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ ئۆلمەس ئەسەرگە ياخشى ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئەنە شۇ داڭلىق ئەدىب بوۋىمىزنىڭ ئەۋلادى بولغۇچىلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلغان بولىمىز.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار :

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتاد غۇبىلىك» (نەسرىي يەشمىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى 6 - ئاي 2 - نەشرى.

[2] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قۇتادغۇ بىلىك خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 - يىلى 2 - ئاي 2 - بېسىلىشى

[3] زارىپ دۆلەت نەشرىگە تەييارلىغان «تارىخىي مىراس-‹قۇتادغۇبىلىك›ھەققىدە بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 -يىلى 1 -ئاي 1 -نەشرى

# «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ يىللارغا كۆرە بىبلىيوگرافىيەسى

## (1825 ـ 2019)*

ئەردەم ئۇچار
(چېخ جۇمھۇرىيىتى)

***قىسقىچە مەزمۇنى:*** *بۇ ماقالە، «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۈزلۈكسىز تۈردە ئېلان قىلىنىۋاتقان ئىلمىي ماقالىلەر ۋە تەتقىقاتلار ھەققىدەدۇر. يېڭى ماقالىلەر داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقات تىزىملىكىمۇ (بىبلىيوگرافىيەسى) داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. بىز بۇ بىبلىيوگرافىيەنى تەييارلاش ئۈچۈن، بۇ ساھەدە بۇرۇن ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللار ۋە سانلىق مەلۇماتلاردىن تولۇق پايدىلاندۇق. شۇنداقلا يېقىندىن بېرى ئېلان قىلىنغان ئەڭ يېڭى ماقالىلەرنىمۇ مۇجەسسەملەشتۈردۇق. نەتىجىدە بۇ بىبلىيوگرافىيە تولۇق ۋە مۇكەممەل تاماملانغان بولدى. بىزنىڭ ئانالىزىمىز ، ئىلمىي ماقالىلەرنى يىللارنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈرگە ئايرىش بولۇپ، نەتىجىدە «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار تارىخىنى يىللارغا ئاساسەن تىزىملاپ چىقتۇق.*

***ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:*** *قۇتادغۇ بىلىك، يىللار بىبلىيوگرافىيەسى ، 1825 ـ 2019*

***Abstract**: The works about Qutadɣu Bilig is increasing each passing day. Consequent-ly, the ‘thematic’ bibliographies like this work must be continuously updated. In our bibliography, we utilize the data and information presented in previous bib-liographic works. Additionally, all these works are summed up along with the lat-est publications. The bibliographic records are full and complete. Our analysis is classified in chronological order, by this way is the history of research on Qutadɣu Bilig also presented and listed chronologically.*

***Key Words:** Qutadɣu Bilig, Chronological Bibliography, 1825-2019.*

ئارات، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى ئۈچۈن يازغان «قۇتادغۇ بىلىك» بۆلىكىدە ئوتتۇرىغا قويغاندەك، «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى تۇنجى تەتقىقات، فرانسىيەلىك شەرقشۇناس Pierre Amédée JAUBERT نىڭ 1825 ـ يىلى نەشر قىلغان Notice d’un manuscrit turc en caractères oui-goures, envoyé par M. de Hammer, à M. Abel-Rémusat تېمىسىدىكى ماقالىسىدۇر**. JAUBERT نىڭ بۇ تەتقىقاتىدىن 195 يىل ئۆتتى. بۇ جەرياندا، «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار نەشر قىلىندى. بۇ تەتقىقاتلار، بۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قانچە بىبلىئوگرافىيە بىلەن تىزىملىك قىلىنغان. «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقاتلار كۆنسېرى ئېشىپ بارماقتا ۋە بۇ ئەھۋال، بۇنىڭدەك «ئاساسىي» بىبلىئوگرافىيەنىڭ يېڭىلىنىشى مەجبۇرىيەت قىلماقتا.

مەن نەشر قىلغان يېڭى نۇسخىدا، ئاخىرقى ئۈچ يىلدا چىققان تەتقىقاتلارنى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىككى نۇسخىدىكى كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاشقا تىرىشتىم. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ يىلنامە تەرتىپلىك بىبلىئوگرافىيەسىنىڭ تۇنجى نۇسخىسىدا (2015 ئا) 571 ۋە ئىككىنچى نۇسخىسىدا (2015 ب) 687 ئەسەرلەرنى تىزىملىغان ئىدىم . UNESCO 2019 ـ يىلىنى «قۇتادغۇ بىلىك» يىلى دەپ ئېلان قىلدى. كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بۇ خەۋەردىن كېيىن 2019 ـ يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. نەشر قىلغان يېڭى نۇسخىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا پايدىسى بولىنىشى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەر بىبلىئوگرافىيە تەتقىقاتى، تولۇق بولۇش نىيىتىدە باشلىنىدۇ، ئەمما بۇ دائىم مۇمكىن بولماي قالىدۇ. مەن

* جەمى 1297 ئەسەر تىزىملانغان بولۇپ، بىز بۇ ماقالىدە پەقەتلا 1825 ـ 1900 يىللىرىدا ۋە 2019 ـ يىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر تىزىملىكىنى بەردۇق.

** Ölmez 2004: 103 ’دە «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى تۇنجى ماقالە سۈپىتىدە بۇ ئەسەرنى كۆرسەتمىشتۇر.

KLAPROTH, He-inrich Julius (1820). Abhandlung über die Sprache und Schrift der Uiguren. Nebst einem Wörterv-”
. .”er-zeichnisse und anderen uigurischen Sprachproben, aus dem Kaiserlichen Übersetzungshofe zu Peking. Paris

ئوتتۇرىغا قويغان «قۇتادغۇ بىلىك» بىبلىئوگرافىيەسىنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنىڭمۇ يېتەرسىزلىكىدىن خالىي ئىكەنلىكى پىكرىدە ئەمەسمەن. كېلىدىغان كۈنلەردە، يېڭىلاش ئارقىلىق بىبلىئوگرافىيەدىكى كەملىكلەر ئازىيىدۇ دەپ ئويلايمەن.

تۈركچىدىن ئۆزۈگۈم قۇتلۇق تەرجىمىسى


## 1825

1.Jaubert, P. A. Notice d'un manuscrit turc en caractères ouigoures, envoyé par M. de Hammer, à M. Abel-Rémusat. Journal Asiatique. 6: 39-52, 78-95.

## 1857

2.Berezin, I. N. Turetskaya Hrestomatiya I. Kazan. 1861-1862
3.İlminskiy, N. İ. Vstupitalnoe Çtenie v Kurs Turetsko-Tatarskogo Yazıka, s Prilojeniyami. Uçente Zpisk. Kazan: Kazans Universtetaza.

## 1867

4.Flügel, G. Die arabischen, persischen und türkischen Handschriften der Kai-serlich-Königlichen Hofbibliothek zu Wien. Dritter Band. Wien: Verlag der K. K. Hof- und Staatsdruckerei.

5.Vámbéry, H. Eine Kasîde in Ujgurischer Schrift und Sprache. Zeitschrift der Deutschen Morgenländischen Gesellschaft. 21: 638-651.

## 1870

6.Vámbéry, H. Uigurische Sprachmonumente und das Kudatku Bilik. Uigu-rischer Text mit Transscription und Übersetzung nebst einem uigurisch-deutschen Wörterbuche und lithografirten Facsimile aus dem Originaltexte des Kudatku Bilik. Innsbruck: Druck der Wagner'schen Universitäts-Buchdruckerei. [Tanıtması için bk. Schott 1871; Courteille 1873]

## 1871

7.Schott, W. "H. Vámbéry: Uigurische Sprachmonumente und das Kudatku Bilik. Uigurischer Text mit Transscription und Übersetzung nebst einem ui-gurisch-deutschen Wörterbuche und lithografirten Facsimile aus dem Ori-ginaltexte des Kudatku Bilik. Innsbruck, Wagnersche Druckerei. In Commis-sion bei F. A. Brockhaus in Leipzig 1870. 260 Seiten. 4.". Zeitschrift der De-utschen Morgenländischen Gesellschaft. 25: 288-294. (Tanıtma)

## 1873

8.Abel Pavet de Courteille. "Uigurische Sprachmonumente und das Kudatku Bilik, uigurischer Text mit Transscription und Uebersetzung nebst einem uigurisch-deutschen Wörterbuche und lithografirten Facsimile, aus dem Originaltexte des Kudatku Bilik, von Hermann Vambéry". Journal Asia-tique. Septième Série. Tome Premier: 377-412. (Tanıtma)

## 1890

9.Radloff, W. Kudatku Bilik: Facsimile der uigurischen Handschrift der K. K. Hofbibliothek in Wien. St. Petersburg: Glasunof und Eggers.

## 1891

10.Radloff, W. Das Kutatku Bilig des Jusuf Chass-Hadschib aus Bälasagun. Theil I: der Text in Transscription. St. Petersburg: Commissionaire der kaiserlic-hen Akademie der Wissenschten.

## 1893

11.Radloff, W. Versuch eines Wörterbuches der Türk-Dialecte I. St. Peters-burg: Tipografiya İmperatorskoy Akademii Nauk'.

**1897**

12.Alberts, O. Zur Textkritik des Kudatku Bilik. Zeitschrift der Deutschen Mor-genländischen Gesellschaft. 51: 715-717.

**1898**

13.Clermont, G. Note sur un passage du Kudatku Bilik. Journal Asiatique. 9/11: 334-335.

14.Radloff, W. Über eine in Kairo aufgefundene zweite Handschrift des Kudat-ku Bilik. Izv'stiya Imperator-skoy Akademiy Nauk'. 9/4: 309-319.

15.Radloff, W. Zum Kudatku Bilik. Zeitschrift der Deutschen Morgenländisc-hen Gesellschaft. 52: 152.

16.Radloff, W. Zum Kudatku Bilik: aus einem Briefe des Herrn W. Radloff in St. Petersburg. Zeitschrift der Deutschen Morgenländischen Gesellschaft. 52: 289.

**1899**

17.Radloff, W. Versuch eines Wörterbuches der Türk-Dialecte II. St. Peters-burg: Tipografiya İmperatorskoy Akademii Nauk'.

**1900**

18.Alberts, O. Aristotelische Philosophie in der türkischer Literatur de XI. Jahrhundert. Archiv für Geschichte der Philosophie. 13/4: 319-336.

19.Bartold', V. Turkestan' v' Epohu Mmongol'skago Naşestviya. Çast Vtoraya: Izsl'dovaniye. St. Peter'burg': Tipografiya V. Kirşvauma Drovtsovaya Ploş. D. M-va Finansov'. [İngilizce tercümesi için bk. Barthold 1958]

20.Grenard, M. F. La Légende de Satok Boghra Khân et l'histoire. Journal Asia-tique. 15: 5-79.
21.Melioranskiy, P. M. O Kudatku Bilike Çingiz Hana. Zapiski Vostoç. 13: 15-23. [Tercümesi için bk. Kutadgu Bilig Tıpkıbasım I. 1942: 121-123]

22.Radloff, W. Das Kutatku Bilik des Jusuf Chass-Hadschib aus Bälasagun. Theil II: Text und Übersetzung nach den Handschriften von Wien und Kairo. I. Li-eferung: p. 2-95 der Wiener Handschrift. St. Petersburg: Commissionaire der kaiserlichen Akademie der Wissenschten.
Yayınevi. İstanbul: 57-65.

**2019**

1173. Abdullayeva, G. Yusuf Has Hacib'in "Kutadgu Bilig" Abidesi ve Çağdaş Azerbaycan Türkçesinin Söz Varlığında İntegral ve Diferansiyelliğin Faktoloji Tezahürü. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversi-tesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 278-290.

1174. Acar, H. Volkan et al. Humoral Pathology Theory in the Kutadgu Bilig (Wis-dom of Royal Glory): A Karakhanid Turkic Work From the 11 th Century. Erciyes Medical Journal, 41/4: 462-466.

1175. Açık, F. Kutadgu Bilig'e Alıntı Sözcükler Bağlamında Bakış. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fa-tih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektro-nik Yayın. Anka-ra: 252-266.

1176. Ağca, F. Kutadgu Bilig'de Geçen Benzetme Edatları ve sanı 'gibi' Edatı. Yeni Türkiye. 105: 102-111.

1177. Akata, Z. H. & C. Selvi. Kutadgu Bilig'de Fakirlik ile İlgili Beyitler. Fakirlik. Haz. E. Gürsoy Naskali. Libra Yayınevi. İstanbul: 73-104.

1178. Akımjan-Kyzy, B. Sovyet Döneminde Kutadgu Bilig Üzerine Yapılan Çalışma-larda Materyalist Yak-laşımın İzleri ve Din Eğitimi Açısından Değerlendiril-mesi (Kırgızistan Örneği). Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sem-pozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektron-ik Yayın. Ankara: 785-795.

www.uyghurkitap.com

1179. Akman, F. Kültür Aktarımında Çocuk Edebiyatının Önemi ve Kutadgu Bilig. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sem-pozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sem-pozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 83-88.
1180. Aktaş, İ. T. Kutadgu Bilig'de İsim. Uşak Üniversitesi. Sosyal Bilimler Enstitü-sü. Türk Dili ve Edebiyatı Anabilim Dalı. Uşak. [Yayımlanmamış Yüksek Li-sans Tezi]

1181. Akyol, A. İnsanın Anlam Arayışında Akıl ve Gönül İlişkisi –Kutadgu Bilig Merkezli Bir İnceleme-. Kutadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 184-202.

1182. Anarbekova, V. Divanü Lugati't-Türk ile Kutadgu Bilig'deki Ölüm Kavramına Felsefi Açıdan Bakış. X. Uluslararası Dünya Dili Türkçe Sempozyumu Bildiri Kitabı. Ed. F. Ağca & A. Koç. Eskişehir Osmangazi Üniversitesi Yayınları. Es-kişehir: 93-98.

1183. Arhan, S. & H. Karatay. Millî Eğitim Bakanlığı Müfredatlarında ve Ders Ki-taplarında 'İlk Dönem Türkçe İslâmî Eserler'. Yeni Türkiye. 105: 16-39.

1184. Arseven, T. Odgurmış'ta Kanaat/Akıbet İkilemi. Atatürk Üniversitesi Türki-yat Araştırmaları En-stitüsü Dergisi. 64: 233-251.

1185. Arslan, M. Kutadgu Bilig'de Yönetim Ahlâkı. Atatürk Üniversitesi. Sosyal Bilimler Enstitüsü. Felsefe ve Din Bilimleri Anabilim Dalı. Erzurum. [Yayım-lanmamış Yüksek Lisans Tezi]

1186. Artıkbaev, K. Türk-İslam Kültürünün İnşasına Katkı Veren Bir Eser Olarak Kutadgu Bilig'te Hadis ve Sünnet Kültürü. Yazılışının 950. Yılı Anısına Ulus-lararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Anka-ra: 802-804.

1187. Ataman, H. A. Kutadgu Bilig'de Hitaplar ve Göreceli Seslenişler. Selçuk Üni-versitesi Türkiyat Araştırmaları Dergisi. 45: 287-306.

1188. Ataoğlu, R. Kutadgu Bilig'e Göre Devlet Adamı. Kırgız Tarihinin Güncel Me-seleleri, Dünü, Bugünü ve Geleceği: Tarihçi, Şarkiyatçı Prof. Dr. A. Mokeev Armağanı. Global Print. Bişkek: 87-91.

1189. Ata-Yıldız, N. Kutadgu Bilig'den Günümüze Türk Dünyasında Zamandan Şikâyet Şiirleri. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türki-ye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 729-739.

1190. Ateş, S. Çocuklar İçin Kutadgu Bilig. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Anka-ra: 112-120.

1191. Avşar, Z. Kutadgu Bilig'de İletişim. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Anka-ra: 904-914.

1192. Aydın, M. Kutadgu Bilig'de Dil ile Tasavvufta Samt 'Susma' Meselesi. Selçuk Üniversitesi Türkiyat Araştırmaları Dergisi. 45: 167-177.

1193. Ayık, C. Kutadgu Bilig ve Siyasetname'de Ahlak-Siyaset İlişkisi. Kutadgu Bi-lig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 320-341.

1194. Bıçak, A. Kutadgu Bilig'de Dünyanın Kötülüğü ve Yönetimi İyileştirme Tar-tışmaları. Kutadgubilig: Felsefe-Bilim Araştırmalar. 39: 13-43.

1195. Bıçak, A. Kutadgu Bilig'de İnsan ve Evren Tasavvuru. Kutadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 77-116.

1196. Bıçak, A. Kutadgu Bilig'de Dünyanın Kötülüğü ve Yönetimi İyileştirme Tar-tışmaları. Kutadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 231-262.

1197. Biçer, N. & Y. Alan. Kutadgu Bilig'de Konuşma Eğitimi. Yeni Türkiye. 105: 224-232.

1198. Bilgen, S. Değerler eğitimi açısından Kutadgu Bilig. Hitit Üniversitesi. Sosyal Bilimler Enstitüsü. Felsefe ve Din Bilimleri Anabilim Dalı. Çorum. [Yayım-lanmamış Yüksek Lisans Tezi]

1199. Bozok, E. İlk İslamî Eserlerde Tuvalet Kavramı. Yeni Türkiye. 105: 89-95.

1200. Boztoprak, F. Türkçenin Yabancı Dil Olarak Öğretiminde Kutadgu Bilig Ve Kültürel Değerler Aktarımı. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sem-pozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 687-700.

1201. Cüme, O. Kutadgu Bilig Hakkında Çin'de Yapılan çalışmalar ve Eleştirel Bir Değerlendirme. Milli Folklor. 124: 51-61.

1202. Çakır, E. Kutadgu Bilig ve Günümüz Kültürel Belleğinde Rüya Yorumlama. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sem-pozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 661-686.

1203. Çelik, A. Geleneğin Genleri ve Uzantıları Bağlamında Kutadgu Bilig'de Şaire Bakış. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünya-sı Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kita-bı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 33-49.

1204. Çetin, A. Y. Kutadgu Bilig'de Şikâyet. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Anka-ra: 641-652.

1205. Çetin, İ. Edebiyat, Tenkit, Toplumsal Dönüşüm Ve Siyasetnâmeler: Kutadgu Bilig Örneği. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversi-tesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 961-970.

1206. Demir, R. & Ş. Koçak. Yusuf Has Hacib'in Kutadgu Bilig Adlı Eserinde Dini Motifler. Orta Asya Âlimlerinin İslam Medeniyetine Katkıları Sempozyumu. 891-908.

1207. Demirci, M. F. Kutadgu Bilig ve Yusuf Has Hacib'in Metafizik Anlayışı. Ku-tadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İs-tanbul: 285-307.

1208. Develi, H. Yûsuf Has Hâcib: Devlet Yönetme Bilgisi, Kutadgu Bilig. İstanbul: Kesit Yayınları.

1209. Doygun, M. An Evaluation of Sultan Baybars in Terms of Emperor and Commander Chracteristics within the Scope of Kutadgu Bilig. Selected Stu-dies on Social Sciences. Eds. A. Kırkılıç et al. Cambridge Scholars Publishing. Newcastle: 246-267.

1210. Doygun, M. Kutadgu Bilig ve Sülûkü'l-Mülûk Zaviyesinden 'Bey-Sultan' De-ğerlendirmesi. Yeni Türkiye. 105: 207-214.

1211. Duman, M. Yapısal ve İşlevsel Bir Anlatı Unsuru Olarak Ara Sözler: Kutadgu Bilig Örneği. Milli Folklor. 124: 5-16. 17-29.

1212. Duralı, Ş. T. Devletebedmüddet Bilinci: Kutadgubilig/Devletebedmüddet Ülküsü: Kızıl Elma/Türklüğün Seyyar–Asker–Devletliliği (Ordu). Kutadgu Bi-lig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 11-76.

1213. Duymaz, A. Kutadgu Bilig ve Enerjisi Tükenmiş Bir Destan Kahramanı ve Metni: Alp Er Tunga. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempoz-yum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 618-631.

1214. Eflatun, M. Siyaset Ahlakı Açısından Yûsuf Has Hacib'in Kutadgu Bilig'i ile Machiavelli'nin Prens'i

www.bilgiyurtshop.com

Üzerine Bir Karşılaştırma. Yazılışının 950. Yılı Anısı-na Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Ki-rişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Ya-yın. Ankara: 989-1004.

1215. Elyıldırım, S. Kutadgu Bilig'de Sıkça Kullanılan Sıfatlar Yoluyla Verilen Me-sajların Değerlendirilmesi. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sem-pozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 502-516.

1216. Er, O. Kutadgu Bilig'deki Eğitsel Düşüncelerin Türkçe Öğretmeni Adaylarının Görüşlerine Göre Değerlendirilmesi. Yeni Türkiye. 105: 233-238.

1217. Erdem, H. 21. Yüzyılda Kutadgu Bilig'i Yeniden Anlamak. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Ki-rişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Ya-yın. Ankara: 956-960.

1218. Erdoğan, M. C. Kutadgu Bilig'in Osmanlı Siyaset Düşüncesindeki Yansımala-rı. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 971-988.

1219. Ergüzel, M. Kutadgu Bilig'in Söz Varlığı Ve Kelime Grupları Üzerine. X. Ulus-lararası Dünya Dili Türkçe Sempozyumu Bildiri Kitabı. Ed. F. Ağca & A. Koç. Eskişehir Osmangazi Üniversitesi Yayınları. Eskişehir: 631-645.

1220. Gariper, C. & Y. Bayraktar. Buket Uzuner'in Uyumsuz Defne Kaman'ın Ma-ceraları Su Adlı Romanında Kutadgu Bilig'in İzini Sürmek. Yazılışının 950. Yı-lı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fa-tih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektro-nik Yayın. Ankara: 72-82.

1221. Gezer, H. Karahanlı Türkçesi Temel Söz Varlığının Eski Türkçeden Karluk Grubu Lehçelerine Anlam İncelemesi. Erciyes Üniversitesi. Sosyal Bilimler Enstitüsü. Türk Dili ve Edebiyatı Anabilim Dalı. Yeni Türk Dili Bilim Dalı. Kayseri. [Yayımlanmamış Doktora Tezi]

1222. Gocayeva, S. Yusuf Has Hacib'in "Kutadgu Bilig" Eseri ve Türk Mitolojik Dü-şüncesinin Azerbaycan Edebiyatında İzleri. Yazılışının 950. Yılı Anısına Ulus-lararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Anka-ra: 749-759.

1223. Göksu, E. Kutadgu Bilig'e Göre Beyliğin İlk Şartı: Asalet. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Ki-rişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Ya-yın. Ankara: 932-944.

1224. Guliyeva, G. V. Karahanlı Türkçesi Bağlamında Kutadgu Bilig ve Atebetül Hakâyık'ta Sosyal-Siyasi Leksik Birimler. Yeni Türkiye. 105: 309-313.

1225. Gülensoy, T. İlk Dönem Türkçe İslami Eserler ve Atebetü'l-Hakayık. Yeni Türkiye. 105: 7-10.

1226. Güner, G. Atebetü'l-Hakâyık ve Kutadgu Bilig'e Göre XI. Yüzyılda Türk Top-lum Hayatında Görülen Bozulmalar. Yeni Türkiye. 105: 282-289.

1227. Güneri, M. Bilgi Bilge Yaşam ve Sürdürebilirlilik Sözcükleri Üzerine. Yeni Türkiye. 105: 75-79.

1228. Hacıyeva, G. & E. Veliyev. "Kutadgu Bilig"De Devlet İdareciliği Stratejisi. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sem-pozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 945-955.

1229. Hannoud, A. S. Kutadgu Biiig'deki Arapça Alıntılar Üzerine Bir Anlam Bilimi Çalışması. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversi-tesi Web

Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 494-501.

1230. Hirik, E. Morfolojik Tekrarlı Yapılar ve Kutadgu Bilig'deki İşlevsel Görünü-mü. Yeni Türkiye. 105: 180-196.

1231. Hüseynova, T. Kutadgu Bilig'de Birleşik Cümleler. Yazılışının 950. Yılı Anısı-na Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Ki-rişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Ya-yın. Ankara: 535-541.

1232. İbrayev, Ş. Erken Orta Çağ Türkçe Yazılı Kaynaklarda Yer Alan Öz Türkçe Arketip Kavramlar. Yeni Türkiye. 105: 48-50.

1233. Kabadayı, O. Kazakistan'da İlk Dönem Türkçe İslamî Eserler Üzerine Yapılan Çalışmalara Dair. Yeni Türkiye. 105: 80-88.

1234. Kafkasyalı, M. Ş. Kutadgu Bilig Çalışmaları Türkiye Bibliyografyası. Kutadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 366-422.

1235. Kafkasyalı, M. Ş. Kutadgu Bilig Çalışmaları Üzerine. Kutadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 342-365.

1236. Kalenderoğlu, İ. Ortaöğretim Türk Dili ve Edebiyatı Dersi (9, 10, 11 ve 12. Sınıflar) Öğretim Programları ve Kitaplarında Karahanlı Dönemi Eserlerinin ve Kutadgu Bilig'in Kullanımı. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Ku-tadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 344-357.

1237. Kalkan, N. Mutluluk Bilgisi Kutadgu Bilig'de Duygular. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Ki-rişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Ya-yın. Ankara: 450-465.

1238. Kalyon, A. & F. Kalyon. Kutadgu Bilig'in Kahire Nüshası ve Mısır Millî Kü-tüphanesinde Bulunan Türkçe Yazma Eserlerin Mahiyetleri. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fa-tih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektro-nik Yayın. Ankara: 127-138.

1239. Kara, M. Aytoldı. İstanbul: Gece Kitaplığı.

1240. Karaca, N. Kutadgu Bilig ve İnsan Felsefesi Temellendirilmesinde Varlık Ko-şullarından 'Bilgi' Fenomeni. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutad-gu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 877-895.

1241. Karahan, K. Kutadgu Bilig'de Hükümdarın Vasıfları. Karabük Üniversitesi. Sosyal Bilimler Enstitüsü. Kamu Yönetimi Anabilim Dalı. Karabük. [Yayım-lanmamış Yüksek Lisans Tezi]

1242. Karahasanoğlu, Y. Kutadgu Bilig'de "Siyah" Kavramı ve Anlamlandırılması. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sem-pozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 760-772.

1243. Kirişçioğlu, M. F. & B. Y. Pekacar. Kutadgu Bilig'de Geçen Organ Adlarının Saha Türkçesindeki Organ Adlarıyla Karşılaştırılması. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Ki-rişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Ya-yın. Ankara: 226-237.

1244. Kirişçioğlu, M. F. & L. Karakurt. Kutadgu Bilig Esasında Yeni Uygur Ve Kara-hanlı Türkçesinin Leksik Ve Morfolojik Açıdan Değerlendirilmesi. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elekt-ronik Yayın. Ankara: 238-251.

1245. Kirişçioğlu, M. F. Kutadgu Bilig ve Atebetü'l- Hakâyık'ın Tasvir Fiiller Açısın-dan Değerlendirilmesi. Yeni Türkiye. 105: 267-274.

1246. Kök, A. & Ö. Eker. Yusuf Kutadgu Bilig'de Odgurmış'a Türkçe Ne Söyletir. Uluslararası Türk Lehçe Araştırmaları Dergisi. 3/1: 20-59.

1247. Kök, A. Türklern Entellektüel Mirası Kutadgu Bilig, Devlet, Adalet, Kut, Töre. İstanbul: Kesit Yayınları.

1248. Kökten, Y. & E. Küçüker. Kutadgu Bilig'de Toprak (Yer) Kavramı. Yeni Türki-ye. 105: 197-206.

1249. Küçüker, E. Kutadgu Bilig'de Kültür Unsurları. Sakarya Üniversitesi. Sosyal Bilimler Enstitüsü. Türk Dili ve Edebiyatı Anabilim Dalı. Sakarya. [Yayım-lanmamış Yüksek Lisans Tezi]

1250. Lukpanov, A. The spiritual heritage of Yusuf Balasagun in the Context of the modernization of politi-cal science. Journal of Philosophy, Culture and Political Science. 67/1: 145-153.

1251. Mayemerova, A. Kutadgu Bilig'de Geçen "Bıçış" Sözcüğü ve Kazak Türkle-rindeki "Jırtıs" Geleneği. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sem-pozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniver-sitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 605-617.

1252. Mehdiyev, N. Kutadgu Bilig'in Epistemik Tahlili. Kutadgu Bilig Üzerine Fel-sefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 157-169.

1253. Memmedov, M. Yusuf Has Hacib'in "Kutadgu Bilig" Abidesinde Renklerin Sembolik Anlamı. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversi-tesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 711-728.

1254. Memmedova, S. Kutadgu-Bilig ve Ümum Türk Edebiyatında Tasavvufi Ar-ketipler Üzerine Araştırma. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutad-gu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 An-kara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniver-sitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 819-834.

1255. Mert, O. & B. Şimşek. Dışa Dönük Görevli Dil Ögelerinden /+KA/ Morfemi-nin Kutadgu Bilig'deki İşlevleri Üzerine. Yeni Türkiye. 105: 112-121.

1256. Nas, G. E. Atebetü'l-Hakâyık ve Kutadgu Bilig'deki Tema Ortaklıkları: Bilgi ve Dil Kavramları. Yeni Türkiye. 105: 301-308.
1257. Nerimanoğlu, K. V. Orta Çağ Türk Edebi Dilleri: Kutadgu Bilig'den Nevai'ye. Yeni Türkiye. 105: 40-47.

1258. Nurimanov, B. & A. Mamyt. Kazakistan'da Yapılmış Kutadgu Bilig Çalışma-larının Kronolojik Kay-nakçası Hakkında Bir Deneme. Milli Folklor. 124: 30-50.

1259. Nurimanov, B. Cüsip Balasagunnın "Kutadgu Bilik" Enbegindegi "Uluk Ha-cıb" Obrazı. Türki Til-derindegi Tarihi Kolcazbalardı Zertteu Halıkaralık Sem-pozyumı. Almatı.

1260. Ölker, G. Kutadgu Bilig'de Satır Altına Not Düşülen Kelimelerin Atebetü'l Hakâyık'taki Görünümleri. Yeni Türkiye. 105: 290-300.

1261. Özbek, Ö. Kutadgu Bilig'de Bazı Niteleme Sıfatları. Prof. Dr. Zafer Önler Ar-mağanı. Haz. A. Üstüner et al. Kanguru Yayınları. Ankara: 90-118.

1262. Özdemir, H. Kutadgu Bilig Üzerinden Türkçede Mekân ve Belirtme Eklerinin İlişkisi: Çuvaşça Örneği. Yeni Türkiye. 105: 122-130.

1263. Özevren, M. S. Kutadgu Bilig'de "İyi Olan Yukarıda, Kötü Olan Aşağıda Me-taforu" Üzerine. Ru-meliDE Dil ve Edebiyat Araştırmaları Dergisi. Ö5: 69-76.

1264. Polat, A. Kutadgu Bilig'in Siyaset Prensipleri Bakımından Çağlar Ötesi Tanık-lığı. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sem-pozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı

Elektronik Yayın. Ankara: 917-921.

1265. Polat, N. H. Edebî Değerler Açısından Kutadgu Bilig. Yazılışının 950. Yılı Anı-sına Uluslararası Kutad-gu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Ki-rişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Ya-yın. Ankara: 103-111.

1266. Purtaş, E. Uygulamalı Halk Bilimi Açısından Kutadgu Bilig'deki Ziyafet-İktidar İlişkisi. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversi-tesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 653-660.

1267. Sağ, Z. Karahanlı Devri İlk Dil ve Edebiyat Ürünlerinde Mukaddime Gelene-ğinin Oluşmasına Yönelik Bir İnceleme. Yeni Türkiye. 105: 51-59.

1268. Sahin, N. & M. F. Ozcan. Effects of Augmented Reality in Teaching Old Tur-kish Language Memen-toes on Student Achievement and Motivation. Con-temporary Educational Technology. 10/2: 198-213.

1269. Sarıkaya, M. Kutadgu Bilig'de Zamanı Şikâyet Teması Lâmiyyetü'l-'Arab ve Lâmiyyetü'l-'Acem ile Karşılaştırması. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslara-rası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Anka-ra: 857-876.

1270. Shadkam, Z. Karahanlı Döneminde Yazılan İlk Türkçe İslamî Eserlerde Farsça Kelimelerin Kullanım Özellikleri. Yeni Türkiye. 105: 66-74.

1271. Solak-Sağlam, M. & S. Sağlam. "Kutadgu Bilig", "Garip-Nâme" ve "Vagzı Azat"ta Hükümdarlığın Temelleri. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Anka-ra: 1022-1036.

1272. Söylemez, Y. Kutadgu Bilig'in Modern Eğitimde Kullanılabilecek Evrensel Değerler Açısından İncelen-mesi. Yeni Türkiye. 105: 245-260.

1273. Şahin, E. Türk Siyaset Nazariyesi'nin Hülasası Olarak Kutadgu Bilig. Kutadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 308-319.

1274. Şamlıoğlu, K. Epistemolojik Bir Problem Olarak Yusuf Has Hacip Ve Seyyid Hüseyin Nasr'da Vahiy Ve Bilgi Pratiği. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslara-rası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Anka-ra: 796-801.

1275. Şen, C. Felsefi Bir Metin Olarak Kutadgu Bilig'de İçkinlik Düzlemi. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elekt-ronik Yayın. Ankara: 837-856.

1276. Şen, S. Kutadgu Bilig'de Teşrifat Kuralları. Yazılışının 950. Yılı Anısına Ulus-lararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Anka-ra/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Anka-ra: 896-903.

1277. Şişman, B. Kutadgu Bilig'de Devlet Adamı Yetiştirme Modeli. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elekt-ronik Yayın. Ankara: 922-931.

1278. Taş, İ. Kutadgu Bilig'de Temel Metaforlar. Kutadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 203-230.

1279. Taşdelen, V. Kutadgu Bilig'in Felsefi Bağlamı. Milli Folklor. 124: 5-16.

1280. Tekercioğlu, H. Kutadgu Bilig'i Değer Eğitimi Üzerinden Okumak ve Bunun Türkçe Eğitimi Bağlamın-

da Yöntemsel Karşılığı. Yeni Türkiye. 105: 261-266.

1281. Temel, R. Kutadgu Bilig'in Türk Maliye Tarihi Açısından Önemi. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elekt-ronik Yayın. Ankara: 1005-1021.

1282. Temizkan, M. Kutadgu Bilig ve Atebetü'l-Hakâyık'taki Tevhidlerle Bu Tev-hidlerin Etkileri Üzerine Bir İnceleme. Yeni Türkiye. 105: 275-281.

1283. Tokay, Y. Kutadgu Bilig'de Perifrastik Bir Yapı Unsuru Olarak Bol- Fiilinin Kullanımları. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversi-tesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 572-584.

1284. Topuz, G. Kutadgu Bilig'de Yme: Anlambilimsel İşlevleri ile Sözdizimsel Kul-lanımları. Yeni Türkiye. 105: 215-223.

1285. Türker, H. Yusuf Has Hacib'in Bilgi Felsefesi. Kutadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 170-183.

1286. Uçar, E. Bemerkungen zu den späteren Interpolationen der Wiener Handschrift von Qutadγu Bilig. Unter dem Bodhi-Baum. Festschrift für Klaus Röhrborn. Anläßlich des 80. Geburtstags überreicht von Kol-legen, Freunden und Schülern. Hrsg. Z. Özertural & G. Şilfeler. Vandenhoeck & Ruprecht. Göttingen: 385-396.

1287. Ufuk, Ş. P. Dil Planlaması Bağlamında Yûsuf Has Hacib ve Kutadgu Bilig. Yeni Türkiye. 105: 131-138.

1288. Uyanık, M. Türk Felsefesinin Kurucu Metni Olarak Kutadgu Bilig –Yusuf Has Hacib'i Tanrı-Evren Tasavvuru Merkezli Bir Okuma-. Kutadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 117-156.

1289. Ünal, M. E. Yusuf Has Hacib'in Siyaset ve Umrân Düşüncesinde Tasavvufun Önemi. Kutadgu Bilig Üzerine Felsefi Araştırmalar. Haz. A. Bıçak. Dergâh Yayınları. İstanbul: 263-284.

1290. Üstünel, Ö. Y. Karahanlı Sahası Metinlerinde "İnsanlık" Kavramı. Yeni Türki-ye. 105: 11-15.

1291. Üstünova, K. Çıkarım Edimi Üzerine -Kutadgu Bilig Örneğiyle-. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elekt-ronik Yayın. Ankara: 374-388.

1292. Yazıcı-Ersoy, H. Kutadgu Bilig'de Tam Yalancı Eş Değer Fiiller: Başkurt Türk-çesi İle Bir Karşılaştırma. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sem-pozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elektronik Yayın. Ankara: 309-327.

1293. Yener, M. L. Kutadgu Bilig'deki Hayvan Adları ve Türklerde Hayvan Sembo-lizmi. Yeni Türkiye. 105: 139-179.

1294. Yıkan, Z. U. Kutadgu Bilig'de Yer Alan Geleneksel Eğitim Anlayışı: Usta-Çırak İlişkisi Bağlamında Bir Okuma. Yeni Türkiye. 105: 239-244.

1295. Yıldız, A. Kutadgu Bilig'de Akıl ve İlişkili Kavramlar Üzerine Bir Araştırma: Tıp Tarihi Açısından. Mersin Üniversitesi Tıp Fakültesi Lokman Hekim Tıp Tarihi ve Folklorik Tıp Dergisi.9/2: 266-279.

1296. Yılmaz, M. Kutadgu Bilig'e Göre Devlet Adamlarında Liyakat. Yazılışının 950. Yılı Anısına Uluslararası Kutadgu Bilig ve Türk Dünyası Sempozyumu (3-5 Ekim 2019 Ankara/Türkiye), Sempozyum Bildiri Kitabı. Ed. Prof. Dr. M. Fatih Kirişçioğlu. Ankara Hacı Bayram Veli Üniversitesi Web Tabanlı Elekt-ronik Yayın. Ankara: 805-816.

1297. Zengin, A. Karahanlı Türkçesi Dil Yadigârlarının Türk Dili Tarihindeki Yeri Üzerine. Doğumunun 120. Yılında Prof. Dr. Ahmet Caferoğlu Hatıra Kitabı. Ed. F. Turan & Ö. Tabaklar. Şen Yıldız yayıncılık. İstanbul: 563-579.

# «قۇتادغۇ بىلىك»تە تەڭرى تەسەۋۋۇرى

ئالىمجان ئىنايەت*

(تۈركىيە)

تۈرك-ئىسلام سىنتېزىنى ياراتقان ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە مەنسۇپ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق يىرىك ئەسەر بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس هاجىپ تەرىپىدىن يېزىلىپ 1079 -يىلى ئۇلۇغ تامغاچ قارا بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن نۇرغۇن قېتىم كۆچۈرۈلگەن بولۇپ بۇلاردىن تۆت نۇسخا كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

پەقەت تۈرك-ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس، تۈرك-ئۇيغۇر تەپەككۇر ۋە پەلسەپە تارىخى ئۈچۈنمۇ بىباها مەنبەلەردىن بىرى بولغان بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بۈگۈنگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە ھەر خىل مېتود ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن تەتقىق قىلىنغان بولسىمۇ، ئەسەردىكى ئەڭ نېگىزلىك ئۇقۇملاردىن بىرى بولغان، تەڭرى تەسەۋۋۇرىنىڭ يىلتىزى ۋە مەنبەلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى يېتەرلىك دېگىلى بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ كۆچمەن چارۋىچى، دالا ھەم يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىگە خاس دۇنيا تەسەۋۋۇرى ۋە قارىشىنىڭ ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەنئەنىۋى تۈرك-ئۇيغۇر ئېتىقاد ۋە قىممەتلەر سىستېمىسىنى ئىسلام ئېتىقاد ۋە قىممەت قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ يېڭى بىر سىنتېز ھاسىل قىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىسلام ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئائىت يېڭى ئۇقۇملارنىڭ شامانىست/ مانىخېيست/ بۇددىست ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن قالغان ئاتالغۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكى بىر ھەقىقەتتۇر. شۇڭا بۇ ئەسەردىكى دىنىي ئاتالغۇ ۋە ئۇقۇملار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئېتىقاد سىستېمىلىرىنىڭ ئۇقۇم ۋە مەزمۇنىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ دەپ قارايمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە بۇ ئەھۋالنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەڭ تىپىك مىسال تەڭرى تەسەۋۋۇرىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىك»تە قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئائىت «تەڭر»، «بايات»، «ئىدى»، «ئۇغان»، «يالاۋاچ»، «ساۋجى»، «قۇت»، ئازۇن»، «تامۇ»، «ئۇچماق»، «يازۇق»،«تۆرۈتكەن»، «يۈكۈنمەك»، «يارلىقاماق» دېگەندەك ئاتالغۇ ئۇقۇم، سۈپەت ۋە پېئىللار كۆرۈلىدۇ. بۇلار بىر تەرەپتىن يېڭى دىنغا ئائىت ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى تۈرك دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

سۆز تېمىسى «بايات»،«تەڭرى»، «ئىدى» ۋە «ئۇغان»قاتارلىق ئاتالغۇلار «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىسلام دىنىغا ئائىت «ئاللاھ» ئۇقۇمىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن.

90. Bayat birdi barça tilemiş tilek,
 Bayat ok bolu birsü arka yölek.

خۇدا بارلىق تىلىگەن تىلىكىڭگە يەتكۈزدى،
خۇدالار (ساڭا) دائىم ئارقا تىرەك بولسۇن.

3897. Bayat atı birle sözüg başladı
 Törütgen igidgen keçürgen tidi /3897

خۇدانىڭ نامى بىلەن سۆزىنى باشلاپ،
ئەي ياراتقان، پەرۋىش قىلغان، كەچۈرگەن (ئىگەم) دېدى.

92. Bolu birdi evren ilig birdi taht
 Tuta birsü tengri bu taht birle baht

پەلەك ساڭا باقتى، ئەل ۋە تەخت بەردى،
بۇ تەخت بىلەن بەختىنى تەڭرىم دائىم قىلسۇن.

1151. Közin köke tikti ayur ay idim
 Seningde adın men idi bilmedim

كۆزىنى كۆككە تىكىپ دېدىكى: ئەي ئىگەم،
مەن سەندىن باشقا بىر تەڭرىنى بىلمىدىم.

3898. Ayur ming sena ol ugan tengrike
 Ezel hukmi tegrür köni egrike

ئۇ قادىر تەڭرىگە مىڭ ھەمدۇ سانا ئېيتتى،
ئۇ توغرىنىمۇ، ئەگرىنىمۇ ئۆز ھۆكمى ئەزەلىنى يەتكۈزىدۇ.

بۇ تېرىم ۋە ئۇقۇملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىساللارغا

*پروفېسسور دوكتور، ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى
ئېلخەت:
alim1962@hotmail.com

قارىغاندا، تەڭرى، يەنى ئاللاھ : 1) ياراتقۇچىدۇر. 2) پۈتۈن كائىناتنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر. 3) ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. 4)ئەزەلىي ۋە ئەبەدىيدۇر. 5)ھەممە نەرسىنى يېتىشتۈرىدۇ، باقىدۇ ۋە يوق قىلىدۇ. 6) ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. 7) تەڭدىشى يوقتۇر. 8)ھەر يەردىدۇر. 9) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. 10) بىر ۋە باردۇر (شىكەر 2016: 138).

تەڭرىنىڭ كىتابىي ئىسلام مەنبەلىك بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مەڭگۈتاشلاردا تەسۋىرلەنگەن تەڭرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پاراللېلدۇر. مەڭگۈتاشلارغا قارىغاندا، تەڭرى:

1.تەڭرى باردۇر. كۆكتە ياشايدۇ. سىمۋوللۇق رەڭگى كۆكتۇر.

t(ä)ŋri t(ä)g : t(ä)ŋridä: bolm(ı)ş : türk : bilgä : k(a)g(a)n (KT G1)

«(مەنكى) تەڭرىدەك (ۋە) تەڭرىدە بولمىش تۈرك بىلگە قاغان...»

2.تەڭرى ياراتقۇچىدۇر. ئاسمان، يەر ۋە ئىنسانىنى ياراتقان.

üzä kök : t(ä)ŋri : (a)sra : y(a)g(ı)z : y(e)r : kıl(ı) ntukda : (e)kin (a)ra : kişi oglı : kıl(ı)nm(ı)ş (KT D1)

«ئۈستىدە كۆك ئاسمان، ئاستىدا قوڭۇر يەر يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ.»

3.تەڭرى ئەبەدىي، ئىنسان بولسا ئۆلۈملۈكتۇر.

öd t(ä)ŋri : (a)ys(a)r : kişi oglı : kop : ölg(ä)li : törüm(i)ş. (KT K 10-11)

«ۋاقىت تەڭرىسى (شۇنداق) بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئىنسان بالىسى ئۆلىدىغان قىلىپ يارىتىلىپتۇ.»

4.ئىنساننىڭ تەقدىرىنى تەڭرى بەلگىلەيدۇ. خالىغان كىشىگە قۇت بېرىدۇ، خالىسا قۇتنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. قاغانلارنى تەيىنلەيدۇ.

t(ä)ŋri : y(a)rl(ı)k(a)dukın : üçün : [ö]z(ü)m : kut(u)m : b(a)r üçün : k(a)g(a)n : ol(u)rt(u)m. (KT G10)

«تەڭرى بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ (مۇ) تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن، خاقان ( بولۇپ تەختتە ) ئولتۇردۇم.»

5. تەڭرى ئۆزى تەيىنلىگەن خاقانلارنىڭ قوۋملىرىنى قوغدايدۇ.

üzä türk : t(ä)ŋrisi, türk iduk yiri subh ança itmiş.  türk : bod(u)n : yok : bolm(a)zun : tiy(i)n : bod(u)n : bolçun tiy(i)n : k(a)ŋ(ı)m ilt(e)r(i)ş k(a)g(a)n(ı)g : ög(ü)m : ilbilgä k(a) tun(u)g : t(ä)ŋri : töp(ü)sintä : tut(u)p : yüg(ä) rü : köt(ü)rm(i)ş (ä)r(i)nç (KT D11) .

«كۆكتە تۈرك تەڭرىسى (ۋە) تۈرك مۇقەددەس يەر سۇ (روھلىرى) شۇنداق قىپتۇ: تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن، خەلق بولسۇن دەپ، ئاتام ئىلتەرىش خاقانىنى، ئانام ئىلبىلگە قاتۇننى كۆكتىدىن ( تىخمۇ) يۇكسەك كۆتۈرۈپتۇ.»

t(ä)ŋri : küç : birtük üç(ü)n : k(a)ŋ(ı)m k(a)g(a) n : süsi : böri t(ä)g : (ä)rmiş : y(a)gısı : koń t(ä)g (ä)rm(i)ş : (BK D 12)

«تەڭرى كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام خاقاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك ئىمىش، دۈشمەنلىرى قويدەك ئىمىش.»

6. خاقانغا ئىتائەت قىلمىغان ياكى ئۇنى تەرك قىلغان قوۋمنى ھالاك قىلىدۇ.

Teŋri ança timiş erinç. Kan birtim. Kanuŋın kodup içikdiŋ. İçikdük üçün Teŋri ölütmiş erinç. Türk bodun ölti, alkıntı, yok bolti. (To-(nyukuk Batı yüzü: 2-3

«تەڭرى مۇنداق دەپتۇ: (ساڭا) خان بەردىم. خانىڭنى تاشلاپ بېقىندى بولدۇڭ. بېقىندى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن تەڭرى ئۆلۈم بەرگەن، تۈرك مىللىتى ئۆلدى، تۈگەشتى، يوق بولدى.»

7. دۇنيادىكى ھەممە نەرسە تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە تۈزۈلگەن.

üzä : türk : t(ä)ŋrisi : türk ıduk yiri : subı : (a) nça (e)tmiş

«يۇقىرىدىكى تۈرك تەڭرىسى تۈرك مۇقەددەس يەر سۇ (روھلىرى) شۇنداق تۈزگەن»

8. خاقانلار تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، ئىلتىپاتى ۋە ياردىمى بىلەن ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازىنىدۇ.



www.uyghurkitap.com

t(ä)ŋri : y(a)rl(ı)k(a)duk : üçün : ill(i)g(i)g : (e)ls(i)r(ä)tm(i)ş : k(a)g(a)nl(ı)g(ı)g : k(a)g(a)ns(ı)r(a)tm(ı)ş : y(a)gıg : b(a)z kılm(ı)ş : tizl(i)g(i)g : sökürm(i)ş : b(a)şl(ı)g(ı)g : yük(ü)ntü[rm(i)ş : (BK D14)

«تەڭرى (شۇنداق) بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ،خاقانى بارلارنى خاقانلىرىدىن مەھرۇم قىپتۇ، دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرۇپتۇ، تىزلىقلارنى تىز چۆكتۈرۈپتۇ، باشلىقلارنى باش ئەگدۈرۈپتۇ.»

9. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ۋە بۇيرۇقىسىز ئىنسان ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

üzä t(ä)ŋri : b(a)sm(a)s(a)r : (a)sra yir : t(ä)l(i)nm(ä)s(ä)r : türk : bod(u)n : (e)l(i)ŋ(i)n : törüŋ(i)n : k(i)m (a)rt(a)tı [ud(a)çı (ä)rti.  (BK D19)

«ئۈستىمىز(دىكى) ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىگۈچە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلمىغۇچە، (ئەي) تۈرك خەلقى (سېنىڭ) دۆلىتىڭنى (ۋە) قانۇن – تۆرىلىرىڭنى كىم ئۆرۈپ بۇزالايتتى؟»

10. خاقانلار تەڭرىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى دۇنيا ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش، جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىر يەرگە توپلاش، يوقسۇللارنى باي قىلىش، ئاز خەلقنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەتتۇر.

k(a)g(a)n : ol(u)r(u)p  yok : çıg(a)ń : bod(u)n(u)g : kop kubr(a)tdım : çıg(a)ń : bod(u)n(u)g : b(a)y kılt(ı)m : (a)z bod(u)n(u)g : öküş : (kılt(ı)m : (BK K 8

«تەختتە ئولتۇرۇپ يوقسۇل (ۋە) كەمبەغەل خەلقنى يىغىپ توپلىدىم. كەمبەغەل خەلقنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم.»

11. بۇلار قۇتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن خار ۋە زەبۇن بولىدۇ.

t(a)bg(a)ç : bod(u)nka : b(ä)gl(i)k : urı oglın : kul boltı : (ä)şil(i)k : kız oglın : küŋ boltı : (BK D8.)

«تابغاچ خەلقىغە، بەگ بولۇشقا لايىق ئوغۇللىرى قۇل بولدى، خېنىم بولۇشقا لايىق قىزلىرى دېدەك بولدى.»

ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەڭگۈ تاشلاردا ئەكس ئەتكەن بۇ تەڭرى تەسەۋۋۇرىنى قۇتادغۇ بىلىكتىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

1)ھۆكۈمدارغا قۇت بەرگۈچى تەڭرىدۇر.

109. Bayat birdi devlet ay terken kutı
Anıng şükri kılgu okıp ming atı

ئەي، بەختلىك خان، خۇدا ساڭا دۆلەت بەردى،
مىڭ مەرتەم ئۇنىڭ نامىنى ئاتاپ شۈكۈر قىل.

2) تەڭرى كىمنى خالىسا، شۇنى كۆتۈرىدۇ.

6. Neteg kim tiledi me boldi kamug
Kimi kim tilese kılur ol ulug

(ئۇ) قانداق خالىغان بولسا، ھەممە (نەرسە) شۇنداق بولدى،
كىمنى خالىسا، (شۇنى) ئۇلۇغ قىلىدۇ.

3) تەڭرى بىر كىشىنى كۆتۈرمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىمۇ بىللە بېرىدۇ.

1761. Bayat kimni erse kötürse kutun
Angar işçi birür yaraglıg bütün

خۇدا كىمگە بەخت بېرىپ يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولسا،
ئۇنىڭغا ياراملىق، ئىشەنچلىك خىزمەتچى ئاتا قىلىدۇ.

4)تەڭرى ھەممىنى تەرتىپكە سالىدۇ، تۈزىتىدۇ.

146. İtigli bayatım ite birdi öz
İte birdi tüzdi yaraşturdı tüz

ياراتقۇچى خۇدا (ھەممىنى) ئۆزى ياراتتى،
ياراتتى-دە، تەرتىپكە سالدى، بىر-بىرسىگە مۇۋاپىقلاشتۇردى.

5) ھۆكۈمدارىغا خىزمەت قىلغانلىق تەڭرىگە خىزمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

1507. Bayat yarlıgın sen agır tut agır
İligke tapug kıl isingil bagır

تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى بەكمۇ قەدىرلە،
ئەلىگكە خىزمەت قىل، (بۇنىڭ بىلەن) قەلبىڭنى ئىسىت.

مەلۇم بولغاندەك، ھۆكۈمدار تەڭرىنىڭ يەريۈزىدىكى ۋەكىلىدۇر. شۇڭا تەڭرى بىلەن ھۆكۈمدارنىڭ پەزىلەتلىرى،خۇسۇسىيەتلىرى ۋە سۈپەتلىرى ئوتتۇرىسىدا پاراللېللىق ۋە ئوخشاشلىق بولىدۇ. بىر مىسال ئالايلۇق، قەدىمكى تۈرك / ئۇيغۇر دىنىي ئېتىقادى بويىچە، قۇياش تەڭرىنىڭ سىمۋولى ۋە سۈپىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردە «كۈن تەڭرى»، «ئاي تەڭرى» دېگەن ئىپادىلەردىن بۇنى بىلگىلى بولىدۇ. قۇتادغۇ بىلىكتە ھۆكۈمدارنىڭ ئىسمى كۈن توغدى بولۇپ، مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

415.Bu kün togdi ilig bu kılkı bile
Yarudı ajunka kün ay teg yala

بۇ كۈنتوغدى ئەلگ ئاشۇ مىجەز - خۇلقى بىلەن،
كۈن ۋە ئايدەك پارلاپ دۇنياغا يورۇدى.

449. İlin itti tüzdı bayudi bodun
Böri koy bile suvladı ol ödün / 449

ئەلنى تۈزەپ، ئۈگشىدى، خەلق بېيىدى،
ئۇ زاماندا بۆرە بىلەن قوي بىللە سۇ ئىچتى.

بۇ مىسالالاردا ھۆكۈمدار كۈنتوغدىنىڭ تەڭرى ۋە كۈن/ قۇياشتەك ئادىل ۋە سېخى ئىكەنلىكى، ئادالىتى سايىسىدە بۆرە بىلەن قوينىڭ بىللە سۇ ئىچىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مەڭگۈتاش ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەكس ئەتكەن بۇ تەڭرى تەسەۋۋۇرى ۋە چۈشەنچىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋال ختاي ئېتقاد سىستېمىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، ختايچىدا تەڭرى ئۇقۇمى «تىئەن»، يەنى "tian" دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ دەسلەپكى مەنىسى «كۆك، ئاسمان»، كېيىنكى مەنىسى «تەڭرى»دۇر. تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچىدىمۇ «تەڭرى» سۆزنىڭ ھەم «كۆك، ئاسمان» ھەم «تەڭرى» مەنىسى بار.

…[yer] teŋri kılındokta Uygur kagan olormış
bök ulug kagan [ermiş]. (Aydın 2018: 35).

« ...[يەر] ۋە كۆك يارىتىلغان چاغدا ئۇيغۇر قاغان تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. (ئۇ) ئۇلۇغ (ۋە) بۈيۈك قاغان ئىكەن.»

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، «تەڭرى» سۆزى جۇۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ختايچىغا «تىئەن» شەكلىدە كىرگەن بولۇپ، بۇ سۆز ختايچىدا بۇرۇنقى «شاڭدى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. شۇڭا تۈرك-ئۇيغۇرچىدىكى «تەڭرى» سۆزىنىڭ مەنىلىرى بىلەن ختايچىدىكى «تىئەن» سۆزىنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا خېلى كۆپ ئوخشاشلىق بار. مەسىلەن ختاي ئېتقاد سىستېمىزىدا «تىئەن» سۆزىنىڭ تۆۋەندىكىدەك مەنىلىرى كۆرۈلىدۇ:

1. كۆك / تەڭرى ئاسرىغۇچى ۋە ئەيىپ قىلغۇچىدۇر.

2. كۆك / تەڭرى ئىنسانلارغا قۇت / بەخت بېغىشلايدۇ.

3. پەقەت ئىلتىپات ۋە ئېھسانلا ئەمەس، بالا ۋە مۇسىبەتمۇ كۆك / تەڭرىدىن كېلىدۇ.

4. كۆك / تەڭرى ئىنسانلار ئۈستىدە مۇتلەق قۇدرەتكە ئىگىدۇر.

5. گۇناھكارلار ھەر ۋاقىت كۆك / تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا يۇقىرىدىكى قۇدرەتكە ھۆرمەت قىلىشى، ئەمىرلىرىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك.

6. كۆك / تەڭرى دانىشمەنلىك، بىلىم ۋە مەرىپەت سىمۋولىدۇر.

7. كۆك / تەڭرى ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

8. كۆك / تەڭرى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى مۇناسىۋەتلەرنى بەلگىلەيدۇ.

9. ئەخلاق قانۇنلىرىنى كۆك / تەڭرى بەلگىلىگەن ۋە ئەبەدىي ئۆزگەرمەيدىغان قىلىپ بېكىتكەن.

10. كۆك / تەڭرى ئىلتىپات ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلغاندا ياكى مۇسىبەت ۋە پالاكەت بەرگەندە تەرەپ كۆزلىمەيدۇ.

11. كۆك / تەڭرى يەريۈزىدىكى جانلىقلارغا ئالاھىدە بىر سۆيگۈ ۋە ساداقەت كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا كۆك / تەڭرىنىڭ ئىلتىپات ۋە ئىنايىتىدىن مەھرۇم قالماسلىق ۋە يوقسۇللۇق ۋە پەرىشانلىققا دۇچار بولماسلىق ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئاگاھ بولۇش كېرەك. كۆك / تەڭرىگە ھەر ۋاقىت ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئىلتىپات ۋە ئىنايىتى دائىمىي ئەمەس (Suzuki 2012 : 34-44).

يۇقىرىقى بايان ۋە مىسالالاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، كائىناتنى، دۇنيانى، ئىنساننى، قىسقىسى ھەممىنى ياراتقان تەڭرىدۇر. تەڭرى ھۆكۈمدارنى تاللايدۇ، ئۇنىڭغا قۇت/ دۆلەت/ بەخت بېرىدۇ. ھۆكۈمدار يەريۈزىنى تەڭرىگە ۋاكالىتەن ئىدارە قىلىدۇ. شۇڭا بەگلەر ھۆكۈمدارغا، ھۆكۈمدار تەڭرىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك. دۆلەتلەر، مىللەتلەر ۋە جەمئىيەتلەر بۇ ئىدارە سىستېمىسى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. كۆكتە تەڭرى ۋە ھۆكۈمدار ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈمدارلىق/ بېقىندىلىق / ئىتائەت مۇناسىۋىتىنى ئائىلە مودېلىغا تەتبىقلىغان ئاساستا ئائىلە / جەمئىيەت ئەخلاق سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مۇناسىۋەتنى دۆلەت مودېلىغا تەتبىقلاپ بىر سىياسەت ئەخلاق سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تەڭرى تەسەۋۋۇرى ۋە چۈشەنچىسىنى پەقەتلا «كىتابىي ئىسلام مەنبەلىك بىر تەسەۋۋۇر ۋە چۈشەنچە» دەپ قاراش توغرا ۋە ئەتراپلىق بولمايدۇ. بۇ تەسەۋۋۇر ۋە چۈشەنچىنىڭ يىلتىزىدا قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر ئېتقاد سىستېمىسىغا ئائىت ئامىللارمۇ بار. قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرى تەسەۋۋۇرى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن ئىسلامدىكى ئاللاھ ئېتقادى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرك-ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش قىيىن بولمىغان. قۇتادغۇ بىلىك، دەدە قورقۇت قاتارلىق ئەسەرلەر بۇ خىل ئۆتكۈنچى دەۋردە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Aydın, Erhan (2018). Uygur Yazıtları. İstanbul: Bilge Kültür-Sanat.

Ercilasun, Ahmet Bican (2016). Türk Kağanlığı ve Türk Bengü Taşları. İstanbul: Dergah Yayınları.

Savran, Hülya (2010). Kutadgu Bilig'de Tanrı ve Özellikleri. Roza Yayınevi.

Suzuki, Daisetz Teitaro (2012). Çin Felsefesi Tarihi. Çeviren: Ahmet Aydoğan. İstanbul: Say Yayınları

Şeker, Fatih M. (2016). Türk Düşünce Tarihi Açısından Kutadgu Bilig. İstanbul: Dergah Yayınları.

Tekin, Talat (2009). Orhon Abdiliri (Kül Tigin, Bilge Hakan, Tunyukuk Abdiliri). Türkçidin terjime kılğuçılar: Erkin Ariz, Absdusebir Şüküri. Beyjing: Milletler Neşriyatı.

Tekin, Talat (2010). Orhon Yazıtları. Ankara: Türk Dil Kurumu Yayınları.

Türk, Vahit (2011). "Orhun Yazıtlarından Kutadgu Bilig'e Din Dili." Türk Yurdu. 283:77-82.

Yusuf Has Hacib ( 2008). Kutadgu Bilig. Çeviren: Reşid Rahmeti Arat. İkinci basım. İstanbul: Kabalcı Yayınevi.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ (2006). قۇتادغۇ بىلىك. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەسرىي يەشمىسى. نەسرىي يەشمىسىنى ئىشلىگۈچىلەر: ئابدۇشۈكۈر تۇردى، قادىر ئەكبەر. بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى.

www.uyghurkitap.com

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دىنىي - پەلسەپىۋى تراكتاتى

ئالىمجان تىلىۋالدى*

(قازاقىستان)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىللىي كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسچىسى، تەڭدىشى كەم مۇتەپەككۇر، تەكرارلانماس تالانت ئىگىسى، دۆلەت ئەربابى ھەم ئۇيغۇر سۆز سەنئىتىنىڭ پېشۋاسىدۇر. ئۇ ئىسلام مۇھىتىدىكى پاساھەتلىك بەدىئىي خەزىنە-دۇردانىلىرىمىزنىڭ ساھىبى، ئاللېگورىيەلىك (سىمۋول) ئەدەبىي ئۇسلۇبىنىڭ ئۈلگىسىنى بەرپا قىلغان بۈيۈك ئەدىب، تۈرك-ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن خەزىنىسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» دىنىي-پەلسەپىۋى شېئىرىي تراكتاتىنىڭ مۇئەللىپى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەسەر ئەدىبنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان يېگانە بىر مەنبە بولۇپ تۇرماقتا. مۇتەپەككۇر، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئوخشاشلا ئۆز زامانىسىنىڭ ئاساسىي ئىلىم-پەنلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگەنگەن، ئەرەب-پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلگەن ۋە ئۆزگە ئۇپرىماس ھەيكەل يارىتىپ كەتكەن سىيما.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى بىر ئىسلامىي پەللىگە كۆتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي،سىياسىي، روھىي،مەنىۋى تەلەپ-ئېھتىياجلىرىنى، ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنى، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنى، تۇرمۇش تەرزى-قانۇنىيەتلىرىنى تونۇپ بىلىش توغرىسىدا قامۇسىي ئەسەر ياراتقان شەخس. «قۇتادغۇ بىلىك» بەدىئىي قىممىتى جەھەتتىن پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ نەمۇنىسى «شاھنامە» (فىردەۋس) بىلەن باراۋەردۇر. تەكىتلەيمىزكى، «قۇتادغۇ بىلىك» 11 -ئەسىردىكى سۆز سەنئىتىنىڭ نادىر بىر نەمۇنىسى بولۇپ، بۇ ئەسەردە شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي،سىياسىي، مەنىۋى ، روھىي مەسىلىلەر نەزمىي شەكىلدە تەلىمات سۈپىتىدە تەھلىل قىلىنغان. بۇ ئەسەردە بىز تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىلىم-پەنى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، تارىخى، ئۆرپ-ئادەت ۋە تۇرمۇش ئەنئەنىلىرى، قىممەت قاراشلىرىنىڭ ناھايىتى تەپسىلىي بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. شائىر ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى شۇ چاغدىكى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانى تابغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. بۇغراخان شائىرنى تەقدىرلەپ، ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ» دېگەن شەرەپلىك ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. بۈگۈنكى كۈندە شائىرنىڭ قەشقەردىكى مەقبەرىسى ئىلىم ۋە ئىجادىيەت ئەھلى ئۈچۈن مۇقەددەس زىيارەت ئورنىغا ئايلانغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبى ئۆزگىچە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە ھاياتنىڭ ۋاقىتلىق ماھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئالەمنىڭ ئۆتنە ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ھەر دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەم شۇنداقلا ئۆچمەس چۈشەنچە-قانۇنىيەتلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى شېئىرىي بېيىتلار بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن. شۇڭلاشقا شائىر ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن تەبىئەتنى ئىنساننىڭ ئىچكى روھىغا مۇناسىۋەتلىك قىممەت قاراشلار ئاساسىدا ھەققانىي تونۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. چۈنكى بۇ تەلىماتلار بىۋاسىتە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تەرتىپكە سېلىش، ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياج-بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئەڭ مۇھىم ئىدىيە ھەم چۈشەنچە - «تۇراقلىق» ۋە «تۇراقسىز» ھادىسىلەرنىڭ مەزمۇنىنى تونۇپ بىلىشتۇر.

ئەدىب مەۋجۇتلۇقتىكى «ۋاقىتلىق» ھادىسىلەر ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئەبەدىيلىككە خاس سىرىنى سىمۋوللۇق تۈستە ئاشكارىلىغان. مەزكۇر پەلسەپەۋى ئەقىدە «كۈنتۇغدى» ئوبرازىدا ئوچۇق نامايان بولىدۇ. كۈنتۇغدى كۈنگە ئوخشاش ئۆز شەكلىنى بىر خىل تۇتىدۇ، ئايدەك ئۆزگىرىپ تۇرمايدۇ. ئۇ ھەر دائىم پۈتۈن. شۇڭلاشقا ئۇ ھەر دائىم نۇرىنى بىردەك تەكشى چاچىدۇ. بۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۇ ئەبەدىيدۇر. بۇ كۈنتۇغدى ئوبرازىنىڭ مەركەزلىك ئىدىيەسى، مەزمۇن-ماھىيىتى. شۇڭلاشقا ئەدىب كۈنتۇغدىنى ئادالەتكە سىمۋول قىلغان. چۈنكى ئادالەت كۈنگە ئوخشاش ئۆزگەرمەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇ كۈننىڭ نۇرى كەبى ھەممە ئىنسانلارغا تەكشى چېچىلىشى شەرت. پادىشاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن قانۇن بىلەن ئادالەتمۇ ئەنە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. بۇ ھەرقانداق ھۆكۈمرانلىقنىڭ بىردىن بىر تەلىپى. شۇ چاغدىلا دۆلەت تۈزۈمى تەرتىپكە

* پىروفېسسور ـ دوكتور، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى م.ئو. ئەۋېزوۋ نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ باش ئىلمىي خىزمەتچىسى ،

كېلىدۇ، ئۇنى ئىدارە قىلىش ئىش-تەلەپلىرى رەتلىنىدۇ. جەمئىيەتتە تىنچلىق، خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى «ۋاقىتلىق» ھادىسىلەر ئۈستىدە توختىلىدىغان بولساق، ئەسەردە بۇ دۇنيانىڭ ماھىيىتىنىڭ تۇراقسىز، ئۆتكۈنچى، ئۆزگىرىشچان، يەنى ئۇنىڭ بىۋاپا، شەپقەتسىز ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇنى ئەدىب ئايتولدى ئوبرازىدا يەكۈنلەيدۇ. ھاياتتىكى ۋاقىتلىق ھادىسىلەر ئايغا سىمۋول قىلىنغان. سەۋەبى، ئاي كۈنگە ئوخشىمايدۇ، بىرخىل ئەمەس ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، نۇرىنى ھەم بىردەك چاچمايدۇ. ئەنە شۇنداق تۇراقسىز، ئۆزگىرىشكە مايىل ھادىسىلەر قاتارىدا ئۆمۈر، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە بەخت چۈشەنچىلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. شائىرنىڭ پىكرىچە، جەمئىيەت بىلەن دۆلەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ سىرى بىر خىللىقتىن خالىي. ئۆمۈرمۇ ئەبەدىي ئەمەس، بەختمۇ شۇنداق. بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئاساسى ۋە مەنىسى تۇراقسىزدۇر. شۇڭلاشقا بۇ ھادىسىلەر ئايتولدى ئوبرازىغا مەركەزلەشكەن. يەنى كۈن بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ پىكرىچە، تولۇن ئاينىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ كۆزدىن كېتىدۇ، سۆلىتىنى يوقىتىدۇ. شۇڭلاشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئايتولدىنى بەختكە سىمۋول قىلغان. دۆلەت ۋە بەخت چۈشەنچىلىرى ئۆز ئارا بىر-بىرىگە ماس كېلىدۇ، ئۇلار ئۆتكۈنچى ۋە ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئۆمۈرنىڭ ئاخىرقى نەپسى ئۆلۈم بىلەن ئاياغلاشقاچقا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تۇراقسىز ھالەتكە ئەكېلىپ تۇرىدۇ. بەخت دېگەن ئەنە شۇنداق بىقارار ھادىسە. ئۇ بىردە بار بولسا، بىردە يوقاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىيتى قولنىڭ كىرىگە ئوخشايدۇ. ئەدىب پىكرىچە، بەختنىڭ يەنە بىر ئالامىتى- غاپىللىق، يەنى بىپەرۋالىق بىلەن باغلىق. بەخت قوينىدا ياشىغان ئىنسان كۆڭلەرنىڭ بىردە بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرەلمەي قېلىشى مۇمكىن. «قورسىقى توق ئىت - ئۇۋغا يارىمايدۇ» - دەيدۇ ئەدىب. سېمىزلىقتا مەھكۇم ئادەم ئەتىكى كۈننى ئۇنتۇپ قېلىشقا مايىل كېلىدۇ ياكى ئۇ بۇ ھەققىدە ئاز ئويلايدۇ، ھۇرۇنلۇققا ئادەتلىنىدۇ. دېمەك، ئەدىب ئۈچۈن جەمئىيەت، دۆلەت ۋە بەخت چۈشەنچىلىرى بىرتۇتاش ۋە مەنىداش. ئۇلار تۇراقلىق ھادىسىلەرگە زىت نەرسىلەردۇر. يەنى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ھاياتىنىڭ قىسقىلىقى ۋە ئۆلۈمنىڭ بىقارارلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىنساننىڭ ھاياتى تەبىئەتكە ئوخشاش ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. قىش كەتسە، ياز كېلىدۇ، يەر-جاھان كۆكلەيدۇ، ۋاقىت ئۆتۈپ يوپۇرماقلار سارغىيىپ، غازاڭ بولىدۇ. ئۇلار يەرگە چۈشۈپ، يوقاپ كېتىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ شۇنداق. ئۇمۇ ئايدەك تولۇپ، كۆكلەيدۇ، ئەمما قېرىغاندا يەنە شۇ يېرىم ئاي كەبى سولىدۇ. بەخت ۋە دۆلەتنى قەلبى ئويغاق، زېرەك ۋە ئادالەتسىزلىكنى نىشانلىغان ئادەملەرلا قولدا تۇتۇپ تۇرۇشى مۇمكىن. بۇ قاراش كۈنتۇغدى بىلەن ئايتولدىنىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەتتە ئېنىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئايتولدى ئىنسان تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، ئۆلۈم خىسلىتى ھەققىدە ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىدۇ. ئۆلۈم ئىجتىمائىي ھاياتنىمۇ بىۋاسىتە تەسىر قوزغايدۇ، ھەتتا ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ئۆلۈمنىڭ يەنە باشقا بىر ئەستەرلىك مەنىسى بار، يەنى ئۇ ئەقىل ھەم ئوي بىلەن زىچ باغلانغان . ئەقىللىق ئىنسان ئۆلۈمنى ھېچقاچان ئەستىن چىقارمايدۇ، ئۆتنە ئالەمدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئەسلا ئۇنتۇمايدۇ. قېرىلىق بولسا بىچارىلىقنىڭ ئالامىتى. مال-دۇنياسىمۇ ئۇنىڭغا ئەسقاتمايدۇ. بايلىق توپلاش بىلەنلا ياشىغان كىشى – ئەنە شۇ بىچارىلىككە تۇتقۇن. بۇ ئەنسىزچىلىكنىڭ بىشارىتى. بۇ تۇركۈمدىكى ئىنسانلار بەخت قوينىدا ياشىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇ دۇنيانىڭ ئەيىبىنى قەلبىگە سىڭدۈرۈۋالغان بولىدۇ. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە ئەلگە خىزمەت قىلىشتۇر. بۇنى ئۇ «تاپۇغ» دەپ ئاتايدۇ. جەمئىيەتتىكى بارلىق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ياكى باي-گادايلىقىغا قارىماي، خىزمەتكە تەييار بولۇشى كېرەك. بۇ ئەقىدە ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن بۈيۈك بىر خىسلەتكە ئايلىنىشى لازىم. پادىشاھنىڭ خىزمىتى بولسا تېخىمۇ ئۇلۇغ! چۈنكى ئۇ ئۆز ئېلىگە، بولۇپمۇ ياراتقۇچى قۇتقا (ئاللاھقا، خۇداغا دېگەن مەنىدە) خىزمەت قىلىۋاتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ تاپۇغى ئەل ۋە قۇت ئالدىدىكى جاۋابكارلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئويى بىلەن ئېيتقاندا، ھايات تۇراقلىق (ئەبەدىي) ۋە تۇراقسىز (ۋاقىتلىق) ھادىسىلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم قانۇنىيىتى ھەم سىرى. ئۇنى ھەممە ئىنسان توغرا چۈشىنىشى لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتنىڭ تۇراقسىزلىق ماھىيىتى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ. بۇ مۇھىم نۇقتا ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش سۆھبىتى داۋامىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىردە كۈنتۇغدى ئۆگدۈلمىشكە ئۆز پادىشاھلىقىنىڭ پاك نىيەتلىك ئىنسانلارغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بايان ئېيتىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئۇنىڭغا جەمئىيەتنى تاشلاپ كېتىپ قېلىپ، تاغ ئېتىكىدە يېگانە ياشاۋاتقان ئودغۇرمىش ئاتلىق قېرىندىشىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇ زات ئادەملەر بىلەن بىللە ھايات كەچۈرمەي، بەلكى تەركىدۇنياچىلىققا بېرىلىپ ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە تەپتىشلەپ سورايدۇ ھەم ئۇنىڭ جەمئىيەتكە يېنىپ كېلىشىنى ئۆتۈنۈپ، ئۆگدۈلمىشكە جېكىلەيدۇ. ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ يېنىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ خېتىنى تاپشۇرىدۇ. ئەمما ئودغۇرمىش تەبىئەتتە يېگانە ھايات كەچۈرۈش ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكى ئېتىقاد-تائىتىگە، ئېڭىغا مۇۋاپىقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىنسانلار ئارىسىغا بارمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆتۈنۈشىنى رەت قىلىدۇ. ئۆگدۈلمىش ھەيران بولۇپ، بۇ قارارىنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. ئودغۇرمىش قېرىندىشىغا جەمئىيەتنىڭ ئۈچ ئەيىبىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ

ئەيىبلەر ئادەمنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، جەمئىيەت گۇناھكارلار ياشايدىغان بىر ماكاندۇر. ئادەملەر ئەلمىساقتىن تارتىپ بۇ گۇناھلاردىن قۇتۇلالماي ئاۋارە بولۇشىدۇ، بەلكى ئۇلار بىلەن چىرمىشىپ-باغلىنىپ ياشايدۇ. چۈنكى جەمئىيەتتە ئۈچ خىل لەززەت-ھەۋەس ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى – قورساق-قېرىن ھەۋەس لەززىتى (بۇنىڭغا ھەۋەس باغلىغانلار ئاچكۆز، تويماس بولىدۇ، ئاسانلا ئاغرىققا گىرىپتار بولىدۇ)، ئىككىنچىسى – ئىشق-كۆڭۈل ھەۋەس لەززىتى (ئەر- ئايال مۇناسىۋەتلىرىگىلا ھەۋەس باغلىغانلار، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشىغا يول ئاچىدۇ)، ئۈچىنچىسى –تىرىكچىلىككە ئائىت ھەۋەس (بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بايلىق ۋە بىلىك لەززىتىگە ئامراق كىشىلەردىن كېلىدىغان خەتەر بەكمۇ چوڭ). قانچە ۋاقىت، قانچە دەۋرلەر ئۆتسىمۇ ئىنسانلار جەمئىيەتتىكى بۇ ئۈچ خىل لەززەتتىن زادىلا قۇتۇلالماي كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئۇلاردىن ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئودغۇرمىشنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جەمئىيەتنىڭ ساقايماس بىر ئاغرىقىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇ بىر ئەۋلادتىن ئىككىنچى ئەۋلادقا يۇقۇپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئودغۇرمىش ئىنسانلارنىڭ تىلغا ئېلىنىۋاتقان بۇ مەنپەئەتلەردىن كېچەلەيدىغانلىقىغا كۆزىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىدۇ. ئۆگدۈلمىش بۇ خىل جەمئىيەت ئەيىبلىرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى سورايدۇ. ئودغۇرمىش نېمە سەۋەبتىن قورساق-قېرىن لەززىتىنىڭ خەۋپىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھەۋەس-لەززەتكە بېرىلگەن ئىنسانلاردا ئاچكۆزلۈك ئالامەتلىرىنىڭ تەبىئىي قوزغىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىنسان مىجەزىدە سەلبىي نۇقسانلارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىللەتلەر ئىنسانلارنىڭ مەپكۇرىسىنى بۇزۇۋېتىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئاچكۆزلۈكنىڭ باشقا مەنىسى - قىزغىنىش ۋە ھەسەتتۇر. بۇ كۆڭلى توق كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس. ئودغۇرمىش كۆزى تويماسلىققا مۇپتىلا بولغان كىشىلەرنىڭ ئۇمۇمىي خەلققە ھېچ بىر پايدىسىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن جەمئىيەت روناق تاپمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە بۇ لەززەت جەمئىيەت ئەخلاقىغا ئائىت گۈزەل قاراشلارنى سۇسلاشتۇرىدۇ ھەم چىرىكلەشتۈرىدۇ، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنى ئەنسىرىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنىدىن كۆپلىگەن ئەۋلادلارنىڭ روھى زەئىپلىشىدۇ. ئودغۇرمىش بۇ ھەۋەس-لەززەتنىڭ دەردىدىن جەمئىيەت ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان ئىنسانلارنىڭ پاك ئەقىدىسى ۋە ۋىجدان-نۇمۇسىنىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئودغۇرمىشنىڭ پىكرىچە، بۇنىڭدىن قالسا ئىككىنچى لەززەت-ھەۋىسىنىڭمۇ ،يەنى ئەر-ئايال مۇناسىۋەتلىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان گۇناھلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان خەۋپ-خەتىرىمۇ خېلىلا چوڭدۇر. بۇ ئەيىب-ئىشرەتتىن تارىختا كۆپلىگەن تەقدىر ۋە قانچىلىغان جەمئىيەت(دۆلەتلەر) ۋەيران قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ گۇناھ-ئەيىبنىڭ مەنىسىمۇ يەنە شۇ قىزغىنىش بىلەن ھەسەتكە بېرىپ تاقىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىجتىمائىي ئاڭ-سەۋىيەگە چۈشكەن كۈيە. تۇغۇلغان بالا ئەخلاقلىق ئۆسۈپ يېتىلسە ياخشى، ئەمما ئۇ بالا ئەمەس، بىر بالاغا ئايلانسا ئىش چاتاق. ئەر ۋە ئايال ئارىسىدا شەرمى ھايا ۋە ئىشەنچ-ھۆرمەت يوقالسا، ئۇنداق جەمئىيەت ئۇزاققا بارماي بەربات بولىدۇ.

ئودغۇرمىشنىڭ ئېيتىشىچە، جەمئىيەتنىڭ ئۈچىنچى ئەيىبى- تىرىكچىلىك لەززىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بۇ لەززەتكە بېرىلگەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلى بايلىق توپلاش بىلەن ئۆتىدۇ. بايلىق توپلىغان كىشىدە ھۆكۈمران-ھاكىملىق ۋە ئۆزگىچىلىككە بولغان ئىنتىلىش ھەۋىسى كۈچىيىدۇ. ئۆزگىچىلىككە ئىنتىلىدىغان كىشىدە ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتلىرى ۋە شەخسىيەتچىلىك كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇمۇ ئىنسان مېڭىسىگە چۈشكەن بىر قۇرتتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئودغۇرمىشنىڭ بۇ ھاياتتىن ھېچنەرسىنى تەلەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قانائەت دەپ نام بېرىدۇ.

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئودغۇرمىشقا ئوخشاش جەمئىيەتتىن بېزىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىنسان نەسلى يوقايدۇ. ئەۋلاد قالدۇرۇش–ھەرقانداق ئىنساننىڭ بۇرچى ۋە ئىقبال ئاساسى. ئىنسان ئاچ قالسا، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ياخشىلىقمۇ ئاز. ئۇ چاغدا ئۆمۈرنىڭ نېمە مەنىسى قالىدۇ!؟ – دەپ قادىلىدۇ ئودغۇرمىشنىڭ كۆزىگە. دېمەك، ئىنسانلار جەمئىيەتنىڭ بۇ خىل ئۈچ ھەۋەس-لەززىتىگە قارشى تۇرىدىغان نەپس چۈشەنچىسىنى يېتىلدۈرسە، ئۇ چاغدا ئۇلار ھالال ۋە ھارامنىڭ مەنىسىنى توغرا تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆز نەپسىگە ئىگە بولۇش ئەڭ مۇھىم قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۆز نەپسىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان ھەم ئىگە بولۇشقا تىرىشمايدىغان ئىنسانلاردىن كېلىدىغان خەتەر چوڭ بولىدۇ. ئۆگدۈلمىشنىڭ پىكرىچە، ئەل غېمى بىلەن ياشىغان ئادەم باي ياكى گاداي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ نەپسى ھېچقاچان ئاۋارىگەرچىلىكلەرگە بېرىلمەيدۇ. كۆپچىلىكنىڭ دەردى بىلەن خۇشاللىقىغا ئورتاق ھايات كەچۈرىدۇ. دېمەك، ئەڭ بۈيۈك ۋە گۈزەل چۈشەنچە - ئەل غېمى ۋە تەقدىرى بىلەن ياشاشتۇر. شۇ سەۋەبتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆگدۈلمىشكە ئەقىل دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. ھاياتقا بولغان قانائەت، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن تولۇق ۋاز كېچىش ئەمەس، بەلكى قەلبىدىكى قانائەت-شۈكۈرچىلىك ھېسسىيات-ئەقىدىلىرىنى ئويغىتىشقا باغلىق. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشى بىلەن ئېيتقاندا، ئەقىل ۋە ئادالەت چۈشەنچىلىرىنىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىشسىز، يەنى تۇراقلىقتۇر. بۇ چۈشەنچىلەرگە يانداشقان جەمئىيەت گۈللىنىدۇ ۋە ھەر تەرەپتىن راۋاجلىنىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى بەدىئىي ۋە سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ ماھىيىتى ئالاھىدە. داستانىنىڭ تۆت سىمۋوللۇق ئۇلى بار. ئۇلار سىمۋوللۇق ئۇسلۇبتا ئىزاھلىنىدۇ:

1. ئادالەت، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئاساسى - قانۇن) ئەدىب ئادىل قانۇننىڭ ئۆزگەرمەيدىغان خۇسۇسىيىتىنى كۆنگە سىمۋول قىلىش ئۈچۈن پادىشاھىغا (ئېلىگكە) كۈنتۇغدى دەپ ئات بەرگەن.

2. دۆلەت، بۇ بەختكە ئوخشاشلا ئۆتكۈنچى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدىب ئۇنى ئايغا ئوخشىتىپ ۋەزىرنىڭ ئىسمىنى ئايتولدى دەپ قويغان.

3. ئەقىل، يەنى تۇراقلىق ۋە پۈتۈن ئەقىدە ئۇقۇمى. بۇنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى ئۆگدۈلمىش دەپ ئاتىغان.

4. قانائەت، بۇ تۇراقسىزلىق سىمۋولى. مەزكۇر ئوبرازنى ئۇقۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئودغۇرمىش دەپ ئات قويۇپ، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى سۈپىتىدە ئىزاھلىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېلىگ (پادىشاھ) كۈنتۇغدىنى ئادىل قانۇنغا ئوخشىتىپ، ئۇنى بېسىلغان تامغا-مۆھۈر دەپ چۈشەنگەن. شۇڭلاشقا ئېلىك ئۆزى يېتەكچىلىك («تاپۇغلۇق») قىلىۋاتقان دۆلەتكە ئۆزى كۆيۈنۈپ، قانۇنغا ئەمەل قىلمىسا قەتئىي بولمايدىغانلىقنى جىددىي تەكىتلەيدۇ. ئادالەت ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە تىنچلىق، خۇش كەيپىيات بەرپا بولىدۇ، دەيدۇ. ئادىل قانۇن بولسا ئېلىك كۈنتۇغدى ئۈچۈن جەمئىيەت ۋە ياراتقۇچى ئارىسىدىكى بۈيۈك بىر ئەمەل. شاھنىڭ قەدىر-قىممىتى جەمئىيەتنى ئادىل، قانۇنغا مۇۋاپىق باشقۇرۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىر 6- ئەسىردە پادىشاھلىق قىلغان مەشھۇر خۇسرەۋ ئانۇشىرۋانI دەۋرىنى مىسالغا ئالىدۇ. بۇ شاھنىڭ دەۋرى تارىختا ئادالەتلىك «ئالتۇن ئەسىر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان.

809 .قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

1458 . قانۇننى تۈز ياخشى قانۇن تۈزگۈچى،
يامان تۈزسە بولۇر تىرىك ئۆلگۈچى.

1459 . يامان تۈزمە قانۇنى، بەك ياخشى تۈز،
كۆڭۈلۈڭ ياخشى بولغان ۋە بەختىڭمۇ ئۈز.

3463 . ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

2136 . گەرچە قايسى بەگ خەلققە قانۇن بەرمىسە،
خەلقىن كۈزەتمەي يېگەنلەر يېسە.

2137 . بۇزۇلۇپ ئېلى، ئۇ خەلققە چاچار ئوت،
بۇ بەگلىك ئۇلى بولغاي شەكسىز نابۇت.

2032 . زۇلۇم - ئوت، يېقىنلاشسا ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن - سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۈنەر.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەدىب جەمئىيەتنى ئادالەتلىك باشقۇرۇش مەسىلىرىگە شۇ دەۋرىدىكى ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ھەرقانداق بەگ قانۇن ۋە تەرتىپكە رىئايە قىلمىسا مەملىكەت،جەمئىيەت ۋە ئەل گۇمران بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان. جەمئىيەت ئىچىدە ئادالەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرسە، ئۇ چاغدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ۋە مېھرىبانلىق بەربات بولىدۇ. ئەنە شۇنىڭ ئاقىۋىتىدە تۇراقسىزلىق پەيدا بولىدۇ.

ئەسەردىكى ۋەزىر ئايتولدى ئوبرازىنىڭ مەنىسىنى توغرا ئىزاھلاش لازىم. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ۋەزىر ئايتولدىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى دۆلەت ئۇقۇمىدۇر (بەختكە ئوخشاش ئۆتكۈنچى مەنىسىدە). ئايتولدى كۆسەمىش ئىسىملىك دوستىنىڭ ياردىمى بىلەن كۈنتۇغدىغا خىزمەتكە كېلىدۇ. شاھ ئۇنىڭ تەقۋادار، بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ۋەزىر قىلىپ سايلايدۇ. ئۇ سايلانغاندىن كېيىن ئادەملەر غەمسىز، پاراۋان ياشايدۇ، جەمئىيەت گۈللىنىدۇ. بىر كۈنى ئېلىك كۈنتۇغدى ئۇنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىدۇ. ئايتولدى ئىشىكتىن كىرىپلا، غەلىتە بىر قىلىقلارنى قىلىشقا باشلايدۇ. دەسلەپ بەگ ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولغاندا، ئۇ يۈز ئۆرۈپ، تەتۈر قارىۋالىدۇ. ئېلىك ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسىتىدۇ، ئەمما ئايتولدى ئۇنى رەت قىلىپ، ئىشىك بوسۇغىسىدىكى بىر دۈگىلەك توپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئۇنى ئاز دېگەندەك، ئايىغىنى كۆرسىتىدۇ. بەگنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. ئەگەردە جاۋاب بېرەلمىسە، قېنى بىلەن ئۆز گۇناھىنى يۇيىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئايتولدى ناھايىتى ئېغىربېسىقلىق بىلەن ئېلىككە جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئۇ تولغان زامان، قايتىدىن كىچىكلەيدىغانلىقىنى، تەبىئىتىنىڭ تۇراقسىز ئىكەنلىكىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئاي كۆنگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈنلىكىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى ھەرخىل مىساللار بىلەن ئىزاھلايدۇ. ئايتولدى پادىشاھقا: «سىز مېنى قۇچاقلىماقچى بولغىنىڭىزدا، مەن يۈز ئۆرۈۋالدىم. مېنىڭ پەيلىم ئۆزگىرىشچان دېمەكچى ئىدىم ، سىز يەنە ماڭا ئورۇن بەردىڭىز، مەن بۇ ھاياتتا ماڭا ئورۇن يوق دېمەكچى ئىدىم . دۈگىلەك توپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى– ئۇ نېمىشكە دومىلار؟ -دەپ سىزدىن سورىماقچى ئىدىم . مېنىڭ ماھىيىتىم - دۆلەت، يەنى بەختتۇر. ئۇلار ئەنە شۇ توپقا ئوخشاش دومىلايدۇ، شۇنى ئۇقتۇراي دېمەكچىدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەنىسى تۇراقسىز. مەن تولۇن ئايغا

ئوخشىدىم. ماڭا ۋاقىت يەتتى، قېرىدىم، مېنى ئەمدى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۆلۈم شەپقەتسىز. ئۆلگەنلەر كېتەر، تۇغۇلغانلار قالۇر، كونا نەرسىنى ئۆز ۋاقتىدا يېڭىلاش كېرەكتۇر، دېمەكچى ئىدىم » - دەپ تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ.

ئەمدى ئايتولدى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئارا سۆھبەت ئۆلۈمنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە بولىدۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ ئايتولدى ۋاپات بولىدۇ، ئېلىك ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆگدۈلمىشنى ۋەزىر قىلىپ سايلايدۇ.

ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىش ئوبرازلىرى سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆز زامانىسىدىكى سوپىزملىق چۈشەنچىلەرگە خاتىمە بەرگەن. ھەر ئىككى كىشىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىگە قاراپ شائىر ئۈچۈن قايسى سوپىزملىق قاراشلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. شائىر ياشىغان دەۋرلەردە سوپىزملىق ئېقىملار ئاساسەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. سولچى تەسەۋۋۇپ-سوپىلىققا يانداشقان ئودغۇرمىشقا ئوخشاش تەقۋادار كىشىلەر: « جەمئىيەت گۇناھكارلار ياشايدىغان جاي، شۇڭلاشقا ئىنسان ئەخلاقى بۇ يەردە ھېچقاچان تۈزەلمەيدۇ»دەپ ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە ئۈندىگەن، ھەر دائىم سەپەرگە ئاتلىنىپ، تەبىئەتتە يالغۇز ياشاشنى تەرغىب قىلغان. ئودغۇرمىشمۇ جەمئىيەتنى تاشلاپ چىقىپ، ئېگىز تاغنىڭ ئىچىدە ياشىغان. «تاغ تائەت قىلىشقا يارايدىغان ئەڭ مۇقەددەس جاي » دەپ چۈشەنگەن. ئوڭچى تەسەۋۋۇپ-سوپىلىققا ياندىشىشقان ئۆگدۈلمىشكە ئوخشاش تەقۋادار كىشىلەر بولسا: «جەمئىيەتتىمۇ خىلۋەت ئىچىدە، يەنى ئەل غېمىدە تەنھا ياشاشقا بولىدۇ. شۇ چاغدا جەمئىيەت گۇناھلىرى يۇيۇلىدۇ. ئىنسانلارنى ئۆز نەپسىگە ئىگە بولۇشقا ۋە ئۇنى ھەر دائىم چىڭ-مەھكەم تۇتۇۋېلىشقا ئۆگىتىش كېرەك. ئۇلارنى نىكاھنىڭ بۇزۇلۇشىغا يول قويۇشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك، بايلىق-خەزىنەنىڭ «قولنىڭ كىرى» ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنسانلارغا چۈشەندۈرۈپ قويۇش مۇھىم. ئەنە شۇ چاغدىلا جەمئىيەت تازىلىنىدۇ،باغلار كۆكلەيدۇ، گۈللەر ئېچىلىدۇ، ئىنسانلار خۇشال-خۇرام ھايات كەچۈرىدۇ» دەپ چۈشەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئىجتىمائىي-مەدەنىي ھادىسىنىڭ ئۇلىنى ئېنىقلاپ، ئۆز قەھرىمانىغا ئەقىل، يەنى ئۆگدۈلمىش دەپ نام بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئەقىل مەڭگۈ ۋە ئۆزگەرمەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. جەمئىيەتتىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلغان ئودغۇرمىش ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولىدۇ. شائىر بۇنى ۋاقىتلىق ھادىسە دەپ تونۇپ، ھاياتنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. مانا بۇ ئەقىدە-ئېتىقادنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تۈرك ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم «ئالىي شەھەر» تەلىماتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى ئالىم سۈپىتىدە تونۇيمىز.

# «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئىسلامىزم جەھەتتىن تەھلىل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدە بىر ئىككى سۆز

نۇرئەھمەت قۇربان*

(تۈركىيە)

***قىسقىچە مەزمۇنى:*** *تۈرك ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نەمۇنىلىرىدىن بىرى دەپ قوبۇل قىلىنغان قۇتادغۇ بىلىكنى تەتقىق قىلغاندا، بۇ ئەسەر يېزىلغان دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى، مۇئەللىپ يېتىشكەن مۇھىت ۋە ئەسەرنىڭ مۇھتەۋاسى قاتارلىق بىر قاتار ئېلېمېنتلار نەزەردە تۇتۇلغاندا مەزكۇر ئەسەرنى دىنىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەسەرنى بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن قاراپ باشتىن ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىققان ۋاقىتتا يۇقىرىدىكى قاراشنىڭ ئورۇنلۇق بولۇپ بولمىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق نامايان بولىدۇ. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ۋە تۈركىيەدە، شۇنداقلا باشقا ئەللەردە بۇ ئەسەر خېلىمۇخىل نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلىندى. ھەر تەتقىقاتچى ئەسەرنى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى مەركەز قىلغان ھالدا يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈپ تەپسىر قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئىسلامىي كۈلتۈر شارائىتىدا يېزىلغان، ئىسلام دىنىنىڭ رېئال مەسىلىلىرىنى ئەتراپلىق ھالدا ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئېنسىكلوپېدىيەلىك تەرىپى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنتۇلۇپ قالدى. ۋاھالەنكى بىر ئەسەرگە پارچىلار ئۈستىدىن باھا بەرگەندە مۇئەللىپىنىڭ مەقسىتىدىن چەتنەپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئىلىم ئەربابى قوبۇل قىلغان بىر مەسىلە.*

*ھەممىدىن ئاۋۋال قۇتادغۇ بىلىكنىڭ ئىسلامىي بىر مۇھىتتا، مۇسۇلمان بىر مۇتەپەككۇر تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنىپ يەنە مۇسۇلمان بىر ھۆكۈمدار (تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان يەنى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سۇلايمان ئارسلانخان)غا تەقدىم قىلىنغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرگە باھا بەرگەندە مانا مۇشۇنداق بىر شارائىتنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويمىغان ياخشى. ھەرقانداق بىر ئەسەرنى تەتقىق قىلغان مۇئەللىپىنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىدا تۇرۇپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ قىسقىغىنا تەتقىقاتىمدا بىرقانچە پاراگرافلىق مەلۇمات بىلەن قۇتادغۇ بىلىكنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە تىرىشىمەن. ئەپسۇسكى شەرقىي تۈركىستان زىيالىيلىرى بولۇپمۇ دىنىي ئۆلىما تەبىقىسى بۇ ئەسەردىكى قىممەتلىك جەۋھەرلەرنى تېخىچە بايقىيالمىغانلىقىغا شاھىتمىز. لېكىن مۇشۇنداق بىر قانچە بەتلىك بىر يازما بىلەن ئەسەرنىڭ دىنىي تەرىپىنى ھەققىي مەنىدە يورۇتۇپ بېرىش ئىمكانسىز. شۇڭا بۇ يەردە تەپسىلىي مەلۇمات بېرەلمەيدىغانلىقىمنى ياكى بۇنداق بىر مۇددىئايىمنىڭ يوقلۇقىنى ئوقۇرمەنلەرگە باشتا بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن.*

* دوتسېنت دوكتور، چاناققەلە ئونسەكىز مارت ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى.
ئېلخەت :
nurahmetkurban@gmail.com

## مۇقەددىمە

شەرقىي تۈركىستان خەلقى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆپلىگەن ئايماقلىردىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ ئىتنىك تۈزۈلۈشكە ئىگە بىر خەلق. شەرقىي تۈركىستاندا بەرپا قىلىنغان مەدەنىيەت، سەنئەت ئەسەرلىرى ئەنە شۇ خەلقنىڭ ئورتاق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. مەۋجۇتلۇقلىرى بىلەن بىللە تارىخ بەتلىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان دىنى ئېتىقادلىرى، ئۆرپ -ئادەتلىرى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەجرىبىلىرى مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زېمىن هازىرلىغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر. ئېتىقادى جەھەتتىن دۇنيا ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن تەڭ دۇنيا خەلقى بالىلىق چاغلىرىنى ياشاۋاتقان بىر مەزگىلدە زامانىمىزنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا ئاللىقاچان «يېڭىدىن تۇغۇلۇش ھەرىكىتى»نىڭ نەزەرىيەۋى مۇھىتىغا قەدەم قويۇپ بولغان ئىدى [1]. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆتمۈشتە قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسا، شۇ دىنىنىڭ ئىدىيەۋى قاراشلىرى ئۆپچۆرىسىدە ئابىدەۋىي شەخسلەرنى يېتىلدۈردى ۋە مەركىزى خاراكتېرلىك ئەسەرلەر مەيدانغا چىقاردى. بۇ ئەسەرلەردىن بەزىلىرى يەرلىك خەلقلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ نوپۇسلۇق بايلىقلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزلىرىدىن پەخىرلەنگەندە سانىماي ئۆتەلمەيدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە دائىر خورىماس مىراسلىرى، ئاساسەن شامانىزم، بۇددىزم ، مانىخېئىزم ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلاملىق تەگرى تەسەۋۋۇرى ۋە بۇنىڭغا باغلىق هالدا ياراتقان ئىجادىيەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئەنە شۇنداق ئەسەرلەردىن بىرى مەشھۇر مۇسۇلمان پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» باش تېما جەھەتتىن تارىختىكى تۇنجى ئەسەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ بۇ تېمىدا ئەسەرلەر يېزىلغان. دەرۋەقە ئىنسانلار ئۆتمۈشتىن هازىرغىچە داۋاملىق تۈردە بەخت-سائادەتنىڭ يولىنى ئىزدەپ كەلدى. كىلاسسىك يازما مەنبەلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىيلىرىدىن بىرى بولغان ئەپلاتۇننىڭ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 347-429) «دۆلەت» چۈشەنچىسى مۇشۇنداق ئارزۇلاردىن بىرى ۋە دەسلەپكى مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئەپلاتۇن بۇ ئەسەردە ياخشىلىق، باراۋەرلىك ، قۇدرەت، ھەقىقەت ۋە خۇسۇسەن شەھەرلىك بىلەن يېزىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى نەسرى شەكىلدە بايان قىلغان. ئۇ بۇ تېرمىنلار ھەرىكەت نۇقتىسى قىلىپ بېكىتكەن ۋە ئەڭ ياخشى دۆلەتنى قانداق قۇرۇشنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى تەسۋىرلىگەن. كېيىنكى ئەسىرلەردە ئىنسانلارنىڭ بەخت -سائادەت يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى مۇسۇلمان دۇنياسىدا يېڭى ئەپلاتۇنچى ئىدىيەنىڭ بايراقدارى ئەبۇ نەسىر فارابى (872-950) تەرىپىدىن «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»دە ناملىق ئەسەردە ئىسلامى قىياپەتتە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر كېيىن ئەينى مۇھىتتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ۋە ئىلىم تەھسىل قىلغان كاتتا تۈرك مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس هاجىپ (1070 - ؟) مۇقەددەملىرى ئېچىپ بەرگەن يولنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ئىنساننى بەختلىك قىلىشنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ چىقتى. نەتىجىدە ئوخشاش ماۋزۇدا قەلەمداشلىرىدىن ھەم بايان شەكلى ۋە ھەمدە ئىشلىگەن تېمىلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن پەرقلىنىدىغان يېڭى بىر ئەسەرنى روياپقا چىقاردى. ئەلۋەتتە بۇ يولدا ئىزدىنىش يۈسۈپ خاس هاجىپ بىلەن توختاپ قالمىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇتوپىك دۆلەتكە بولغان تەلپۈنۈشلەر، غەرب دۇنياسىدا توماس مورنىڭ (Thomas Moore، 1478-1535) «ئۈتۈپيا»، كامپېنىللانىڭ (Campanella،1568-1639) «قۇياش دۆلىتى»، ئالدوس ھۇكلېينىڭ (Aldous Huxley، 1894-1963)، «يېڭى دۇنيا» ۋە جورج ئورۋېلنىڭ (George Orwel، 1903-) «1984» ، (1950» دېگەندەك ئەسەرلەر بىلەن داۋاملاشتى.

قىسقىسى يۈسۈپ خاس هاجىپ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا باشلىغان دەۋردە ياۋروپا ئەللىرى خىرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ئىچىدە تېنەپ يۈرگەن، بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەتلىرى تېخى شەكىللىنىپ چىقمىغان، ئۆرپ- ئادەتكە تايىنىپ جەمئىيەت باشقۇرۇش سىستېمىسىدىن ھالقىپ قانۇن بويىچە دۆلەت باشقۇرۇش باسقۇچىغا كۆتۈرۈلەلمىگەن بىر باسقۇچتا ئىدى [2]. چۈنكى ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىردە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، ئىچكى ئۇرۇشلار، خەلق ئىسيانلىرى ئەۋجىگە چىققان بىر دەۋر ئىدى. ئىلىم- پەن تەرەققىي قىلمىغان ۋە ھەممە ئىش پوپلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. بىلىم ئۇلار رۇخسەت قىلغان دائىرىلەر بىلەن چەكلىنەتتى. بولۇپمۇ بالدۇر ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى ياۋروپادا كەڭ كۆلەمدە يېيىلغان خىرىستىيان دىنى ئېتىقادىنىڭ كۆزقارىشى ھاكىم ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىنساننىڭ تەبىئىتى مەنپىيلىكنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلاتتى. ئىنسان تۇغۇلۇشتىنلا گۇناھكار ئىدى. پەقەت ۋاقىت ئۆتكەنسېرى «يېڭىدىن تۇغۇلۇش» پىكرى پەيدا بولۇشنىڭ ساھەللىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ پىكىر ئېقىمى ئاران 15 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

ئەسلى تېمىمىزغا قايتايلۇق. مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئېيتقاندەك، «قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن پۈتۈن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسىنى، يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈم، قانۇن ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى، پەلسەپە ۋە دىن، ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر قامۇستۇر. ئۇسلۇب ۋە ژانىر جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا شۇ زامانغىچە مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەسەر.

XI- ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى [3]. ئەينى دەۋردە قاراخانىيلارنى مەركەز قىلغان تۈرك خەلقىنىڭ دىنىي مەپكۇرىسىنىڭ جانلىق تەسۋىرى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ھەر بىر مۇئەللىپ ئۆزلىرى ياشىغان مۇھىت ئىچىدە ئىنسانىيەتنى بەختلىك تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشتۈرۈشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئەسەرلىرىدە ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئىلمىي تەجرىبىسىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەرھۇم ئەھمەد زىيائىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى ئۇنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ [4]. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە يېتىشكەن ۋە ئەينى زاماندا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمى بىلەن ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىغا ئىگە بىر مۇتەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن گۈزەل بىر دۇنيا بەرپا قىلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ ئەسىرىنى بىلىم ئۇرغۇسى بىلەن ئاتىشى ئەسەرگە ئۆزگىچىلىك قازاندۇرغان ئەڭ مۇھىم ئامىل.

شائىر ئەسىرىدە ئۆز زامانىسىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالدىن نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. ھەممە كىشىنىڭ ياخشى ئىنسان بولۇشىغا بولغان تەشنالىقى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەزىلەتلىك، ئىلىملىك ئىنسانلار توپى بەرپا قىلىش ئارزۇسى، ئادالەتلىك ھاكىمىيەت، ئاسايىشتە ياشايدىغان مەرىپەتلىك خەلق، قوي بىلەن بۆرە بىر جايدىن سۇ ئىچىدىغان تىنچ بىر ئىجتىمائىي ھايات تۈزۈمى قۇرۇلۇشى، نادانلارنىڭ يوقىلىپ ئالىملارنىڭ كۆپىيىشى ۋە شۇنىڭدەك نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنىڭ يول قويۇلغان بىر دەۋر يارىتىلىشىنى ئارزۇ قىلغان. چۈنكى ئەينى دەۋر قاراخانىيلارنىڭ تەرەققىيات، ئىلىم-مەرىپەتتە تازا ۋايىغا يەتكەن دەۋرى بولسىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىچكى جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، پارچىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتقان، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش، ئوردا ماجىرالىرى، ئۆزئارا ئۇرۇش-جېدەللەر كۆپىيىپ كەتكەن ۋە دۆلەتنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتكەن ئىدى. شائىر بۇ ئەھۋاللارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن بايقىغان ئىدى [5].

مۇئەللىپنىڭ بايان قىلىشىچە پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچى ياخشىلىقتۇر. كىشىنى سائادەتكە ئىگە قىلىدىغان نەرسە ئىلىم دەپ ئېيتىپ ھەر قەدەمدە ئىلىمنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىگە دىققىتىمىزنى بۇرايدۇ. ئەلىيۇرتنىڭ ئاۋاتلىقىنى ئادالەتكە باغلايدۇ. ئادالەتنىڭ ئاساسى بولسا توغرا قانۇندۇر. ئىنساننىڭ كامىللىقى ئۇنىڭ بىلىملىك بولۇشىغا باغلىق. مۇئەللىپ ئەسەردە نادانلىقنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. پۈتۈن ھۆرمەتنى ئەقىلگە بېغىشلىغان. ئىنسانلارنى يامان قىلمىشلاردىن توسقان. كىشىنىڭ ئەبەدىي ھاياتقا، ئۆزى قالدۇرغان ياخشى ئىش-ئىزلىرى بىلەن ئېرىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان [6]. تۆۋەندىكى مىسرالار يۇقىرىدىكى قاراشلارنى دەلىللەپ بېرىدىغان پاكىتلاردۇر:

923 . ئى ياخشى! ساڭا كىم تويىدۇ. ئېيت ماڭا.
يېقىن كەل. مەن ئەمدى ئاچتۇرمەن ساڭا.

925 . يامانلىق بىلەن كەلسە ماڭا بەگلىك،
كېرەكمەس بۇ بەگلىك، قويارمەن ساڭا.

226 . ساڭا ئىككى دۇنيا گەر ئولسا تىلەك،
ئامالى ياخشىلىق ئېرۇر ئەيلەمەك.

227. ئەگەر ياخشى بولماق تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
يۈرۈ، ياخشىلىق قىل. قوي ئۆزگە سۆزۈڭ.

260 . جاھاندا نېمە بار بىلىمدىن قىممەت،
«بىلىمسىز» دېسە ئەر ئۈچۈن بەكمۇ سەت.

157 . بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر.

3463. ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈرۈك ئىرۇر.
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464 . يوق ئەسەر قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

4310 . سېنى «سىز» دېسەلەر، ئۇنى «سىز» دېگىل،
ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاپ سۆزلىگىل.

320 . ئاقىلغا ئۆز ئەقلى ئەشلىككە يارار.
نادانغا ئېتىنى بەس! قاغىش ياغدۇرار.

288 . ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلىم- ئۇ يورۇقلۇق. يورۇتقاي سېنى.

297 . ئەقىلدىن بۆلەككە ھۆرمەت بولمىغاي،
ئەقىلسىز ئەقىلسىز ئادەم ئۇ بىر ئۇچۇملا لاي.

## 1 ـ «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئىسلامىزم نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسى

ئىسلامىي مەيدانغا تۇرۇپ يېزىلغان بۇ ئەسەرنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى نۇقتىسىدىن تەھلىل ئەڭ توغرا بىر پوزىتسىيە بولسا كېرەك. دەرۋەقە «قۇتادغۇ بىلىك»تە بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى ئوچۇق ئاشكارا كۆرۈشكە بولىدۇ. ۋەتەن ئىچىدە بەلكى ئامالسىزلىقتىن بولسا كېرەك، خۇسۇسەن كىلاسسىك ئەدەبىيات مۇئەللىپلىرى ئومۇمەن

باشقا پەلسەپەۋى ئېقىملارغا تەۋە قىلىپ تۈرۈپ تەھلىل قىلىنىپ كەلدى. بۇنىڭ خاتا بىر تۈتۇم ئىكەنلىكى ئىلىم دۇنياسى قوبۇل قىلىنغان بىر نەزەرىيە . مەنبە، مەقسەت، مېتود ۋە ئىدېئولوگىيەلىك تەۋەلىك جەھەتتىن پەرقلىرى بولۇش بىلەن بىرگە بەشەرىي (ئىنسانىي) بىلىملەرنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئورتاقلىقلار بولۇشى نورمال ھادىسە. ئەسلىدە ئىسلام دىنى يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىلاھى دىن ئەمەس. قۇرئان ۋە سۈننەتتە بايان قىلىنغان نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەر، تارىختا ھېچقاچان بايان قىلىنمىغان ، پەقەت مىلادىيەنىڭ 7 - ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان ھەقىقەتلەر ئەمەس. قۇرئان جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. خاتالىقلارنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن تەكلىپلەر سۇنىدۇ. ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ يامان ئادەتلەر قۇرئان ۋە سۈننەتتىن خەۋەرسىز جەمئىيەتلەردىمۇ يامان ئىشلا قاتارىدا سانىلىدۇ. ئوغرىلىق ، غەيۋەت-شىكايەت، پىتنە-پاسات، باشقىلارنىڭ مىلىنى قانۇنسىز ئىلىۋىلىش، زۇلۇم، ئادەم ئۆلتۈرۈش... قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. شۇڭىدەك قۇرئاننىڭ ئىنسانلار تارىخىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشى ھەققىدە بەرگەن بەزى مەلۇماتلىرىنىڭ تەۋراتتىكىگە ئوخشىشىپ كېتىشى قۇرئاننىڭ تەۋراتتىن ئېلىنغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇنداقلا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ناھەقچىلىقنى تەنقىد قىلىشى، ئەمگەك ۋە ئەمگەكچىنى ماختاپ، رەھىمسىز فېئودال‌لارنى تەنقىد قىلىشى ئۇنىڭ بىر سوتسىيالىست بولۇشىنى تەقەززا قىلمايدۇ. بىزنىڭ بەزى تەقىقاتچىلىرىمىز ئەسەرلىرىدە ئۇنى خەلقئارالىق ئىنتېرناتسىيونالىزمنىڭ بىر ئەزاسى قىلىپ كۆرسەتكىلى تاس قالدۇ. شۇڭىدەك ھەرقانداق ياخشى ئىش قىلىدىغان ھەرقانداق بىر كىشىنى مۇسۇلمان دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.

بۇ يەردە شەرقىي تۈركىستانلىق ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن ئېيتقانىدەك 11 - 12 - ئەسىرلەردىكى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئىسلام خەلپىلىرى تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن قەدىمكى ختاي، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئىران، سۈرىيە ، مىسىر، گرېتسىيە ۋە رىم مەدەنىيتى ...نىڭ داۋامى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن» [7] دەپ قاراش، پۈتۈنلەي ختاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ كۆز قارىشى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇڭىدەك «ئۆتمۈش دەۋرلەردە يېزىلغان بارلىق ئەسەرلەرنى مۇئەييەن تارىخي شارائىتتىن قويۇپ، ماركسىزملىق تارىخي ماتېرىيالىزم قارىشى بويىچە تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ ئۇلارنىڭ تارىخي ئەھمىيتى بىلەن رولىنى ھەمدە چەكلىملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش» [8] قارىشىمۇ توغرا بىر پوزىتسىيە بولمىسا كېرەك. قۇتادغۇبىلىك قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ مۇقىم گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخي مۇھىتىنىڭ پەلسەپەۋى ئىدىيەسى ، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھوقۇقى ، ئەخلاقىي، مائارىپ ۋە ئېستېتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى قاراشلىرى بىلەن ئېتنىك ئوبرازىنى مەركەزلەشتۈرگەن بىر جاھاننامە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى [9]. بۇ دەۋرنىڭ ئۆزگىچە خاس تارىخىي ئالاھىدىلىكلىرى ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى شۇنداقلا خاقانىيە تىلىنى مەركەز قىلغان تۈرك تىل سىستېمىسىنىڭ دەسلەپكى غوللۇق مېۋىلىرىدىن دەپ قاراش مۇمكىن.

مەسىلەن:

809 . قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

817 . كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونقىم.

818 . ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا

دېگەن مىسرالار ھەرگىزمۇ سوتسىيالىستىك ئاڭنىڭ مەھسۇلى بولماستىن بىۋاستە ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى قۇرئاننىڭ ئەمرىدۇر [10]. شۇنداقلا «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئىنسان باراۋەر بولۇش قارىشى»، دۇرۇس بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى . چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ باش رەھبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەق-ھوقۇق مەسىلىسىدە شۇنچىلىك كەسكىن بىر يول تۇتقانكى بىر سۆزىدە «ئوغرىلىق قىلغان كىشى قىزىم فاتىمە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قولىنى كېسىمەن» [11] دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادالەت چۈشەنچىسىنى ئىپادە قىلغان. باشقا سۆزىدە يەنە قىزى فاتىمەنى دادام پەيغەمبەر دەپ خاتا يوللارغا كىرمەسلىكى كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرگەن تەقدىردە ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ [12]. شۇنداقلا بۇنىڭغا ئوخشاش مىسرالاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن، ئادالەت، ھەقىقەت مەسىلىلىرىدە ھەرگىزمۇ قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋارىسى ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ [13]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:

«قىيامەت كۈنى ئاللاھقا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈنىدىغىنى ۋە ماقام جەھەتتىن ئەڭ يېقىنى ئادىل يولباشچىدۇر. ئاللاھ تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلمەيدىغىنى ۋە ماقام جەھەتتىن ئەڭ يىراق بولغىنى زالىم دۆلەت رەئىسىدۇر» [14].

مەلۇم بولغايكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان قارا قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا قارىماي ئەسىرىدە شەرىئەت، خەلپىلىك كەبى پىرىنسىپلىرى، دىنىي مۇئەسسەسەلىرى، قازىلار ۋە باشقا دىنىي ئەقىدەۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمىغانلىقى راست. ھەتتا «ئاللاھ» ۋە «پەيغەمبەر» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئورنىغا يەرلىك ئىپادىلەرنى ئىشلەتكەن. چۈنكى ئەينى دەۋردە باشتا

قۇرئان كەرىم قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەر تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، دىنىي تېكىستلەرنى يەرلىك ۋە ئاممىۋىي تىلغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. بۇ ئەسەردە ئەدەبىي بىر ئۇسلۇپ ئېغىر سالماقنى ئىگەللەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ئىمگەلەر، تەپسىر ياكى فىقھ ۋە ياكى خەلق ئىچىدە ئومۇملاشقان ۋەز-نەسىھەت كىتابلىرىدا قوللىنىلغان مېتودنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرۇپ، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھى ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن ئەسەر ۋەقەلىكىگە سىڭدۈرۈپ تەسۋىرلەنگەن.

مەسىلەن: «يۇلتۇزچىلار يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ ھېسابىنى بىلىدۇ. ئەي ئىنسان مۇنداق ھېساب بەك لازىمدۇر. بۇنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ گېئومېترىيە ئوقۇ، ئاندىن ساڭا ھېسابنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە ھەممە كەسىرلەرنى تولۇق ئۆگەن. يەتتە قات ئاسماننىڭ سىرلىرىنى يەردە ياتقان غازاڭدەك پىششىق بىل. ئالگېبرا ئۆگەن» دېگەندەك مىسرالار، «دىنى ئەقىدىلەرگە بىۋاستە ئالاقىسى بولمىغان»دەك [15] قىلىسىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە يېزىلغان دىنى ئەسەرلەر بار. ھەتتا بۇ مەسىلىلەرنى قۇرئاندىكى يۇنۇس سۈرىسىنىڭ 5 - ئايىتى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا ئاسترونومى ئوقۇشنى دىنى جەھەتتىن ئۆگىنىش زۆرۈر ئىلىملەردىن ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، قۇرئاننىڭ تۇنجى نازىل بولغان ئايىتى ئىنساننى ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ. نېمىنى ئوقۇشنى مۇئەييەنلەشتۈرمەيدۇ. ئىنساننىڭ تۇرمۇشىغا پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆگىنىشنى بۇ ئايەتتىكى ھۆكمىگە داخىل قىلىشقا بولىدۇ. پايدىلىق ئىلىملەرنىڭ مۇھىملىق تەرتىپىنى ئىنسانلار ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا سوتسىيالىستىك ئاڭ بويىچە تەلىم ئالغان ياكى مەلۇم نىسبەتتە شۇ خىل مائارىپ سىستېمىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بەزى زىيالىيلىرىمىز ئىسلام دىنىنى دوگماتىك بىر دىن، مېتافىزىكىنىڭ ئۇيۇقلىرىدا ئېزىپ قالغان سەييارە، دۇنيانىڭ رېئال ھەقىقەتلىرىدىن يىراق، بىلىمسىز، جاھىل ئىنسانلار توپىغا تەۋە دەپ بىلىپ قالغان بولغاچقا قۇتادغۇ بىلىكتەك دىنىي، ئىجتىمائىي بىر ئەسەرنى ئىسلامى مەيداندا تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان. ھېلىھەم بۇنداق كاتتا ئەسەرنى يازغان كىشىنىڭ بىر مۇسۇلمان ئېكەنلىكىنى تولۇق قوبۇل قىلالمىغان. ھەتتا يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋرلەردە شەرقىي تۈركىستان رايونىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئاساسەن قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ئىلھام ئېلىپ تۇرۇپ قەلەمگە ئېلىنغانلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنىۋېتىلگەن. شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان قاراخانىيلار ۋە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىنىڭ ئىسلامىي ئالاھىدىلىكىنى ئويلاپ بېقىشقا كۆز يۇمغان.

شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك بۇ دەۋرلەردىكى ئەسەرلەر بەزىدە تەبىئەت پەلسەپەسىنىڭ قوراللىرى بىلەن تەتقىق قىلىنسا، بەزىدە ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراشنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان. فارابى، ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قەشقەرلىك مەھمۇد، يۈسۈپ سەككاكى، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەھمەد يەسەۋى قاتارلىق ئالەمشۇمۇل مۇتەپەككۇرلىرىمىز مۇشۇنداق پوزىتسىيەڭنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر مەسىلە شۇكى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى ئىلمىي يوسۇندا ، دەلىل ئىسپاتلىرى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان مەھمەت ئەمىن بۇغرانى بىر مۇسۇلمان تارىخچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش بەزى زىيالىيلىرىمىزغا ھېلىھەم بەك ئېغىر تۇيۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن ھۆر دۇنيادا شەرقىي تۈركىستانلىق زىيالىيلاردىن بىرىنىڭ زامانىۋى ئىمكانىيەتلەر سايىسىدە تېخىچە ئۇنچىلىك بىر ئەسەرنى يېزىپ باققىنى يوق. مەن مۇشۇ قاتارلىق قاراشلارنى «ئىلىم» ئەخلاقىغا سىغمايدىغان قاراشلار دەپ ئويلايمەن.

تۈركىيەدە «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ سانىمۇ خېلىلا كۆپ. ئۇلار تەرىپىدىن بۇ ئەسەر، ئىسلامىي تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن دەسلەپكى ۋە ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئەسەر ئىنسانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ [16]. لېكىن شەرقىي تۈركىستانلىق زىيالىيلارنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ دىنىي تەرىپىنى ئەتراپلىق بىر شەكىلدە تەتقىقات تېمىسى قىلىپ ئىشلىگىنىنى ئۇچراتمىدىم. بۇ بىزنىڭ قوبۇل قىلمىساق بولمايدىغان كەمچىلىكلىرىمىزدىن بىرى بولسا كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەربىر مۇسۇلمان مۇتەللىپكە ئوخشاش ئەسەرنى «بىسمىللاھ» باشلايدۇ [17]. ئەسلىدە بۇنىڭ ئۆزىلا قۇتادغۇ بىلىكنىڭ ئىسلام دىنىغا ئائىت بىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنىي چۈشەنچىلەردە بۇنداق ئادەت بارلىقى مەلۇم ئەمەس. نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۈكۈر قىلسا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى زىيادە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئىپادە ئىبراھىم سۈرىسى 7 - ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش.

مۇئەللىپ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىتابنى بايان قىلغاندا، تۆت ئۇلۇغ نەرسە ئاساس قىلىنغان. بىرى، توغرۇلۇق ئاساسىدىكى ئادالەتتۇر. ئىككىنچىسى، دۆلەت، بەخت-ئىقبالدۇر. ئۈچىنچىسى، ئۇلۇغلۇق بىلەن ئەقىلدۇر. تۆتىنچىسى، قانائەت بىلەن سالامەتلىكتۇر [18].

مەن تۆۋەندە قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەردىن نەقىل قىلىنغان بەزى بېيىتلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

## 2 ـ تەۋھىد چۈشەنچىسى

تەۋھىد چۈشەنچىسى ئىسلام دىنىنى باشقا دىنى چۈشەنچىلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ چۈشەنچىدە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ يەككە-يېگانە ئاللاھ ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش، ئاللاھقا مەخسۇس ئىسىم ۋە سۈپەتلەردە باشقا جانلىق ۋەيا جانسىز مەخلۇقلارنى ئۇنىڭغا ئورتاق قىلىش قەتئىي چەكلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەسىلىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

3749 . خۇدانىڭ قۇلى بىز ھەر ئىككىلىمىز،
بۇ قۇللۇقتا ئوخشاش مەرتىۋىدە بىز.

3750 . قۇل قىلسا قۇلغا قۇللۇق يارىقسىز بولۇر،
خىزمەتچىگە خىزمەت قەدىرسىز بولۇر.

مۇئەللىپ ئالەمنىڭ خۇدايى تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى روشەن ئىپادىلەر بىلەن ئىپتىراپ قىلىدۇ [19].

«قادىر بىر خۇدا ئۇ، جىمىدىن ئۈزا» دېگەن بىرىنچى مىسرادا مۇئەللىپ باشقا دىنى چۈشەنچىلەردىن پەرقلىق ھالدا يەككە ئىلاھلىق دىن بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئىبگىزى ھېسابلىنىدىغان تەۋھىد مەسىلىسىنى تەكىتلىگەن. ھەتتا ئۇنىڭ جىمى مەۋجۇداتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سۈپىتىنى بايان قىلىپ ئۇنىڭغا كۆپ مىننەتدار بولۇشنى، ئۇنىڭغا ھەمدۇ-سانا ئوقۇشنى، «ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، قادىر زۇلجالال ، ياراتقان، يېتىشتۈرگەن ۋە قادىر كامال» دېگەن مىسرالىرىدا چۈشىنىشلىك ھالدا بايان قىلغان. ئاللاھنىڭ بارلىق مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغان، تىرىلدۈرگەن ۋە مۇتلەق كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان [20].

تۆۋەندىكى مىسرالار بۇنىڭ ئوچۇق ئىسپاتىدۇر:

16. ئۇنىڭغا ئوخشايدىغىنى ياكى مىسالى يوق،
قانداق ئىكەنلىكىگە مەخلۇقاتنىڭ يەتمەيدۇ ئەقلى [21].

مۇئەللىپ بۇ مىسرالاردا ئاللاھنىڭ ھېچقانداق شېرىكى ۋە تەڭدىشىنىڭ يوقلىقى قارىشىنى بىزگە ئاشكارا ھالدا كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ئۇنىڭ بۇ قارىشى خىرىستىيان تېئولوگىيىسىنىڭ ئاساسى بولغان ئۈچ ئاساسلىق تەڭرى چۈشەنچىسىنى رەت قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئىپادىلەشكە ئىنسان ئەقلىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىشى، ئۆزىنىڭ پەلسەپۋىلىك ئارىلاشقان تەڭرى تەسەۋۋۇرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئاللاھ چۈشەنچىسىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «سەن تۈمەنمىڭ، سان-ساناقسىز تىرىكلەرنى ياراتتىڭ، تۈزلەڭ، تاغ، دېڭىز، دۆڭ ۋە ئويمانلىقلارنى ياراتتىڭ . يېشىل ئاسماننى تۈمەنمىڭ يۇلتۇز بىلەن بېزىدىڭ، قاراڭغۇ تۈننى نۇرلۇق كۈندۈز بىلەن يورۇتتۇڭ. قانچىلىغان ئۇچىدىغان، يەردە ماڭىدىغان، تىنىدىغان جانلىقلار سېنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ ياشايدۇ. ... بارچە نەرسە ساڭا موھتاج» [22] دېگەن مىسرالاردا قەدىمكى شامانىزم ۋە مانىخېئىزىملىق تەڭرى تەسەۋۋۇرىنى رەت قىلىدۇ. تاغ-دەريا ۋە كېچە-كۈندۈزنىڭ ھېچقانداق ئۇلۇغلۇق تەرىپىنىڭ يوقلۇقىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھقا موھتاج ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىسلام ئېتىقادىدا زامان ۋە ماكان مەسىلىسى، ئاللاھنىڭ «ئەرشكە ئىستىۋا»سى ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى مەسىلىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردىن بىرى. ئاللاھ بىلەن ماكان ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئىزاھلاش ھەققىدە ئىسلام كالامىزىمدا نۇرغۇن ئىختىلاپلىق ئىزاھاتلار بار. بۇ مەزھەپلەرنىڭ ئىچىدە مۆتىئەزىلە ئالىملىرى بىلەن بەزى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى ئاللاھنى ماكان ۋە زامانغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش شەكلىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئەھلى سۈننەت بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى «ئاللاھنىڭ تەڭدىشى ھېچقانداق شەيئى يوقتۇر»[23] دېگەن مەنىدىكى ئايەت بىلەن دەلىللەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ ئەسىرىدە ئاللاھنى زامان ۋە ماكاندىن ئايرىپ چۈشىنىدۇ ۋە يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىنى «ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ياكى ئۇنىڭغا مىسال بولىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق» [24] دېگەن بېيىت بىلەن زىكىر قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىدا پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىش تەۋھىد چۈشەنچىسىنى مۇھىم بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا تەۋھىد چۈشەنچىسىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى قوبۇل قىلمىغان كىشى مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئۆزىنى قىيامەت كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پىنىدا تىرىلدۈرۈشىنى تىلەيدۇ. ئۇنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ [25]. مانا بۇ ئىبارە ھاجىپنىڭ پەيغەمبەرگە ئىمانىنىڭ كامىللىقىنى كۆرسىتىدۇ. دەۋرىنىڭ بەزى پەيلاسوپلىرى ئوخشاش پەيغەمبەرنىڭ مەرتىۋىسىگە دەخلى قىلىدىغان بايانلاردىن يىراق تۇرىدۇ . ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنى خەلقنىڭ سەرخىلى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى دەپ تونۇيدۇ [26].

ھاجىپ ئەسىرىدە پەيغەمبەرنى «خەلقنىڭ قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەلى ، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ يولىغا چاقىرىدىغان تىنىمسىز جاپاكەش دەۋەتچى» دەپ مەدھىيىلەيدۇ [27]. مۇئەللىپ بۇ يەردىكى مىسرالىرىدا پەيغەمبەرنى ماختاپ مۇبالىغە قىلىۋېتىدىغان تەسەۋۋۇپ ئەربابىنىڭ پەلسەپەۋى پەيغەمبەر تەسەۋۋۇرىدىن سۆز قىلمايدۇ. پەيغەمبەرنى

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاللاھقا چاقىرغۇچى مۆتىۋەر ئىنسان سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، پىكرىي ئاشقۇنلۇقتىن ساقلانغان.

مۇئەللىپ مەزكۇر ئەسەردە تۆت خەلىپىگە ئۇزلۇكسىز سالام يوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . ھاياتى دۇنيادا ئۇلارنىڭ يولىدا بولۇشنى، قىيامەت كۈنىدە بولسا ئۇلارنىڭ جامالىنى كۆرۈشنى ئاللاھتىن سورايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىدا ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ [28]. بۇ ئىپادىلەر ئەسلىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەھلى سۈننەت مەزھىپىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇمكى ۋەتىنىمىزدە ئىران شىئە مەزھىپىنىڭ تەسىرى خېلىلا كۈچلۈك . شىئە مەزھىپى مەنسۇپلىرى ھەزرىتى ئەلىدىن باشقا خەلىپىلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. لېكىن مۇئەللىپ، بۇ يەردە ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا يول مەزھىپى- ئەھلى سۈننەتنىڭ يولىنى تۇتقان.

ئاخىرەتكە ئىشىنىش مەسىلىسىمۇ قۇتادغۇ بىلىكتە كۆپ ئۇچرايدىغان مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ، بۇ ئەينى زاماندا ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئىمان ئاساسلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . مۇئەللىپنىڭ 47 - بېيىتتە «قىيامەتتە سۆيۈملۈك پەيغەمبەر بىلەن بىللە تۇرغۇزغىن، 48 - بېيىتتە «قىيامەتتە تولۇن ئايدەك يۈزىنى كۆرسەت» دەپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشى، ئۇنىڭ قىيامەتكە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ دەلىلىدۇر.

تەقدىرى ئىلاھىغا ئىشىنىشمۇ يەنە مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ مۇھىم بار تەركىبى قىسمى ھېسابلىنىدۇ . ھاجىپ ئەسىرىدە بۇ ھەقتىمۇ قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىدۇ . مەسىلەن: «ئۇ قانداق خالىغان بولسا، ھەممە نەرسە شۇنداق بولىدۇ.»[29] دېگەن مىسرا ئاللاھنىڭ مۇتلەق ئىرادىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ خالىمىسا ھېچقانداق ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈلىدۇ .

## 3 ـ ئەمەل ئىبادەت مەسىلىسى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، تۆت خەلىپەنى زىكىر قىلغاندا ئۇلارنى بەزى سۈپەتلىرى بىلەن قوشۇپ زىكىر قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى «سىددىق» سۈپىتى بىلەن يەنى دىلى بىلەن تىلىنىڭ بىردەكلىكى ۋە ئاللاھقا بولغان كۈچلۈك ئىمانى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ساداقىتى بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ھەزرىتى ئۆسماننىڭ ھەق يولىدا مال دۇنياسىنى، جېنىنى پىدا قىلغان جۈرئىتىنى، خەلق ئىچىدىكى ئېسىل كىشىلىكى، دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇشتەك جاسارىتى، شەرىئەتنىڭ يۈزىدىكى پەردىنى كۆتۈرۈۋەتكەن كۈچ قۇدرىتى بىلەن ئىپادىلەپ ماختايدۇ. ھەزرىتى ئۆسماننىڭ شەرمى-ھاياسى، سېخىلىقى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ جەسۇر، يۈرەكلىك ، ئەقىللىق، قولى ئوچۇق، قەلبى ساپ، بىلىملىك، ئېتىقادلىق تەرەپلىرىنى گەۋدىلىك ھالدا زىكىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىدا بۇ تۆت خەلىپىدىكى

تۆت خىل ئالاھىدىلىك، ھەقىقىي يوسۇندا ماسلاشقاندىلا ھەقىقىي تىرىكلىكنىڭ بەرپا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىسلەتلەرنىڭ دىن ۋە شەرىئەتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئەسەردە تىلغان ئالىدۇ [30]. ئەسلىدە تۆت تۈرلۈك كىشىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن، ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى خۇلاسىلەپ چىقىرىۋېلىش ناھايىتى ئوڭاي بىر ئىش. دەرۋەقە ئۇ، مەزكۇر ئەسەرنى يېزىشتىكى غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىمۇ مۇشۇ مەسىلەلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر باش تېما پورترېتىسىنى سىزىدۇ.

مەسىلەن :

5488 . مۇسۇلمانلىقنى يولغا قوي. شەرىئەتنى تەرغىپ قىل،
شۇنداق قىلساڭ ياخشى نام قازىنىسەن، ئۇلۇغ بولىسەن.

5484 . مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرما، قول تەگكۈزمە،
ئۇلارنىڭ ھامىيسى تەڭرىدۇر. ئەي ئەلىگ.

5490 . مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەن قېرىنداشتۇر،
قېرىنداشلارغا چېقىلما دائىم ياخشى ئۆت.

5513 . كەمبەغەللەرنى بېيىتىش،
ئاچلارنى تويدۇرۇش كېرەك.

5534 . ئىشنى ئىش بىلىدىغان كىشىلەرگە تاپشۇر.

5546 . شەھەر كەنتلەردىن ئوغرىلارنى يوقاتقىن.

5547 . ئەل ئىچىدە خەلققە زۇلۇم قىلىدىغانلارنى يوقات.

5548 . يامانىڭ پەيلىنى جازا بىلەن تۈزەت،
يامانغا يامانلىق يارىشىدۇ. سەنمۇ شۇنداق قىل.

دېگەندەك مىسرالار دىنىنىڭ تۈرۈكى بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇن تۈزۈملەرگە ئالاقىدار مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ . ئەسەردە يەنە مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مەسىلىلىرىگە دائىر نۇرغۇنلىغان پرىنسىپال تېمىلار كۆپلەپ ئۇچراپ تۇرىدۇ .

دىنىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى ناماز ئىبادىتى ھېسابلىنىدۇ . يۈسۈپ خاس ھاجىپ «شۇنداق ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەنگەن » دەپ تەرىپلىگەن ئۆگدۈلمىش تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. دۇئا تىلاۋەتلەردە بولىدۇ [31].

ئەسىردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ سەممىزگە سىلىشقا تىرىشقان ناھايىتى مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى ئىبادەتكە باشلاشتىن ئىلگىرى ئىلىم ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

مەسىلەن:

3221 . ئەگەر بىلمىگەن بولساڭ، بىلىم ئۆگەن،
ئاندىن ئىبادەتكە قول ئۇزات.

3222 . بىلىم بەرگۈنچى، بىلىم بىلەن تائەت-ئىبادەت،
قىلغۇچى نىمە دەيدۇ ئاڭلا:

3223 . خۇداغا قىلىنىدىغان ئىبادەتكە بىلىم بىلەن يېقىنلاشقىن،
بىلىم دوزاخ ئىشىكىنى پېچەتلەيدىغان تامغا بولىدۇ.

3224 . بىلىم بىلەن قىلىنغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ.
بىلىمسىز ئىبادەت قىلسا، ساۋاپقا ئېرىشەلمەيدۇ.

3227 . سېنىڭ بۇ يەردەكى ئىبادىتىڭنىڭ بىرى- نامازدۇر،
يەن بىرى- روزا تۇتارسەن، ئەي ئوغۇل.

3231 . ئىبادەت قىلغۇلۇق، ئۇنى خەلقتىن يوشۇرغۇلۇق،
تائەت كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى ئاز دەپ بىلگۈلۈك.

3232 . كىشىلەرنىڭ ياخشىسى تائەت-ئىبادەت قىلسا،
ئۇنى خەلقتىن يوشۇرىدۇ، ئىشىكىنى ئېتىپ قويىدۇ.

3239 . پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئۆتە
كەمبەغەللەرنىڭ ھەججى،- جۈمە نامىزىنى ئۆتە.

نامـاز ۋە روزا ئىبادەتلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بۇ بېيىتلاردىن بىز مۇئەللىپنىڭ دىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ساھەلىرىگە بولغان قارىشىنى بىلىۋالالايمىز. لېكىن ئۇ، دىنىي ئىبادەتلەرنى پەقەت ناماز ۋە روزا بىلەن چەكلەپ قويمايدۇ. دىننى باشقا ياخشى ئىشلار بىلەن بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە تەھلىل قىلىدۇ. ناماز ئۆتەپ ۋە روزا تۇتۇپ قويۇش بىلەنلا دىنىي ئىشلارنى بولدى قىلىش ئىسلام دىنىدا قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر تۇتۇم ھېسابلىنىدۇ . قىسقىسى دىن- ناماز ۋە روزىدىن ئىبارەتلا ئەمەس. مۇئەللىپ بۇ مەسىلىگە مۇسۇلمانلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا پەرز نامازلاردىن باشقا ئىبادەتلەرنى ئىنسانلاردىن مەخپىي قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، ئازغىنە ئىبادەت قىلىپ قويۇپ مەغرۇرلىنىپ كېتىشنى سۆكىدۇ. خەلققە پايدىلىق بولۇش، ئىنسانلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش، قېرىنداشلارغا باغرىنى ئېچىش، مېيىپلار، قېرى-چۆرىلەرگە يار-يۆلەكتە بولۇش، دۇنيانى ھالالدىن تېپىش ، كەمبەغەللەرنىڭ قولىدىن تۇتۇش، ئۇلارغا يۆلەنچۈك بولۇش، كىشىلەرگە قارشى مېھرىبان بولۇش، باشقىلارنىڭ پايدىسىنى ئۆزىنىڭ پايدىسىدىن ئەۋزەل بىلىش قاتارلىقلارنى تەكىتلەيدۇ [32]. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ھەر بىر مەسىلە ، يا قۇرئاندىن بىرەر ئايەتنىڭ ھۆكمى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن بىرىنىڭ مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەخسۇس بۇ تېمىلاردا تۈركچە يېزىلغان ماقالىلار بار. تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن شۇلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

## 4 ـ ئىنساننىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى ئۇلۇغلايدۇ

ئىسلام ئېتىقادىدا ئىنساننىڭ قىممىتى ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ . بەدىنى، چۈشەنچىسى، ئىززەت-ئابرويى ، مال-مۈلكى، سالامەتلىكى ۋە ھاياتىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنغانلىقى دىنىي قانۇنلار بىلەن تەمىنات ئاستىغا ئېلىنغان. لېكىن 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ھۇمانىزملىق ئىنسان چۈشەنچىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان چۈشەنچىسىدىن پەرقلىنىدۇ. ئىسلامدا ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا دەخلى-تەرۇز قىلمىغان شارائىتتا كۈچكە ئىگە. شۇنىڭدەك ئۆزىگە زىيان سالىدىغان قىلمىشلامۇ چەكلىنىدۇ. بۇ ۋەجىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان بەزى بايانلىرىغا قاراپ ئەسەرنى ھۇمانىست ئىدېئولوگىيەنىڭ كۆزقاراشلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنىڭ خاتا بىر يول ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئاللاھنىڭ ئىنساننى يارىتىپ بارچە مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا ئەخلاق، پەزىلەت، ئەقىل ۋە پاراسەت ئاتا قىلغانلىقى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قەلب ئاتا قىلغانلىقىنى، ھايا ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئۆگەتكەنلىكىنى يازىدۇ. مۇئەللىپنىڭ قارىشى شۇنداقلا ئىسلام دىنىڭ قارىشىدا ئىنسان، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئىلىم بىلەن بۈگۈنكى بۈيۈكلۈككە ئېرىشكەن. بىز بۇ ئىپادىلەرنىڭ ئوخشىشىنى قۇرئان ئايەتلىرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز [33]. كىتابنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمىدە ئىنساننىڭ شان-شەرىپى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى پۈتۈنلەي ئىلىمگە باغلايدۇ. جاھالەتنى سۆكىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ئىنسان قارىشى مۇشۇنداق. لېكىن مۇسۇلمانلار كۈچ قۇدرەتلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ ئىلىم ئۆگىنىشنى مەلۇم ساھە بىلەن چەكلەپ قويغانلىقتىن بۈگۈنكىدەك خارلىققا مەھكۇم بولۇپ قالغان. بۇ كەمچىلىك دىنىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس، مۇسۇلمانلارنىڭ بىخۇدلۇقىدىن كېلىپ چىققان. ئەسلىدە غەرب دۇنياسى «يېڭىدىن ئويغىنىش» دەۋرىدە تونۇشقان ئىلىم-ئىرانىڭ ئەھمىيىتى ئاللىبۇرۇن ئىسلام ئېتىقاد سىستېمىسىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەزكۇر ئەسىرىدە بۇ مەسىلىنى جانلاندۇرۇش ۋە ئۇنى تەكىتلەشنى ئۆزىگە غايە قىلغان.

مۇئەللىپ ئەسىرىنى بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق تۆردىن ئورۇن ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بىلىمسىز يۈرەكنىڭ ئىشقا يارىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەغرۇرلانماستىن ئىنسانلارنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ. دۇنيا ھاياتىغا قاتتىق بېرىلىپ كېتىشنى سەلبىيلىك دەپ تەسۋىرلەيدۇ. مۇئەللىپ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا كەمتەرلىك بىلەن ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا ئاللاھتىن كەچۈرۈم سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ۋە تۆت چاھارىياغا سالام يوللاپ ئەسەرنى تاماملايدۇ [34].

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

«قۇتادغۇ بىلىك» مەرھۇم ئەھمەد زىيائى ئېيتقاندەك نوقۇل بىر داستان بولمىغاندەك، ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان تارىخ، تاغ-دەريالار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان جۇغراپىيە ياكى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ پائالىيەتلەرنى توپلىغان خاتىرە ۋە ياكى ھېكمەتلەرنىڭ پىكرىگە تايانغان پەلسەپە ۋە ياكى شەيخلەرنىڭ پەندى- نەسىھەتلىرىنى يەتكۈزىدىغان نوقۇل بىر نەسىھەتنامىدىن ئىبارەت بىر ئەسەر ئەمەس. ئۇ، كۆرۈنۈشتە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تىپىك نەمۇنىسى، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەدەبىي ئەسەر. لېكىن ئۇتوپىيە ئەمەس. ئۇنىڭدا كۈچلۈك لىرىكلىق روھى بار. لېكىن ئۇ نوقۇل لېرىك داستان ئەمەس. ئۇنىڭدا دراما ئېلېمىنتلىرى مەجۇت، لېكىن دراما ئەمەس. شۇنىڭدەك ئۇ تار مەنىسى بويىچە دىداكتىك داستانمۇ ئەمەس. چۈنكى بۇ ئەسەردە شۇنداق مەزمۇنلار، شۇنداق ھەقىقىي ھاياتقا باشلايدىغان يوليورۇقلار، قەتئىي تەكلىپلەر، پەلسەپەۋى تەپەككۇرلار باركى، بۇ مەۋجۇدىيەت ئۇنىڭغا «دىداكتىك» سۆزىنى بىز قوللىنىۋاتقان مەنا بىلەن قوللىنىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا تەلىم-تەربىيەۋى ئېلېمېنتلار مەۋجۇت. ھاياتى كۈچكە ئىگە شۇ قەدەر رېئال كۆرسەتمىلەر، ئالىي تىلەكلەر باركى، ئۇ ئاللىقاچان ۋەز- نەسىھەت دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتكەندۇر. مەزكۇر ئەسەردە بۇنىڭ نۇرغۇن مىساللىرىنى ئۇچرىتىمىز[35].

ئەسەردە مەركەزلىك ھالدا ئادەمگەرچىلىك، راستچىللىق، توغرىلىق، ساپلىق، ئىنساپ، ئادالەت، ئىشەنچ، ساداقەت، خۇش پېئىللىق، شېرىن سۆزلۈك، مۇلايىملىق، ساخاۋەت، ئوچۇق كۆڭۈللۈك، مەرىپەتلىك، خالىسانىلىك، ھۆرمەت-ئېھتىرام، تەدبىرلىك ئاقىللىق، ھالاللىق، ئىزگۈلۈك قاتارلىق ياخشى خىسلەت ۋە پەزىلەتلەرنى غەيرى ئىنسانلىق، يالغانچىلىق، ئەگرىلىك، نائىنسابلىق ، بىۋاپالىق، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم، ئىشەنچسىزلىك، ساداقەتسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق، قوپاللىق، ھۆرمەتسىزلىك، نادانلىق، جاھىللىق، ھارامزادىلىك، ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، خۇشامەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىق سەلبىي خۇسۇسىيەتلەر بىلەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ. شۇ ياخشى خىسلەت ، پەزىلەتلەردىن كېلىپ چىقىدىغان بەخت-سائادەت بىلەن سەلبىي خۇسۇسىيەتلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھالاكەتلىك ئاقىۋەتلەرنى جانلىق مىساللار ۋە ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ . روشەن سېلىشتۇرملار ئارقىلىق مۇئەللىپ چىن ئىنسان ۋە ئۇنىڭدا ھاسىل بولىدىغان مۇقەددەس خۇسۇسىيەتلەر ئومۇم كىشىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا دۇنيا ئەدەبىياتىدا بەلكى ھۇمانىزم غايىسىنىڭ تۇنجى ساداسى ھېسابلىنىدۇ . پەقەت مۇئەللىپ، يازغۇچى ئابلەت ئۆمەرنىڭ ئەكسىچە دىنىي پۈتۈنلىك ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ئىسلام دىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان ئالاھىدىلىكلەر ھېسابلىنىدۇ [36]. شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنى «سادىدا ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشى...» [37] بىلەن سۈپەتلەپ كۆرسىتىش خاتا. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاخىرەت چۈشەنچىسىنى تەكىتلىگەندە دۇنيانى، دۇنيا ئىشلىرىنى تەكىتلىگەندە ئاخىرەت ئىشلىرىنى كۆزدىن نېرى قىلمىغان. تەركى دۇنيالىقنى رەت قىلىپ. دۇنيا ۋاستىسى بىلەن ئاخىرەتنى تېپىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان [38].

## خۇلاسە

ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئوقۇش بىلەن باشلىنىپ، يەنە ئاللاھقا مۇناجات قىلىپ بىلەن ئاخىرلاشقان «قۇتادغۇ بىلىك» ئىسلام مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىسلامىي ئاڭ بىلەن يېزىلغان دىنىي ۋە ئەدەبىي بىر ئەسەر. مۇئەللىپ بۇ ئەسەردە ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىن باشلاپ تاكى ئائىلە ئىچىدىكى مەھرەم مەسىلىلەرگىچە بولغان رېئېل مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن، ئەدەبىي ئۇسلۇبتا ئوقۇرمەنلىرىگە يەتكۈزۈشكە تىرىشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ دىنىي ئىلىملەرنى ھەر قايسى ساھەلىرىدە پىششىق يېتىشكەن كاتتا دىنىي ئالىم. ئۇنى ئۇنداق ياكى مۇنداق بىر ئىدېئولوگىيەگە تەۋە قىلىپ تەتقىق قىلىش ھەم مېتودىكىلىق خاتالىق تۇغدۇرۇدۇ ھەمدە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى مۇئەللىپ يەتمەكچى بولغان نىشاندىن چەتنىتىۋېتىدۇ. باشتىن ئاخىرىغىچە دىنىي بىر ئاڭنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئەسەرنى كامىل بىر مۇسۇلماننىڭ يېزىپ چىققانلىقىنى ئىككىلەنمەي ئېتىراپ قىلىش ئىلمىي ئەخلاقنىڭ تەقەززاسى بولسا كېرەك.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

[1] «يېڭىدى تۇغۇلۇش» دەپ تەرىپلىگەن ھەرىكەت 15 - ئەسىردە ئىتالىيەنى مەركەز قىلغان بىلىم، سەنئەت، ئەدەبىيات، ئارخېئولوگىيە تارىخ، ئىنسان سۆيۈگۈسىنى ئاساس قىلغان ھۇمانىزم، كۈلتۈر ۋە بىناكارلىق جەھەتتىن بۆسۈش خاراكتېرلىق تەرەققىياتلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان بىر باسقۇچنى كۆرسىتىدۇ.

[2] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا»، تارىخىي مىراس- قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە بايان (1)، (ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى) نەشرگە تەييارلىغۇچى: زاىپ دولات، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986، 73 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

[3] ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، مىراس- قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە بايان (3)، ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى)، نەشرگە تەييارلىغۇچى: غۇلام ئەبەيدۇللا، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرياتى، 1986، 94 - بەت.

[4] ئەھمەد زىيائى، «تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە مۇھكىمە ۋە بايان»، تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە 1-، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرياتى، 1986، 27 - بەت.

[5] ئەھمەد زىيائى، «تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە مۇھكىمە ۋە بايان»، تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە (1) ، 49 - 50 -بەتلەر.

[6] ئەھمەد زىيائى، «تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە مۇھكىمە ۋە بايان»، تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە (1)،29 - ۋە 34 - بەت.

[7] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا»، 70 - بەت.

[8] ئابلەت ئۆمەر، «تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە مۇھكىمە ۋە بايان»، تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە (1)، 105 - بەت.

[9] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن، يۇقۇرىدىكى ئەسەر،71 - 72 - بەتلەر. ئوخشاپ كېتىدىغان مەلۇماتلار ئۈچۈن قاراڭ: ئابلەت ئۆمەر، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىدىيۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم»، 91 - 92 - بەت.

[10] سىلىشتۇرمىسى ئۈچۈن قاراڭ: قۇرئان كەرىم، نىسا سۈرىسى، 135 - ئايەت.

[11] بۇخارى، سەھىھۇل بۇخارىي، كىتابۇل ھۇدۇد 12.

[12] بۇخارىي، سەھىھۇل بۇخارى، ۋەسايا 11؛ مۇسلىم، سەھىھۇل مۇسلىم، ئىمان، 89.

[13] مەمتىمىن يۈسۈپ، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىملىق ئىزدىنىش»، مىراس- قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە بايان (4)، ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى)، قەرشقەر ئۇيغۇر نەشرياتى، نەشرگە تەييارلىغۇچى: غۇلام ئەبەيدۇللا، 5 - بەت.

[14] ترميذي، كتباب الأحكام، باب «ما جاء في الإمام العادل».

[15] بۇ يەردىكى مەلۇماتلار ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىيۋىي سىستېمىسى توغرىسىدا» ناملىق لېكسىيەسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىندى. قاراڭ: مىراس- قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە بايان (2)، ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى)، قەرشقەر ئۇيغۇر نەشرياتى، 4، 13 - بەت.

[16] رەشىت رەھمەتى ئارات، ئىسلام ئانسىكلوپېدىسى (مىللى مائارىپ مىنىستىرلىكى نەشر ياتى)، ، ؛ م. جامال سوفۇئوغلۇ، «قۇرئان ۋە ھەدىس كۈلتۈرۈنۈن قۇتادغۇ بىلىكتەكى ئىزلەرى»، دوقۇز ئەيلۇل ئۈنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيات فاكولتېتى ئىلمى ژۇرنىلى، 5 - سان، ئىزمىر، 1989 - يىلى، 127 - 128 - بەتلەر.

[17] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرياتى، 2006، -18 بەتلەر.

[18] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرياتى، 2006، 10 - بەت.

[19] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا»، 75 - بەت.

[20] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشىرياتى، 2006، 3 - بەت.

[21] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشىرياتى، 2006، 20 - بەت

[22] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشىرياتى، 2006، 20 - بەت

[23] شۇرا سۈرىسى، 11 - ئايەت.

[24] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006، 20 - بەت.

[25] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشىرياتى، 2006، 21 - بەت

[26] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشىرياتى، 2006، 22 - بەت

[27]. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشىرياتى، 2006، 22 - 23 - بەت

[28] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشىرياتى، 2006، 21، 24 - بەت

[29] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006، 3 - بەت.

[30] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006، 24 - 25 - بەتلەر.

[31] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006، 405 - 406 - بەتلەر.

[32] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006، 398 - 402.

[33] ئىسرا سۈرىسى، 70 - ۋە داۋامىدىكى ئايەتلەر، ئەلەق سۈرىسى، 1 - 5 - ئايەتلەرو بەقەرە سۈرىسى، 269 - ئايەت.

[34] يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قۇتادغۇ بىلىك، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006، 812 - 816 - بەتلەر.

[35] ئەھمەد زىيائى، «تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە بايان»، تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە (1)، 41 - 42 - بەتلەر. ئوخشاش پىكىرلەر ئۈچۈن قاراڭ: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا»، 74 - بەت.

[36] ئابلەت ئۆمەر، «تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە بايان»، تارىخى مىراس قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە (1)، 127 - 128 - بەتلەر.

[37] مۇھەممەت زۇنۇن، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت كۆزقارىشى توغرىسىدا»، 173 - بەت.

[38] ئابلىمىت روزى، «قۇتادغۇ بىلىك»، داستانى ۋە تۆتىنچى شەخس ئودغۇرمىش ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر»، 261 - 264 بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قۇتادغۇ بىلىك ۋە ئىسلام دىنى

ئالىمجان بۇغدا*
(تۈركىيە)

## كىرىش

8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر قوماندان قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ تۈركىستان دىيارىغا ئاياق بېسىشى بىلەن ئىسلام دىنى تۈركىستان تېررىتورىيەسىدە تارقىلىشقا باشلىدى. تەخمىنەن مىلادى 930 - يىللىرى قاراخانىيلار سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەشقەردە ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قاراخانىيلار تېررىتورىيەسىدىكى بارلىق تۈرك قوۋملىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار دۆلىتى ، قاراخانىيلار سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئىلىم - مەرىپەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. ئىسلام دىنىنىڭ تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا چوڭقۇر ئورۇن ئىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تۈرك مەدەنىيتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان تۈرك - ئىسلام مەدەنىيتىدىن ئىبارەت يېڭى بىر دەۋر شەكىللەندى. بۇ دەۋردە ماۋارائۇننەھر (تۈركىستان) ئىلىم - مەرىپەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ دەۋردە فارابى، بۇخارىي، بىرۇنىي، ماتۇرىدىي، نەسەپىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت كاشغەرىي، ئەھمەد يەسەۋى، ئەھمەد يۈكنەكىي قاتارلىق داڭلىق ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلار يېتىشىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇلارنىڭ ئىچىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت كاشغەرىيگە ئوخشاش بىر تۈركۈم ئالىملار، ئىسلام دىنى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ كەلگەن تارىخىي مەدەنىيتىنى ئاساسلىق گەۋدە قىلغان ھالدا، ئۆزىگە خاس «تۈركىستان كىملىكىنى»نى شەكىللەندۈرۈشتە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرى، ئەنە شۇ مەدەنىيەت تەسەۋۋۇرنى ۋە مىللىي كىملىكنى ئىپادىلەپ بەرگەن شاھ ئەسەرلەردىن بىرىدۇر.

## قۇتادغۇ بىلىك

«قۇتادغۇ بىلىك»، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن 18 ئايدا يېزىلىپ تاماملانغاندىن كېيىن، مىلادى 1070 - يىلى قاراخانىيلار سۇلتانى تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە قەشقەردە تەقدىم قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي شاھ ئەسەردۇر. «قۇتادغۇ بىلىك»نى بەزىلەر «سىياسەت نامە» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئەدەبىيات ۋە داستان» ۋە يەنە بەزىلەر «ئەخلاق ۋە پەلسەپە» دېگەندەك ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئاتاپ كەلمەكتە. بۇ خىل ئاتاشلار، ئەسەرنىڭ نە قەدەر مول مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»، ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى تونۇشتۇرغاندا:

350 .كىتابنىڭ نامىنى «قۇتادغۇ بىلىك» قويدۇم.
ئوقۇغانلارنى بەختلىك قىلسۇن ۋە يول كۆرسەتسۇن.

351 . مەن سۆزۈمنى سۆزلىدىم (ۋە بۇ) كىتابنى يازدىم،
(بۇ) ئىككى دۇنيانى تۇتۇشقا سۇنۇلغان قول (بولسۇن).

352 .كىشى ھەر ئىككى دۇنيانى بەختلىك ھالدا (قولدا) تۇتالىسا،
بەختلىك بولىدۇ، بۇ سۆزۈم ھەق، راستتۇر.

ئىنساننى ئىككى دۇنيا بەخت - سائادەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى، بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم ياكى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى مەلۇماتلار مەنىسىدۇر . يەنى بۇ ئەسەرنى تونۇشتۇرغاندا مۇئەللىپنى، دۆلەت ئىدارىسىنى، خەلقنىڭ دىنى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى ۋە ئەسەرنىڭ مەزمۇننى دىققەت ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا «قۇتادغۇ بىلىك»نى «ئىككى دۇنيا بەخت - سائادەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان ئىلىم» دەپ ئاتاش تېخىمۇ مۇۋاپىق بولسا كېرەك. چۈنكى بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ھەقىقىي بەخت - سائادەت، ماددىي ۋە مەنىۋى ، دۇنيا

* دوكتور، قەھرىمانماراش سۈتچى ئىمام ئۇنۇېرستېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى
ئېلخەت:
abugda@ksu.edu.tr

ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم مەلۇماتلىرىنى تۇغۇلغان يېرى بولغان غەربىي تۈركىستاندىكى بالاساغۇن ئالدى. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇ، چوڭقۇر دىنى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، تۈرك ۋە تۈركىستان تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئىنتايىن پۇختا بىلىدىغان، جەمئىيەتنى ياخشى چۈشەنگەن پەرھىزكار، زاھىد بىر كىشى ئىدى. بىر خەلقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە بەخت - سائادەتكە ئىگە قىلىشتا ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىسلاھاتى ۋە دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يەتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بالاساغۇندىن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان قەشقەرگە بېرىپ، «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنى يېزىپ تاماملاپ قاراخانىيلار سۇلتانى تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلما ۋە مەزمۇنىنى ئۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن قەلەمگە ئالدىكى، ئۇنىڭدا دىرامچىلىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەتتىكى ئەشيا ئوبرازى ۋە تەسەۋۋۇرى ئاساستا كىشى خاراكتېرىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىسلام پىرىنسىپلىرىنى ئاساسلىق نۇقتا قىلغان ھالدا ئەقلى تەپەككۇر بىلەن بايان قىلغان. ئۇنىڭدا بىر جەمئىيەتنى قۇرۇق پەندى - نەسىھەتكە تايىنىپلا ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىپ، كونكرېت ۋەقە ئېپىزوتلىرى ئەكسى ئەتتۈرۈش مېتودى ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشقان .

«قۇتادغۇ بىلىك» 85 باب، 6.645 بېيىت ۋە 13.290 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەسەر باشتا مۇسۇلمانلىق نىشانىسى بولغان «بىسمىللاھ » بىلەن باشلانغان.

مەسلەن:

1 . ياراتقان، تەربىيە قىلغان ۋە كەچۈرگەن ئىگەم،
(خۇدا)نىڭ نامى بىلەن سۆزۈمنى باشلايمەن.

ئارقىدىنلا قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى تائالاغا (ئاللاھغا) مەدھىيە - سانا ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى بايان قىلغان ئاساسدا 33 بېيىتتا ئىسلام دىنىدىكى ئېتىقاد ئاساسلىرىنى ۋە بىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھغا قانداق ئېتىقاد قىلىشى لازىملىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن.

مەسلەن:

2 .قۇدرەتلىك بىرلا ئاللاھغا تۈمەنمىڭ سانا
ۋە كۆپ مەدھىيە (بولسۇن)، ئۇ يوقالمايدۇ.

3 .(ئۇ) بوز يەر، يېشىل ئاسمان، كۈن ۋە ئاي، تۈننى،
خەلقنى، زامان ۋە كۈنلەرنى ياراتتى.

4 . بۇ ھەممە بارلىقنى خالىدى ۋە ياراتتى،
بىرلا (پەيدا) بول دېيۋىدى، خالىغىنىنىڭ ھەممىسى (پەيدا) بولدى.

5 . يارىتىلغان ھەممە نەرسىلەر (ئۇنىڭغا) مۇھتاج،
موھتاجسىز بىرلا خۇدا، (ئۇنىڭ) شېرىكى - ھەمراھى يوقتۇر.

6. ئەي ئەركىنلىك ، قۇدرەتلىك، مەڭگۈ موھتاجسىز خۇدا،
بۇ ئات سېنىڭدىن باشقىغا لايىق ئەمەس.

7. ئۇلۇغلۇق (ۋە) بۈيۈكلۈك ساڭىلا خاس،
سېنىڭدىن باشقا ساڭا تەڭتۇش يوق.

8. ئەي بىر (خۇدا)، ساڭا باشقا بىرسى (ھەرگىز) ئورتاق
بولالمايدۇ، سەن ھەممىدىن ئاۋۋالسەن، ھەم ئاخىرسەن.

25. ئەي، بىر (خۇداغا) ئىشەنگۈچى، (ئۇنى) تىلىڭ بىلەن مەدھىيلە،
دىلىڭ شەكسىز ئىشەنگەن ئىكەن، ئەقلىڭنى ياۋاش تۇت.

26. ئۇنىڭ تەكتىگە يېتمەن دېمە، كۆڭلۈڭنى كۆزەت،
(ئۇنىڭ)بارلىقىغا ئىشەن - دە، خاتىرجەملىككە ئېرىش.

27.ئۇنىڭ قەيەردە، قانداقلىقى ھەققىدە ئىزدەنمە، ئۆزۈڭنى تۇت،
ھېچ يەردە ۋە ھېچقانداق ئەمەس دەپ بىل، (بۇ توغرىدا) كۆپ سۆزلىمە.

28. ئەي، موھتاجسىز ئىگەم، سەن بۇ موھتاج قۇلۇڭغا شەپقەت
قىلىپ، بارلىق گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن.

29. ساڭىلا سېغىنىدىم، ئۇمىدىم سەندە،
موھتاج بولغان يېرىمدە مېنىڭ قولۇمنى تۇت.

30. مېنى سۆيۈملۈك پەيغەمبەر بىلەن بىللە تۇرغۇز،
ئادالەت كۈنى (قىيامەتتە) ئۇنى ماڭا يېتەكچى قىل.

31. تۆت ھەمراھىنىڭ ھەممىسىگە داۋاملىق،
ئۈزۈلدۈرمەي تۈمەنمىڭ سالام يەتكۈز.

32. ئۇلۇغ كۈندە (ماڭا) ئۇلارنىڭ يۈزىنى كۆرسەت،
ياخشى سۆزىنى ماڭا يول كۆرسەتكۈچى قىل.

33. ساڭا لايىقىدا مەدھىيە ئوقۇيالمايمەن ،
سېنى ئۆزۈڭلا ماختا، سۆزۈم كېسىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 2 -

بابىدا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خىسلىتىنى، ئەخلاق - پەزىلىتى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز ئۈممىتىنىڭ راھىتى ۋە ئازابتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن قانچىلىك پىداكارلىقلار كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلغان.

مەسىلەن:

34. شەپقەتلىك ئىگەم سۆيۈملۈك پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى،
(ئۇ) خەلق ئىچىدىن تاللانغىنى، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى (ئىدى).

35. (ئۇ) قاراڭغۇ تۈندە خەلققە مەشئەل بولدى،
يورۇقلۇق چېچىپ، سېنى يورۇتتى.

36. ئۇ خۇدادىن ساڭا دەۋەتچى ئىدى،
شۇنىڭدىن كېيىن، (ئەي) قەھرىمان، توغرا يولغا كىردىڭ.

37. ئۇ، ئاتا، ئانىسىنى پىدا قىلدى،
تىلىكى - ئۈممەتلىرى ئىدى، شۇڭا (ئۇلارغا) يول كۆرسىتىپ بەردى.

41. (ئۇ) ئاتا - ئانىدىنمۇ مېھرىبان ئىدى،
خۇدادىن داۋاملىق (ياخشىلىق) تىلەيتتى.

42. (ئۇ) خۇدانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى ئىدى،
ئۇنىڭ مىجەز خۇلقى ياخشى، قىلىقى تۈز ئىدى.

43. ئۇ كەمتەر، مۇلايىم، ياخشى مىجەزلىك، ھايالىق،
رەھىمدىل، سېخى، قولى كەڭ ئىدى.

46. ئۇنىڭ يولىغا كۆڭۈل باغلىدىم،
ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ، خۇشاللىق بىلەن سۆزىنى ئاڭلىدىم.

47. ئىلاھىم، كۆڭلۈمنى كۆزەتكىن،
(قىيامەتتە) سۆيۈملۈك پەيغەمبەر بىلەن بىللە تۇرغۇزغىن.

48. قىيامەتتە تولۇن (ئايدەك) يۈزىنى كۆرسەت،
ئىلاھىم، ماڭا ئۇنىڭ يول كۆرسەتكۈچى قىل.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 3. بابىدا «خۇلەفائى راشىدىن» دەپ ئاتالغان تۆت ساھابىنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پىداكارلىقىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بايان قىلغان. مەسىلەن:

49. ئۇنىڭ كۆرۈپ ئاۋۇندىغان تۆت ھەمراھى بار ئىدى،
بۇلار (پەيغەمبەرنىڭ) بىللە تۇرىدىغان مەسلىھەتچىلىرى ئىدى

51. دەسلەپكى، ھەممىدىن ئاۋۋالقىسى ئاتىق ئىدى،
(ئۇنىڭ) كۆڭلى تىلى بىلەن بىردەك، خۇداغا ئىشەنگەن.

52.(ئۇ) مال - دۇنياسى، تېنى ۋە جېنىنى پىدا قىلدى،
(پەقەت) پەيغەمبەرنىڭ رازىلىقىنى تىلىدى.

53.ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى فارۇق - كىشىلەرنىڭ خىلى ئىدى،
(ئۇ) دىلى بىلەن تىلى بىردەك، خەلق ئىچىدە ئېسىل (كىشى) ئىدى.

54.بۇ سادىق ياردەمچى، دىنىنىڭ تىرىكى بولۇپ،
شەرىئەت يۈزىدىكى پەردىنى كۆتۈردى.

55. كېيىنكىسى ھايالىق، خۇش مىجەز ئوسمان بولۇپ،
كىشىلەر ئىچىدە ئەڭ سېخى، قولى ئوچۇق ئىدى.

57. بۇنىڭدىن كېيىنكى تاللانغان ئەلى بولۇپ،
ئۇ باتۇر - جەسۇر، يۈرەكلىك، ئەقلى تولۇق ئىدى.

58. ئۇنىڭ قولى ئوچۇق، قەلبى ساپ،
بىلىملىك، ئېتىقادىمنى ، نامى ئۇلۇغ ئىدى.

59. بۇلار - دىن ۋە شەرىئەتنىڭ ئاساسى ئىدى،
ئۇلار كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈردى.

60. بۇ تۆت ھەمراھ مەن ئۈچۈن (تەبىئەتنىڭ) تۆت ئاساسىدەك تۇيۇلدۇ،
تۆت ئاساس مۇۋاپىقلاشسا، ھەقىقىي تىرىكلىك بولىدۇ.

61. مەندىن ئۇلارغا داۋاملىق، تۈمەنمىڭ سالام يەتكۈزگەيسەن، ئەي ئىگەم!

62. ئۇلارنى دائىم مېنىڭدىن رازى قىلغىن،
(ئۇلارنى) ئۇلۇغ كۈندە ماڭا يول كۆرسەتكۈچى قىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»نى «بىسمىللاھ» بىلەن باشلاپ، جانابى ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت - سالام ۋە چاريار تۆت ساھابىگە مەدھىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەزمۇنلارنى كۆنتۈگدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى دىراماچىلىق سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ بايان قىلغان. مۇئەللىپ بەلكى بۇ يەردە خۇددى تەبىئەتتىكى تۆت ئاساس مەۋجۇدات ئىچىدە قانداق مۇھىم بولغان بولسا، ئىسلام تارىخىدا «خۇلەفائى راشىدىن» دەپ ئاتالغان تۆت ساھابە قانداق مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، ئىنسان جەمئىيىتىنىڭ ھەقىقىي مەنىدە بەخت - سائادەتكە ئىگە بولۇشىدىمۇ ئادالەت ۋە ئادىللىق، بەخت - سائادەت، ئەقىل - پاراسەت

ۋە قانائەت ئىنتايىن مۇھىم دەپ قاراپ، كۆنتۇغدىنى ئادالەت ۋە ئادىللىقنىڭ سىمۋولى ، ئايتولدىنى بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى، ئۆگدۈلمىشنى ئەقىل - پەراسەتنىڭ سىمۋولى ۋە ئودغۇرمىشنى قانائەتنىڭ سىمۋولى قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىردە پېرسوناژ كۆنتۇغدىنى، «ھۆكۈمدار ، ئادالەت ۋە قانۇن»نىڭ سىمۋولى قىلغان بولۇپ، دۆلەتنى ۋە خەلقنى ئىدارە قىلىدىغان ھۆكۈمدارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسلەتكەن ئاساستا ئادالەتنى قانداق بەرپا قىلىش ۋە قانداق ئىجرا قىلىشنى لازىملىقنى بايان قىلغان. ئۇنى خەلق ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويغان بولۇپ، ئۇ دۆلەتكە ۋە ئۆلكىدىكى بارلىق مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتقا خۇددى قۇياش كەبى بولۇشى كېرەك. ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەت چۈشەنچىسىنى ئۇ قەدەر ياخشى ئاڭلاتقانكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « ئەگەر ئوغرىلىق قىلغان قىزىم پاتىمە بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ قولىنى كېسەتتىم» سۆزىنى خاتىرلىتىدۇ.

مەسلەن:

809. مەن ئىشلارنى ئادالەت بىلەن ھەل قىلىمەن،
كىشلەرنى بەگ تائىپىسىدى، قۇل تائىپىسىدىن دەپ
ئايرىمايمەن.

817.مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ياكى يېقىنىم - تونۇشۇم بولسۇن،
مەيلى يولچى، ئۆتكۈنچى، ياكى مېھمان بولسۇن.

818. قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىسى مەن ئۈچۈن بىردەك،
ھۆكۈم قىلغاندا، (ھېچبىرى) مەندە پەرق تاپمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىردە پېرسوناژ ئايتولدىنى «بەخت - سائادەت»نىڭ سىمۋولى قىلغان. بۇ دۆلەت ئىدارىسىدىكى ۋەزىر، باش مىنىستىر ۋە ئەمەلدارلارنى كۆرسەتكەن بولۇپ، خەلق بىلەن روبىرو خىزمەت قىلىدىغانلارنى بەخت - سائادەت دەپ ئاتىغان. يەنى خەلققە بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلگۈچى. بۇنى ئايغا ئوخشاتقان بولۇپ، ئاي قانداق يېڭىدىن تۇغۇپ، ئاستا - ئاستا چوڭىيىپ تولۇنئاي ، كېيىن كىچىكلەپ ئاستا - ئاستا يوقالغان، ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ يەنە ئون بەشى قاراڭغۇ ۋە بىر يەردە تۇرمايدىغان بولسا، بەخت - سائادەتلەرنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاتقان. بەخت - سائادەتلەرنىمۇ بىر يەردە مۇقىم تۇرمايدىغانلىقىنى ۋە مۇستەھكەم تۇتۇشنىڭ بەك تەسلىكىنى بايان قىلغان.

ئەسەردىكى پېرسوناژ ئۆگدۈلمىش، ۋەزىر ئايتولدىنىڭ كېچىكلىكىدىن يېتىم قالغان ئوغلى ۋە «ئەقىل - پاراسەت »نىڭ سىمۋولى قىلىنغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئوبرازىدىن بەكرەك ئالىيجانابلىق ۋە نۇرغۇن پەزىلەتلەرنى ئىگىللىگەندىن تاشقىرى، ئۈستۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىمگە ئىگە بولۇپ، بۇ خىسلەتلەر ئارقىلىق دۆلەت ۋە خەلقتە خىزمەت قىلىشنى ئاساسى پىرىنسىپ قىلغان بىر ئوبرازدۇر . ئۆگدۈلمىش، مۇكاپاتلانغان، ماختالغان (مەھمۇد، ئەھمەد، مۇھەممەد) دېگەندەك مەنىلەرگىمۇ كېلىدۇ.

يەنە ئەسەردىكى پېرسوناژ ئودغۇرمىش، ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، قانائەتچان ، ئالىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ ۋە زاھىد بىر شەخستۇر ۋە «ئاقىۋەت»نىڭ سىمۋولىدۇر . ئۇ دۇنيانى بىر ئۆتەڭ ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا قولىدا قالمايدىغان ئەرزىمەس بىر ئالدانما ۋە ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ قالىدىغان ئاخىرەت ئوزۇقىنى تەييارلاش لازىملىقىنى بايان قىلغان. مەيلى ئادالەت ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ھۆكۈمدار بولسۇن، مەيلى خەلقتە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدىغان مەرتىۋىلىك كىشلەر بولسۇن، مەيلى ئىنسانغا يول كۆرسىتىدىغان ئەقىل - پاراسەتلىك بىلىم ئەھلى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆلۈمنى ۋە ئاخىرەتنى ھېسابقا قاتقان ئاساستا ھەرىكەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىردە بىر جەمئىيەتتىكى بارلىق تەبىقە ئىنسانلارغا كېرەك بولغان ھېكمەت بىلەن يۇغۇرۇلغان پەندى - نەسىھەتلەرنى بايان قىلغان كېيىن، ئاخىرىدا شۇ ۋاقىتتىكى رىئېل جەمئىيەتتىكى بەزى توغرا بولمىغان ئەھۋاللارنى بايان قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى مۆتىۋەر كىشلەرنى لايىقىدا قەدرى - قىممىتىنى قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭمۇ بۇ نامۇۋاپىق ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزەشكە چاقىرغان:

«ئەي بىلىملىك كىشى، ئەتراپىڭغا بىر باق. كۆنىمىزدە ئىشلار تامامەن ئۆزگەردى. نېمىلەرنى كۆرسەڭ، بىلىملىكلەر خارلانغان، ئېتىباردىن چۈشكەن، چەتكە قېقىلغان. ئەقىللىقلار تىلسىز، ئۇلار ئاغزىنى ئاچماس.

مەملىكەتتە ناچار ئىنسانلار كۆپەيدى، ياخشى ئىنسانلار ئاياقلار ئاستىدا خار. ھاراق بىلەن يۈزلىرىنى يۇيۇپ ئىبادەتلىرىنى قىلمايدىغانلار ھۆرمەت كۆرەر بولدى، ھاراق ئىچمەيدىغانلار بېخىل. خالىغانچە ئات چاپتۇرۇپ، ئىشلارغا پاسات ئارىلاشتۇرۇپ يامانلىق يايغانلار مەرد سانىلىدىغان بولدى. نامىزىغا ۋە روزىسىغا داۋام قىلىدىغانلار بۇزغۇنچى ھېسابلاندى .

ھالالنىڭ پەقەت نامىلا قالدى، ھەممە ياقنى ھارام قاپلىدى، ئۇنىڭ ھېسابقا قاتقان يوق. ھارام بازار تاپتى، پەقەت ئۇنىڭغا تويغانمۇ، ھارامغا ھارام دېگەنمۇ يوق، ئۇنى قويۇپ ھالال يېگەنمۇ يوق. دۇنيانىڭ ھالى ئۆزگەردى، ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى بىلەن تىلى بىر - بىرىگە ماس كەلمەس بولدى. ۋاپا ئورنىنى جاپا ئىگىلىدى، توغرا يولدا ماڭغان كىشى نەدە؟!

كىچىكلەردە تەربىيە، چوڭلاردا ئوقۇمۇشلۇق قالمىدى. قوپال ئىنسانلار ئەتراپنى قاپلىدى، ئەپەندى ۋە مۆلايىم كىشىنى نەدە تاپالايسەن؟!

ئامانەتنىڭ نامى قالدى، ئۇنىڭ يېرىگە كەلتۈرگەن يوق. نەسىھەتنىڭ ئىسمى بار، ئۇنى ئۇنى تۇتقان يوق. دۇرۇسلۇق ئورنىنى قىڭغىرلىق ئالدى. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ھەقىقىي ئىش قىلىدىغان ئادەم قالمىدى. ئىنسانلار پۇلنىڭ قۇلى بولدى، بايغا بويۇن ئەگدىلەر. جامائەت كۆپ، جامەلەر ئاز ئىدى، ھازىر جامەلەر كۆپەيدى، جامائەت ئازايدى.

مۇسۇلمانلار بۇزۇلدى، بىر - بىرىنىڭ گۆشىنى يەيدىغان بولدى، كاپىرلار بولسا تامامەن ھۇزۇر ئىچىدە. مۇسۇلمانلارنىڭ مېلى بۇلاندى، تالان - تاراج قىلىندى. بۇزۇقچىلىق ۋە ناچار ئىللەت ئۇ قەدەر ئاۋازىنى يۈكسەلتتىكى، كېچىلىرى ئۇخلىغىلى بولمايدۇ. قۇرئان ئاۋازى، ئىلىم ئاۋازى ئاڭلانماس بولدى. كۆڭۈللەر قوپاللاشتى، تىللار يۇمشىمىدى. دۇرۇسلۇقنىڭ ئۆزى ئۈچۈپ كەتتى، پۇرىقى قالدى...»

## خۇلاسە

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغان ۋە تەتقىق قىلغان ھەر قانداق بىر كىشى، بۇ ئەسەرنىڭ ئاددىي بىر ئەسەر بولمىغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. بولۇپمۇ دىنىي ۋە مىللىي تۇيغۇغا ۋە مەلۇم سەۋىيەگە ئىگە بىرسى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا «قۇتادغۇ بىلىك»، بىر مۇسۇلماننىڭ، بىر جەمئىيەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ - بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ - بەخت سائادىتىگە ئېرىشىشىگە ۋاسىتە بولىدىغان بىلىم ۋە مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر شاھ ئەسەردۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى «قۇتادغۇ بىلىك»، بىر پۈتى تۈركىستان تۇپراقلىرىدا بولسا يانا بىر پۈتى قۇرئان ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىگە يەنى ئىسلام ئاساسلىرىغا تايانغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر ئەسەردۇر.

بۇ ئەسەر، مىللىي كىملىكىمىزنى ۋە مەۋجۇدىيىتىمىزنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ قويۇش تەھلىكىسىدە تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئۈچۈن مىللىي كىملىكىمىزنى ساقلاش ۋە «مىللىي مەپكۇرە» يارىتىش نۇقتىئىنەزەر نەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بەكلا مۇھىمدۇر. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە خىزمەت قىلماقچى بولغان ئۆلىما، زىيالىي، سىياسەتچى، تىجارەتچى، ھۈنەر - كاسىپ، قىسقىسى بارلىق ساھەدىكى كىشىلىرىمىزنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىن ۋە خەلقى ئۈچۈن پىداكار كىشىلىكنى ئۆرنەك، ھايات مۇساپىسىدە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھېكمىتىنى قوللىغا زىرە، ئۇنىڭ دەۋەت مېتودىنى ئۆزىگە يول قىلىشى لازىمدۇر.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» (نەسرىي يەشمىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2012 ، (4 - نەشرى)

Yaşar Çağbayır, Kutadgu Bilig (Günümüz Türkçesine Aktarma), Türkiye Diyanet Vakfı, Ankara, 2019 (3. baskı).

www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مىڭ يىللىق مۇقەددەس ئۆگۈتلىرى

ئەسەت سۇلايمان*

(ئامېرىكا)

بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىماسى تۈرۈكلۈك ئىدېئولوگىيەسىنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا مىڭ يىل ياشىدى. 11 - ئەسىردە قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەردە يېزىلىپ، ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ خەزىنىسىگە قوشۇلغان «قۇتادغۇ بىلىك» تارىم ئويمانلىقىدىن قارا دېڭىز بويلىرىغىچە بولغان شەرق مۇسۇلمان خاندانلىقلىرىنىڭ مىڭ يىلدىن بۇيانقى ھاكىمىيەت دەستۇرىغا ئايلاندى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ خاقانىيە تۈركچىسىدە يېزىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن قوليازما نۇسخىلىرى مىڭ يىلدىن بۇيان قەشقەردىن ۋېناغىچە، ھېراتتىن قاھىرەگىچە بولغان مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ كۇتۇپخانىلاردا ئوقۇلۇپ كەلدى.

قانچە ئەسىرلەر ئۆتۈپ، قانچىلىغان پەسىللەر ئالماشتى. زامان ئېقىمى توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ، ساناقسىز تاڭلار ئاتتى. تارىخ چاقى ئىرالار بويى چۆرگۈلەپ، ئۇزاق ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە ئۇلىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «سەلتەنەت قۇياشى تۈركلەر بۇرجىدا جەۋلان قىلغان» قاراخانىيلار خاندانلىقىمۇ، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان تېمۇرىيلار ئىمپېرىيەسىمۇ تارىخنىڭ چاڭ-توزانلىرى ئاستىدا قالدى. ھالبۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بۈگگانت ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ مىسرالىرىغا مۇجەسسەملەشكەن تەپەككۇر دۇردانىلىرى زامان ۋە ماكان چېگرالىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بۈگۈنگە ئۇلاشتى. دەرھەقىقەت، «قۇتادغۇ بىلىك» مىڭ يىلدىن بۇيان تۈركلۈك ئالىمىگە قانداق مۇقەددەس ئۆگۈتلەرنى ئۆگىتىپ كەلدى؟

## «قۇتادغۇ بىلىك» كىلاسسىك تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنىكىنى ياراتتى

تۈركىي تىللىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان تىلشۇناسلار «قۇتادغۇ بىلىك»نى قەدىمكى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن كېيىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ بوستانلىقلىرىدا شەكىللەنگەن كىلاسسىك تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنىكى دەپ قارايدۇ.

دەرۋەقە، «قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن تۈركىي ئەدەبىي تىلى – خاقانىيە تۈركچىسىدە يېزىلغان ئەڭ نادىر ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تېمۇرىيلەر دەۋرىدە ناۋايىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى بىلەن يۈكسەك پەللە ياراتقان چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئاساس بولغان ئۆرنەكتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە تىل گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسىنىڭ سۆز گۈزەللىكى بىلەن جەۋلان قىلدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئوقۇش كۆركى تىل ئول بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈز ئول بۇ يۈز كۆركى كۆز [1].

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت بۇ پەلسەپەۋى دەستۇر ئەسەرنىڭ تىلى ئۆز دەۋرىدىكى خاقانىيە تۈركچىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ پاساھەتلىك ۋە ئەڭ قوللىنىشچان سۆز بايلىقلىرىدىن تاللاپ ئىشلىتىلگەن ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ پاساھىتى يالغۇز ئۇنىڭ شېئىرىي گۈزەللىكى ۋە پەلسەپەۋى چوڭقۇرلۇقىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن مۇھىمى ئىشلىتىلگەن تىلىنىڭ «كۆركلۈك» بولغانلىقىدا ئىدى. خۇددى گېرمان كىلاسسىك مۇتەپەككۇرى گېگېل تەكىتلەپ ئۆتكەندەك: «ھەقىقىي ئۆلمەس بەدىئىي ئەسەر ھەرقانداق دەۋر ۋە ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن ئورتاق بەھرىلەنگىلى بولىدىغان مەڭگۈلۈك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ» [2] «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلىمۇ مىڭ يىلدىن بۇيان تۈركلۈك ئالىمىدە تارىم بويلىرىدىن ئاناتولىيە تۇپراقلىرىغىچە بولغان تېررىتورىيەدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا ياشاپ كەلگەن ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان شائىر ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بىر قىسىم سۆزلۈكلەرنىڭ مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت-شېۋىلىرىدە، بولۇپمۇ قۇمۇل شېۋىسىدە جانلىق ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ [3].

خۇددى پارس كىلاسسىك شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە» ناملىق گىگانت ئەسىرىدە «مەن ئوتتۇز يىل سەرپ قىلىپ پارس تىلى بىلەن ئىراننى قۇتقۇزۇپ قالدىم»[4] دەپ يازغىنىدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچى بىلەن مۇنۇ مىسرالارنى يازىدۇ:

پۈتۈن تۈرك، چىن، شەرق ئېلىدە دېمەك،
بۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بۆلەك.

---

* ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدەك كىتابنى كىم يازغان ئەۋەل ،
كېيىن كىممۇ ئېيتار بۇنىڭدەكنى دەل؟
كىم بولسا بۇنىڭدەك يازارمۇ، قېنى؟
يازغۇچى بار بولسا، مەن ماختاي ئۇنى [5].

«قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بۇ ئەسەر قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەردە تۈرك-ئىسلام مەدەنىيىتى گۈللەنگەن بىر مەزگىلدە يېزىلغان ئەسەر بولۇشىغا قارىماي، تىل جەھەتتىن ئىنتايىن ساپ خاقانىيە تۈركچىسىدە يېزىلغان ئىدى. تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، پۈتكۈل «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئۇچرايدىغان ئەرەبچە سۆزلەر ئاران 94 بولۇپ، ئەسەردىكى ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ 400 دىن ئاشمايدىكەن [6]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» كىلاسسىك تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنىكىنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كېيىنكى دەۋرلەردىكى چاغاتاي تۈركچىسىدە يېزىلغان ئەسەرلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا 11 - ئەسىردىكى خاقانىيە تۈركچىسىنىڭ ئەڭ ساپ نەمۇنىسىنىمۇ مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىدى.

## «قۇتادغۇ بىلىك» تۈركلۈك كىملىكىنىڭ سىمۋولى ۋە ئۇق يىلتىزىنى كۆرسىتىپ بەردى

11 -ئەسىردىكى ئىككى گىگانت ئەسەر - «دىۋان لۇغەت-تىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تە تۈركىي-تۇران قوۋملارنىڭ كېلىپ چىقىش يىلتىزى ۋە شۇنداقلا قاراخانىيلار پادىشاھلىرىنىڭ نەسەبى تۈركىي ئەپسانىلىرىدىكى ئالىپ ئەر توڭا، ئىران رىۋايەتلىرىدىكى ئافراسىيابقا باغلاپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئافراسىيابنى تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ۋە زەبەردەست قەھرىمانى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى بىرمۇنچە شەھەرلەرنىڭ بىنا بولۇشىنى ھەمدە قاراخانىيلار خان جەمەتى ئىشلىتىدىغان بىر قىسىم خاسناملارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئافراسىيابقا باغلاپ ئىزاھلايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا: «خان – تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى، ئافراسىيابنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ‹خان› دېيىلىدۇ. ئافراسىيابنىڭ ئۆزى ‹خاقان› دېيىلىدۇ. بۇ نامنىڭ بېرىلىشى توغرىسىدا بىر ئۇزۇن ھېكايە بار»[7] دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان» دىكى بەزى بايانلاردا «...تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئافراسىياب ‹ئالىپ ئەر توڭا› دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ‹قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم› دېگەنلىكتۇر» دېيىلسە، يەنە بەزى بايانلاردا «...‹ئالىپ ئەر توڭا› ئافراسىيابنىڭ ئۆزىدۇر» دېيىلىدۇ [8]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا يەنە بەزى سۆز-ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن ئالىپ ئەر توڭانىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە مەرسىيە ئوقۇلغان بىر قەھرىمانلىق ئېپوسىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئافراسىيابنى تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ۋە قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن تەڭداشسىز قەھرىمانى دەپ قارايدۇ ھەمدە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بايانلارنى كەلتۈرىدۇ:

بۇ تۈرك بەگلىرىگە سېلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىدىن ياخشىسى شۇلەر.
بۇ تۈرك بەگلىرىنىڭ ئېتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.
ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقىنىڭ خىلى.
ئىدى ئۇ سەرە-خىل زېرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەك بولۇر ھۆكۈمران.
تاجىكلار دەيدۇ ئۇنى ئافراسىياب،
بۇ ئافراسىياب ئۆتتى كۆپ ئەللەر تالاپ [9].

دېمەك، قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان ئىككى زامانداش ئالىم – مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەر ئىككىيلەن تۈرك مەنبەلىرىدىكى توڭا ئالىپ ئەر ۋە ئىران مەنبەلىرىدىكى ئافراسىيابنى تۈركىي-تۇران قوۋملىرىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ھەمدە تۈرك مىللىي كىملىكىنىڭ ئوق يىلتىزى دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا بەزى سۆز ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن جەمئىي 21 ئورۇندا ئافراسىياب ياكى توڭا ئالىپ ئەر ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 9 يەردە ئالىپ ئەر توڭانىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ توقۇلغان مەرسىيە قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرىدۇ [10]. 12 ئورۇندا قەشقەر، بارچۇق، بارمان، بارسقان، قازۋىن، مەرۋى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ بىنا قىلىنىشى ھەمدە خان، توڭا، خاتۇن، خاقان، تېكىن، تارىم قاتارلىق قاراخانىيلار خان جەمەتى ئىشلىتىدىغان خاس ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاسىتە ئافراسىيابقا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ [11]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەھمۇد كاشغەرىي يەنە ئافراسىيابنى تۈركلەرنىڭ قەدىمكى زاماندىكى بۈيۈك خاقانى ۋە مىللىي قەھرىمانى سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

ئۇنداقتا، مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەر ئىككىيلەن تۈركىي-تۇران قوۋملىرىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى دەپ قارىغان توڭا ئالىپ ئەر زادى كىم؟ ئۇنىڭ قەدىمكى ئىران يىلنامىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىكى ئافراسىياب بىلەن قانداق باغلىنىشى بار؟

20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن بۇيان تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تۈرلۈك مەنبەلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان تارىخچىلار، تىلشۇناسلار ۋە مەنبەشۇناسلار ئۇيغۇر ۋە قەدىمكى تۈرك ئەپسانىلىرىدىكى

بۆگۈخان، ئوغۇزخان، خىتاي تارىخنامىلىرىدە تىلغا ئېلىنىدىغان ھون ئىمپېراتورى باتۇر تەڭرىقۇت، كۆك تۈركلەرنىڭ ئەپسانىۋى ئەجدادى بولغان ئاشىنا ۋە ئىران مەنبەلىرىدە «تۇران شاھى» دەپ تەسۋىرلىنىدىغان ئافراسىيابنىڭ ئەمەلىيەتتە يىراق تارىختىكى بىرلا شەخسنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئوخشىمىغان ماكان ۋە ئوخشىمىغان زامانلاردا تۈرلۈك تىللاردىكى تارىخىي مەنبەلەردە تۈرلۈك شەكىللەردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى (1226-1282) ئۆزىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ، قەدىمكى ئەپسانىۋى ئۇيغۇر خاقانى بۆگۈخان بىلەن ئىران يىلنامىلىرىدىكى تۇران ھۆكۈمدارى ئافراسىيابنى بىر شەخس دەپ قارايدۇ [12]. ياپونىيە تارىخچىسى ئابې تاكېئومۇ جۇۋەينىنىڭ بۇ قارىشىنى قوللايدۇ. ئۇ تۇرپان ۋە بەشبالىقنى پايتەخت قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھلىرى بىلەن قەشقەر ۋە بالاساغۇننى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار خان جەمەتى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئوخشاش بىر رىۋايەتكە ۋارىسلىق قىلغان، دەپ قارايدۇ [13]. ئەرەب تارىخچىلىرىدىن مەسئۇدى مىلادىيە 10 - ئەسىردە يازغان «ئالتۇن يايلاق» ناملىق كىتابىدا تۈركلەرنىڭ بارلىق بەگلىرىنىڭ بۈيۈك قاغانغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئافراسىياب بىلەن ئاشىنانى ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ئەجدادى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ [14]. جامال قارشىنىڭ «سۇراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» ناملىق ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەھمۇد كاشغەرى بىلەن زاماندىش ياشىغان تارىخچى ئەلمائىي كاشغەرى ئۆزىنىڭ «كاشغەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەسەبىنى بىۋاسىتە ئافراسىيابقا باغلايدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ [15]. 12- 13- ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى ئەشىر ئۆزىنىڭ «ئومۇمىي تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە قەشقەر، بالاساغۇن، ئۇدۇن، تالاس قاتارلىق تۈركىستان يەرلىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان ماۋەرائۇننەھر ئىقلىمىنىڭ بىر قىسمىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۈرك ھۆكۈمدارلىرى باشقۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئافراسىياب تۈركلىرىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغانلىقىنى يازىدۇ [16].

ئىران يىلنامىلىرىدە ئافراسىياب نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بۇ تۇران ھۆكۈمدارىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «ئاۋېستا»دا ‹Frangrasyan› دېگەن شەكىلدە تىلغا ئېلىنىدۇ. تارىخچىلار تۇنجى بولۇپ «ئاۋېستا» دا ئۇچرايدىغان بۇ نامنىڭ كېيىنكى ئىران يىلنامىلىرىدا «ئافراسىياب»قا ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەدىمكى تۈركىي-ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدىكى بۆگۈخان ياكى ئوغۇزخاننىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار يەنە ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئىككى جايدا ئۇچرايدىغان «توڭا تېكىن يوغىنتاسى»[17] (توڭا تېكىن مازىرى) دېگەن مازارنىڭ دەل تۈركلەر ئالىپ ئەر توڭا دەپ ئاتايدىغان ئافراسىيابنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئىمىن تۇرسۇن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۈركىي خەلقلەرمۇ ئىرانلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن توڭا ئالىپ ئەرگە شۇ زامانلاردا ماتەم تۇتىدىغانلىقى مەلۇم. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ‹توڭا تېكىن يوغىنتاسى› دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. تۇرپان سىڭگىم ئېغىزىدىكى بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە ‹توڭا تېكىن›، يەنە بىرىدە ‹توڭا ئۇل› دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ <توگرا> ۋە <ياغلاقار> قەبىلىلىرى ھەر يىلنىڭ باھار پەسلىدە توڭا ئالىپ ئەرنى ئەسلەپ ماتەم تۇتقان»[18].

يوقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي 11 - ئەسىردە ئۇيغۇر-تۈرك قوۋملىرىنىڭ يىراق تارىختىكى ئۇلۇغ بوۋىسى ۋە قەدىمكى غايىۋى قەھرىمانى بولغان ئالىپ ئەر توڭا ھەققىدە ئىنتايىن ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تۈرك مىللىي كىملىكىنىڭ ئوق يىلتىزى بولغان ئالىپ ئەر توڭا ياكى ئافراسىياب ھەققىدە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن بايانلار بېرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان»دا 9 ئورۇندا توڭا ئالىپ ئەر ھەققىدىكى بىر مۇكەممەل قەھرىمانلىق ئېپوسىنىڭ پارچىلىرىدىن ئۆرنەك بېرىدۇ. بۇ پارچىلاردا تۈركلەرنىڭ غايىۋى مىللىي قەھرىمانى توڭا ئالىپ ئەرنىڭ ئۆلۈمگە بولغان چوڭقۇر ئېچىنىش مەرسىيەلىك مىسرالار بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ:

ئالىپ ئەر توڭا ئۆلدىمۇ،

ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ،

پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،

ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر [19].

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ قاراخانىيلار تېررىتورىيەسىگە تارقالغان يەنە بىر ۋارىيانتى بولغان «توڭا ئالىپ ئەر» داستانى خۇددى يۇنانلىقلارنىڭ «ئودېيسسا» ۋە «ئىلىئادا»، سۇمېرلىقلارنىڭ «گىلگامىش»، ھىندىلارنىڭ «رامايانا»، فرانسۇزلارنىڭ «روللاند ناخشىسى»، گېرمانلارنىڭ «نېبولونگېن ناخشىسى »، رۇسلارنىڭ «ئىگورنىڭ يىراققا يۈرۈشى»، تىبەتلەرنىڭ «گېسار»، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر»، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» قاتارلىق مەشھۇر مىللىي ئېپوسلىرىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قوۋملىرىنىڭ قەدىمكى مىللىي قەھرىمانى ھەم ئۇلۇغ بوۋىسى بولغان توڭا ئالىپ ئەرنىڭ زەبەردەس ھاياتىدىن قىممەتلىك ئۇچۇر بېرىدۇ.

## «قۇتادغۇ بىلىك» شەرقچە دۆلەتچىلىك غايىسى ۋە ئۇتوپىيەسىنىڭ مىزانىنى سىزىپ بەردى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويغان تۈرك دۆلەتچىلىك ئىدىيەسى ۋە ئۇنىڭ جانلىق تېز سىزمىسى بولغان شەرقچە ئۇتوپىيە* غايىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن توماس مورنىڭ «ئۇتوپىيە»، كامپانېللانىڭ «قۇياش شەھىرى» ناملىق ئەسەرلىرىدىكى غەربچە ئۇتوپىك جەمئىيەت غايىلىرىدىن 5 ئەسىر ئاۋۋال يورۇقلۇققا چىققان ئىدى.

شەرقچە ئۇتوپىيەنىڭ دەسلەپكى غايىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىكى گىگانت شەخس ئەبۇ ناسىر فارابى (950-870) ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى» ھەققىدىكى كىتابىنى يېزىشتا قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدىن ئىلھام ئالغان ئىدى. ئەمما فارابى ئۆزىنىڭ «غايىۋى شەھەر» (غايىۋى دۆلەت) ئىدىيىسىدە پلاتوننىڭ غايىۋى جەمئىيەت مىزانىدىن خېلى يۇقىرى بولغان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ غايىسىنى سىزىپ چىققانىدى. فارابىچە «مەدىنەتۇل فازىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر) نىڭ ئەخلاقىي مىزانلىرى «مەدىنەتۇل جاھىلە» (جاھالەتلىك شەھەر) بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلاتتى. يەنى پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تاكامۇللۇقى ئالدى بىلەن شۇ شەھەردىكى ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنى مەنىۋى جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلاتتى. پەزىلەتلىك شەھەردە ئەقىل-پاراسەت، ئىلىم-ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى. ئادالەت، مۇھەببەت، تەرتىپ-ئىنتىزام ۋە ئەركىنلىك «پەزىلەتلىك شەھەر» نى «جاھالەتلىك شەھەر» ياكى «ھاكىممۇتلەق شەھەر» دىن ئايرىيدىغان تۈپ مىزانلار ئىدى [20].

فارابىدىن كېيىن شەرقچە ئۇتوپىك جەمئىيەت غايىسى ماكان ۋە زامان چەمبىرەكلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلدى ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىدى. 11 - ئەسىرگە كەلگەندە قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت ئەربابى، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە بۇ خىل ئۇتوپىك جەمئىيەت غايىسىنى تۈرك دۆلەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن ئورگانىك يۇسۇندا بىرلەشتۈردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ئىدىيىلىدا ئادىل پادىشاھ، بىلىم ۋە قانۇندىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ھالقىدىن تەشكىل تاپقان قۇدرەتلىك بىر دۆلەتنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بولۇپمۇ قانۇن بىلەن ئادالەت بۇ غايىۋى دۆلەتنىڭ ئۇلى ئىدى:

ئادالەت ئۇستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى [21].

ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
ئۇ قانۇن بۇزۇلسا ئاسمان يىقىلۇر [22].

يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا [23].

بۇنىڭدىن كېرىۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلەت ۋە ئۇتوپىك جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى خېلى زور دەرىجىدە ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقى بىلەن بېغىنلاشتۇرغانىدى. بۇ ھال بۇ ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تەسىر قوزغىشىغا ۋە ئۇنى دۆلەت باشقۇرۇش دەستۇرى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە سەۋەب بولىدى [24]. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۇيغۇرچە نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەيلى ئارىستوتېل ياكى فارابى بولسۇن، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىر ‹غايىۋى دۆلەت› ئىسخېمىسىدا ئەكس-ئەتتۈرگەن ئىدى. يەنى ئۇلار ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى دۆلەت توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئارزۇ قىلغان ‹غايىۋى دۆلەت› توغرىسىدا يۈكسەك تەپەككۇرلارنى يۈرگۈزگەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا توغرىدىن-توغرا قاراخانىيلار دۆلىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە مەۋجۇت دۆلەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› نى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىشتىكى مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى» [25].

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى قانۇن ۋە ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتچىلىك غايىسى ۋە شەرقچە ئۇتوپىك جەمئىيەت ئىدىيىلى كېيىنچە 12 - ئەسىردىكى ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋىينىڭ «ئىسكەندەرنامە» داستانى ھەمدە 15 - ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا يەنىمۇ يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن بېيىتىلدى. ناۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئادىل پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ غايىۋى ئوبرازى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىران ۋە تۇران خەلقلىرى تەلپۈنگەن ئۇتوپىك جەمئىيەتنىڭ

*ئۇتوپىيە (Utupia) قەدىمكى يۇنان تىلىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا «غايىۋى جەمئىيەت» ياكى «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان خاس ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇتوپىيە ياكى ئۇتوپىك دۆلەت غايىسى ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە مۇكەممەللىك ئاساسىدا تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ئۇتوپىك دۆلەت ياكى جەمئىيەتتە ياشايدىغان كىشىلەردە يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىنسانىي مۇكەممەللىك ۋە پەزىلەتلەرنىڭ بولۇشى ئارزۇ قىلىنىدۇ. پەلسەپەدە ئۇتوپىيەنىڭ قارشى مەنىلىك ئاتالغۇسى دىستوپىيە (Dystopia) دېيىلىدۇ. ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەنگلىيەلىك مۇتەپەككۇر توماس مورنىڭ «ئۇتوپىيە» ناملىق ئەسىرىدىن كېيىن غەرب پەلسەپەسىدە ئۇتوپىزم دائىر ئەسەرلەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن. شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئۇتوپىك جەمئىيەت ھەققىدىكى تەلقىنلەر فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامىي گەنجىۋىي، ئابدۇراھمان جامىي ۋە ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ - ئاپتوردىن

مۇجەسسەمى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى كونتۇغدىنىڭ قانۇنغا سىمۋول قىلىنغان ئادالەتلىك پادىشاھ ئوبرازى بىلەن ناۋايىنىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئىسكەندەر سېپىلىدا ئىپادە قىلىنغان شەرقچە ئۇتوپىيە غايىلىرى ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىدىن كېيىنكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇتوپىك جەمئىيەت ھەققىدىكى تەپەككۇر ئىنقىلابىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

## «قۇتادغۇ بىلىك» 20 ـ ئەسىردىكى ئۈچ قېتىملىق ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىشىنىڭ ئىلھام مەنبەسى بولدى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى چارىكىدە قىرىم، قازاندىن ھالقىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان «ئۇسۇلى-جەدىد» مەكتەپلىرى شۇنداقلا ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىدە مەيدانغا كېلىپ ناھايىتى تېزلىكتە تۈركىيە سىرتىغا كېڭەيگەن ياش-تۈركچىلىك پىكىر ئېقىمى 20 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىشىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ياۋروپا ئىلىم ساھەسى ئارقىلىق ئۇيغۇر سەرخىللىرىغا بىلىنىشى بۇ قېتىملىق ئويغىنىشنىڭ يەنە بىر ئىلھام مەنبەسى بولغان ئىدى.

يېقىنقى زامان ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە «ئۇيغۇر تىلى»غا مەنسۇپ سۆزلۈكلەرنى تۇنجى قېتىم تىلغا ئالغان، خىتاي تارىخنامىلىرىدىكى «Huihe» (回纥)، «Huigu» (回鹘) دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان قەدىمكى خەلق بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك خەلق – ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خەلق ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغان كىشى فرانسۇز شەرقشۇناسى جۇلىئۇس كلاپروت (1783-1835) ئىدى. ئۇنىڭ 1811 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ پەردىسىنى ئاچىدۇ [26].

1820 ـ يىللاردا ياۋروپا كۇتۇپخانىلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تەۋەلىكى ئايرىلىدۇ، ئەمما بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ نەشر قىلىنىپ ئىلىم ساھەسىگە تونۇلۇشى ئۈچۈن يەنە يېرىم ئەسىردەك كېتىدۇ. 1870 - يىلى ھونگارىيەلىك شەرقشۇناس ۋامبېرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلگەن ۋېنا نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. ئۇ مەزكۇر ئەسەرگە يازغان كىرىش سۆزىدە: «‹قۇتادغۇ بىلىك› – ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي ۋە ئالاھىدە يازما يادىكارلىقىدۇر،» دەيدۇ [27]. شۇنىڭدىن باشلاپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ كەڭ قانات يېيىشى ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. رۇس تۈركولوگى رادلوف 1910 - يىلى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ يىغىندىن نەشرگە تەييارلانغان نۇسخىسىغا رۇسچە كىرىش سۆز يېزىپ سانكت-پېتىربورگدا نەشر قىلدۇرىدۇ [28]. بۇنىڭ بىلەن رۇسىيە ئىمپېرىيەسى تەۋەلىكىدىكى تاتار ۋە تۈركىي تىللىق بىلىم ئىگىلىرى، جۈملىدىن ئىلى ۋە يەتتەسۇدىكى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتئوغلى قاتارلىق ئۇيغۇر سەرخىللىرى «قۇتادغۇ بىلىك»تىن چوڭقۇر مىللىي ئىپتىخارلىق ۋە ئىلھام ئالىدۇ.

نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتئوغلى 20 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزىگە تۇنجى بولۇپ «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن كىشىدۇر. «ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى مىللەت نامىنى قوللانماي ئۆزلىرىنى ‹قەشقەرلىك›، ‹تۇرپانلىق›، ‹ئالتە شەھەرلىك› دېگەن يۇرت ناملىرى بىلەن ئاتاشتەك نادانلارچە ئەھۋالنى تۈگىتىپ، قەدىمكى ‹ئۇيغۇر› نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ‹ئۇيغۇر بالىسى› تەخەللۇسى بىلەن 1911 ـ يىلى ‹شۇرا› ژۇرنىلىغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىنى تونۇشتۇرۇپ، ماقالە يازىدۇ»[29]. نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتئوغلىنىڭ شۇ يىللاردا «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسى بىلەن «شۇرا»، «ۋاقىت» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارغا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يېزىشى، ئالدى بىلەن رۇسىيەنىڭ ئىلى ۋە يەتتەسۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، كېيىنچە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتىدە مىللىي كىملىك چۈشەنچىسىنىڭ ئويغىنىشىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن 1921 ـ يىلى تاشكەنتتە ئېچىلغان ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا «ئۇيغۇر» دېگەن قەدىمىي نامنىڭ رەسمىي ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەت نامى قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

شۇ يىللاردا قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام، ئىلىدا جىرجىس ھاجى ۋە مەسئۇت سابىرى، تۇرپاندا مەقسۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى بالدۇر ئويغانغان ئۇيغۇر سەرخىللىرى مىللەتنىڭ پۈتكۈل گەۋدىسى بىلەن مىللىي ئويغىنىش ئېلىپ بېرىشى ھەمدە مىللىي كىملىكنى تونۇشى ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ھالبۇكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈم سۈرگەن جاھالەت، سىياسىي سېھىرگەر يات زېمىن يۈرگۈزگەن يەرلىك خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتى ۋە جۇغراپىيەلىك تەلەيسىزلىك بۇ قېتىملىق مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي خەلق گەۋدىسىنى تولۇق ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەسلىكى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننى قاپلىغان مىللىي قۇتۇلۇش ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى شۇنداقلا مىللىي ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى بىرقانچە يىللىق ئۆتكۈنچى باسقۇچ 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىشىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇنىنى مەيدانغا كەلتۈردى. 1940 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئىلى ئىنقىلابى پارتلاپ، ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر خەلقى مىللىي

كىملىك، مىللىي ھوقۇق ۋە مىللىي دۆلەتچىلىكنىڭ جىددىي زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇر دەرىجىدە تونۇپ يېتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى پارلاق مەدەنىيەت تارىخى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىككى گىگانت ئەسەر - «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «دىۋان لۇغەتىت- تۈرك» ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ئۆز مىللىي كىملىكىگە بولغان ئېتىخارلىقىغا ئىلھام مەنبەسى بولدى. 1930 - يىللاردا چۆچەكتە «مەھمۇد كاشغەرىي نامىدىكى ئۇيغۇر مەكتىپى» قۇرۇلدى. 1940 - يىللاردا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى ئىلىغا توپلانغان ئۇيغۇر بىلىم ئادەملىرى «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «دىۋان لۇغەتىت-تۈرك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىش پىلانىنى تۈزۈشتى. شۇ يىللاردا يەنە تاشكەنتتە نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگە كىرگۈزۈلىدىغان «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىدا «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

1980 - يىللاردا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر سىياسىتىنى نىسپىي ھالدا يۇمشىتىشى خىتايدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇرلارغىمۇ مەلۇم پۇرسەتلەرنى تۇغدۇردى. 1980 - يىللاردىكى 10 يىل خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىنى ئىدارە قىلغاندىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كىملىكى، مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ھەق-ھوقۇقلىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ئېلىپ بارالىغان يىللار بولدى. 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «دىۋانى لۇغەتىت-تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىلمىي نەشرلىرى ئارقا-ئارقىدىن يورۇق كۆردى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ باسما نۇسخىلىرى كىتابخانىلاردا نەچچە ئونمىڭلىغان تىراژلاردا سېتىلدى. بۇ ئىككى ئەسەردىن پارچىلار ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ «تىل-ئەدەبىيات» دەرسلىكلىرىدىن ئورۇن ئالدى. «دىۋان» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقاتلار كەڭ كۆلەمدە راۋاجلىنىپ، ئىلمىي سىستېما ھاسىل قىلدى. ئىككى ئەسەر ھەققىدە بىرقانچە نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلىپ، نەچچە ئونلىغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا «دىۋانشۇناسلىق» ۋە «قۇتادغۇ بىلىكشۇناسلىق » ناملىق تاللانما دەرسلەر تەسىس قىلىندى. ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى يۈكسەك مىللىي ئېتىخارلىق بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، «مەھمۇد كاشغەرىي»[30] ۋە «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»[31] ناملىق چوڭ تىپتىكى رومانلارنى يازدى.

قىسقىسى، «قۇتادغۇ بىلىك» 1980 - يىللاردا «دىۋانى لۇغەتىت-تۈرك» بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇرلارنى ئۆز مىللىي كىملىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن ئېتىخارلىنىشقا، تارىختىكى ئىجادىيەت ۋە ئەقىل-پاراسەت جۇغلانمىلىرىدىن بەھر ئېلىشقا شۇنداقلا ئۆز مىللىتىنىڭ كەلگۈسىگە ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراشقا ئۈندىگەن ئىلھام مەنبەسى بولۇپ قالدى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 -يىل نەشرى، 34 - بەت.

[2] ھېگېل: «ئېستېتىكا»، بېيجىڭ: سودا نەشرىياتى، 1996 -يىلى خىتايچە نەشرى، 1 -توم، 336 - 337 - بەتلەر.

[3] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 -يىل نەشرى، كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلۈك ئىزاھاتلارغا قاراڭ.

[4] ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى: «شاھنامە»، تاشكەنت: غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى، 1977 -يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 3 -جىلد، 620-622 -بەتلەر.

[5] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 -يىل نەشرى، 11 - 13 -بەتلەر.

[6] چېن زوڭجېن ««قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، «تۈركىي تىللى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق مەجمۇئە، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 -يىل خىتايچە نەشرى، 2 -توپلام،124 -، 125 - بەتلەر.

[7] مەھمۇد كاشغەرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 -يىل نەشرى، 3 -توم، 215 -، 502 -، 503 -بەتلەر.

[8] مەھمۇد كاشغەرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 -توم، 204 -بەت.

[9] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، 97 -بەت.

[10] مەھمۇد كاشغەرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 -توم، 59 -بەت؛ 1 -توم، 139 -بەت؛ 1 -توم، 217 -بەت؛ 1 -توم، 254 -بەت؛ 1 -توم، 326 -بەت؛ 1 -توم، 633 -بەت؛ 2 -توم، 338 -بەت؛ 2- توم، 490 -بەت؛ 3 -توم، 55 -بەت.

[11] مەھمۇد كاشغەرى، « تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 -توم، 173 -بەت؛ 1 -توم، 199 -بەت؛ 1 -توم، 206 -بەت؛ 1 -توم، 209 -بەت؛ 1 -توم، 234 -بەت؛ 2 -توم، 425 -بەت، 3 -توم، 509 -بەت، 3 -توم، 509 -بەت؛ 3 -توم، 513 -بەت؛ 3 -توم، 605 -بەت؛ 3 -توم، 605 -بەت؛ 3 -توم، 625 -بەت.

[12] جۇۋەينى: «تارىخىي جاھانكۇشاي»، كۆكخوت ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 -يىل خىتايچە نەشرى، 1 -توم، 62 -بەت.

[13] ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 -يىل خىتايچە نەشرى، 296 -بەت.

[14] مەسئۇدىنى: «ئالتۇن يايلاق»، شىنىڭ: چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1998 -يىل خىتايچە نەشرى، 174 -بەت؛ خۋا تاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتى»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2000 -يىل خىتايچە نەشرى، 163 -بەت.

[15] خۋا تاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتى»، 174 -بەت.

[16] خۋا تاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتى»، 175 -بەت.

[17] «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، شىمال تەرەپ، 7 -قۇر؛ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 31 -قۇر.

[18] ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 -يىل نەشرى، 591 -بەت.

[19] بۇ قوشاقنىڭ ئەسلى شەكلى «دىۋان»نىڭ فاسىملىدا مۇنداق يېزىلغان: «ئالىپ ئەر توڭا ئۆلدىمۇ، ئەسىز ئاجۇن قالدىمۇ، ئۆدلەگ ئۆچىن ئالدىمۇ، ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.» (قاراڭ:
Ahmet B. Ercilasun, Ziyat Akkoyunlu, Divanu ligatit-Türk, Türk Dil Kurumu Yayinlari, Ankara, 2018, s.19).

[20] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 -يىل نەشرى، 147 -بەت.

[21] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، 210-211 -بەتلەر.

[22] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، 722-723 -بەتلەر.

[23] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، 724-725 -بەتلەر.

[24] ئەسەت سۇلايمان: «ناۋايى دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى»، «تارىم قوۋۇقى چەكلىگەندە»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 -يىل نەشرى، 341 -بەت.

[25] ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيەۋى سىستېمىسى توغرىسىدا»، «تارىخىي مىراس - ‹قۇتادغۇ بىلىگ› ھەققىدە بايان» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 -يىل نەشرى، 2 -توم، 6-7 -بەتلەر.

[26] David Brophy, Uyghur Nation: Reform and Revolution on the Russian_China Frontier,

Harvard University Press, 2016, p. 45.

[27] David Brophy, Uyghur Nation: Reform and Revolution on the Russian_China Frontier, Harvard University Press, 2016, p. 47.

[28] David Brophy, Uyghur Nation: Reform and Revolution on the Russian_China Frontier, Harvard University Press, 2016, p. 49.

[29] مەھمۇت زەئىدى: «ئۇيغۇر بالىسى – نەزەرخوجا»، «شىنجاڭ تەزكىرەچىلىكى» ژۇرنىلى، 1995 -يىل، 2 -سان.

[30] پەرھات جىلان: «مەھمۇد كاشغەرىي» (تارىخي رومان)، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىل نەشرى.

[31] مىرزاھىت كېرىمى: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» (2 توملۇق تارىخي رومان)، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، 2014 -يىل نەشرى.

# يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنىڭ كۈنىمىز ئۈچۈن ئەھمىيىتى

رائىلە ئابدۇلۋاھىت قەشقەرىي*
(تۈركىيە)

***قىسقىچە مەزمۇنى:*** *يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئىسىملىك ئەسىرىدە، بەخت - سائادەتلىك بىر جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئادالەت گەۋدە قىلىنغان، قانۇن، ئەخلاق ۋە بىلىمنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش كېرەكلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن. «قانداق قىلغاندا غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە بىلىمنى گەۋدىلەندۈرگەن. غايىۋى دۆلەت ياكى جەمئىيەت يارىتىشتا بىلىمنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.*

*بۇ ماقالىدا بىلىمنىڭ قىممىتى، رولى، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ئەھمىيىتى، «قۇتادغۇ بىلىك»دىكى بىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىسرالار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ . بۇ تەتقىقات ئارقىلىق، زامانىمىزدا بىلىمنىڭ ۋە بىلىملىك بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىگە؛ ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاش، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بىخەتەر، ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك بىر دۆلەتنى مىراس قالدۇرۇشتا بىلىمنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.*

***ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:*** *قۇتادغۇ بىلىك ، بىلىم، ئۇيغۇر*

## كىرىش

يۇسۇپ خاس ھاجىپ (1019-1085)، «قۇتادغۇ بىلىك» يەنى «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم » ياكى «بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم» ناملىق ئەسىرىنى 1069 - 1070 - يىللىرى يازغان. (زىيائى 1986). «قۇتادغۇ بىلىك»، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە مەسنەۋى قىلىپ يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، 85 باب، 6645 بېيىت ، 13290 مىسرادىن تۈزۈلگەن. ئەسەر، ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە بايان قىلىش شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىگە تەڭداشسىز تۆھپە قوشقان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋر، قاراخانىيلار دەۋرى بولۇپ، خانلىقنىڭ مەركىزى قەشقەر ئىدى. بۇ دەۋردە مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغان، «ساچىيە مەدرىسى»گە ئوخشاش ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، «سائادەت كۇتۇپخاناسى»غا ئوخشاش ئىلىم - مەرىپەت ئوچاقلىرى قۇرۇلغان ئىدى. قەشقەر، تۈركىستاننىڭ مۇھىم بىلىم ۋە كۈلتۈر مەركىزى ئىدى ( توختى ۋە توختى: 1988: 189). مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ۋە ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تەتقىق قىلىنغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمىي ۋە يۈكسەك بىر مىللىي كۈلتۈرنىڭ جۇغلانمىسى، شۇنداقلا تەرەققىي قىلغان ۋە پىشقان خاقانىيە-ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ ئەسەردە ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئەسەر، 11 -ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى نامايان قىلىدىغان بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىرگە زامانىنىڭ تارىخىنى، پەلسەپەسىنى، سىياسەت بىلىمىنى، تەلىم-تەربىيە پرىنسىپلىرىنى، دىنىي-ئېتىقادىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى بىزگىچە ئۇلاشتۇرغان مۇھىم بىر مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىرىدە ۋەقەلىكنى كۈنتۇغدى ئىلىك، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت پېرسوناژ ئارقىلىق راۋاجلاندۇرىدۇ. كۈنتۇغدى ئېلىگ - ھۆكۈمدارنى تەمسىل قىلىدۇ ۋە ئەدلى-ئادالەتنىڭ سىمۋولى. ئايتولدى - ۋەزىر، ئىلىم-ھېكمەتنىڭ، بەخت -سائادەتنىڭ سىمۋولى. ئۆگدۈلمىش- ۋەزىرنىڭ ئوغلى بولۇپ ئەقىل-پاراسەتنىڭ سىمۋولى. ئودغۇرمىش بولسا ۋەزىرنىڭ تۇققىنى، سەۋر-قانائەتنىڭ سىمۋولى. ۋەقەلىك مۇشۇ تۆت زات ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋاب، مۇنازىرە ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنازىرە جەريانىدا ئۆزىنىڭ تەشۋىق قىلماقچى بولغان دۆلەت

---

*دوتسېنت دوكتور، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات پاكۇلتېتى، ھازىرقى زامان تۈرك تىللىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى.
ئەلخەت: railekasgarli@hotmail.com
ORCID: 0000-0003-1905-2022.

ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن باشقۇرۇش ھەققىدىكى ئىسلامىي ئەقىدىگە خاس غايىسىنى ۋە قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بىلىم -ھېكمەت ۋە ئەخلاقنى، پۇتكۇل جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ. بىلىمگە ئىگە بولغاندا ئادالەتنى جارى قىلدۇرغىلى، قانۇنغا ئەمەل قىلىپ ئۇنى ئىجرا قىلغىلى، قالايمىقانچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك ۋە جىنايەتنى چەكلىگىلى، خەلقنى ۋە دۆلەتنى ھەقىقىي بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىلىمگە سەل قاراش، قانۇن، ئادالەت، ئەخلاق-پەزىلەت ۋە بەخت-سائادەتنىڭ ئاساسىنى ۋەيران قىلغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: كۈنتۇغدى ئىسىملىك بىلىملىك، پەزىلەتلىك ۋە ئادىل بىر ھۆكۈمدار بار بولۇپ، ئايتولدى ئۇنىڭ ھەققىدىكى مەدھىيەلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇ ياشىغان شەھەرگە كېلىدۇ. ئايتولدى سۆز-ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ سۆيگۈسىگە ۋە ھۆرمىتىگە نائىل بولىدۇ. ھۆكۈمدار بىلەن تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە ۋەزىر بولىدۇ. بۇ ئىككىيلەن ھايات، دۆلەتنىڭ باشقۇرۇلۇشى، سائادەت، ئادالەت قاتارلىق تېمىلاردا گەپلىشىدۇ. ئايتولدى، ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ، پۈتۈن بايلىقنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىۋېتىپ، ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھۆكۈمدار ئۆزىگە ياردەم قىلىدىغان بىرسىنى ئىزدەيدۇ. ئايتولدىغا ئوخشاش بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك بىر كىشىنىڭ يەنە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتىدۇ. ھۆكۈمدار ئۇنىڭ بىلەن ئەقىل، بىلىم، مەردلىك، ئادالەت ۋە سىياسەت ھەققىدە پىكىرلىشىدۇ. بىر كۈنى ھۆكۈمدار ئۆگدۈلمىشنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكى سەۋەبلىك ئالمادىس ئۇنى يوقۇتۇپ قويسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىگە ياردەم قىلىدىغان بىرسىنى تېپىش ئارزۇسىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئودغۇرمىش تەركى-دۇنيا بىرىدۇر. ئۆگدۈلمىش ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاپىرىدۇ. ئودغۇرمىش، ئۆگدۈلمىش بىلەن مۇنازىرە قىلىدۇ ۋە ھۆكۈمدارغا خەت ئەۋەتىدۇ. ھۆكۈمدار ئودغۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم يارلىق ئەۋەتىدۇ. ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشقا كىملەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە كىملەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. ئودغۇرمىش بولسا قانائەتتىن سۆز ئاچىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئۆتكەن ھاياتىغا ئېچىنىپ تەۋۋا قىلىدۇ. ئودغۇرمىش كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ. ماتەم تۇتۇش ۋە تەزىيە بىلدۈرۈشلەردىن كېيىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھەتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەردە، بەخت - سائادەتلىك بىر جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئادالەت گەۋدە قىلىنغان، قانۇن، ئەخلاق ۋە بىلىمنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش كېرەكلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن. «قانداق قىلغاندا غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە بىلىمنى گەۋدىلەندۈرگەن. غايىۋى دۆلەت ياكى جەمئىيەت يارىتىشتا بىلىمنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئەسەرنىڭ ئىسمىدىنمۇ بىلىمنى ئاساس قىلغان ۋە بىلىمنى گەۋدىلەندۈرگەن بىر ئەسەر ئىكەنلىكى ئۇچۇقتۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تىپىك نەمۇنىسى، لېكىن ئۇتوپىيە ئەمەس. كۈچلۈك لىرىكىزم روھىغا ئىگە، لېكىن نوقۇل لىرىك داستان ئەمەس. دراما ئېلېمېنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما دراما ئەمەس. نۇرغۇن مىسرالاردا نەسىھەتلەر كۆرىلىدۇ، ئەمما دىداكتىك داستان ئەمەس. چۈنكى دىداكتىك ئەسەرلەردىن «شاھ مەشرەپ»، «زەلىلى دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا «قۇتادغۇبىلىك»دىكى بەخت-سائادەتكە باشلايدىغان يوليورۇقلارنىڭ، قەتئىي تەكلىپلەرنىڭ ۋە پەلسەپەۋى تەپەككۇرلەرنىڭ، ۋەز-نەسىھەت خاراكتېرىنى ئالغان دىداكتىكىلىق ئالاھىدىلىكتىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ. ئەسەردە، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بولغان تەلىم-تەربىيە، ئالىي تىلەكلەر ۋە غايىلەر، ئادالەت ۋە ھەربىيلىك توغرىسىدىكى پىكىرلەر كۆرىلىدۇ. قىسقىسى، ئەسەر چوڭقۇر پەلسەپەۋى تەپەككۇر، رېئال ھايات، جانلىق ئوبراز، ھەقىقىي پىلان ئۈستىگە قۇرۇلغان نازۇك ۋە مۇرەككەپ قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان، ئىنساننى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بىر قامۇستۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن ھېراتتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى ھاممەر ئىستانبۇلدا تېپىپ، 1474 -يىلى ۋيېنىنا كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن مىسىر نۇسخىسى، قاھىرەدە ھىدىۋ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئۇ زاماندىكى مۇدىرى گېرمان مۇرىتىز تەرىپىدىن پەرق ئېتىلگەن. 1914 -يىلى ئۆزبېك ئالىمى فىترەت، ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن پەرغانە نۇسخىسىنى تېپىپ، تەپسىلىي يېزىلغان ماقالىسى ئارقىلىق تونۇتقان.

ئەسەر توغرىلىق تەتقىقاتلار، 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا باشلانغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دانىيە، گېرمانىيە، ۋېنگىرىيە، چار رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئالىملار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان. ئەڭ ئەتراپلىق ئەمگەك، رېشىت راخمەتى ئارات تەرىپىدىن بۇ ئۈچ نۇسخىنى قارشىلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە تەييارلاپ چىققان 1947 - يىلى بېسىلغان مېتىن ۋە 1959 - يىلى بېسىلغان تۈركچىگە ئاغدۇرۇلمىسىدۇر. 3 - تومى بولسا، ئارات تەرىپىدىن تەييارلانغان خام ئەمگەكلەرنىڭ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇھەررەم ئەرگىن، كامال ئەرئاسلان، نۇرى يۈجە، ئوسمان فىكرى سەرتقايا قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن پىششىقلاپ ئىشلىنىشى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ۋە 1979 -يىلى نەشر قىلىنغان ئىندېكستۇر. بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيا مىقياسىدىكى تەتقىقاتلار، مۇشۇ نەشرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

گەرچە «قۇتادغۇ بىلىك» قەشقەردە تاماملانغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندىن بىرەر نۇسخىسى تېپىلغىنى يوق. بۇ دۆلەتتە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قىممىتى بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلارنىڭ، ئوتتۇرىغا چىقارغۇچىلار ۋە خەلققە يەتكۈزگۈچىلەر بىلەن بىللە خانىۋەيران قىلىنىشى، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بۇنداق قىممەتلىك ۋە تۆھپىكار ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش ۋە ئوزۇقلىنىش ئىمكانىنى يوق قىلىۋەتكەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ كوممۇنىست خىتاي دۆلىتىنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا چۈشكەندىن كېيىنكى دەۋرنى ئېلىپ ئېيتقاندا، 1955 - يىلى «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا بۇ ئەسەر توغرىلىق ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى (مۇھەممەدئىمىن 1998: 403). ئەمما سىياسىي پالاكەتلەر تۈپەيلىدىن ھېچقانچە مۇساپە ئالمايلا بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى. بۇ خىل تەتقىقاتلار بۇنىڭدىن ئاۋۋالمۇ ئۇيغۇر سەرخىللىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى ئەمما ئېلان قىلىنمىدى ياكى يوقىتىۋېتىلدى (قەشقەرىي 2009: 56). 1980 - يىلىدىن كېيىن خىتاي دۆلىتىنىڭ ئېچىۋېتىش سىياسىتى، ئۇيغۇرلارغا ئازراق ئىمكان بېرىشىگە، تەتقىقاتلار دەرھال قايتىدىن قولغا ئېلىندى. 1984 - يىلى ترانسكرىپسىيەلىك تولۇق تېكىستى ۋە نەزمىي يەشمىسى (ئۆتكۈر ۋە تۇردى 1984: 1357-1)، 1986 - يىلى خىتاي تىلىدىكى تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. نەسرىي يەشمىسى بولسا، 2006 -يىلى بېسىلدى.

بىز بۇ ماقالىدا تېكىستكە قارىتا ئانالىز-تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»دىكى بىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىسرالاردىن بەزىلىرىنى مىسال كۆرسىتىش ئارقىلىق، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنىڭ بۈگۈنىمىز ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى يورۇتۇشقا تىرىشىمىز. بۇ تەتقىقات ئارقىلىق، زامانىمىزدا بىلىمنىڭ ۋە بىلىملىك بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىگە؛ ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاش، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بىخەتەر، كۈچلۈك ۋە مەدەنىيەتلىك بىر دۆلەتنى مىراس قالدۇرۇشىدا (كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئامانەت قويۇشىدا) بىلىمنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئۇشبۇ ماقالىدا مىسال كۆرسىتىلگەن مىسرالار، نەسرىي يەشمىدىن (تۇردى ۋە ئەكبەر 2006: 816-1) ئېلىندى. مىساللارنىڭ ئالدىدىكى نومۇر، بېيىت نومۇرىنى؛ كەينىدىكى نومۇر بولسا، بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ. پايدىلانغان ماتېرىياللار، يازغۇچى(تەييارلىغۇچى)نىڭ تەگئاتىنىڭ، 2009 - يىلى ئېلان قىلىنغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىگە ئاساسەن تىزىلىشى بويىچە بېرىلدى.

## 1. بىلىمنىڭ قىممىتى

بىلىم، تەۋەللىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەت ئارقىلىق ياكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت تەرىپىدىن تەستىقلانغان، بىر ئىسمىغا ياكى بىر ئىسىم ئىپادىلىگەن خەلققە مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى، بىلىنگەن، سەرخىل، ماددىي ياكى مەنىۋى مۈلۈكتۇر . (بېل 1973: 39).

بىلىم، قارار ئېلىش باسقۇچىدا مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ۋە بىر نەتىجىنىڭ قارار بەرگۈچىگە نىسبەتەن پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىلىم، رەقىبلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك توغرا قارارلارنىڭ ئېلىنىشىدىكى ئاساسىي كۈچتۇر. شۇنداقلا كۈچلىنىش ۋە غەلىبە قىلىشنىڭ يادرولۇق ئۇنسۇرىدۇر.

بىلىمنىڭ قىممىتىنى ساقلىيالىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ توغرا، تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك، كەم-كۈتىسىز، ئېھتىياجغا قارىتا تەخىرسىز، ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان، چۈشىنىشلىك، ئىشەنچلىك ۋە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. بەزى بىلىملەر، قىممىتىنى ساقلىيالمايدۇ. مەسىلەن، سىياسىي ئىدېئولوگىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر، رېجىمنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يېڭى رېجىمنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بىلەن قىممىتىنى يوقىتىشى مۇمكىن. بۇرمىلانغان، مەلۇم كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەقىقىي تارىختەك قىلىپ ياساپ چىقىلغان يالغان تارىخ بىلىملىرىمۇ، بۇ مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئىدارە قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئورنىنى توغرا بىلىمگە بوشۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ قىممىتىنى يوقاتمىغان ۋە يوقاتمايدىغان ئەسىرىدە، بىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىسرالار ئارقىلىق، بىلىمنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇنداق يورۇتۇپ بەرگەن:

211 . كىشىنىڭ كۆڭلى گويا تۈپسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ،
بىلىم بولسا ئۇنىڭ تېگىدە ياتقان ئۈنچىدۇر. (44)

313 . بىلىم بىر بايلىقدۇركى، (ئۇ زادى) كەمبەغەللەشمەيدۇ،
ئوغرى، ھىيلىگەرلەرمۇ ئوغرىلاپ ئالالمايدۇ. (56)

دۇنيا مەدەنىيىتى، ئۇۋچىلىقتىن تېرىقچىلىققا ئۆتۈش ئارقىلىق تۇنجى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى تاماملىغان ئىدى. ئۇيغۇرلار كۆچمەن-چارۋىچىلىقتىن شەھەرلىشىش ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتۈپ (گۆمەچ 2015 : 154-154)، بۇ خۇسۇستا، تۈرك ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان قاراخانىيلار دەۋرىدە بولسا دۆلەت باشقۇرۇش سىستېمىسى مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، بۇنى، بىلىمدىن ئايرىپ ياكى بىلىمنىڭ بولمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر

www.uyghurkitap.com

قىلىپ تۇرۇپ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. يۈسۈپ خاس هاجىپ، بىلىمنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلىگەندە، تۆۋەندىكى مىسرادا بىلىمنى يوشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ خۇددى، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بىلىمىنى، بىلىملىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغىنىدەك بىر ئەھۋال.

312 . سەن ئىپارنى يوشۇرساڭ (ئۇنىڭ) ھىدى بىلىنىپ قالىدۇ،
بىلىمنى يوشۇرساڭ تىلىڭ ئاشكارا قىلىدۇ. (56)

يۈسۈپ خاس هاجىپ بىلىم بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىنى يورۇتقاندا، بىلىمنىڭ ئىنسانغا قاتىدىغانلىرىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

975 . بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى قۇمدەك بولىدۇ،
دەريا كىرسىمۇ تولمايدۇ، ئوت-چۆپ ئۈنمەيدۇ. (137)

201 . كىشى بىلەن كىشىنىڭ زور پەرقى بار،
بۇ پەرق بىلىمدىلا (كۆرۈلىدۇ) دەيمەن. (43)

2447 .زېرەك بولسا، مالغا موھتاج (ھېرىس) بولمايدۇ،
بىلىم بىلسە، ئىشتا يېڭىلمەيدىغان بولىدۇ. ( 308)

3168 .بارلىق چېگىش تۈگۈنلەر بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ،
بىلىم ئىگىلە، ئىدراكلىق بول، ئەقىل بىلەن ياشا. ( 392)

289 .كىشى پاراسەت بىلەن ئۆرلەپ، بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ،
بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر قەدىر-قىممەت تاپىدۇ. (53)

301 .كىمدە ئەقىل-ئىدراك بولسا، ئۇ ئېسىل (ئىنسان )
بولىدۇ،
كىمدە بىلىم بولسا، ئۇ بەگلىككە ئېرىشەلەيدۇ. ( 54)

يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ بۇ سۆزلىرى، كۈنىمىزدىمۇ ھېچقانداق مۇرەسسە تەلەپ قىلمايدىغان كەسكىن ھەقىقەتتۇر. زامانىمىزدا بىلىمگە-ئەڭ يېڭى تېخنولوگىيىگە ئىگە بولغانلار، ھەم ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلەندى. ئۇلار ئىگە بولغان بىلىم قىممەتلىك بولغاچقا ئۇلارمۇ بۇ بىلىم ئارقىلىق قەدىر-قىممەت تاپتى. دېمەك، بىلىمنىڭ ئۆزى قىممەتلىك بولۇپلا قالماي يەنە قىممەت ياراتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بىلىم، بىلىمگە ئىگە بولغانلارنى قىممەتلەندۈردى.

## 2. بىلىمنىڭ رولى

بىلىم، بىر قوۋمنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان رىقابەتتە ئۈزۈپ چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بىلىمگە ئېرىشىش، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش شەكلى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ياكى مەغلۇپ بولۇشنى بەلگىلەيدۇ. كۈچلۈك رەقىبكە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەشكىلات قۇرۇلمىسىنىڭ توغرا بىلىمنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئاكتىپ بىر سىستېما ئىچىدە توسالغۇسىز ئىشلىتەلىشى، مۇۋەپپەقىيەت نىسبىتىنى ئاشۇرىدۇ. تەشكىلي قۇرۇلما ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆتمۈشتىكى بىلىم، كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئەمما يېڭى ئىستراتېگىيەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئۈچۈن مەنبە بولالايدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ بىر ئىسلامي كۈلتۈر مۇھىتى بولۇشى سەۋەبلىك، يۈسۈپ خاس هاجىپ خۇداغا ۋە خۇدانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشىنىدىغان بىر مۆمىندۇر. ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىق ئىدىيەسى، بىلىمنىڭ قۇدرىتىنى ۋە كۈچىنى رەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئىنسانلارنىڭ، بىلىمنىڭ كۈچى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ، بىلىمنىڭ ئىنساننىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى، ئىنساننىڭ بىلىم ئارقىلىقلا بىلىش سەۋىيەسىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى، ھەممە ئىشنى بىلىم ئارقىلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، تۆۋەندىكى مىسرالاردا كۆرسىتىپ بەرگەن.

147 . بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئىنسان (ھەققىدە) سۆزلىدىم
(ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى بىلىم، ئەقىل-پاراسەت بىلەن
بولىدۇ. (35)

152 .بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ دەپ بىل،
بۇ ئىككىسى خىللانغان قۇل (بەندە)نىڭ مەرتىۋىسىنى
ئۆستۈرىدۇ. (36)

155 . پاراسەتلىك ئۇقالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ،
بىلىملىك، پاراسەتلىكلەر تىلىكىگە يېتىدۇ. (37)

302 .بوز يەر ئۈستىدە ئىنسان بالىسى قول كۆتۈردى،
ھەممىنى بىلىم بىلەن بەرپا قىلدى. (54)

208 . ھەممە ياخشىلىقلار ئىلىمنىڭ پايدىسىدىندۇر،
مىسالى بىلىم بىلەن كۆككىمۇ يول ئېچىلىدۇ. (43)

288 .پاراسەت-قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەلگە ئوخشايدۇ،
بىلىم- يورۇقلۇق (بولۇپ) سېنى يورۇتىدۇ. (53)

تۆۋەندىكى مىسرالار، «بىز بىلەن باشقىلار تۇغۇلغاندا بىلىش جەھەتتىن ئوخشاش تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئۈچقاندەك تېز تەرەققىي قىلالىدى؟» دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ.

1680 . ( ئادەم) بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ، ياشاش جەريانىدا
ئۆگىنىدۇ،
بىلىم بىلگەندىن كېيىن بارلىق ئىشتا ئۇتۇق
قازىنىدۇ. (221)

1681 . ئاندىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغۇلدۇ،
بىلىم ئۆگىنىپ ئاندىن تۆرگە چىقىدۇ. (221)

بىلىملىكلەرنى چۈشەنمىگەن ۋە قەدىرلىمىگەن كىشىلەر، يەنىلا بىلىملىك كىشىلەردۇر. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر قوۋمدە بىلىملىك كىشى قانچە كۆپ بولسا، ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرى شۇنچە پايدىسىنى ۋە تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ. بىلىم، ئىنساننىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، ھايات-ماماتى ۋە مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

تۆۋەندىكى مىسرادا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئىنساننىڭ بىلىم ئىگىللىگەندىن كېيىن بىلىش سەۋىيەسىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىلىمدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئەھمىيەتسىز تۇيۇلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن قانائەتچانلىق كەبى گۈزەل ئەخلاقنىڭمۇ بىلىم ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

321 . بىلىملىككە بىلىمى يېتەرلىك كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكتۇر،
بىلىمسىزگە ئۆز قىلمىشى ياۋۇز قولداشتۇر. ( 56 )

شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. بىلىمنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمىگەن، بىلىمگە ھۆرمەت قىلمىغان، بىلىمگە ئىشەنمىگەن ۋە تەرتىپلەشنى بىلىمگە تايىنىپ، بىلىم ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشقا ئادەتلەنگەن بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ يارىتىلىشى، يەنە بىلىم بىلەن بولىدۇ. چۈنكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە بۇ جەمئىيەتكە تەئەللۇق ئەزالار، بىلىمگە ھۆرمەت قىلمىسا، بىلىم ئىگىلىرىنىڭ سۆزلىرىگىمۇ ئېتىبار بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئىلگىرىلەش ۋە ياخشىلىنىش بولمايلا قالماستىن، تەشكىلىي قۇرۇلمىنىڭ بىلىم ئاساسىدا ئالغان قارارلىرى، ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولالمىغاچقا ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدۇ. بىلىم، زىيالىيلار قوشۇنى ئارقىلىق خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. بىلىم، ئىنساننى ئەقلىلىق قابىلىيەتلىك قىلىدۇ، زىيالىي قىلىدۇ. بۇ نۇقتىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مۇنۇ مىسرالاردا يورۇتۇپ بېرىدۇ.

4341 .يەنە بىر تەبىقە- دانالار (ۋە) ئالىملاردۇر،
ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلقنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ. ( 531 )

4343 .ئۇلار يارايدىغان ۋە يارىمايدىغان (ئىشلارنى) ئايرىپ،
چۈشىنىپ، توغرا يول تۇتىدىغان پاك كىشىلەردۇر(531 )

4347 . ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلققە مەشئەل بولدى،
كېچىدە مەشئەل يورۇسا، يولۇچى ئازمايدۇ. ( 531)

4352 .ئۇلاردىن ساڭا كېرەك بولىدىغىنى ئىلىمدۇر،
(ئۇلار) ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ( 532)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «بىلىم بىلەن قوراللانغان زىيالىيلار، خەلق ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىمدۇر. شۇڭا بىلىم ئىگىلىرىنى، زىيالىيلارنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ھىمايە قىلىش كېرەك» دېگەن كۆزقاراشنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

4342 . ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرۈپ ، سۆزىنى قەدىرلە،
ئاز-كۆپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەن ( 531)

4344 . زېھىن قويۇپ ئىلىملىرىنى ئۆگەن، بىلگەنلىرىنى بىلىۋال،
(ماددىي) نەرسىلەر بىلەن ياخشىلىق قىل، قوغدا، تىل تەگكۈزمە. ( 531 )

4350 . تىلىڭ بىلەن قوپاللىق قىلما، كايىما، ئاش-تائام يېگۈز،
ئۇلارنى قەدىرلە، ئىززەت قىل، كۆتۈر. ( 532 )

بىر دۆلەتنىڭ بار بولۇشى ۋە داۋاملىشىشى، ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بار بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. دۆلەتنى باشقۇرغۇچىلاردىن ۋە خەلقتىن بىرسى بولمىسا ياكى ھەر ئىككىسى بولمىسا دۆلەت مەۋجۇت بولمايدۇ. يەنە، ئەگەر خەلق ئاممىسى نادان بولسا، دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان كىشىلەر ھەرقانچە بىلىملىك بولسىمۇ دۆلەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى نادان كىشىلەر، تادان، ھىيلىگەر رەقىبلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئىش-ھەرىكەتتە بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر خەلق ، ئومۇمىي جەھەتتىن بىلىم ئىگەللىگەن بىر خەلق بولسا، خەلقنىڭ ھەربىر ئەزاسى، ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ. ئەگەر ئىدارە قىلغۇچىلار بىلىملىك بولمىسا، ھالقىلىق پەيتلەردە توغرا قارارلارنى بېرەلمەي قېلىشى مۇمكىن . بۇ يەردە بىلىمنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

### 3. دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن بىلىمنىڭ ئەھمىيىتى

بىلىمنىڭ ئەھمىيىتى، تارىختىن بېرى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىدە بىلىنگەن ۋە قوبۇل قىلىنغان بىر ھەقىقەت ئىدى. بولۇپمۇ قەدىمكى ۋاقىتلاردىن بېرى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە كىشىلەر ئىنتىلىدىغان، ئارمان قىلىدىغان بىر كىشى بولىدىغانلىقى بىلىنمەكتە (بارۇتچۇگىل 2002 : 86).

بىلىم، قارار بېرىش جەريانىغا ياردەم قىلىدىغان ۋە قارارلارنىڭ، قارار بەرگۈچىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ھۆكۈم قىلغاندا توغرا، پايدىلىق نەتىجىگە ئېلىپ بارىدىغان بىر

www.uyghurkitap.com

ئەمىلىيەتتۇر. مەكدىرمات، بىلىمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق كۆرسەتتى: بىلىم، ئىنساننىڭ چۈشەنگەنلىرىدىن قالغانلاردۇر، بىلىش سەۋىيەسىگە كەلگەنلەر ئىپادىلىگەن سۆز-ھەرىكەتلەردۇر، شۇ ۋاقىتتا ئىجاد قىلىنىدۇ، قوۋملەرگە ئائىت بولىدۇ، خەلق ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان ۋاستىلار ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق يېيىلىدۇ، يېڭى بىر بىلىم، كونا بىلىمنىڭ رولى تۈگىگەندە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ( لاڭ 2001: 59-43)

ھازىرقى تېخنولوگىيە دەۋرىدە تەشكىللىك پائالىيەتلەرنىڭ پەقەت بىر دۆلەتنىڭ چېگراسى ئىچىدە قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەزى دۆلەتلەر ھەرخىل چەكلىمىلەرنى ياراتسىمۇ، بىلىم، بۇ تەشكىللىك پائالىيەتلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىگە يېيىلىشىدا، ئۇلارنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلەشلىرىگە ئېرىشىشتە، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، قارار بەرگۈچىلەرگە بېسىم ئىلىپ كېلىشتە، نىشانغا يېتىشتە، كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئامىل.

بىر دۆلەت، بىلىم بىلەن روناق تاپىدۇ. جەمئىيەتمۇ بىلىم بىلەن ئالغا باسىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا دۆلەتكە ۋە جەمئىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش، بىلىم تەلەپ قىلىدۇ. رەھبەرلەر بىلىم ئىگىلىشى، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشى لازىم. رەھبەرلەر يەنە بىلىملىك كىشىلەرنىڭ بىلىمىدىن ۋە ئەقلىدىن پايدىلىنىشى لازىم. بۇ كۆزقاراشنى تۆۋەندىكى مىسرالار ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

224 .جاھاننى (قولدا) تۇتماق ئۈچۈن، كىشى ناھايىتى
ئىدراكلىق بولۇشى كېرەك،
خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كىشى بىلىم بىلىشى
كېرەك. (45)

252 . دۇنيا بەگلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ بىلىمى بولسا،
ياخشى قانۇن تۈرغۇزدى، ئۇبدان كىشلەردىن
بولدى. (49)

254 .قايسى بەگ دانا، بىلىمگە يېقىن بولغان بولسا،
ئۇ، بىلىملىك كىشلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتتى. (49)

ئەگەر دۆلەت، بىلىمسىزنىڭ قولىغا چۈشسە، خەلقمۇ بۇزۇلىدۇ . دۆلەت قولدىن كېتىپ خەلققە بالايى-ئاپەت كېلىدۇ.

1780 . بىلىمسىزگە دۆلەت، بەخت كېلىدىغان بولسا،
بارچە خەلق بۇزۇلىدۇ، ئەلگە جۇت-ئاپەت
كېلىدۇ. (232)

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆنىمىزدىكى پەرىشانلىق، سەرسان-سەرگەردانلىق ۋە قىرغىنچىلىققا ئۇچراش ئەھۋالى ئۈستىدە تەھلىل ۋە ئانالىز ئېلىپ بېرىلغاندا، بۇ پالاكەتكە، 17 -ئەسىردە ئۇل سېلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. 1635 -يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا ئىلىنى مەركەز قىلغان موڭغۇل دۆلىتى - جۇڭغار (ئويرات) دۆلىتى قۇرۇلغان، 1680 -يىلى قۇمۇل ۋە تۇرپاننى ئىستېلا قىلغان. 1644 -يىلى بېيجىڭغىچە كېڭىيىپ ئىمپېراتورلۇق قۇرغان مانجۇلار بولسا، 1720 -يىلى قۇمۇل ۋە تۇرپاننى موڭغۇللاردىن تارتىۋالغان (ئۇيغۇر 2016: 28). مۇشۇنداق ھالقىلىق ۋەزىيەتتە يەركەنتنى مەركەز قىلغان يەركەنت خانلىقىدا غوجىلار، يەركەنتنى مەركەز قىلغان قارا تاغلىقلار ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىغا بۆلۈنۈپ، ئۆز-ئارا تىركىشىشتە رېكورت سەۋىيەگە يەتكەن. يەنى يەركەنت خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل خان (1670-1678) قارا تاغلىقلارنى قوللىغاچقا مەغلۇپ بولغان ئاق تاغلىقلارنىڭ دىنىي رەھبىرى ئاپاق غوجا، قەشقەردىن قوغلانغاندىن كېيىن جۇڭغار خانى گالدان بوشگوت خاننى 1678 -يىلى قەشقەرگە باشلاپ كېلىپ، قەشقەر ۋە يەركەنتنىڭ ئاسانلا ئىشغال قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان. شۇنىڭ بىلەن يەركەنت خانلىقى يىقىلىپ، جۇڭغارلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى غوجىلار دەۋرى باشلانغان (ئۇيغۇر 2016: 29). بۇنىڭدىن كېيىنكى جەريانلار، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە پايدىسىز رەۋىشتە تەرەققىي قىلىپ، ئەھۋال كۈندىن كۈنگە يامانلىشىپ، كۈنىمىزدىكى پاجىئەلەرگە كەلدى.

ئاپاق غوجا، بىلىملىك، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان بىر ئىنسان بولغان بولسا، جۇڭغارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننى مانجۇ ئىستېلاسىغا تەييارلاپ بەرمىگەن بولاتتى. بىلىملىك بولغان بولسا يەنى تارىخنى، مىللىي قىممەتلىرىنى، باشقا ئەللەرنىڭ ئۆتۈق ۋە پالاكەتلەرنى ياخشى بىلگەن بولسا، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆزى مەنسۇپ بولغان خەلقنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلمىغان بولاتتى. ئىسمائىل خانمۇ دۆلەتتىكى بارلىق گۇرۇھ ۋە تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، كۈچنى، زېھنىنى رەقىبلىرىگىلا قاراتقان بولسا، بەلكىم پەرقلىق نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولاتتى.

1956 - يىلى ئاپاق غوجىنىڭ مازىرى، دۆلەت تەرىپىدىن رېمونت قىلىنغان (كۆپرۈلۈ 1988 : 396). 1988 - يىلى ئاپاق غوجىنىڭ مازىرى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى بولسا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىنىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن (داۋۇت 2001 : 29). بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا مىقياسىدا بىلىنمىگەن بولسا، مازىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىشى ناتايىن ئىدى.

بۇيەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، 1972 - يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنىڭ ئۈستى قىسمى بۇزۇپ تۈزلىۋېتىلگەن، پەقەت ئاستى قىسمى

ساقلىنىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا تەنتەربىيە يولى باشلانغۇچ مەكتىپى، شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار سېلىنىپ، مازارنىڭ ئىزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان. 1989 -يىلى ئاران ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن (داۋۇت 2001 : 20). شۇ يىلى ئاپاق غوجا مازىرىدىكى ئىگىز (كىچىك مەسچىت رېمونت قىلىنغان (داۋۇت 2001 : 25). بۇ ئەھۋالنى، 1949 -يىلدىن بۇرۇنقى «نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش» سىياستى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەندە، ئىستېلا قىلغۇچىنىڭ، ئىستېلا قىلىنغۇچىغا ھېچقاچان بىلىم بىلەن يېقىنلىشىش پۇرستى بەرمەيدىغانلىقى ئايان بولىدۇ.

بىلىمگە تايىنىپ يېڭى دۇنيا، يېڭى بىر دەۋر يارىتىش، تامامەن مۇمكىن. بىلىم ئىگەللىگەندە، ۋاقىتنى، دەۋرنى ۋە جاھاننى ئىگەللىگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى، بىلىمدىن ھېچقاچان ۋاز كەچمىدى. 1949 - يىلدىن بۇرۇن شائىر سەنئەتكار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنى، يىغىلىپ تاۋاپ قىلىدىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بىر سورۇنغا ئايلاندۇرغانلىقى؛ كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىلىم پىرى»، «ئىلىمگە ھۆددىگەر مازار» دەپ قارىلىشى؛ مەكتەپلەردە، مەدرىسەلەردە ياخشى ئوقۇيالمىغان، زېھنى ئوچۇق بولمىغان پەرزەنتلىرىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاۋاپ قىلدۇرۇپ، ئىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇتۇپ، خەتمقۇرئان قىلىشلىرى (داۋۇت 2001: 16)، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىلىمگە بولغان ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆۋەندىكى بېيىتتا دۆلەتنى باشقۇرغانلارنىڭ بىلىملىك، ئەقىللىق ۋە سەگەك بولۇشى كېرەكلىكىنى خاتىرلىتىدۇ.

1956 . بەگ بىلىملىك، ئەقىللىق ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك،
ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن پالاكەت تەگمىسۇن. (253)

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قولدىن كېتىش سەۋەبىنى تەتقىق قىلغاندا دەل مۇشۇ نۇقتىدا كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. 1944 - يىلىدا باشلىنغان، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر ۋە قازاق قاتارلىق يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي ئازادلىق ۋە دېموكراتىك سىياسىينى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تەشكىللىك ۋە كەڭ كۆلەملىك قوراللىق كۈرىشى دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قۇچۇپ 1944 -يىلى 11 -ئاينىڭ 12 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلىدۇ ( ئاۋۇت 1996 : 45). بۇ ھۆكۈمەت دۆلەتنى كۈچەيتىش ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تامامىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىستېلاجىلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار ئىش-پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

1949 -يىلى 4 -ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرلەش يىغىنىدا، ماۋ زېدوڭنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىگە دائىر بايانلىرىنى ۋە «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خىتابنامىسى»دىكى مىللەتلەرگە قارىتىلغان سىياسەتلەرگە دائىر مەزمۇنلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «كوممۇنىست پارتىيى، گومىنداڭنىڭ سىياسىتىنى خاتا دەپ قاراپ، توغرا مىللىي سىياسەتنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسى، مۇقەررەر ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ» دېگەن (ئاۋۇت 1996 : 388 ). بۇ جۈملىلەر، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەرنىڭ، كوممۇنىستلارنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرىگە ئىشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەقىقەتەن، گومىنداڭنى مەغلۇپ قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ، غەلىبە قىلغان كوممۇنىستلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تېشىدىكى تېخى ئازاد بولمىغان رايونلارنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى پىلانلىغان . ئەمما ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى، بۇ رەھبەرلەرنىڭ تەخمىنىدىن پەرقلىق بولۇپ چىققان.

4 -ئاينىڭ 23 -كۈنى مىليون كىشىلىك جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ئازادلىق ئارمىيەسى نەنجىڭنى ئىشغال قىلىپ، گومىنداڭنى بەربات قىلغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن 7 -ئاينىڭ 11 -كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 1 -دالا ئارمىيىسىغا «چوڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىش» بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن «چوڭ غەربىي شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىش» باشلانغان. جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتىپ، ئالاقىلىشىپ، ئاندىن ئازادلىق ئارمىيەسىنى ئەۋەتىسە، شەرقىي تۈكىستاننى تېز ئالغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ شۇ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى، سوۋېتلەردە زىيارەتتە بولۇۋاتقان لىيۇ شاۋچىغا تەكلىپ قىلغان (ئاۋۇت 1996: 402 ).

1949 -يىلى 8 -ئاينىڭ 17 -كۈنى دېڭ لىچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئىسھاقبېك مونونوپ بىلەن رەسمىي كۆرۈشۈپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن كەلگەن تېلېگراممىنىڭ روھىغا ئاساسەن ۋە لىيۇ شاۋچىنىڭ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنى جۇڭگونىڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزگەن . يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغان بەش كىشىدىن 2 - 3 كىشىنىڭ مەسئۇل داھىيلاردىن بولۇشى كېرەكلىكى جېكىلىنىپ، ئىلىدىن مانجۇرىيەگە بېرىشتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلان بىلەن يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (ئاۋۇت 1996 : 407-408) . 8 -ئاينىڭ 19 -كۈنى دېڭ لىچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيەسى ۋە ئۇنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالى ھەققىدە مەركىزىي كومىتېتقا تېلېگراممىا يوللاپ ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ سانى، قورال-ياراقلارنىڭ تۈرى ۋە سانى قاتارلىقلارنى بىلدۈرگەن.

يىغىنغا قاتنىشىش قارارى ئالغان ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، دەلىلقان سۇگۇرباييوپ، لوجى قاتارلىق بەش ۋەكىل ۋە ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭغان ئۈچ خادىم، 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئالتاينى كۆزدىن كەچۈرۈش نامى بىلەن غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا ماڭغان ( ئاۋۇت 1996: 418 ). 26 -كۈنى دېڭ لىچۈن، مەركىزىي كومىتېتقا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارنى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مالىيە، ئىقتىساد ئەھۋالىنى تېلېگرامما ئارقىلىق بىلدۈرگەن (ئاۋۇت 1996 : 419).

8 -ئاينىڭ 31 - كۈندىن 9 -ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە تاۋسىيۇ، مىللىيلاردىن پەقەت بۇرھان شەھىدىنى ۋە باشقا 6 خىتاينى يىغىنغا چاقىرىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يول خەرىتىسى ئۈستىدە پىكىر ئالغان. چىققان نەتىجە تەبىئىي ھالدا ئازادلىق ئارمىيەگە قارشى تۇرۇلماسلىق، سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش بولغان (ئاۋۇت 1996: 420).

9 -ئاينىڭ 3 - كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئولتۇرغان سوۋېت ئايروپىلانىنىڭ ، 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىركوتسكىدىكى تاشقى بايقال كۆلى رايونىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا بارغاندا تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ قازا قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ۋە قازا قىلغانلارنىڭ ئورنىغا يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن رەھبەرلەردىن يەنە ئىككى كىشىنى يىنىغا ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلغان ( ئاۋۇت : 1995: 421 ).

9 - ئاينىڭ 24 -كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 1 -دالا ئارمىيەسى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن شەھرىنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەن (ئاۋۇت 1996: 432).

بۇ جەريانلار تەتقىق قىلىنغاندا، ئۈچ ۋىلايەتنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بارغان قۇملۇق-شۇملۇقلىرىنى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلمىگەنلىكى ئايان بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرىنىڭ، 1945 - يىلى 2 -ئاينىڭ 11 -كۈنى يالتادا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ رەئىسى روزۋېلت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئىستالىن ۋە ئەنگلىيە رەئىسى چېرچىل تەرىپىدىن قارارلاشتۇرۇلغانلىقىنى تىلغا ئالدىغانلارمۇ بار. رەقىبلەرنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر ئىكەنلىكى، ئەسكىرىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا بىلىمدە شەرقىي تۈركىستاندىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىرادىدە، تىرىشچانلىقتا، پىداكارلىقتا، غەيرەت-جاسارەتتە ھېچكىمدىن كەم ئەمەس. بىرلىرى قارارنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەممە ئىش شۇ قارار بويىچە ماڭىدۇ دېيىش، ئاسانلا ۋاز كېچىش، مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۈمىدنى يوقۇتۇشتۇر. بىرلىرى تەقدىرنى ئالدىنئالا بەلگىلەپ بەرگەندە، ئەقلى، بىلىمى ۋە چارە-تەدبىرلىرى بىلەن بۇ قارارنى بۇزالىغانلار، باشقىلارنى پىچىپ بەرگەن تەقدىرنى ئۆزگەرتەلىگەنلەر، قول بولمايدۇ.

ئۈچ ۋىلايەتنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ دۆلەتنى ساقلاپ قالالمىغانلىقى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر مەنىگە ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى خاتىرلىتىدۇ. ئىنساننىڭ ئەقلىگە مۇناداق سوئاللار كېلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار، بولشېۋىكلارنىڭ چارنى يىقىتىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەشتە، مىللىي سىياسەت سەپسەتىسى ئارقىلىق غەربىي تۈركىستاندىكى سۇلتان گالىيېۋغا ئوخشاش رەھبەرلەرنىڭ ۋە زىيالىيلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيىتىنى تىكلىۋالغاندىن كېيىن بۇ كىشىلەرنى يوقىتىپ، خەلققە سانسىز بالايى-ئاپەت ياشاتقانلىقىدەك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، باشقا تاللىشى بولمىغىنى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم ئالسىمۇ، ھەم رۇسلارغا ھەم خىتايلارغا قارىتا ئېھتىياتچان بولۇپ، پاراسەتلىك ۋە تاكتىكىلىق سىياسەت يۈرگۈزگەن بولسا، گومىنداڭنى يامان كۆرگەندەك كوممۇنىستلارنىمۇ ھەزەر ئەيلىگەن بولسا، بەلكىم ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشمەستى. ئۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تەقدىرى پەرقلىق بولامتى؟ شەرقىي تۈركىستانلىقلار كۈنىمىزدىكى تراگېدىيەنى ياشامتى؟

كۈنىمىزدە شەرقىي تۈركىستاندىكى پالاكەت، دۇنيانىڭ كۈن تەرتىپىنى مەشغۇل قىلالىغان بولسا؛ جۇڭگونىڭ قارا نىيەت، قۇۋلۇق-شۇملۇق ئاساسىدا سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان، شەرقىي تۈركىستانغا قارىتا ئىسى - بۇسىنى چىقارماي ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش، جۇڭگو پۇقرالىرىغا ۋە چەتئەللەرگە قارىتا ئالداش، سېتىۋېلىش، بۇرمىلاش، تىياتىر ئويۇنى قويۇش سىياسىتى، ئازراق بولسىمۇ دۇنيادا بىلىنىۋاتقان بولسا؛ بۇ بىلىم بىلەن قورالانغان پىداكارلارنىڭ كېچىسىنى كۈندۇزگە قېتىپ مېھنەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. كۈنىمىزدە چەتئەللەردىكى زىيالىيلار، تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماقتا. ھازىر پەرقلىق دۆلەتلەردە ۋە پەرقلىق كەسىپلەردە ئوقۇۋاتقان ياشلار، ئالدىمىزدىكى يىللاردا ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ ۋە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئۆزىگە ماياك قىلىشى، نەسلىدىن نەسلىگە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بىلىمگە ئىشىنىش، بىلىم ئارقىلىق نىشانغا يېتىش ئەنئەنىسىنى، يېڭى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە تېخىمۇ جانلىق تېخىمۇ يارقىن رەۋىشتە راۋاجلاندۇرۇشى

ئىنتايىن مۇھىم. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

2624 . ئادەمدە زېرەكلىك بىلەن بىلىممۇ بولسا،
شۇ بىلىم (بىلەن) ھەممە ئىشقا قول
ئۇزىتالايدۇ (329)

4022 . كىشى ئۆگىنىپ ئاندىن دانا بولىدۇ،
بىلىمنى بىلسە، ئاندىن ھەممە ئىش
ئۇئۇملۇك بولىدۇ. (493)

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىلىم-كۈچتۇر. بىلىم - كۈچ، ئەقىل بىلەن بىرلەشكەندە مۆۋەپپەقىيەتنى تۇغىدۇ.

## خۇلاسە

يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019-1085)، «قۇتادغۇبىلىك» يەنى «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم » ياكى «بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم» ناملىق ئەسىرىنى 1069-1070 يىللىرى يازغان. ئەسەر، 11 -ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى نامايان قىلىدىغان بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىرگە زامانىنىڭ تارىخىنى، پەلسەپەسىنى، سىياسەت بىلىمىنى، تەلىم-تەربىيە پرىنسىپلىرىنى، دىنىي-ئېتىقادىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى بىزگىچە ئۇلاشتۇرغان مۇھىم بىر مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەسەرنى مەزمۇنى جەھەتتىن، ھەر ئىككى دۇنيادا ئىززەت بولۇشنىڭ رېتسېپى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەسەر توغرىلىق تەتقىقاتلار، 19 -ئەسىرنىڭ بېشىدا باشلانغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەتراپلىق ئەمگەك، رىشتە راخمەتى ئارات تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمگەكتۇر. شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە تۈركولوگىيە تەتقىقاتى، 18 - ئەسىردىن ھازىرغىچە ئىشغالچى ھۆكۈمەتلەر رۇخسەت قىلغان ۋە ئىمكان بەرگەن دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان ۋە تەرەققىي قىلالىغان. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بىرەر نۇسخىسى شەرقىي تۈركىستاندا تېپىلمايلا قالماستىن، بىر كىتاب سۈپىتىدە، تۇنجى قېتىم، ئاران 1984 - يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

ئەسەردە «قانداق قىلغاندا غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە بىلىم گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىلىمنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. كۈنىمىزدە بىلىمگە-ئەڭ يېڭى تېخنولوگىيىگە ئىگە بولغانلارنىڭ، ھەم ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلەنگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار ئىگە بولغان بىلىم قىممەتلىك بولغاچقا، ئۇلارمۇ بۇ بىلىم ئارقىلىق قەدىر-قىممەت تاپتى. بۇنىڭدىن، بىلىمنىڭ ئۆزى قىممەتلىك بولۇپلا قالماي يەنە قىممەت يارىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خۇداغا ۋە خۇدانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشىنىدىغان بىر مۆمىن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىق ئىدىيەسى ، بىلىمنىڭ قۇدرىتىنى ۋە كۈچىنى رەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئىنسانلارنىڭ، بىلىمنىڭ كۈچى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ يەردە بىلىمنىڭ رولى دىققەت تارتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بىلىمنىڭ ئىنساننىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى، ئىنساننىڭ بىلىم ئارقىلىقلا بىلىش سەۋىيەسىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى، ھەممە ئىشنى بىلىم ئارقىلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بىلىم، ئىنساننىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، ھايات-مامات ۋە مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا بىر دۆلەتنىڭ بار بولۇشى ۋە داۋاملىششى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. دۆلەتنى باشقۇرغۇچىلاردىن ۋە خەلقتىن بىرسى بولمىسا ياكى ھەر ئىككىسى بولمىسا دۆلەت مەۋجۇت بولمايدۇ. يەنە، ئەگەر خەلق ئاممىسى نادان بولسا، دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان كىشىلەر ھەرقانچە بىلىملىك بولسىمۇ دۆلەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن . چۈنكى نادان كىشىلەر، تادان، ھىيلىگەر رەقىبلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئىش-ھەرىكەتتە بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر خەلق ، ئومۇمىي جەھەتتىن بىلىم ئىگەللىگەن بىر خەلق بولسا، خەلقنىڭ ھەربىر ئەزاسى، ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ. ئەگەر ئىدارە قىلغۇچىلار بىلىملىك بولمىسا، ھالقىلىق پەيتلەردە توغرا قارارلارنى بېرەلمەي قېلىشى مۇمكىن . بۇ يەردە بىلىمنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بىلىم، قارار بېرىش جەريانىغا ياردەم قىلىدىغان، قارار بەرگۈچىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ھۆكۈم قىلغاندا توغرا، پايدىلىق نەتىجىگە ئېلىپ بارىدىغان بىر ئەملىيەتتۇر. بىر دۆلەت، بىلىم بىلەن روناق تاپىدۇ. جەمئىيەتمۇ بىلىم بىلەن ئالغا باسىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا دۆلەتنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش، دۆلەتنى ۋە جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرۈش، دۆلەتكە ۋە جەمئىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش، دۆلەتنى ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك قىلىش، بىلىمنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بىلىمنى توغرا ئىشلىتەلەيدىغان بىلىم ئىگىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئەقىل قوشۇنىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ باشقۇرغۇچىلارنى قوللاپ، ئۇلارغا ماسلىشىپ، دۆلەتنى كۆكلىتىدىغان ۋە بىلىم ساپاسىغا ئىگە، سان جەھەتتىنمۇ رەقىبنى چۆچۈتىدىغان نوپۇسنى -خەلقنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىلىمگە تايىنىپ يېڭى دۇنيا، يېڭى بىر دەۋر يارىتىش، تامامەن مۇمكىن. بىلىم ئىگەللىگەندە، ۋاقىتنى، دەۋرنى ۋە جاھاننى ئىگەللىگىلى بولىدۇ. بىلىم-كۈچتۇر. بىلىم-كۈچ، ئەقىل بىلەن بىرلەشكەندە مۆۋەپپەقىيەتنى تۇغىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

### ئۇيغۇرچە

ئاۋۇت، ئابدۇللا (1995). (تەرجىمە قىلغۇچى)، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش-تەھرىرلەش كومىتېتى، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
ئاۋۇت توختى ۋە باۋۇدۇن توختى (1988). <ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە- بىلىم>، «قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە بايان»، 4 -قىسىم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 188 - 204 -ب.
تۇردى، ئابدۇشۈكۈر ۋە ئەكبەر، قادىر (2006). «قۇتادغۇبىلىك-ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەسرىي يەشمىسى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى
داۋۇت، راھىلە (2001). «ئۇيغۇر مازارلىرى»، ئۈرۈمچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
زىيائى، ئەخمەت (1986). <«قۇتادغۇبىلىك» تونغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان>، «تارىخىي مىراس «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بايان»-ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى- 1 ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 69-1 -ب
مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇشۈكۈر (1998). «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، ئۈرۈمچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
ئۆتكۈر، ئابدۇرېھىم ۋە تۇردى، ئابدۇشۈكۈر قاتارلىقلار (1984). «يۈسۈپ خاس ھاجىپ-قۇتادغۇبىلىك»-نەزمىي يەشمىسى ۋە ترانسكرىپسىيەلىك مېتنى. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى.

### تۈركچە

Barutçigil, İ. (2002). Bilgi Yönetimi, İstanbul Kariyer Yayınları
Kaşgarlı Abdulvahit, Raile (2009). “Divan-i Lugat’it Türk’ün Bulunuşu ve Doğu Türkistan’da Neşredilmesi”, Doğu Türkistan’ın Sesi Dergisi, S. 69-70, s. 55-68
Köprülü, F. Orhan (1988). “Afak Hoca”, İslam Ansiklopedisi, Türk Diyanet Vakfı Yayınları, C.1, S. 396-397
Gömeç, Saadettin (2015). Uygur Türkleri Tarihi, Ankara Berikan Yayınevi
Uygur, Feyzullah (2016). “Mançuların İlk Doğu Türkistan İstilası”, Tarih Dergisi, İstanbul, S.1, S. 27-40

### ئىنگلىزچە

BELL D, (1973),The Coming of The Post-Industrial Society: A Venture in Social Forecasting, Basic Books. New York.
LANG C.J (2001)”Managerial Concerns In Knowledge Management” Journal of Knowledge Management V.S. Number.1. 43-49 p.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش ئىدىيەسى

زۇلھايات ئۆتكۈر
(شۇئېتسىيە)

ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بىر مىللەتنىڭ تارىخ سەھنىسىدە مەردانە قىياپەت بىلەن پۇت تىرەپ تۇرۇشى ياكى سەھنىدىن غۇلاپ چۈشۈپ كېتىشى تامامەن ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ياخشى تەربىيەلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ شاھانە بىر ئەسەر بولۇشىدىكى بىر سەۋەب، بىرى ئۇنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئەڭگۈشتەرىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى بولسا، يەنە بىر مۇھىم ئەھمىيىتى كىتابتىكى پەرزەنت تەربىيەلەش ئىدىيىسىدۇر.

ھازىرقى مائارىپىمىزدا ئائىلە تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسى ۋە مەكتەپ تەربىيەسى دېگەن ئاتالغۇلار كۆپ ئۇچرايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك »تە بۇ خىل سۆزلەر ياكى نەزەرىيەلەر مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن كىتابتا مۇشۇ ئۈچ خىل كاتېگورىيەنى چۆرىدىگەن ھالدا مائارىپ ، تەلىم - تەربىيەنىڭ قانۇنىيەتلىرى، تەلەپلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلار خېلىلا يورۇتۇپ بېرىلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالىلارنىڭ يارامىلىق تەربىيەلىنىپ چىقىشىدا، ئائىلىدىكى تەربىيەنى ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايدۇ. تەربىيە كۆرمەي تۇرۇپ كامالەتكە يەتكىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ ئائىلىدە دادىنىڭ تەربىيەسىنى يادرو دەپ قارايدۇ. ئۇ بالا تەربىيەسىدە، «بالىلارغا مېھرىبان بولۇش بىلەن بالىلارنى چىڭ تۇتۇش»نى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش تەربىيەسىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا، ياخشى ئېرۇر،
ئاتا ئاناسى بەختلىك بولۇر

دېگەن مىسرالاردا 1000 يىل بۇرۇن ئوغۇل بالىنىڭ تەربىيەسى قانداق بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدە توختالغان. پەزىلەتلىك، خۇش پېئىل پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش ھەققىدىكى ئىدىيەسى 1000 يىل كېيىنمۇ ھازىرقى دەۋردە كۈچىنى يوقاتمىغان.

بۇ كىتاب ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە يېزىلغان كىتاب بولۇپ، بالا تەربىيەلەشتە تەبىئەت قانۇنلىرى ۋە ئىسلام ئۆلچەملىرىگە بويى سۇنۇشنى تەۋسىيە قىلغان. ھازىرقى زامان پېداگوگىكا ئىلمىدىمۇ ئائىلە تەربىيەسىنىڭ ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى يارىتىدىغان بىر باسقۇچ بولۇپ، ئىنساننىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ئامىل دەپ قارىلىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئائىلە تەربىيەسىدىكى مۇھىم بولغان ئامىل «پەرزەنتلەرگە بىلىم ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى مەدەنىيەتلىك ۋە ئىلىملىك كىشىلەردىن تەربىيەلەپ چىقىش، ئاتا - ئانىنىڭ بۇرچى»، دەپ كۆرسىتىلگەن. بالىنىڭ «ئەركە - مېشچان ، يامان خۇي - پەيلىك بولۇپ ئۆسۈشى»نى ئاتا - ئانىغا باغلىق دەپ چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئەخلاقىي جاۋابكارلىقىنى ئاتا - ئانىغا، بولۇپمۇ ئاتىغا ئارتىدۇ.

16 - ئەسىردە ياشىغان ئەنگلىيە ئالىمى بېكون«بىلىم-كۈچ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، بىزنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىز ئۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇنلا «بىلىم-بەخت كەلتۈرگۈچىدۇر» دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغانىكەن. ئۇ «دۆلەتنى بىلىملىك كىشىلەر باشقۇرۇشى كېرەك، يارامىلىق، پەزىلەتلىك كىشىلەر ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرۇشى كېرەك» دېگەن ئىدىيەنى تەرغىب قىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت ۋە خەلقنى جاھالەتتىن قۇتقۇزۇشتا ئىلغار بىر يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدىغان ئىدىيە ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە تەلىم تەربىيەنىڭ دەستۇرىنى «ئوقۇش» ۋە «ئەقىل»دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان دەپ قارايدۇ. خۇددى ئاللاھ تائالامۇ «ئوقۇغىن» دەپ بىزگە بۇيرۇق بەرگىنىدەك، «بىلىملىك مەرىپەت ئەھلىمۇ تەربىيەلىنىشتىن كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. دۇنيادىكى بارلىق ھوزۇر ۋە بەخت تەربىيەلىنىشنىڭ نەتىجىسى.

بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.

ئەقىل قايدا بولسا ، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا ، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مائارىپ تەربىيەسىنىڭ ئاساسلىق نېگىزى ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئىككى مۇھىم سۈپەت- پەزىلەت ۋە بىلىمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ بەخت ئىشىكى بولۇپ، ئادەم مۇشۇ ئىككى سۈپەت بىلەن بەختكە ئېرىشەلەيدۇ دەپ قارايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى پەزىلەت ۋە ئەقىل چۈشەنچىسى يەنە ئەخلاقىي تەربىيە بىلەن ئەقلىي تەربىيەنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، بۇ ئىككى تەربىيە ھامان بىر گەۋدە دەپ قارايدۇ. ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيەنى تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەك دەپ قارايدۇ، مۇنۇ مىسرالارغا قارىساق:

ئەقىل ئوڭ ئىشلەر، ئۇ تەتۈر ئىشلىمەس،
پۈتۈنلەي ئېرۇر چىن، ئۇ مەككار ئەمەس.

ئەقىللىق ، دۇرۇس ھەم سىلىق سۆز تىلى،
دۇرۇس ھەم تولۇقتۇر ئۇنىڭ پىئىلى.

ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ دەۋرلەردىلا قەلبى گۈزەل، تىلى گۈزەل بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. «قۇتادغۇ بىلىك»تە تىل گۈزەللىكىگە ئائىت مەسىلىلەرنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرگە تەربىيە بېرىشتە تىل بىلەن دىلنىڭ بىردەك بولۇشىنى، سۆزلەرنى گۈزەل، سىپايە ۋە مەنتىقلىق قىلىشقا ئادەتلىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

ئاخىردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «ئىلىم پەن ئەھلىلىرى ئۆزىنىڭ كامالىتىنى ۋە قابىلىيىتىنى ۋەتەن، خەلققە بېغىشلىشى لازىم» دېگەن ئىدىيەنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ خىل قاراش ھازىرقى دەۋردىمۇ ئەڭ ئىلغار بولغان قاراشلاردىن بىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى، يۈز ئابرۇيى ۋە شان شەرىپىنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مائارىپىمىزنىڭ تەلىپى شۇكى، باللىرىمىزنى ئىمانلىق، ۋىجدانلىق ۋە ئۆز كىملىكىنى بىلىدىغان، مىللەتنىڭ دوستى ۋە دۈشمىنىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئەۋلادلاردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش. غەرب ئەللىرىدە گەرچە تۈرلۈك پېداگوگىكا مېتودلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە خاس ئومۇمىي بىر مائارىپ ئەندىزىسى بېكىتىلگىنى يوق . شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىزنىڭ 1000يىل بۇرۇنقى پەرزەنت تەربىيەلەش ئىدىيەسى ھازىرقى كۈندىمۇ بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىر قىسىم ئوغۇللارنى قىزلاردىن بەكرەك مۇھىم كۆرۈش، تاياق بىلەن باشقۇرۇش دېگەندەك قاراشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەخلاق پەزىلەت بىلەن بىلىملىك بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش مېتودى ۋە ئەقلىنى ئىلىم ئېلىش ئارقىلىق يېتىلدۈرۈش مېتودى تامامەن بىزنىڭ قوللىنىشىمىزغا ماس كېلىدۇ دەپ قارايمەن.

www.uyghurkitap.com

# قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىجادىيىتىنىڭ ئورنى

خانىفە سالىخوۋا[*]
نارگىزە قۇربانوۋا[**]
(ئۆزبېكىستان)

تارىخىمىزنىڭ شانلىق سەھىپىسىگە ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان، ئالىملار، پەيلاسوپلار، شائىرلار، دەۋر قەھرىمانلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، تەڭداشسىز ئالىم، ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىڭ يىل بۇرۇن بۈگۈنكى ئەۋلادلار ۋە نەسىللەرگە بەخت-سائادەت، ئەركىنلىك، تىنچ ۋە خاتىرجەملىك ھاياتنىڭ رېتسېپىنى ۋە مۇكەممەل ئىنسانىيەت پەلسەپەسىنى تەقدىم قىلغان ئىجادكار ئىدى.

ئۆتمۈشىمىزگە، ئۇزۇن تارىخىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق، مەركىزىي ئاسىيادا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئال خارازمىي، بېرۇنىي، فارابى، مەھمۇد كاشغەرىي، ئىبن سىنا قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

مەن 1988 - يىلى شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە بارغاندا، قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇزېيىنى ۋە قەشقەرنىڭ ئوپالدىكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان ئىدىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI - ئەسىرنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، دانىشمىنى ۋە دۆلەت ئەربابىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان دەۋر، مەركىزى ئاسىيادا قاراخانىيلار سەلتەنىتى دۇنيادا شۆھرەت قازانغان، ئۇنىڭ ئىلىم-مەرىپىتى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيەت مىراسى نۇرغۇنلىغان مەملىكەتلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئالتۇن دەۋر ئىدى. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ سايىسى - ئىجتىمائىي ھاياتى ناھايىتى گۈللەپ ۋە تەرەققىي قىلىپ مەركىزى ئاسىيادا شۇنداقلا شەرق ۋە غەربلەردىكى مەملىكەتلەردە ئۇنىڭ شانلىق شۆھرىتى تارقالدى. ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپقا نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ ۋە كامالەتكە يەتكەن نامايەندىلەر يېتىشىپ چىقتى . قاراخانىيلار دەپ ئاتالغان بۇ دۆلەتنىڭ «قارا» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، «ئۇلۇغ»، «بۈيۈك» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرۈدىغانلىقىندىندۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن يېگانە ئەدەبىي مىراسى بولسا «قۇتادغۇ بىلىك» (سائادەت ئېلىپ كەلگۈچى بىلىم) داستانىدۇر. بۇ داستان XI - ئەسىر ئەدەبىياتى ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋە ئەخلاقىي تەلىم تەربىيە كۆزقاراش ۋە ئىدىيەسىنى بەدىئىي جەھەتتىن مۇجەسسەملەشتۈردى . شۇنداقلا تارىخ، ئىلىم-پەن، ئېتنوگرافىيە ، تىلشۇناسلىق ۋە باشقا ساھەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان بىردىن بىر ئەسىرى، ئۇ بولسىمۇ ئۆزى يېزىپ مىراس قالدۇرغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدۇر. بۇ ئەسەر XI - ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، شائىر، ئاتاقلىق سىياسەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەلىمىگە ئائىت بولۇپ، بالاساغۇندا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىشقا باشلىنىپ، قەشقەردە تاماملانغان. بۇ داستاننى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى بۇغراخان ئەبۇ ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى بۇغراخان ئابۇ ئالى ھاسان بۇ داستاننى ئەتىۋارلاپ، ئەسەرنىڭ مۇئەللىپىگە «خاس ھاجىپ» يەنى «مۇكەررەم ئىشىك ئاغىسى» ئۇنۋانى بىلەن تەقدىرلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ شاھ داستاننى ئۇيغۇرچە يازغان ئىدى.

ئۇلۇغ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن 1019-1020 يىللىرىدا بالساغوندا شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 1069-1070 يىللىرى ئەتراپىدا داستاننى يېزىپ تۈگەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا تىل ۋە ئەدەبىياتتىن باشقا تارىخ، پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە دىنىي بىلىملەرگە دائىر ئىلمىي، بەدىئىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن ئالىم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ھەتتا تىبابەت ئىلمىگە دائىر نەزەرىيەلىرى ۋە كۆز قاراشلىرى، ئۇنىڭ ئىبن سىنانىڭ ئەسەرلىرىنى پۈختا ئۆگەنگەن يازغۇچى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. داستاننىڭ ئەسلى قول يازمىسى ھازىرغىچە تېپىلغان ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كېيىنكى دەۋرلەردە كىتاب شەكلىدە كۆچۈرۈلگەن ئۈچ قولىيازما نۇسخىلىرى بىزگە يېتىپ كەلگەن.

---

[*] پروفېسسور دوكتور، ئەنجان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، فىلولوگىيە پەنلىرى ئوقۇتقۇچىسى.
[**] دوتسېنت، ئەنجان ماشىنىسازلىق ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن، «<قۇت>قا، <بەخت-سائادەت>كە ئىنتىلغۇچى بىلىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. داستاننى 18 ئاي، يەنى بىر يېرىم يىلدا يازغانلىقى، ھەتتا يېشى ئەللىكتىن ئاشقاندا يېزىپ تۈگەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۈچ قول يازما نۇسخىسى بولۇپ، بۇلار «ۋيېننا (ياكى ھىرات )»، «قاھىرە» ۋە «نەمەنگەن» نۇسخىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرىنچى نۇسخىسى بولسا XIX - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئىستانبۇلدا تېپىلغان. بۇ نۇسخا XV ئەسىردە ھىراتتا، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن. قولىيازمىنى تاپقان ئالىم خاممەر پۇرگېشتال ئەسەرنى ۋيېننادىكى خانلىق كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «ھىرات» ۋە ياكى «ۋيېننا» نۇسخىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى 1897 - يىلىدا قاھىرەدىن تېپىلغان. بۇ نۇسخا XV ئەسىردە ئەرەب يېزىقى (خاقانىيە ئېلىپبەسى)دە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ «ھىرات» نۇسخىسىدىن بىر نەچچە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

داستاننىڭ ئۈچىنچى نۇسخىسى بولسا، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتنىڭ نەمەنگەن ۋىلايىتىدىن 1914 - يىلى تېپىلغان. بۇ نۇسخا، باشقا نۇسخىلارغا قارىغاندا نىسبەتەن مۇكەممەل ۋە تولۇق بولۇپ، ھازىر ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەت شەرقشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ قولىيازمىلار ئارخىپىدا ساقلانماقتا.

داستاننىڭ سيۇژىتى ۋە قۇرۇلمىسى ناھايىتى مۇكەممەل تۈزۈلگەن بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك » ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نامايەندىسىدۇر. داستاندا لىرىك ئامىللار بىلەن ئېپىك بايان، دىراماتىك ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇرلار، ئىنسان خاراكتېرى، مىجەز بىلەن بىرگە ماھارەت تەسۋىرلەنگەن. داستان بەزى تۆت مىسرالارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ ۋەزنىدە يېزىلغان. داستان 85 بابدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 6645 بېيىت ۋە 13290 قۇردىن تەشكىل تاپقان.

داستاننىڭ ئون بىرىنچى بابى مۇقەددىمە بولۇپ، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، تۆت خەلىپىگە بېغىشلانغان. مۇقەددىمىدىن كېيىن، داستاندىكى ئاساسى ۋەقەلىك ئون ئىككىنچى بابدىن باشلىنىپ، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى بۇغراخان ئابۇ ئالى ھەسەننىڭ مەدھىيەسىگە بېغىشلانغان. داستاندا تۆت ئاساس ئوبراز يارىتىلغان بولۇپ بۇلار ئادالەت، دۆلەت، ئەقىل ۋە قانائەتتۇر ۋە ھەر بىرىگە تۈركچە ئىسىم بېرىلگەن. ئادالەتكە، كۈنتۇغدى ئىسمى بېرىلىپ ئۇنى پادىشاھقا، دۆلەتكە بولسا ئايتولدى ئىسمىنى بېرىپ ۋەزىرگە سىمۋول قىلغان بولسا، ئەقىلگە ئۆگدۈلمىش (ئەقىل، دانا) ئىسمىنى بېرىپ ئۇنى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا، قانائەتكە بولسا ئودغۇرمىش (ھوشيار، دادىل) ئىسمىنى بېرىپ، ۋەزىرنىڭ تۇغقىنىغا سىمۋول قىلغان. داستاندىكى مەرىپەتپەرۋەر غايىلەر ناھايىتى قويۇق بايان قىلىنغان. مەسلەن:

يەتتە سەييارە ۋە ئون ئىككى بۇرج
ئىنسان پەرزەنتلىرى قەدرى بىلىم ۋە تەپەككۇردا
تىلنىڭ پەزىلەت ۋە مەنپەئەتلىرى
كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆزرىسى
بىلىم ۋە ئەقىل ئىدراكنىڭ پەرقى توغرىسىدا
باھار مەدھىيەسى
كۈنتۇغدى ئېلىگ ھەققىدە
ئايتولدىنىڭ بەخت ھەققىدىكى ھېكايىسى
كۇنتۇغدىنىڭ ئادالەت ھەققىدە ئېيتقانلىرى
ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىگكە ئېيتقانلىرى

ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمۇشقا (ئالىملار، شائىرلار، تېۋىپلەر ، تەبىرچىلەر، ئەلچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار، پادىچىلار ۋە تۈرلۈك تەبىقىدىكىلەر كىشىلەر بىلەن) مۇئامىلە قىلىش سىرلىرىنى ئۆگىتىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك»دىكى تىلغا ئېلىنغان تېمىلارنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئەمما ئۇنىڭدا نېگىزلىك بىر نۇقتا باركى، ئۇ پۈتۈن داستاندىن جەۋھەر بولۇپ ئاقىدۇ - بۇ كامالەتكە يەتكەن ئىنسان مەسىلىسىدۇر.

www.uyghurkitap.com

# ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئۆز دەۋرىگە ئائىت مەلۇماتلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئابلەت كامالوۋ*

(قازاقىستان)

***قىسقىچە مەزمۇنى:*** *بۇ ماقالىدە، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھىبەت ئۇل-ھەقايىق) داستانى يېزىلغان ۋاقىتتىكى تارىخىي دەۋرنى تەسۋىرلىگەن مەلۇماتلار تەھلىل قىلىنىدۇ. ئىلمىي تەتقىقاتلاردا، داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە، «كېيىنكى قاراخانىيلار دەۋرى» ياكى «قاراخانىيلار سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ۋاقىت» دېگەندەك ئوخشىمىغان ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت. ئەھمەد يۈكنەكى ئۆز دەۋرىنى چۈشەندۈرۈش جەريانىدا، جەمئىيەتتىكى دىنىي ۋەزىيەتنى، خاراكتېر جەھەتتىن تەھلىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، «بۇنى سوپىلىقنىڭ تارقىلىشى بىلەن باغلاشقا بولىدۇ» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەرىيە مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا مەملىكەت نايمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئاستىدا قالغان بولۇپ، كېيىن چىڭگىز خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتىدۇ.*

***ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:*** *ئەھمەد يۈكنەكى، ئەتەبەتۇل ھەقايىق، ھىبەت ئۇل-ھەقايىق، قاراخانىيلار دەۋرى.*

***Abstract :*** *The article discusses accounts of the poem 'Atabatul haqaiq' (Hibat il-haqaiq) related to description of a historical epoch, when the poem was compiled by Akhmed Yugnaki. Scholars give two different possible dates of composition of the poem: one is a period of late Karakhanids and another one is the time immediately following a demise of the Karakhanid dynasty. Describing his epoch, Akhmed Yugnaki paid attention to characterizing religious life of the society, which can be linked with a rise of Sufism. At the same time decline of the Muslim values in Kashgaria accentuated in the poem could refer to collapse of the Karakhanid state, when the country fell under the control of the Naimans followed later by Chengiz-Khan's conquest.*

***Key words****: Akhmed Yugnaki, Atabatul-haqaik, Hibatul-haqaik, Karakhanid epoch*

* تارىخ پەنلىرى دوكتورى، پىروفېسسورى. «تۇران» ئۇنىۋېرسىتېتى، ئالمۇتا

ئېلخەت :

abletk@mail.ru

www.uyghurkitap.com

ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەت ئىشىكى») داستانى 506 مىسرادىن تەركىب تاپقان «ئەخلاق-نەسىھەت سۈپىتىدىكى» دىداكتىكىلىق ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (س. مالوۋ). داد ئىسپاخسالار (سىپىسخالار) بەگ دېگەن بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېزىلغان مەزكۇر داستاننىڭ مەزمۇنى «بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى، تىلنىڭ ئەھمىيىتى، ئالەمنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى، مەردلىك ۋە بېخىللىق، مەغرۇرلۇق ۋە مۆمىنلىك، ئاچكۆزلۈك ۋە تويماسلىق، ئالىيجاناب مىجەز» گە ئوخشاش تېمىلارغا بېغىشلانغان بايانلاردىن ئىبارەت. داستاننىڭ ئاخىرىدا تەرجىمەھال خاراكتېرىدىكى بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن.

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانى پەلسەپە تارىخى ئۈچۈن، يەنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ مىللىي تارىخى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تىلشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ داستانى، دەۋر جەھەتتىن يېقىن بولغان، قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ دىداكتىكىلىق ئەسىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا ئوخشاش قاراخانىي-ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. داستاننىڭ تىلى ئۇنىڭ مۇئەللىپى تەرىپىدىن «قەشقەرىيە تىلى» دەپ ئېنىق ئىپادىلىگەن، مۇئەللىپ بولسا ئۆزىنى «تۈركىي» دەپ ئاتىماقتا.

تامامى ئەرۈر كاشغەرى تىل بىلە
ئايىتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە.
كىشى تىلنى بىلسە بىلۈر مەنىسىن
بىلۈرمەن دېسە ئەيب ئۆزى بىلمەسىن.

يەنى:
(ئەسەرنىڭ) ھەممىسى قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان،
ئەدىپ (بۇنى) چىن دىلىدىن (چىقىرىپ) ئېيتقان.
قەشقەر تىلىنى بىلگەن ھەر كىشى
ئۆزى بىلمىگەننى بىلىمەن دېيىش ئەسەبىيلىكتۇر.

داستاننىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، داستان يېزىلغان دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا بىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىلمىي تەتقىقاتلاردا داستاننىڭ يېزىلىش ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل پىكىرلەر مەۋجۇت . ئاتاقلىق رۇس تۈركشۇناس ئالىم سېرگېي مالوۋ بۇ ئەسەر XII ئەسىردە ياكى ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋردە، يەنى X ئەسىردە يېزىلغان دەپ چۈشەندۈرگەن. داستاننى 2018 - يىلى قايتا نەشر قىلغان قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىم رۇسلان ئارزىيېۋ ئۇنى XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIII ئەسىرنىڭ بېشىدا، يەنى قاراخانىيلار دەۋردە يېزىلغان دەپ قارايدۇ.

ئومۇمەن شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ داستانى، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرى (ھەر ئىككى ئەسەر XI ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن) يېزىلغان دەۋردە يېزىلغان. بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت ناھايىتى ئاز يازما مەنبەلەر يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىككى ئەسەر قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ بىردىن-بىر يازما يادىكارلىقلىرى، ھەم شۇنداقلا قاراخانىيلار دەۋرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىردىن-بىر ھەقىقىي مەنبەلەر بولۇپ ھېسابلانماقتا. مەزكۇر يادىكارلىقلاردىكى مەلۇماتلارنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، مەشھۇر رۇسىيەلىك تۈركشۇناس سېرگېي كلياشتورنىي «ماخمۇت قەشقەرى دەۋرى» ۋە «يۈسۈپ بالاساغۇنى دەۋرى» دەپ ئاتالغان ئۆزىنىڭ ئىككى ماقالىسىدا، ئەنە شۇ ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگەن. مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدىكى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا قۇرۇلغان تۇنجى مۇسۇلمان دۆلىتى ئىدى . مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قاراخانىيلار مۇكەممەل ھالدا ئەرەب تىلىنىڭ ئاتالغۇلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىسلام ئىدىيەلىرىنى ۋە دۇنيانىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى مۇسۇلمان تەسەۋۋۇرىنى قوبۇل قىلدى. ئىسلامنى قوبۇل قىلىش، پۈتكۈل تۈركىي دۇنياسى ئۈچۈن، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىر بالداق يۇقۇرى كۆتۈردى . بۇنى شۇ پاكىتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈرك شېۋىلىرىنىڭ لۇغىتى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەرەب تىلىدا يېزىلغان. مەزكۇر ئەسەر ئەرەب تىللىق ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپرەك بىلىمگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر بولغان ئىدى . مۇسۇلمان دۇنيا قارىشى ئەرەبنى مەركەز قىلغان: ئەرەب ۋە ئەرەب بولمىغانلارغا (ئەجەم) بۆلۈندى. ئاخىرقى توپقا تۈركىي قەبىلىلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. مۇنداق دۇنيا قارىشى ئەھمەد يۈكنەكى دەۋرىدىمۇ ساقلانغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ: «بىلىگلىگنى ئۆگدى ئەجەم ھەم ئەرەب (بىلىكلىكنى ماختىدى ئەجەم ۋە ئەرەب)». بۇ يەردە مۇئەللىپنىڭ ئېيتماقچى بولغىنى، ئەرەبچە ئىپادىلەنگەن داستان نامى قاراخانىيلارنىڭ ئەقلىي ھاياتىدىكى ئەرەب تىلىنىڭ ئالاھىدە ئورنىنى تەسۋىرلەيتى: «كىتابنىڭ ئاتى ئەرۇر ئەتەبەتۇل / ھەقايىق ئىبارەت ئەرەبدىن ئۇسۇل» (قاز. كىتابنىڭ ئات ئاقىقات سىئي. مۇنىڭ بەرى ئاراب تىلىنىڭ غىبرات).

ئەھمەد يۈكنەكى داستانىنىڭ قەشقەرىيە تىلى ئەرەبلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا قەدىمى تۈرك ۋە قەدىمىي ئۇيغۇر رۇنىك يادىكارلىقلىرى تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ھەم گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن سېرگېي مالوۋ داستان تىلىدا «كونا ئۇيغۇرچە شەكىللىرىنىڭ كۆز ئالدىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە» دىققەت قىلغان ئىدى

( ɤly, -tačy, - duq-)

شۇندقالا كونا لېكسكا، مەسىلەن ،
näŋ ( نەرسە، بىر نىمە)،
budun (خەلق) ،
azun (ئالەم)،
kidin (ئاندىن كېيىن)،
qaly (ئەگەر)،
asiz (ئەسكى)،
obut (ئۇيات)،
jud (ھىد، پۇراق)،
bod ( بوي، تەن)،
toɤa (قارغۇ)،
u (قاردىر بولماق، ئەھۋالغا قادىر بولماق).

ئەرەب مەدەنىيتى ۋە پەلسەپسى تەسىرىنىڭ قاراخانىيلار مۇسۇلمان جەمئىيتىدە ساقلىنىپ قېلىشى ئەھمەد يۈكنەكى دەۋرى بىلەن ئۇنىڭدىن خېلى ئىلگىرى ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەريي( XI ئە.) دەۋرىنىڭ ئوخشاشلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. داستانىنىڭ «زامانىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ھەققىدە» ناملىق مەخسۇس بابىدا تەسۋىرلەنگەن دەۋر، ئەخلاق ۋە ئىنسانىي قەدىر- قىممەتلەر ھالسىزلانغان قاراڭغۇ بىر ۋاقىت سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ساخاۋەتچىلەر ئۇنتۇلىدى، ئادەملەر دوستلۇقنى باھالاشتىن، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن قالدى؛ نومۇسنى ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنى ئەدەپسىز تۇتتى. ئەھمەد يۈكنەكى، «جەمئىيەت ئىسلام قائىدىلىرىدىن چېكىنىپ، ئادەملەر مەسجىتكە بېرىپ ئىبادەت قىلىشنى (ناماز ئوقۇشنى) توختاتتى، بۇنىڭ ئورنىغا ئەخلاقسىز ئورۇنلارغا (مەيخانا) باردىغان بولدى» دەپ بايان قىلىدى:

غەرب ئەردى ئىسلام غەرىب بولدى باز
ئىبادەت رىيا بولدى ئابىد مەجاز
خارابات ئورامى بولۇپ ئابادان
خەراب بولدى ماسجىد بۇدۇن بىناماز

يەنى:
ئىسلام (ئەسلى) غېرىب بولدى، قايتىدىن ھەسسىلەپ غېرىب بولدى،
ئىبادەت ساختىلىققا ئايلاندى، ئىبادەتچىلەر جالاشتى.
مەيخانا مۇھىتى ئاۋاتلىشىپ كەتتى،
مىچىتلەر خاراب بولدى، ئادەملەر بىناماز بولدى.

دىندارلىق ۋە خۇدادىن قورقۇش ئۇنتۇلدى، ھەققەتنى تېپىش قىيىنلىشىپ كەتتى (دوستلۇق جالىشىپ كەتتى، ھەققەت قېنى؟). ئادەملەرنىڭ ئەدەپنىڭ (ئەخلاق) دىنىي قائىدىلىرىگە ئەگەشمەيدىغان ۋاقتى كەلدى.

ئايا ئارتاق ئىشلىگ سەۋۇنچىن سالىن
سېنىڭ رۆزگارىڭ بۇ كۆڭۈلچە قىلىن.

...ئۇۋۇت يىتتى يىنداپ بولۇناز يىدى.
يەنى:
ئەي ئەخلاقسىز، شاتلىنىپ كەزگىن،
بۇ سېنىڭ دەۋرىڭ، خالىغىنىڭنى قىل.
...ئۇيات يۇتتى، ھەددىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ

ئەخلاق قەدىر- قىممەت ۋە ئىسلامنىڭ ھالسىزلىنىشى ئاساسەن شەھەر ئاھالىسىنىڭ بېشىغا كەلدى. داستاندا ھۈنەرۋەنلەر ئۆچۈن ھەسرەت چېكىپ، دۆلەتنىڭ ئۇلارغا ئېتىبارسىزلىقى بايان قىلىنىدى:

ھۈنەرلىغقا ئاژۇن ۋەفاسىزراق ئول
ھۈنەرسىزقا مۈندىن ژەفا ئازراق ئول
ھۈنەر بىرلە دەۋلەت بىرلىكمەكلىكى
بۇلۇناماق قاموغ قىزدا ئول قىزراق ئول.

يەنى:
بۇ دۇنيا ھۈنەرۋەنلەر ئۆچۈن ۋاپاسىزراقتۇر،
(ئۇلارغا قارىغاندا) ھۈنەرسىزلەرگە جاپا ئازراقتۇر،
ھۈنەر بىلەن دۆلەتنىڭ بىرگە بولۇشى،
ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئىشلاردىنمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر.

ئەسەردە، دەۋر ھەققىدە باشقا چۈشەندۈرۈشلەرمۇ بار بولۇپ، «غەيرى ئىنسانىيلىق» (بوگۈن بۇ دۇنيادا ئىنسانلىق ناچاردۇر/ ئىستت، ئىنسانلىق قېنى، نەگە كەتتى)، ياخشى ئىشلارنىڭ ئۇنتۇلۇشى («قېنى، ئەھدە ئامانەت، قېنى ياخشىلىق؟ / كېيىنكى كۈنلەردە ياخشى ئىشلارمۇ يوقاپ كەتتى») ھېسابلاندى. «بۇزۇلغان ۋاقىتنىڭ» ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشىدىن («ئۆزۈڭ بۇزۇق، شۇڭا زامانمۇ بۇزۇلدى») خۇلاسە چىقىرىلىپ، «ئالىملار ئىشىنى، زاھىدلار تەقۋالىقنى تاشلىدى» دېگەن ئىپادىلەرنى قوللاندى. بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIII ئەسىرنىڭ بېشىدىكى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھالسىزلانغان ۋاقتىغا ماس كېلىدۇ.

شۇنداق بىر ئېھتىماللىقمۇ مەۋجۇتكى، داستاندا شەرقىي- قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ ئاخىرقى ئون يىلى ئەمەس، بەلكى خانلىقنىڭ يىمىرلىشىدىن كېيىنكى دەۋر تەسۋىرلىنىدۇ. بىر قىسىم «قەدىمىي تۈرك لۇغىتى»نى تۈزگۈچىلەرنىڭ (ۋ. نادېلياېۋ، د. ناسىلوۋ، ي . تېنىشېۋ، ئا. شېرباك) پىكرى ئەنە شۇنداق خۇلاسىگە ئېلىپ كېلىدۇ. XIII ئەسىرنىڭ «بىرىنچى يېرىمى» بۇ ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭغا قاراخانىيلار مەۋجۇت دەۋرىدىكى ئون يىل ۋە قاراخانىيلاردىن كېيىنكى دەۋردىكى قىرىق يىلى ۋاقىت كىرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئېلىپ ئېيتقاندا داستاندا يارىتىلغان دەۋرنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشى XIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى قاراخانىيلار زامانىغا ئەمەس، بەلكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يىمىرلىشىدىن كېيىنكى دەۋرگىمۇ تەۋە بولۇشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئېھتىماللىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قاراخانىيلار تارىخىنىڭ ئاساسىي باسقۇچلىرىنى خاتىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. قاراخانىيلار دۆلىتى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي تۈركىستان، يەتتىسۇ ۋە ماۋارائۇننەھرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تېررىتورىيىدە قۇرۇلغان. كېيىنرەك ئۇ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كەتتى (يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىي ئەسەرلىرى شەرقىي-قاراخانىيلار مەملىكىتىدە يېزىلغان). قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھەر ئىككى قىسمى بىر ۋاقىتتىلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى: شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى 1210 -يىلى نايمانلار بىلەن بولغان كۈرەشتە يوق بولدى؛ غەربىي قىسمىدىكى ئاخىرقى قاراخانىي ھۆكۈمرانى 1212 -يىلى سەمەرقەنتتە خورەزمشاھ مۇھەممەت تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى.

1212 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلار مەملىكىتى تېررىتورىيىسىدىكى ھاكىمىيەت نايمان كۈچلۈك خان قولىغا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ سەككىز يىل داۋامىدا بۇ يەرنى نازارەت قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى چىڭگىز خان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسى نەتىجىسىدە توختىدى. چىڭگىزخاننىڭ شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيىسىدىكى ھاكىمىيىتىنى ئۇيغۇر دۆلەت تەشكىلاتلىرىدىن تۈنجى بولۇپ 1209 -يىلى ئۇيغۇر تۇرپان دۆلىتى ھۆكۈمرانى – بارچۇق ئىدىقۇت تونۇغان ئىدى. 1210-1211 -يىللىرى كايالىك قارلۇق ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى ئارسلان خان موڭغۇل ھاكىمىيىتىگە بويسۇندى. ئىلگىرى نايمان خانىنىڭ قول ئاستىدا بولغان ئالمالىقنىڭ قارلۇق ۋىلايەتلىرى، 1218 - يىلى كۈچلۈك خان بىلەن بولغان ئۇزۇن ئۇرۇشتىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. كۈچلۈكنىڭ خورەزمشاھ مۇھەممەت بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ تەڭرىتاغ تېررىتورىيىسىدىكى سەككىز يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئ ئەلنى خانىۋەيران قىلغان ئىدى. ئاھالە رەھىمسىز سىياسەتلەرگە كۈچلۈك ھاكىمىيىتى، دىنىي رەھبەرلىكىدىكى موڭغۇل ئەسكەرلىرى، تۇرپانلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋە يەرلىك ئاھالىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن نايمانلارنى تار-مار قىلغاندىن كېيىن 1019 -يىلى نايمان ھاكىمىيىتى تولۇق يوقىتىلدى. نايمانلارنىڭ تار-مار قىلىنىشى موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى داۋاملىق بېسىۋېلىشىغا يول ئاچقان بولۇپ، بۇ يەرلىك ئاھالىگە ئازابلار ئېلىپ كەلدى.

يۇقۇرىدا دەپ ئۆتۈلگەن ھەربىي-سىياسىيسى ئاپەتلەر ۋە كېيىنكى قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ھالاكەتلىرى، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ داستانىدا تەسۋىرلەنگىنىدەك، ئەنئەنىۋىي ھايات ئۇسۇلى، ئەخلاقىي-ئەدەپ قائىدىلەر ۋە دىنىي قەدىر - قىممەتلەرنى ھالسىزلىنىشقا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى، ئەھمەد يۈكنەكى، داستانىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى، قەشقەرىيە مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ھالسىزلىنىشىنى تەسۋىرلىگەن بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ۋاقىتتا قەشقەرىيە قىسقا مۇددەت نايمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتتى.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىنىڭ مەنبەشۇناسلىق ئەھمىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرۇشنى دۇرۇس كۆردۇق. يۇقىرىدا تەكىتلەنگەندەك، مەزكۇر داستان قاراخانىيلار تارىخى بويىچە ناھايىتى ئاز ساندىكى قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، 400-350 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار مەملىكىتىدىن (1212-850) ئىنتايىن ئاز يازما يادىكارلىقلار بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى پايدىلىنىش قىممىتى يۇقۇرى. قاراخانىيلار تارىخىنىڭ مەنبەشۇناسلىق بازىسىنىڭ كەملىكىدىن، ئەھمەد يۈكنەكى داستانى قاراخانىيلارنىڭ مىللىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىكى مەلۇماتلار، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىي ئەسەرلىرىدىكى پايدىنىش مەنبەلىرى بىلەن ئوخشاش مەۋقەگە قويۇلۇشى كېرەك.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

ئەخمەت يۈكنەكى. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق». نەشرگە تەييارلىغان رۇسلان ئارزىېۋ. : ئالمۇتا، مىر، 2018 . 104 - ب.

Ахмед Йүгінеки. Ақиқат сыйы. Алматы: Ғылым, 1985. – 152 б.

Ахмад Югнакий. Хибатул-ҳақоиқ. Нашрга тайёрловчи Қ. Махмудов. Тошкент Ғ. Ғулом омидаги адабиёт нашриёти, 1971. – 104 б.

Бартольд В.В. Двенадцать лекций по истории турецких народов Средней Азии // Сочинения. Том 5. Москва: Наука, 1968. – 19-192 бб.

Кляшторный С.Г. Эпоха «Кутадгу билиг» // Советская тюркология. №4. 1970. – 82-86 бб.

Кляшторный С.Г. Эпоха Махмуда Кашгарского // Советская тюркология. №1. 1972. – 18-23 бб.

Малов С.Е. Памятники древнетюркской письменности. Москва-Ленинград: Изд-во АН СССР, 1951. – 451 б.

Юсуф Баласагунский. Благодатное знание. Перев. С.Н. Иванова. Москва: Наука, 1983. -558 б.

# يىراق قەدىمكى تۈرك چالغۇلىرىدىن «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى چالغۇلارغا دائىر مەلۇماتلارغىچە

مىھرۇللا تەۋەككۇل*

***قىسقىچە مەزمۇنى:*** *قەدىمكى تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار ئىچىدە قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت ئەدەبىيات، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركلەرگە ئائىت ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسەر «تۈركى تىللار دىۋانى» بولسا دەۋر تەتقىقاتى ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللاردىن بىرىدۇر. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا، تۈركلەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشلەتكەن بىر قىسىم چالغۇلىرى ۋە مۇزىكا ئەنئەنىسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرگىمۇ مۇناسىپ يەر بېرىلگەن. دىۋاندىكى بۇ چۈشەنچىلىرنى قەدىمكى تۈرك چالغۇلىرى ھەققىدىكى باشقا ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش بىزنى چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ تۈركلەرنىڭ ھاياتى، ئۆرۈپ-ئادىتى ۋە دىنى ئېتىقادىدىكى يېرى ھەققىدە چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە يىراق قەدىمكى تۈرك چالغۇلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا چالغۇ-ئەسۋابلار ۋە ئۇلارغا ئائىت سۆزلەر ئۈستىدە بەرگەن ئىزاھاتىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تۈركلەرنىڭ تارىخىدىكى چالغۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخى قوللىنىشى ۋە ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەھلىل تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ .*

***ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:*** *تۈركلەر، قاراخانىيلار، تۈركى تىللار دىۋانى، چالغۇ.*

## *Information About Instruments from Old Turkish to Divanu Lugati't Turk*

*Abstract: The literature, history and culture studies of the Karahanid period have an important place for the Old Turkish studies. Divanu lugatit Turk, which is an encyclopedic work, is giving most important first hand material for the investigation of the Karahanid period. In Divanu Lugati't Turk, is also giving information about the music and the musical instruments used by the Turks in the period of Karahanid and in previous periods. Comparing this information with other materials will help us to determine the place of instruments in Turkish social life, customs and religious rituals. In this article, comparative analysis will be made on the historical origin of Turkish instruments, its usage in the historical process and its current development based on the explanations given to the instruments in Divanu Lugati't Turk.*

***Key words:*** *Turks, Karahanid, Divanu Lugati't Turk, Instrument.*

* تۈركىيە سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى دوكتورانتى.

www.uyghurkitap.com

## كىرىش

ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» نى ھىجرىيە 464 - 466 - يىللىرى (مىلادىيە 1072 - 1074 - يىللىرى) يېزىپ، ھىجرىيە 467 - يىلى قايتا تولۇقلاپ چىققان ۋە ئۇنى ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ 27 - خەلىپىسى بولغان ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل مۇقتەدى بىئەمرۇللاھقا تەقدىم قىلغان (1 -ت، 17. 18. بەتلەر). «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئەينى ۋاقىتتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تىلى ۋە تىل پەرقى توغرىلىق ئەينى ئۆچۈرلار بېرىلگەن ۋە تۈركى ئاتالغۇلار، تۈرك قەبىلىلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلۇپ بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن. دىۋاندا يەنە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنىڭ ماددىي ھەم مەدەنىي تۇرمۇشقا دائىر ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، تېبابەت، تۇرمۇش ئادىتى، ھۈنەر سەنئەت... قاتارلىق كۆپ خىل ساھەلەرگە چېتىشلىق سۆزلەرگە بەرگەن تەبىرى ۋە مىساللىق ئىسپاتلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە بىزگە 11 -ئەسىر ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىسى، ئۆرۈپ-ئادىتى، سەنئىتى قىسقىسى ياشام ھاياتى توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم چۈشەنچىلەرنى بىلدۈرىدىغان بىلىم خەزىنىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە دىۋاندا يەنە تۈركلەرنىڭ شۇ دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشلەتكەن بىر قىسىم چالغۇلىرى ۋە مۇزىكا ئەنئەنىسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرمۇ مۇناسىپ ئورۇن ئالغاندۇر.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ساھەسىگە قوشقان تۆھپىسى ئىچىدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان مەنىۋىلىك، مۇزىكا سەنئەت مەدەنىيىتىمۇ بەلگىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تۈركىي خەلقلەر ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا بىرەر ئىشتىن نەتىجە قازانغاندا ياكى خەيرلىك كۈنلەردە خەلق بىر يەرگە جەم بولۇپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، تەنتەنە قىلىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقى مەلۇم. قەدىمكى قەھرىمانلىق داستانىنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك بىرى ھېسابلىنىدىغان «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ ئەل-جامائەتنى بىر يەرگە يىغىپ، كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇنى قەدىمكى تۈرك خەلقىنىڭ مۇراسىم-ئادەتلىرىنىڭ قەدىمىيلىكىگە ئىسپات قىلىش مۇمكىن. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ، ئاناتولىيەدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سىرا كېچىسىمۇ بىزنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سەنئەت ئادىتىمىزنىڭ بىر ئىسپاتى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا مەشرەپ سورۇنلىرى قوشاق، ئېيتىشىش، مۇقام نەغمەلەرسىز قىززىمايدۇ، شۇ نەغمەلەرنى ئورۇنلاشتا ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان چۈنكى چالغۇ قوراللىرى مۇزىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ماددىي ۋاستىچىسى، شۇڭا مەشرەپ، مۇراسىملار قەدىمدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سەنئەت مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقىرى تۈركى تىللار دىۋانىدا نەغمە-ساز بىرلەشكەن، مەشرەپ، مۇراسىم شەكلىنى ئالغان قوشاقلارنىمۇ نەقىل قىلىپ مۇنداق يازغان:

كۆكلەر قامۇغ تۈرۈلدى،
ئىۋرىق ئىدىش تىزىلدى.
سەنسىز ئۆزۈم ئۆزەلدى،
كەلگىل ئامۇل ئاۋنالىم.

مەنىسى:

ھەممە سازلار (كۈيلەر) تۈزىلدى،
ئىۋرىق، ئېدىش تىزىلدى.
سەنسىز كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
كەلگىل ئاستا ئوينايلى.
(3 -ت، 180 -ب)

## 1.قەدىمكى تۈرك چالغۇلىرى ھەققىدە

دىۋاندىكى چالغۇلار ئۈستىدە توختىلىشتىن ئاۋۋال، تۈركلەرنىڭ چالغۇلار تارىخىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، يىراق قەدىمكى چالغۇ مەدەنىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ ئۆتىمىز. قەدىمكى دەۋردىكى چالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىياجىنى بىر قانچە تەرەپتىن چۈشىنىش مۇمكىن:

1) چالغۇلار ئەڭ دەسلەپ ئورۇشتا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا قوشۇن توپلاش، جەڭ ئېلان قىلىش، قوشۇننىڭ روھى كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، قەبىلە ياكى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مەلۇم خەۋەرنى يەتكۈزۈش، جەڭ غەلىبىسىنى يەتكۈزۈش، ئوۋ ئوۋلاشتا توپلىشىش ياكى ئوۋغا ئاتلىنىش خەۋرىنى بېرىش ئېھتىياج بىلەن مەيدانغا كەلگەن ۋە قوللىنىلغان. بۇ توغرىسىدا تۈركى تىللار دىۋانىدىمۇ مۇناسىۋەتلىك بايانلار بار بولۇپ دۇمباق ئۇرۇپ قوشۇن توپلاش ۋە سەپ تۈزۈشكە ئائىت ھەم شۇنداقلا ئوۋغا چىققاندا ناغرا-دۇمباق چېلىپ ياۋايى ھايۋانلارنى ئۈركۈتۈپ چىقارغانلىقىدەك مىساللار ئۇچرايدۇ .

2) چالغۇ قەدىمى دىنى ئېتىقادتا دۇئا-تىلاۋەت، تەڭرىلەردىن مەدەت تىلەش ئېھتىياجى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مىلادىدىن خېلىلا بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاپ ئېتىقاد قىلغان شامانىزىمدا باخشىلارنىڭ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشى، پېرىخونلۇق قىلىپ جىن شەيتانلارنى قوغلىشى، كېسەل داۋالاشتا كەڭ ئىشلىتىلگەن. بۇخىل ئادەتنىڭ ئاسارىتى ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ، داپ چېلىپ، پىر ئويناپ، جىن قوغلايدىغان، كېسەل داۋالايدىغان خۇراپىي ئادەتلەر مىللىي ئادەت شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان.

شاماندا پېرىخونلۇق قىلغاندا مەخسۇس ئىشلىتىدىغان

«ئىلاھىي قۇرال» لار بولدۇ. شامان ئىشلىتىدىغان دىنىي ئەسۋابلاردا ئىلاھىي داپ بىرىنچى بولۇپ پىرە ئويۇنىدىكى ئەڭ ئاساسلىق قورالارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىشى بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر. (راخمان ئابدۇرەھىم، 2006 ، 219. بەت)

3) چالغۇ تەنتەنە قىلىش، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. جەڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىش، تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەۋرگە يەتكەندە كۆڭۈل ئېچىش، ھۇزۇرلىنىش ئېھتىياجى بىلەن ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ۋە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دا چالغۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىپ مۇزىكا ئورۇنلاشتا ئەڭ زۆرۈر ماددىي ۋاستە قىلىپ قوللىنىلىشى بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر.

تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە چالغۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ قەدىمكى ماتېرىيالنى ھونلار تارىخىدىن بايقايمىز. مىلادى 89 -يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرىدىن بىرى دۆشمەن غەربىي ھونلار (شىمالىي ھونلار) بىلەن ئۇرۇشقان چاغدا، ھونلارنىڭ ئوردىسىدىن چىقىۋاتقان نەي ئاۋازىنى ئاڭلىغان. (تۇرغۇن ئالماس، 1986، 238. بەت) مىلادىنىڭ 200 -يىلى مەشھۇر ئەدىب خەتتات، سەييۈڭنىڭ قىزى سەي ۋىنجى شەرقىي ھونلار (جەنۇبىي ھونلار) تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن. ئۇ شەرقىي ھونلارنىڭ سول قول بىلگە خانىغا ياتلىق قىلىنغان بولۇپ، ھونلاردا 20 يىل تۇرغان. مىلادى 220 -يىلى ساۋساۋ تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن. ئۇ «ھونلار نىيگە 18 غەزەل» دېگەن شېئىرى ئەسىرىدە مۇنداق يازغان:

«كەچ كىرگەندىن تارتىپ تاڭ ئاتقانغا قەدەر داقا-دۇمباقنىڭ ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدۇ.»[ تۇرغۇن ئالماس، 1986، 239 - بەت]

بۇ مىسالدا تىلغا ئېلىنغان، نەي، دۇمباق مەيلى جەڭدە ئۇرۇشقا چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن دۇمباقنى ياكى قوشۇننى يىغىش، قوشۇننىڭ روھىنى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلىتىلگەن دۇمباقنى ياكى ئېستېتىكا تۇيغۇسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن مۇزىكا ئورۇنلاش ۋە ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن چالغۇ ئەسۋاب سۈپىتىدە قوللىنىلغان نەي، دۇمباقنى كۆرسەتسۇن، بىزگە كېرەك بولغان مۇھىم خۇلاسە 1 - ئەسىردىكى بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن ھونلارنىڭ مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا كۈنلۈك ھاياتىدا داۋاملىق ئىشلەتكەن چالغۇلىرى بولغانلىقىدۇر.

تۈرك تارىخىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما ئىسپاتلىرى ھېسابلىنىدىغان ئورخۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقىدىمۇ تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلارنى ئۇچرىتالايمىز. بىلگە قاغاننىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئۇنىڭ جىيەنى يوللىغ تېكىن تەرىپىدىن بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ (735) غەرب تەرەپ يۈزىگە يېزىلغان يازمىدا مۇنداق مەزمۇن بار:

بىلگە قاغان ۋاپات (بولدى؟). ئەتىياز كېلىۋىدى، يۇقىرىدا (كۆك) دۇمبىقى (قانداق) گۈلدۈرلىسە، شۇنداق، تاغلاردا بۇغىلار (قانداق) مۆرىسە، (شۇنداق)، ھازا تۇتىۋاتىمەن.. (تالات تەكىن، 2009، 111.بەت)

كۇچا قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇرا قىزىل مىڭئۆيدىكى «ئەرشتىكى نەغمە-ناۋا تەسۋىرى» تام رەسىملىرىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ھەر خىل سازلارنى چېلىپ نەغمە قىلىۋاتقان كۇسەنلىكلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتى، پىپا، بالىمان، قوڭقا، سۇناي، نەي (يالغۇزەك)، ناغرا، دۇمباق، قالۇن، چاڭ، راۋاب ، جەللە (ئوتتۇرىسىغا تېرە كېرىلگەن مىس تەخسىلىك بىر خىل داپ) قاتارلىق 15 خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئەرشتە ئۆزلۈكىدىن چېلىنىۋاتقانلىقى تېپىكلەشتۈرۈلگەن. قىزىل قاغا مىڭئۆيدىكى تام رەسىملىرىدە بالىمان، غوڭقا قاتارلىق سازلارنى چېلىپ ئەرشتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ھۆر-پەرىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ ماددىي پاكىتلار قەدىمكى مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ.(ئابلەت نۇردۇن، 2001، 128.129.بەتلەر)

قۇمتۇرا قىزىل مىڭئۆيدىكى «ئەرشتىكى نەغمە-ناۋا تەسۋىرى» دە جەللە (ئوتتۇرىسىغا تېرە كېرىلگەن مىس تەخسىلىك بىر خىل داپ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل سازنىڭمۇ سىزىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئىدىقۇت ئوردا ياكى مانى ئىبادەتخانا تاملىرىغىمۇ، مانى دەستۇرلىرى سەھىپىلىرىگىمۇ چالغۇچىلار بەرباپ چېلىپ، ناخشا ياكى ھېكايە سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈشلەر سىزىلغان. ئىدىقۇت ۋە يارغوللاردىن باللارنىڭ نەي چالغان، ئەگرى ساپاقلىق قوبۇز چالغان كۆرۈنۈشلىرىمۇ تېپىلغان. يىراق نىيە ناھىيەسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان گۈللۈك توقۇلمىدى يەرلىك قىياپەتتىكى ساز چېلىۋاتقان ئايال ئوبرازى روشەن گەۋدىلەنگەن. ئومۇمەن تاشكېمىر ۋە ئوردا تاملىرىدا، كىتاب سەھىپىلىرى بىلەن توقۇلما رەختلەرنىڭ قالدۇقلىرىدا، پىپا، قوڭقا، داپ، جەللە، نەي، بالىمان، يېتىق نەي، تېزىق نەي، ياندۇمباق سۇناي، دالا دۇمبىقى، ناغرا، قاتارلىق چالغۇ قۇراللار ئوبرازى ئۇچرايدۇ . (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، 1998، 325.بەت)

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى چالغۇلار توغرىسىدا بۇددا مىڭئۆي، قىياتاش سىزمىلىرىدىن باشقا ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي پاكىتلار ناھايىتى ئاز بايقالغان بولۇپ، بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ گىگانت ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىر قىسىم چالغۇلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ قالدۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مۇزىكا ۋە چالغۇ قوراللىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئۇچۇرلۇق رول ئوينايدۇ.

## 2.تۈركى تىللار دىۋانىدىكى چالغۇلار ھەققىدە

تۆۋەندە مەن ئاساسىي يۈنىلىشتە، يۇقىرىقى ئىسپات ۋە نۇقتىلارغا ئاساسەن «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى چالغۇ-ئەسۋابلار ۋە ئۇلارغا ئائىت سۆزلەر ئۈستىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بەرگەن ئىزاھاتىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بۇ تۈرك چالغۇلىرىنىڭ تارىخى ئەھۋالى ۋە ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى سېلىشتۇرما قىلىپ تەھلىل تەتقىقات ئېلىپ بارىمەن.

تۈركى تىللار دىۋانىدا چالغۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر 18 ئورۇندا ئۇچرايدۇ (1. جەدۋەل*). يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندى مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدە (يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ، 2009، 41.بەت) تۈركى تىللار دىۋانىدىكى چالغۇلار ھەققىدە چېلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇرغۇلۇق چالغۇلار، تارىلىق چالغۇلار، پۈۋلىمە (يەللىك) چالغۇلار ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، تۈركىيەلىك مۇزىكشۇناس دوكتور ياۋۇز تالئوغلىنىڭ، موتىف، خەلق ئويۇنلىرى، مائارىپ، ئۆگىتىش فوندى جەمئىيىتى بىلەن كوجا ئەلى ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىشىپ ئورۇنلاشتۇرغان «‹خەلق مۇزىكىسىدا چالغۇلار› تېمىسىدىكى دۆلەتلەر ئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا سۇنۇلغان «دىۋانى لۇغەتىت تۈركتىكى چالغۇلار» تېمىسىدا يېزىلغان ماقالىسىدە ئۇرما چالغۇلار، تارىلىق چالغۇلار، پۈۋلىمە (يەللىك) چالغۇلار دەپ ئۈچ خىل تۈرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈش تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان. ئىككى ماقالىنى سېلىشتۇرۇپ شۇنى ھېس قىلالايمىزكى ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر ۋە تۈرك تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىۋاندىكى چالغۇلارنى تۈرگە ئايرىشى ئاساسەن بىردەكلىكتە ئىكەن. بۇ خىل بىرلىكتە كەلگەن ئورتاق بۆلۈش ئۇسلۇبى ئىلمىي بولۇپ، مەن بۇ ماقالىدىمۇ مۇشۇ ئۈچ تۈر بويىچە «تۈركى تىللار دىۋانى» دا كۆرۈلگەن ھەر بىر چالغۇ ئەسۋابى ۋە چالغۇلارغا مۇناسىۋەتلىك پىئىللار ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمەن.

### 1.2 دىۋاندىكى ئۇرما چالغۇلار

ئالدى بىلەن ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار، جۈملىدىن يارمۇھەممەت ئەپەندى «ئۇرغۇلۇق چالغۇلار» دەپ ئالغان ئاتالغۇنى تۈرك تەتقىقاتچىلار «ئۇرما چالغۇلار» دەپ ئالغان بولۇپ، مەنچىمۇ ئۇرۇپ چېلىنىدىغان بۇ تىپتىكى چالغۇلارغا ئۇرما چالغۇ ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق. چۈنكى ئۇرغۇلۇق چالغۇ سۆزىنى تەھلىل قىلغاندا «ئۇرغۇلۇق» سۆزىنىڭ يىلتىزى «ئۇرغۇ» بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى، 1999) دەپ تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى سۈپىتىدە ئىزاھلانغان. دېمەك بۇ ئىسىم بىز ئىپادىلىمەكچى بولغان، ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئەگەر سۆز يىلتىزىنى «ئۇر» دەپ چۈشەنگەندە «غۇ» ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلۇپ، ئۇرىدىغان نەرسە ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە بارلىق ۋە ئىگىلىك ئۇقۇمىنى سىڭدۈرىدىغان «لۇق» سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىسى قېتىلغاندا «ئۇرغۇلۇق» سۆزى «ئۇرىدىغان نەرسىسى بار» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ-دە، ئۇرغۇلۇق چالغۇ دېمەك «ئۇرىدىغان نەرسىسى بار چالغۇ» ئۇقۇمىغا يىغىنچاقلىنىدۇ. بۇ ئۇقۇم دىۋاندا تۈمرۈك (1 -ت، 624 -ب) نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان، ھازىرقى داپنى بىلدۈرىدىغان چالغۇغا توغرا كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇرىدىغان ئايرىم نەرسىسى يوق، قولدا ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. «ئۇرما چالغۇ» ئاتالغۇسىغا كەلسەك، «ما» قوشۇمچىسى پىئىللارغا قوشۇلۇپ، ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن پىئىلنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلىگەن سۈپەت ياسايدۇ ۋە بۇنداق سۈپەتلەر ماس ھالدىكى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ تۇراقلىق بىرىكمە بولۇپ كېلىدۇ ، مەسىلەن: سوقما تام، ياپما ئاش دېگەندەك. «ئۇرما چالغۇ» مۇ دەل مۇشۇ قائىدە بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، «ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ» مەنىسىدە كېلىدۇ، ئۇنىڭ مەنا ئاڭلىتىش دائىرىسى «ئۇرغۇلۇق چالغۇ» دىن كەڭ، مەخسۇس ئۇرىدىغان نەرسىسى بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇنىمۇ، بايا دېگەندەك قولدا ئۇرۇپ چېلىنىدىغان تۈمرۈك (داپ) نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا تۈركى تىللار دىۋانىدىكى بۇ تۈردىكى چالغۇلارنى «ئۇرما چالغۇلار» دەپ ئېلىش تېخىمۇ مۇۋاپىق.

ئۇرما چالغۇلار چالغۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلىدۇر. چۈنكى شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، چالغۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ نوقۇل سەنئەت قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولۇشى ناتايىن. ئىپتىدائىي دەۋردىلا قەبىلىلەر ئارا ئالاقە، خەۋەرلىشىش، ئۇرۇش ئىشلىرىدا كۈچلۈك ئاۋاز ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇرما چالغۇلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى شەكىللەنگەن دەپ قىياس قىلىش تامامەن مۇمكىن. دىۋاندىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن كۆرۈۋالالايمىزكى، داپ، ناغرا، دۇمباق تىپىدىكى بۇ ئۇرما چالغۇلارمۇ تۈركلەرنىڭ قەدىمىي چالغۇلىرىدىن ئىدى.

دىۋاندا ئۇچرايدىغان ئۇرما چالغۇلار: تۈمرۈك (1 -ت، 624 -ب)، كۈۋرۈك (1 -ت، 625 -ب)، تۇغ (3 -ت، 175 -ب)، تۈۋىل (3 -ت، 226 -ب).

تۈمرۈك (Tümrük): دىۋاننىڭ ئۇيغۇرچە ھەم تۈركچە تەرجىمىسىدە بۇ سۆز «داپ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە «ئوغۇزچە» دەپ ئىزاھلانغان. ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردا جۈملىدىن كىلاۋسوننىڭ لۇغىتىدە تۈمرۈگ (Tümrüg) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

* مەزكۇر جەدۋەل تۈزۈشتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 1980 -يىلى 8 -ئايدا نەشردىن چىققان نۇسخىسىنىڭ ئۈچ تومىدىن پايدىلىنىلدى.

1. جەدۋەل : «تۈركى تىللار دىۋانى» دا كۆرسىتىلگەن چالغۇلارغا ئائىت ماددا بېشى سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزاھاتى

| | ترانسكرىپسيە | مەنىسى | سۆز تەركىبى | ترانسكرىپسيە-لىك مىسال | ئىزاھات | بەت | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | Igämä | بىر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابى | ئىسىم | | قوبۇزغا ئوخشاش چېلىنىدۇ | 185 | I |
| 2 | Öttüdi | چالدۇردى | پېئىل | sïbïzğu öttürdi (öttürür-öttürmäk) | نەي چالدۇردى. ھەر قانداق نەرسىدىن ئادەمنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. | 292 | I |
| 3 | Ötrüldi | ئۇشقۇرتىلدى، چېلىندى | پېئىل | sïbïzğu ötrüldi (ötrülür-ötrülmäk) | سىبىزغۇ (نەي) چېلىندى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق | 328 | I |
| 4 | Qubuz | قوبۇز | ئىسىم | | ئۇد (بارىبىدقا) ئوخشايدىغان تارلىق چالغۇ ئەسۋابى. | 473 | I |
| 5 | Tümrük | داپ | ئىسىم | | ئوغۇزچە | 624 | I |
| 6 | Küvrük | ناغرا، دۇمباق | ئىسىم | | | 625 | I |
| 7 | Sïbïzğu | سىبىزغا، نەي | ئىسىم | | | 636 | I |
| 8 | qobzašdï | قوبۇز چېلىشتى | پېئىل | qizlar qopzašdï (qobzašur, qobzaš-maq) | قىزلار (بەسلىشىپ) قوبۇز چېلىشتى. | 317 | II |
| 9 | qobzaldï | قوبۇز چېلىندى | پېئىل | qobuz qobzaldï (qobzalur-qobzalmaq) qopsaldï | بەزى شېۋىلەردە بۇ سۆز«س»ھەرپى بىلەن «قوپسلدى» مۇ دېيىلىدۇ، مۇنداق ئەھۋال ئەرەبچىدىمۇ كۆپ. | 340 | II |
| 10 | qobzattï | قوبۇز چالدۇردى | پېئىل | ol anï qobzattï (qobzatur-qobzatmaq) | ئۇ ئۇنى قوبۇز چالدۇردى. | 491 | II |
| 11 | Yirağu | چالغۇچى، سازەندە؛ ناخشىچى | | | | 46 | III |
| 12 | Tuğ | دۇمباق | | Han tuğ urdï | خاننىڭ ھوزۇرىدا چېلىنىدىغان دۇمباق «خان نۆۋەت دۇمبىقى چالدى.» دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن ئېلىنغان. | 175 | III |
| 13 | tovïl | تىبىلجاك، كىچىك دۇمباق. ئوۋدا لاچىن ئۈچۈن چېلىنىدىغان دۇمباق | | | مەن بۇ سۆزنى ئىسلام ئېلىنىڭ ئەڭ چەت قىسمىدىكى ساپ تۈركلەردىن ئاڭلىدىم. | 226 | III |
| 14 | buvčï | بوم ئاۋازلىق ئۇد | سۈپەت | Buvqï qobuz | بۇ قوۋۇزنىڭ بىر خىلى | 238 | III |
| 15 | ikämä | ئىكەمە | ئىسىم | | ئۇد تىپىغا كىرىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى | 240 | III |
| 16 | bučï | بۇچى | ئىسىم | | ئاۋازى مۇڭلۇق بىر خىل ئۇد | 302 | III |
| 17 | burğuy | بۇرغا | ئىسىم | | پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بۇرغا | 331 | III |
| 18 | Čaŋ | چاڭ | ئىسىم | | چالغۇ ئەسۋابى | 487 | III |

www.uyghurkitap.com

هازىرقى دەۋردە داپ نامى بىلەنلا ئاتىلىدىغان بولۇپ، «ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنى مىلادىدىن ئىلگىرى ياشىغان سۇمېرلار كەشىپ قىلغان ئىكەن. (ئېھتىمال بۇ سۇمېرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى «كېش» لارنىڭ ناغرىسىدىن تەرەققىي قىلدۇرغان يېڭى سوقما چالغۇ ئەسۋابى بولۇشى مۇمكىن). شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاۋۋال ئاسسۇرىيەگە، ئاندىن مىسىر، ئىراققىچە تارقالغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر دېيى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تارقالغان». (تۇرسۇنجان لىتىپ، 1997، 174.بەت) يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن تاشكېمىر رەسىملىرىدىمۇ داپنىڭ رەسمى ئۇچرايدۇ . بۇ داپ ئىشلىتىش تارىخىمىزنىڭ قەدىمىيلىكىگە ماددىي ئىسپاتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا داپ پەقەت سەنئەتتىلا ئىشلىتىلىپ قالماي، ئەڭ ئاۋۋال شامان دىنىدا پېرىخونلۇق قىلىش، دۇئا-تىلاۋەت قىلىشتا ئىشلىتىلگەن، ھەتتا بۇ خۇراپىي ئادەت ھازىرغىچە قىسمەن ساقلىنىپ قالغان. «ئۇ يۇمىلاق قاسقانغا ئېشەك تېرىسىنى كېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، پىر ئويۇنىدا بىر دانە ياكى ئۈچ دانە ياكى بەش دانە ياكى يەتتە دانە داپ بىراقلا ئىشلىتىلىدۇ.» (راخمان، ئابدۇرېھىم، 2006، 230.بەت)

قاراخانىيلار دەۋرىدىن بۇرۇن داپنىڭ نىمە دەپ ئاتالغىنى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق ئەمما دىۋاندىكى مەلۇماتقا ئاساسەن، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى دەۋرلىرىدە داپنىڭ مەھمۇد قەشقىرى دىۋانىدا ئىزاھلىغاندەك «تۈمرۈك» دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلىپ يېتىش مۇمكىن.

كۈۋرۈك (1) :(Küvrük -ت، 625 -ب) ناغرا، دۇمباقنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، كىلاۋسونىڭ لۇغىتىدە (Küvrüg) ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، ۋە ئوخشاشلا دۇمباق (durm) دەپ ئىزاھلانغان. ئۇ زامانلاردا «كۈۋرۈك» مۇ نوقۇل ناخشا-مۇزىكا، ھۇزۇرلىنىشقا ئىشلىتىلمىگەن بولسا كېرەك، چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت قوراللىرى ئاساسەن ئەڭ دەسلەپ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىدىن مەيدانغا كەلگەن. «كۈۋرۈك» ھازىرقى تىلىمىزدىكى ناغرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، «ناغرا ‹تەۋارىخىي مۇسىقۇيۇن› دا كۆرسىتىلىشىچە: مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىسىدا كەشىپ قىلىنغان ئىكەن، ناغرا قەدىمكى زاماندىكى ھەشەمەتلىك مۇراسىملار ۋە سورۇنلاردا ئالاھىدە داغدۇغا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن». (تۇرسۇنجان لىتىپ، 1997، 171. بەت) «ناغرا قەدىمكى زاماندىكى دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان، ‹بەش خۇ ئۇيغۇرلىرى› تەركىبىدىكى كېش قەبىلىسىنىڭ، «كېش تەبلى» نىڭ ئەۋلادىدۇر، كىشلار كېيىنكى توخرىلار(ياۋچىلار) بولۇپ، كېش ناغرىسى غەربكە كۆچكەن توخرىلار ئارقىلىق كۈسەنگە ئېلىپ بېرىلغان. توخرىلار غەربى دىياردا كەڭ تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، سۇلى مۇزىكىلىرى، ئىدىقۇت مۇزىكىلىرىدىمۇ بۇ خىل چالغۇ ئەسۋاب قوللىنىلغان. كېش ناغرىلىرىنىڭ ھىندىستان تەرىپىدىن قوللىنىلىشىغا كەلسەك، بۇمۇ توخرىلاردىن قوبۇل قىلغانلىقىدۇر». (تۇرسۇنجان لىتىپ، 1997، 171. بەت، ئەسلى مەنبە: جۇچىڭباۋ، 1987، 426 -بەت)

«يېغىپ ئېيتقاندا، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، چوڭ بولسۇن كىچىك بولسۇن، ئاساسلىق بولسۇن ياكى قوشۇمچە بولسۇن، ناغرا تىپىدىكى ئۇرما چالغۇلارنىڭ ھەممىنى توخرىلار كەشىپ قىلغان. ھىندىستان ۋە ئەرەبلەردە ئىشلىتىلگەن تەبىللەر قولدا ئۇرۇپ چېلىنىدۇ، ئىككى تال چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىش ئۇسۇلى پەقەت كىشلارغىلا خاس ئۇسلۇبتۇر». (تۇرسۇنجان لىتىپ، 1997، 172.بەت)

دىۋاندا تىلغا ئېلىنغان تۇغ (Tuğ) بىلەن تۈۋىل (tovil) نىمۇ يۇقىرىقى ناغرا، دۇمباق توغرىسىدىكى بايانلارغا بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. تۇغ (Tuğ) دىۋاندا «دۇمباق، خاننىڭ ھۇزۇرىدا چېلىنىدىغان دۇمباق، خان نۆۋەت دۇمبىقى چالدى دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن كەلگەن» (3 -ت، 175 -ب) دەپ ئىزاھلانغان. تۈۋىل (tovil) «كىچىك دۇمباق، ئوۋدا لاچىن ئۈچۈن چېلىنىدىغان دۇمباق» (3 -ت، 226 -ب). بۇلارغا ئاساسەن، مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدە چالغۇلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ئۈچۈن كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دۇمباق ئىنسانلار ھاياتىدا ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلىنغان، خىلمۇ-خىل چالغۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس ياراتقان چالغۇدۇر. «ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپ سىلىندىرسىمان ئويما كۆتەكلەرگە تېرە كېرىپ، قولى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن گۈلدۈرماملىق ئاۋازلارنى چىقىرىشنى بىلگەن. يەنى، سويۇۋېلىنغان ماللارنىڭ تېرىلىرىنى ئاڭسىز ھالدا ئىچى كاۋاك دەرەخ كۆتەكلىرىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ تاشلاپ قويۇشقان. بىرمەزگىلدىن كېيىن يۇڭلىرى چۈشۈپ تارتىشىپ كەتكەن تېرىلەر قول بىلەن ئۇرسا گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلارنى چىقىرىپ، ئەتراپتىكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئۈركىتىۋەتكەنلىكىنى بايقاشقان ھەمدە ئۇنى قومۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ، غار ۋە ئۆڭكۈرلەردە يىرتقۇچلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە داغدۇغا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن، شۇنداقلا تەقلىد قىلىپ ياساشقا باشلىغان». ( تۇرسۇنجان لىتىپ، 1997، 165.166.بەتلەر) دىۋاندا:

خان چېدىرى قۇرۇلدى،
تۇغ تىكىپ، دۇمباق ئۇرۇلدى،
قوشۇنى ئوتتەك تۈرۈلدى،
نەگە قاچسا ئۇ تۇتۇلۇر.

دېگەن قوشاق بېرىلگەن ، بۇنىڭغا ئاساسەن كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى دۇمباق ناغرىلار جەڭ قوراللىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدۇرۇلغان. ئۇ تۈرلۈك ئۇرۇشلاردا قەبىلە ئەزالىرىنى يىغىش، سەپ تۈزۈش، ئۇرۇش سىگنالى بېرىش قاتارلىق ئېھتىياجلار بىلەن مەيدانغا كەلگەن. كېيىنكى تەرەققىياتتا

ئۇ هايۋانلارنى ئۇۋلاش، كۆڭۈل ئىچىش، ئۇرۇش ۋە باشقا كوللېكتىپ پائالىيەتلەردە كەڭرى قوللىنىلىشقا باشلىغان.

مۇزىكا ئەسۋابى نۇقتىسىدىن چۈشەنگەندە، مۇزىكىدا بۇ خىل چالغۇ ئەسۋابىنى ئىشلىتىش مەخسۇس مۇزىكىنىڭ ئۇدار ۋە رىتىملىرىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ، ئۇرما چالغۇلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىش، قەدىمكى كۈسەن ئۇسلۇبىغا خاس بولغان ئالاھىدە ئۇسلۇب بولۇپ بۇنى ماقالە بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئىسپاتلاردىن هېس قىلىش مۇمكىن.

## 2.2. دىۋاندىكى تارلىق چالغۇلار

دىۋاندا ئاز ئۇچرايدىغان تارلىق چالغۇلاردىن ئىگەمە (1 -ت، 185 -ب)، قۇبۇز (1 -ت، 473 -ب) ــ بۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا يەنە قۇبۇز چېلىشتى(2 -ت، 317 -ب)، قۇبۇز چېلىندى (2 -ت، 340 -ب)، قۇبۇز چالدۇردى (2 -ت، 491 -ب) قاتارلىق مەنىلەردىكى «قۇبۇز» سۆزىگە قوشۇمچە قوشۇپ تۈرلەپ ياسالغان ئۈچ پېئىل سۆزمۇ دىۋاندا ماددا بېشى سۆزى قىلىپ بېرىلگەن. بۇۋچې (3 -ت، 238 -ب)، ئىكەمە (3 -ت، 240 -ب)، بۇچى(3 -ت، 302 -ب)، چاڭ (3 -ت، 487 -ب).

ئىگەمە (Igämä) - دىۋاندا «بىر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابى، قۇبۇزغا ئوخشاش چېلىنىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. بۇنىڭغا يېقىن هالدا دىۋاندا يەنە ئىكەمە (ikämä) دېگەن چالغۇ نامى ماددا بېشى سۆزى قىلىنىپ «ئۇد تىپىغا كىرىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى» دەپ ئىزاھلانغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ «بۇ چالغۇنىڭ ‹ئىكەمە› دەپ ئاتالغىنىغا قارىغاندا، ئۇنى سۆز يىلتىزى ‹ئىكە› دىن ياسالغان ئىسىم دەپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ، ‹ئىكەمە› كامالچە بىلەن چېلىنىدىغان چالغۇ بولسا كېرەك» (يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق، 2009، 43. بەت) دەپ قارايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ پىكرى ئورۇنلۇق. چۈنكى، «ئىكە» دېگەن پېئىل ئۆز نۆۋىتىدە سۈرۈش، سۈركەش ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەرنىڭ يىلتىزى بولىدۇ مەسىلەن: هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىكەك، ئىكمەك، ئىكەكلىمەك دېگەندەك. «ما، مە» قوشۇمچىسى پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە، بۇلار قوشۇلۇپ ئىكەمە سۆزى ياسىلىدۇ، بۇ نام چالغۇدا سۈركەش ئارقىلىق چېلىنىدىغان بىر چالغۇ ئۇقۇمىنى تامامەن بىلدۈرۈلەيدۇ. تارلىق چالغۇلار كامالچىنى تارىسىغا سۈركەش بىلەن ئاۋاز چىقىرىدىغان بولغاچقا «ئىكەمە» نى كامالچىنى تارىسىغا سۈركەپ ئاۋاز چىقىرىپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئىكەن دەپ بېكىتەلەيمىز.

يەنە بىر دىققىتىمىزنى تارتىدىغان نۇقتا شۇكى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «ئىكەمە» نى ئۇد تىپىغا كىرىدىغان چالغۇ دەپ ئىزاھلىشى بولۇپ، بۇ ئىزاھات بىزگە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى چالغۇلارنىڭ تىپى بويىچە تۈرگە ئايرىلىشىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇنىڭدىن بىز قاراخانىيلار دەۋرىدىكى چالغۇلارنىڭ ئۇد تىپىدىن ئىبارەت بىر تىپتىكى ئورتاق نامىنىڭ بارلىقىغا هۆكۈم قىلالايمىز.

تارلىق چالغۇلارغا بېرىلگەن ئەڭ مۇھىم يەنە بىر چالغۇ قۇبۇز (Qubuz) بولۇپ، مەھمۇت قەشقىرى ئۇنى «ئۇد (باربىت) قا ئوخشايدىغان چالغۇ ئەسۋابى» دەپ ئىزاھلىغان. دىۋاندا يەنە «قۇبۇز» دېگەن ئىسىمغا پېئىل ياسىغۇچىلارنى قوشۇپ قوبۇز چېلىشنى ئىپادىلىگەن قۇبۇزغا مۇناسىۋەتلىك پېئىلدىن ئۈچى ماددا بېشى سۆزى قىلىپ بېرىلگەن . ئۇلار: قوبۇز چېلىشتى (qobzašdï)، قوبۇز چېلىندى (qobzaldï)، قوبۇز چالدۇردى (qobzattï). قۇبۇز دېگەن ئىسىمغا ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە، ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى (كىيىنكىلىرىگە ئايرىم-ئايرىم هالدا مەجهۇل دەرىجە قوشۇمچىسى، مەجبۇرى دەرىجە قوشۇمچىسى) ۋە ۋاستىسىز بايان مەيلىنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ قوبۇز چېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ خىل دەرىجىدىكى پېئىلنى ياسىغان. بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوشۇمچە ئارقىلىق مەنا ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىغا ئىسپاتتۇر.

دىۋاندا يەنە قۇبۇز تىپىغا كىرىدىغان بۇۋچى (Buvqï qobuz) دېگەن چالغۇ ماددا بېشى سۆزى قىلىپ بېرىلگەن ۋە «بوم ئاۋازلىق ئۇد، بۇ قۇبۇز(قوۋۇز) نىڭ بىر تۈرى» دەپ ئىزاھلانغان. يەنە بىر چالغۇ بۇچى (bučï) مۇ بېرىلگەن ۋە «ئاۋازى مۇڭلۇق بىر خىل ئۇد» دەپ شەرھلەنگەن. يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى «قاراخانىيلار دەۋرىدە تارلىق چالغۇلارنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۈپەت ۋە ئاۋاز ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن تېخىمۇ ئىنچىكىلىشىپ، بىر خىل تۈردىكى چالغۇلارمۇ بوم (تۆۋەن ئاۋازلىق)، مۇڭلۇق (ئوتتۇرا تۆۋەن ئاۋازلىق) چالغۇلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن». (يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق، 2009، 43.بەت) دېمەك، بۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ كۆنسېرى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان گۈزەل مۇزىكىلىق تۇيغۇسى ۋە مۇزىكىغا بولغان ئېستېتىكىسىغا باغلىنىپ نازۇك پەرىقتىكى چالغۇلار مەيدانغا كەلگەن. ھەم شۇنداقلا مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىلدە يۈرۈشلىشىشى، موللىشىشى ۋە خىللىششىغا ماددىي ئاساس تىكلەنگەن. بۇ مەدەنىيەتتىكى ئۈستۈنلۈك ھەم تۇرمۇش ئېستېتىك ساپاسىدىكى ئىلغارلىقنىڭ ئىسپاتىدۇر.

چاڭ (Čaŋ) ياكى (Caŋ) ــ دىۋاندا «جنك» قىلىپ يېزىلغان. پەقەت «چالغۇ ئەسۋابى» (-3ت، -487ب) دەپلا ئىزاھلانغان. چاڭغا كەلگەندە ئەستايىدىل توختىلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى چاڭنىڭ زادى هازىرقى قانداق چالغۇ ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئۇنى «قوڭغۇراق » دەپ تونۇپ ئۇرما چالغۇ كاتېگورىيەسىگە تەۋە قىلغان بولسا، ئۇيغۇر ئالدىنقى قاتار تەتقىقاتچىلىرى دىۋاندىكى «جنك» نى هازىرقى «چەڭ» شۇ دەپ قاراپ تارلىق چالغۇلار كاتېگورىيەسىگە ئايرىماقتا. تۈرك تەتقىقاتچىلىرى

www.uyghurkitap.com

«بارماقلارغا ئۆتكۈزۈپ چېلىنىدىغان قوڭغۇراقنى تۈركلەر چەك دەيدىغانلىقى مەلۇم، ھازىرقى تىلىمىزدا خېلىلا كەڭ قوللىنىۋاتقان، چەك سۆزى مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، بۇ سۆز پارسچىدىن ئېلىنغان» (رىشات گەنچ، 2010، 332.بەت) دەپ قارايدۇ. تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدىمۇ چەك «زىل قوڭغۇراق ۋە چالپارە، ئۇسۇلدا قولغا تاقىلىدىغان قوڭغۇراق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا چالغۇ ئەسۋابى» دەپ ئىزاھلانغان. (ئىسرائىل يۈسۈپ) خەنزۇچىسىدا بولسا «جاڭ» دەپ ئىزاھلانغان. بۇنىڭغا قارىتا ئاتاقلىق ئۇيغۇر تەتقىقاتچىسى ئىسرائىل يۈسۈپ ئەپەندىم ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، دىۋاندىكى «چەك» نىڭ قەدىمكى چالغۇ «چەك» نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئىسپاتىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى› دە، ‹قوڭقائۇ› ۋە ‹قوپۇز› (قوبۇز) دېگەن ئاتالغۇ بار. تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىدىكى -48غار، كۇچا قۇمتۇرا مىڭئۆيىدىكى -68غار قاتارلىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە غارلاردا چەڭنىڭ رەسىمى بار. گېرمانىيەلىك مەشھۇر ئالىم ئا.فون گابائىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدە توختالغاندا: ‹خەن دەۋرىدە جۇڭگوغا تارقالغان خارفې-چەكنى دېمەكچى . قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە قوڭقاقۇ دېيىلىدۇ› دەپ يازغان. چەك-ئۇيغۇرلار تارىخىدا ياخشى كۆرۈپ ئىشلەتكەن، بەرباتتەك ئومۇملاشقان چالغۇلارنىڭ بىرى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇ چالغۇنى خەنزۇچە ئاتىلىشىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ‹قوڭقائۇ› يەنە تۈركى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تارىلىق چالغۇسى ‹قوبۇز› نامى بىلەنمۇ ئاتىغان. كۆكئارت ئۇيغۇرلىرى بولسا، بۇ چاڭنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن پارسچە سۆز نامى ‹چەك› نى قوللانغان. دېمەك دىۋاندىكى چەك تارىلىق چالغۇ ‹چەك› نى كۆرسىتىدۇ». (ئىسرائىل يۈسۈپ) دەپ ئىسپاتلىغان. ئىسرائىل يۈسۈپ ئەپەندى بۇ توغرىسىدىكى ماقالىسىدە مۇشۇ نۇقتا ئۈستىدە ناھايىتى تەپسىلىي ۋە ئەتراپلىق توختالغان. ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار يەنە «چاڭ قالۇنىنىڭ ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن چالغۇ» ( تۇرسۇنجان لىتىپ، 1997، 124.بەت) دەپ قارايدۇ.

## 3.2.دىۋاندىكى پۈۋلىمە چالغۇلار

دىۋاندا ئۇچرايدىغان پۈۋلىمە چالغۇلار سىبىزغۇ (1 -ت، 636 -ب)، بۇرغۇي ياكى بۇرغا (3 -ت، 331 -ب) قاتارلىقلاردۇر.

سىبىزغۇ (Sïbïzğu) - بۇ چالغۇ نامى دىۋاندا، ماددا بېشى سۆزى بولۇپ بىر قېتىم، پۈۋلىمە چالغۇلارنى چېلىشنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلغا مىسال بولۇپ بىر قېتىم جەمئىي ئىككى قېتىم ئۇچرايدۇ . دىۋاننىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا سىبىزغۇ «سىبىزغا، نەي» دەپ ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلىنغان.

«خوتەنلىك ئاتاقلىق تارىخشۇناس، مۇزىكشۇناس ، موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ -1854يىللىرى يازغان تارىخنامىسى ‹تەۋارىخى مۇسىقىيۇن›(مۇزىكانتلار تارىخى) دېگەن كىتابىدا نەيىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 -ئەسىردە ياشىغان جەمشىت پادىشاھنىڭ خانىشى مەلىكە دىلسوز ئىجاد قىلغان دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. كۇچا قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى ۋە تۇرپان بېزەكلىك تام رەسىملىرىدە نەينىڭ رەسىمى سىزىلغانلىق ئىسپاتلىرىغا قاراپ، نەينىڭ كەم دېگەندە ئۈچ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ». ( تۇرسۇنجان لىتىپ، 1997، 37.بەت)

دىۋاندا سىبىزغۇنى يەنە بىر ئورۇندا، چالدۇردى (Öttüdi) پېئىلىنى (1 -ت، 292 -ب) ئىپادىلەش ئۈچۈن، نەي چالدۇردى (sïbïzğu öttürdi) دېگەن مىسالغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، «ھەر قانداق نەرسىدىن ئادەمنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئاۋاز چىقىرىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» دەپ شەرھلىگەن. مۇشۇ پېئىلنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى، چېلىندى، ئۆشكۈرتىلدى (Ötrüldi) پېئىلىمۇ (1 -ت، 328 -ب) دىۋاندا ماددا بېشى سۆز شەكلىدە بېرىلگەن. «سىبىزغۇ (نەي) چېلىندى (sïbïzğu ötrüldi)، باشقىلاردىمۇ شۇنداق» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ پېئىللارنىڭ يىلتىزى «ئۆتمەك» بولۇپ، خاقانىيە تىلىدا «چالماق، ساز چالماق» دېگەن ئۇقۇمنى مۇشۇ سۆز بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز.

دىۋاندا ماددا بېشى سۆزى قىلىپ بېرىلگەن يەنە بىر پۈۋلىمە چالغۇ بۇرغا (burğuy) بولۇپ، «پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بۇرغا» دەپ ئىزاھلانغان. بورغىمۇ نەيگە ئوخشاشلا تۈركلەرنىڭ قەدىمىي پۈۋلىمە چالغۇلىرىدىن بىرسى. ئۇ دەسلەپ كالا ياكى ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇلار ئىچىدە ئاۋاز كۈچى ئەڭ زور، ياڭراق بولغاچقا، قەدىمكى ئۇرۇشلاردا كەڭ قوللىنىلغان. ئۇنىڭ تارىخىنى ناھايىتى قەدىمىي دەۋرلەرگە باغلاش مۇمكىن. «بۇرغا ئىسقىرتتىن (بىر خىل قەدىمىي چالغۇ) كېلىپ چىققان بولۇپ، تارىخى خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، يىپەك تاش قۇراللار دەۋرىدىلا ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. تارىختا «بەش خۇ» ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلغان، -6ئەسىردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارالغان بولۇپ، ھازىرمۇ جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت ناھىيەلىرىدە ئۇنىڭ ئىپتىدائىي ئۆلگىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قەدىمكى زاماندا بۇرغا ھەربىي يۈرۈشلەردە ۋە خەۋپ-خەتەردىن ساقلىنىشتا ئۆز ئارا سىگنال بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ھازىر ئاساسەن پوستەكچىلەرنىڭ (تۆگمەن تارتقۇچىلارنىڭ كەسپى نامى) ۋە جۇۋازچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىشتىكى قورالى قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە». ( تۇرسۇنجان لىتىپ، 1997، 48.49.بەتلەر)

دىۋاندا يەنە چالغۇچى، سازەندە، ناخشىچى مەنىسىدىكى يىراغۇ (Yirağu (3-)ت، 46 -ب) ماددا بېشى سۆزى قىلىپ بېرىلگەن . بۇ سۆز «ناخشا» مەنىسىدىكى (Yir) سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، دىۋاندا yïrladï ( ناخشا ئېيتتى، ئىرلىدى، جىرلىدى) (3 -ت،421 -بەت) دېگەن

مادداا بېشى سۆزمۇ بار. يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندى مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدا «دىۋاندا مەھمۇت قەشقىرى ‹يىراغۇ› دېگەن بىر ئاتالغۇنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى چالغۇ قوراللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە چالغۇ دەپ ئاتىغانلىقىنى، ھەم سازەندە ۋە ناخشىچىنىمۇ يىراغۇ نامىدا ئاتىغانلىقىنى بىلدۈق» (يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق، 2009، 41.بەت) دەپ يازغان. ماھىيەتتە دىۋاندا «يىراغۇ»غا پەقەت چالغۇچى، سازەندە، ناخشىچى دەپ ئىزاھلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇ سۆز كىلاۋسونىڭ لۇغىتىدىمۇ «ناخشىچى» (singer) مەنىسىدە دەپ ئىزاھلانغان. سۆزنىڭ يىلتىزىدىن قارىغاندىمۇ بۇ سۆز بىۋاسىتە ناخشىغا باغلىنىدۇ، يۇقىرىقى دەلىللەرگە ئاساسەن بۇ سۆزنى «چالغۇلارنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ تونۇشقا ئاساسىمىز يوق.

## خۇلاسە

تۈركلەر قەدىمكى زامانلاردىن بېرى پەرقلىق ئېھتىياجلىرى تۈپەيلى ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان يوسۇندا ھەرخىل چالغۇ ئەسۋابلارنى ئىجاد قىلغان ۋە ئاۋاز، رىتىم تەرەققىياتىدا ئۆزىگە خاس مۇزىكا ۋە سەنئەت تارىخىنى ياراتقان. بۇ شانلىق تارىخنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەرخىل تارىخى ماتېرىياللارغا تايىنىپ تۇرۇپ ئىزدىنىش ئېلىپ بارماقتىمىز. مەھمۇت قەشقىرى يېزىپ قالدۇرغان گىگانت ئەسەر «تۈركى تىللار دىۋانى» بۈگۈنگە قەدەر، تۈركىي مىللەتلەرگە ئالاقىدار ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئىنچىكە تەتقىقاتلاردا ھېچ قانداق ماتېرىيال ئورنىنى باسالمايدىغان ئىلمىي رولنى ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ساھەسىگە قوشقان تۆھپىسى ئىچىدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان مەدەنىيەت -سەنئەت، ناخشا-ئۇسۇل ۋە مۇزىكىلىرىمۇ بەلگىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. دەل شۇ مۇزىكىلارنىڭ زۆرۈر ماددىي ۋاسىتىسى بولغان چالغۇلار تەتقىقاتى «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۈيۈك قامۇستىن بايقاپ چىقىشىمىزغا تېگىشلىك مۇھىم بىلىم نۇقتىسىدىن بىرىدۇر. تۈرك ماددىي ۋە مەنىۋى، ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىنى ئېچىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئەڭ مۇھىم ماتېرىياللاردىن بىرى ھېسابلىنىدىغان «تۈركى تىللار دىۋانى» دا تۈركلەرنىڭ چالغۇ ناملىرى ۋە چالغۇغا ئالاقىدار سۆزلەر تۇنجى رەۋىشتە ئىلمىي، پەننىي نۇقتىدىن ئايرىم-ئايرىم تىلغا ئېلىنغان ۋە ئىلمىي ئىزاھلانغان، شۇڭا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ساھەسىگە قوشقان مەنىۋى بايلىق، ئەدەبىي سەنئەت جەھەتتىكى ھەسسىسىنى چۈشىنىشتە، تۈركلەرنىڭ چالغۇ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلار تولىمۇ قىممەتلىك ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيالدۇر.

## ئىزاھات

1.مەزكۇر ماقالىدە دىۋاندىن ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيەسى ئۈچۈن تۈركولوگىيىلىك ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ئىشلىتىلدى.

2.مەزكۇر ماقالىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 1980 -يىلى 8 -ئايدا نەشردىن چىققان نۇسخىسىدىن پايدىلىنىلدى. كىتابتىن ئېلىنغان ئۆزۈندىلەرگە بولغان ئىزاھات قىسقارتما شەكىلدە بېرىلدى. مەسىلەن: (3 -ت، 175 -ب) = (3 -توم، 175 -بەتتىن ئېلىندى)

3.مەزكۇر ماقالىدە پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار مەنبەسى قىسقارتىلما شەكىلدە ئىزاھلاندى. مەسىلەن: (راخمان ئابدۇرېھىم، 2006، 219.بەت) = راخمان ئابدۇرېھىم، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى ، 2006 -يىلى 6 -ئاي. 219 -بېتىدىن ئېلىندى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

راخمان ئابدۇرېھىم، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى ، 2006 -يىلى 6 -ئاي.

تۇرغۇن ئالماس، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1986 -يىلى 5 -ئاي. ئەسلى مەنبە ــ پەنخۇا: «كېيىنكى خەننامە يىلنامىسى، دۇشەن ھەققىدە قىسسە».

تالات تەكىن [تۈركىيە]، ئەركىن ئارىز، ئابدۇبەسىر شۈكۈر تەرجىمىسى، «ئورخۇن ئابىدىلىرى» (كۆل تېگىن، بىلگە قاغان، تونيۇقۇق ئابىدىلىرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 2009 -يىلى 3 -ئاي.

ئابلەت نۇردۇن، «غەربى يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2001 -يىلى 6 -ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، «غەربى يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى ، 1998 -يىلى 8 -ئاي.

تۇرسۇنجان لىتىپ، «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى ، 1997 -يىلى 1 -ئاي.

رېشات گەنچ [تۈركىيە]، تۇرسۇنئاي ساقىم تەرجىمىسى، «‹تۈركى تىللار دىۋانى›دىن 11 -ئەسىردىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 2010 -يىلى 12 -ئاي.

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق، «‹تۈركى تىللار دىۋانى› دىكى ناخشا-ئۇسۇلغا دائىر مەلۇماتلار» دېگەن ماقالىسى، شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلىنىڭ 2009 -يىللىق 3 -سانى.

ئىسراپىل يۈسۈپ، «‹تۈركى تىللار دىۋانى› دىكى ‹جىنك› ئاتالغۇسى قەدىمكى چالغۇ ‹چەڭ› نى كۆرسىتىدۇ» ناملىق ماقالىسى. مەزكۇر ماقالىدە «تۈركي تىللار دىۋانى» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 1980 -يىلى 8 -ئايدا نەشردىن چىققان نۇسخىسىدىن پايدىلىنىلدى.

كىلاۋسوننىڭ 13 -ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركى تىللارنىڭ ئېتىملوگىيە لۇغىتى، ئوكسفورد نەشرىياتى (word شەكلىدىكى لۇغەت نۇسخىسىدىن پايدىلىنىلدى).

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى ، 1999 -يىلى 1 - ئاي.

جۇچىڭباۋ، «يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 -يىل.

# «<قۇتادغۇ بىلىك>تىن ئۈنچىلەر»دە يالترىغان ئەسلىمىلەر*

گۈلرۇي ئەسقەر( سەرۋى)
(ئامېرىكا)

كىتاب ئىشكاپىمدىكى كىتابلىرىم ئارىسىدا بىر كىتابىم بار، بۇ كىتاب ماڭا ھاياتىمنىڭ سۆيۈملۈك بىر كارتىنىسىنى ئەسلىتىدۇ، ھەمدە ئەل ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىشنىڭ بۈيۈك بىر خىزمەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئىسمى «<قۇتادغۇ بىلىك>تىن ئۈنچىلەر». بۇ كىتابنى ھەر دائىم ئاچقىنىمدا، قۇربانجان روزى شەيدىينىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مىسرالىرىنى پۈتكەن شاھانە ھۆسنى خەتلىرىگە كۆزۈم چۈشكەندە، مەن ئۆزۈم كۆرۈپ باقمىغان بۇ خەتتات يىگىتنىڭ شەرەپكە ئېگىلىپ تۇرۇپ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پاساھەتتە بالاغەتكە تويۇنغان مىسرالىرىنى ھۆسنىخەت قەغىزىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولىمەن. دېمەيلا قوياي، نەزمىلەرنى مىڭ يىل بۇرۇن قەلەمگە ئېلىپ گۈزەل ھۆسنىخەتلىرى بىلەن پۈتۈپ بىزگە قۇتادغۇبىلىكنىڭ پەرغانە ، قاھىرە، ۋېنا نۇسخىلىرىنى قولىمىزغا يەتكۈزگەن ئاشۇ خەتتاتلارنىڭ شاملارنى پەرلەۋاتقان تۇرقىنى، ئۇيقۇسىزلىقتىن ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى ۋە ياكى خەت كۆچۈرۈپ تالغان قوللىرىنى ئىشلەۋاتقان تۇرقىنى خىيال كۆزۈمدە كۆرىمەن، نەزمە پۈتۈلگەن ۋاراقلا پەنجىرىدىن كىرگەن شامالدا شىرىقلاپ يەلپۈنىدۇ، خەتتات بالا بېيىتنى پىچىرلاپ تەكرارلىغىنىچە ھۆسنىخەتكە ئالىدۇ. خوش، ئۇنداقتا، زامانىمىزنىڭ ۋە ئۆز زامانىنىڭ خەتتاتلىرىنى پەخىر تۇيغۇسى ئىچىدە قەلەمنى قەغەز يۈزىدە چاپتۇرۇشنىڭ باش ئىشتىراكچىسى بۈيۈك ئۇستاز يۈسۈپ خاس ھاجىپىنچۇ؟ ئەلۋەتتە، ھەربىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ كۆڭۈل خانىسىنى يورۇتىدىغان بۇ نەزمىلەرنىڭ ساھىبى- بۈيۈك ئۇستاز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇشبۇ بېيىتلارنى پۈتۈش ۋاقتىدىكى ئىزتىراپلىرىمۇ، ئىزگۈ مەقسەتلىرىمۇ، ھاياجانلىرىمۇ كۆڭۈل ئالىمىدە زاھىر بولىدۇ-دە، پىچىرلايمەن: دۆلەت پارچىلانمىسۇن دەپ، دۆلەتنى ياخشى باشقۇرسۇن، ئاھالىسى ئىزگۈ خۇلقلۇق ، بىلىمگە ھېرىسمەن كىشىلەردىن بولسۇن، بەختنى يىتتۇرۇپ ۋە ئۇنتۇرۇپ قويمىسۇن-دەپ پۈتكەن بېيىتلار ئىدى-ھە ئەسلى. ئەپسۇس، بۇ بۈيۈك ئۇستاز ئەنسىرىگەن كۈن ۋە تەقدىرنىڭ ئەسىرى بولۇپ ئولتۇردۇق، ئىڭىراۋاتىمىز. چۈنكى بۇ بەخت -سائادەت دەستۇرىنىڭ قەدرىنى بىلمىدۇق، ئۆگۈتلىرىنى ئۆگەنمىدۇق، ئۆگەتمىدۇق، بۇ بۈيۈك ئۇستازنى دۇئالىرىمىزدا ئەسلىمىدۇق. پەقەتلا «مۇشۇنداق ئالىمىمىز بار، ئۇ كىشىدىن مىراس <قۇتادغۇ بىلىك>ىمىز بار» دەپ ماختىنىپ يۈردۇق... ھۆسنىخەتلەرنىڭ گۈزەللىكىگە ئاپىرىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىمەن، بېيىتتىكى مەنانىڭ چوڭقۇرلۇقىغا دىلدىن قايىللىق بولۇپ بېشىمنى لىڭشىتىپ كېتىمەن، ئېسىمگە ئىلىۋېلىپ ۋاقتى كەلگەندە ئوتتۇرىغا تاشلاش ئۈچۈن يادقا ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىمەن .... يەنە خىيالغا كېتىمەن.... خىياللىرىم مېنى قولۇمدىكى بۇ «<قۇتادغۇ بىلىك>تىن ئۈنچىلەر»نىڭ ئىنگلىزچە قىسمىنى ئىشلىشىمگە سەۋەبچى بولغان كىشى-يېزنەم يارمۇھەممەد تاھىر ئاكام بىلەن پاراڭلاشقان ئاشۇ مىنۇتلارغا ئېلىپ بارىدۇ.

– گۈلرۇي، شەيدايى دېگەن خەتتات بالا «قۇتادغۇ بىلىك»كە ھۆسنى خەت يېزىپتۇ، خەنزۇچە ھەم ئىنگلىزچىسى ھۆسنى خەتلەرنىڭ ئاستىغا بېرىلىپ بىر كۆركەم كىتاب بولغۇدەك، ئىنگلىزچىسىگە سىزنى ئىشلەپ بېرىدۇ دەۋەتتىمغۇ؟ – دەيدۇ يارمۇھەممەتكام.

– ھە؟ مەن شۇنداق بىر دىداكتىك زور ھەم قەدىمى ئەسەرنى ئىنگلىزچىگە قانداقمۇ تەرجىمە قىلالايمەن، بۇ بەك چوڭ بىر چاقچاق بوپتۇ مەندەك بايقۇشقا! – دەيمەن.

– ياق، مۇنداق گەپ. ئىنگلىزچىسى تەييار ئىكەن. چىكاكو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان بىر تەرجىمە نۇسخىسىنى ئىشلىتىپ، قۇربانجان روزى شەيدايى ھۆسنىخەت يازغان تاللانغان بېيىتلارنىڭ ئىنگلىزچىسىنى كىتابتىن تېپىپ، بېيىتلارغا ئۇدۇللاپ بېرىدىغان گەپكەن. مانا كىتابنىمۇ ئېلىپ كەلدۇق سىزگە.

بۇ پاراڭلاردىن كېيىن چىكاكو نۇسخىسىغا كۆز يۈگۈرتتىم. نەسرىي نۇسخىدا ئىشلىنىپتۇ. نەزمى پاساھىتى تامامەن يوقالغان تەرجىمە دېيىشكە بولىدىكەن. بىراق تۈنجى بېيىتنى ئۇدۇللاپ تېپىپ بولغاندىن كېيىن تەرجىمىسىنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، نەزمىي مەنىنى ئەينەن ئاڭلاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدىم-دە، يارمۇھەممەتكامغا:

– سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ-دەپ ماقۇل دەۋەتتىم دەڭ؟ ماقۇل دېمەي

* مەزكۇر ئەسلىمە ئاپتورنىڭ مىللىتىمىزنىڭ پەخىرلىك ئالىمى يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق بىلەن بىرلىكتە ئىشلەش جەريانىدىكى ھەقىقي خاتىرىسى ئاساسىدا يېزىلغان. ئېرىشچان ئالىمىمىز يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇققا رەھمەت ئېيتىمىز ۋە مەڭگۈ خاتىرىلەيمىز. (ت)

نىمە ئامال، سىزنىڭ يۈزىڭىز ئۈچۈن شۇ؟

بۇنى ئاڭلاپ يارمۇھەممەتكام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە قىسمىنى مەن ئىشلەپ بېرىدىغان بولۇپ قالدىم.

بۇ پاراڭلار، دەل بەشىنچى ئىيۇل قەتلىئامى يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىتتا يارمۇھەممەتكامنىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتقان پاراڭ ئىدى.ھېچكىمنىڭ بېشى ساق ئەمەس ئىدى، جۈملىدىن يارمۇھەممەتكامنىڭ بېشىمۇ ساق ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇ ئۆزى كۈندە يېزىقچىلىق قىلاتتى، بىز يارمۇھەتكامنىڭ شۇنچە قايغۇ ئىچىدىمۇ يەنىلا يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرىۋېرگىنىگە قاراپ ياقىمىزنى نەچچە قېتىم چىشلەيتتۇق . قايغۇ ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيتتى بۇ ئادەم. شۇ يىللاردا يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئاكام كېسەللىك دەردىدىنمۇ تارتىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرى ئىدى. بىراق كېسەللىك ئۈستىدىنمۇ غالىب كېلەلەيتتى بۇ ئادەم. ئەل ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىشنىڭ ئوتتەك ئىشقى يۈرىكىدە يانغاچقا، ئەتىگىنى تاڭ ئاتماستا شالاڭلىششىقا باشلىغان چاچلىرىنى پاخپايتىپ ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق ئۈستىلىدە ئالىلقاچان خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن بولاتتى. نەق مۇشۇ ئادەم «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھېكمەتلىرىنى بىر ئۆمۈر تەتقىق قىلىپ ئۆتكەن ئىدى ۋە مېنى بۇ كىتابنىڭ بىر قاتناشقۇچىسى بولۇشىمغا ئىشتىراك قىلغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە قىسمىنى باشلىغان بولدۇم. بىراق نەچچە كۈن ئۆتمەيلا يالتىيىپ قالدىم.

– ۋاي-ۋۇي، نېمە دېگەن زېرىكىشلىك خىزمەتكەن بۇ. بۇ شەيدايى دېگەن بالا تاللاپ يازغان بېيىتلارنىڭ نومۇرىنى سالمىغان ئىكەن. بېيىتنى «قۇتادغۇ بىلىك»تىن تاپمەن بىر، بېيىتنىڭ تەرجىمىسىنى تېپىپ ئىككى. بېيىتلارغۇ چاچما تاللانغان بىلەن دىۋاندىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ئىكەن. بىراق نومۇرى سېلىنمىغاچقا تەرجىمىسىنى بېكىتىش تەسكە توختايدىكەن ،چۈنكى قوشنا بېيىتلارنىڭ مەنىسى تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ؟ بولدى قىلمايمەن!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يارمۇھەممەتكام تۇرۇپلا قالدى:

– گۈلرۇي ئۇكام، ئۇلار سىزگىلا قاراپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماڭ. كىيىن خۇش بولۇپ قالىسىز كىتاب چىققاندا. ئىشلىگىچە بېيىتلار دىلىڭىزغا ئورناپ قالىدۇ، كىيىن خاسىيىتىنى كۆرىسىز.

– نېمىمۇ دەي بۇنداق تاڭسۇق گەپلەرگە، يارمۇھەممەتكام ساقلى بىلەن شۇنداق دەۋاتسا، – شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ يارمۇھەممەتكامنىڭ ئۈستىلىگە كۆزۈم چۈشتى. دادامدىن يەنى ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دادام ئەسقەر ھۈسەيىندىن مىراس قالغان «قۇتادغۇ بىلىك» تومى ئۈستەل ئۈستىدە قاناتلىرىنى كەرگەن قۇشتەك تۇراتتى. پولغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە ئارگىناللار، كىتابلار يېيىلىپ ياتاتتى. يەرگە دەسسەي دېسىڭىز ئامال يوق، بىرەر نەرسە لازىم بولسا ئۈچۈشىڭىز كېرەك. نېمىسىنى دەي بۇ ئەدىب يېزىنەم مانا مۇشۇنداق ئىشلەيتتى ... مەن كىچىككىنە ئىشلىگەنگە قاقشاۋاتىمەن . ئۆزۈمدىن خېلى بەك ئىزا تارتىپ قالغىنىمچە:

– بولىدۇ مەن ئىشلەي، خېلى بىر يەرگە باردى، – دېدىم

شۇنىڭدىن كىيىن يېزنەمنىڭ ئۆيىگە بارساملا ئارگىنالنى ئىلىۋېلىپ يېزنەمدەك «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قاناتلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ، تەرجىمىسىنى ئىشلىدىم. ئىشلەۋېتىپ يارمۇھەممەتكامغا ئوخشاپ قالغىنىمنى بايقايتتىم . يارمۇھەممەتكام دائىم «تۈركىي تىللار دىۋانى» ياكى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى توغرۇلۇق ئەسەر يازغانلىرىدا يېزىقچىلىق ئۆيىدىن بىر قولىدا كىتابنى، بىر قولىدا قەلىمىنى كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ چىقاتتى ۋە ھاياجان بىلەن ئويلىرىنى بىز بىلەن ئەسرالىشاتتى. كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، ئاشۇ ھاياجانلىق تۇرقى؛ قۇلىقىم تۈۋىدىلا تۇرۇپتۇ، ئاشۇ قويۇق ئاتۇش تەلەپپۇزىدا سوراشلىرى ۋە دېيىشلىرى :

– «ئارقاچاق» دېگەن نېمە قايسىڭلار بىلىسىلەر ؟ بۇ سوئالغا بىز پارقىراپ ئولتۇرغاندىن كىيىن چۈشەندۈرۈشكە باشلايتتى :

– سېپى نور شەكلىدە كەلگەن بىر قوشۇق ئىكەن، «دىۋان»دا قەيت قىلىنىشىچە ئەجدادلىرىمىز بۇ قوشۇقنى باللارغا قىرتاق دورىلارنى ئىچكۈزۈشتە ئىشلەتكەن ئىكەن. كۆز ئالدىمدا قوشۇق ئەينەن زاھىر بولدى. سېپى نورسىمان كەلگەن بۇ قوشۇق ئىنتايىن ئۆزگىچە، نورنىڭ بېشى دورا قۇيۇشقا ئەپلىك ياسالغان. قوشۇقنى باللارنىڭ ئاغزىغا سېلىپلا، نور بېشىدىن قىرتاق دورىنى قۇيۇۋەتسىلا باللار نېمە بولغىنىنى بىلمەي ئىچىۋېتە ھەقاچان.

– مىڭ يىل بۇرۇن مۇشۇنداق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەن بولساق، بىز نەقەدەر گۈللەنگەن ھە شۇ چاغلاردا-دېگەنىدى يارمۇھەممەتكام بىزگە.

تالاي قېتىم يېزىق ئۆيىدىن شۇنداق يۈگۈرۈپ چىققان ئىدى بۇ يېزنەم. بىزگە مىڭ يىللار بۇرۇن ئاياللىرىمىزنىڭ باغىرداق كىيىدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى، بۇ توغرۇلۇق «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايانلار بار ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەن ئىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ شايى كىيىملەرگە «ئۈتۈك» دېگەن ئەسۋاب بىلەن دەزمال سېلىپ كىيىدىغانلىقىنى، «ئۈتۈك»نىڭ چوغ سېلىنىدىغان ئىپتىدائىي دەزمال ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەن ئىدى بۇ ئەدىب يېزنەم. شۇنداق دەپ يۈرۈپ غۇرۇر تۇيغۇمىزنى ئاشۇراتتى، ئۆزلۈك تۇيغۇمىزنى قويۇقلاشتۇرماقچى بولاتتى.

ھە راست، بۇ ئەدىب يېزنەم بىر قېتىم يەنە شۇ تەرىقىدە يۈگۈرۈپ چىقىپ مېنى يىغلاتقىنى يادىمدا:

– قاراڭ گۈلرۈي، ئاكامنىڭ (دادامنى شۇنداق چاقىراتتى، دادام ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقىمىكىن دادا دەپ چاقىرىشنى بىئەپ كۆرسە كېرەك) قۇتادغۇبىلىكتىكى ئەڭ ئامراق بېيىتى، – دەپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇغان ئىدى:

371 . بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭلۈم ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا.

يېزىنەمنىڭ بېيىتنى ئوقۇغان ۋاقتى دادام ئاللەمدىن ئۆتۈپ ئۇزاق ئۆتمىگەن بىر ۋاقىت ئىدى، شۇڭلاشقا دادامنىڭ ئېغىزىدىن كىچىكىمىزدىن تارتىپ ئاڭلاپ كەلگەن بۇ بېيىتنى يېزىنەمنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ ئىزتىراپقا چۆكۈپ يىغلىغان ئىدۇق. دادام، بىر ئۆمۈر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى تەتقىق قىلىپ ھەم قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا شۇنىڭدىن دەرس بېرىپ ئوقۇغۇچى تەربىيەلىگەن بۇ ئىنسان داۋاملىق «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بېيىتلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتەتتى. جۈملىدىن بۇ بېيىتنى دائىم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. شۇڭا يارمۇھەممەتكامنىڭ ئېسىدە بەكرەك قالسا كېرەك. كىچىكىمدە مەنىسىنىڭ تېگىگە يەتمىگەن بۇ بېيىتنىڭ مەنىسىگە شۇ چاغدىلا يەتكەن ئىدىم. ياش ۋاقىتلاردىكى يادەك ئەگرى كۆڭلىمىزنى ئوقتەك تۈز قىلىپ بولغۇچە، قەددىمىز ئېگىلىپ بىر پۈتىمىز گۆرگە ساڭگىلايدۇ دېمەكچى بۇ بېيىت ، كىمىمۇ بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالىسۇن دەيسىز، نى مەن-مەن دېگەن ئەزىمەتلەرنى يەر قوينىغا ئالمىدىمۇ، ئاقىۋەتتە. شۇچاغدا يارمۇھەممەتكامغا جاۋابەن دادام ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر بېيىتنى يادقا ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم:

365 . تەگكۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك ياشىم،
قوغۇ(ئاققۇ) قىلدى قۇزغۇن تۈسىدەك باشىم.

دادام ئەينەككە قارىغان ۋاقىتىدا ئاقارغان چېچىغا كۆزى چۈشكەندە بۇ بېيىتنى ئېيتاتتى.

توغرا مەن يارمۇھەممەتكامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى تاپقۇچە، بېيىتلارنىڭ پاساھىتى ئەقلىمنى لال قىلاتتى.

– قاراڭ يارمۇھەممەتكا، كىممۇ جاھاننى شۇنچە چۈشەنگەن، – دەپ بېيىتلارنى ئوقۇپ كېتەتتىم ئۈنلۈك:

152 . بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇق،
بۇ ئىككى قۇلىنمۇ يۈكسەلتۇر تولۇق.

2687 . كۆيەر ئوتقا ئوخشار كېرەكسىز سۆزۈڭ،
ئېغىزدىن چىقارما، كۆيەرسەن ئۆزۈڭ.

– بۇ بېيىتلانى ماڭىلا دەۋاتقاندەك، مېنى بىلىم ئال، ئاغزىڭنى باشقۇر، سۆزۈڭگە قارا دەۋاتقاندەك، – دەپ بېشىمنى چايقاپ كېتەتتىم.

– ھەئە ئۇكام، ھەر قېتىم «قۇتادغۇ بىلىك»نى قولۇمغا ئالسام يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىستىداتىدىن بىر قېتىم ھەيران بولىمەن. قېرىپ تۈگەتكۈسىز بىر بايلىق كانى بۇ كىتاب. ھەربىر بېيىتنى دىلغا نەقىش قىلىپ چېكىۋالسا كىشى، – دەپ سۆز قوشۇۋېتىپ يەنە قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ئالدىدىكى ئارگىنالغا ئېڭىشەتتى يارمۇھەممەتكام.

كىتابنىڭ ئىنگلىزچىسىنى پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا، يارمۇھەممەتكام بېشىمدا تۇرۇپ ئىشلىتىپ تېزرەك پۈتتۈرۈشۈمگە تۈرتكە بولدى. ئۆيۈمگە ئۆزى يېزىۋاتقان كىتابلىرىنىڭ ئارگىناللىرىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. يارمۇھەممەتكام يېنىمدا ھەمراھ بولغاچقىلا بۇ زېرىكىشلىك، ئىنچىكە خىزمەت كۆڭۈللۈك خاتىرىگە ئايلىنىپ قالدى. مەن ئۆزۈمگە تەسىر قىلغان بىر بېيىتنى سۆزلەيمەن؛ ۋاھ، ۋاھ، نە قەدەر جايىغا چۈشكەن سۆزلەر؛ رىتىم ، تۇراق، پاساھىتىنى دېمەيلا قويۇڭ دەپ چاكىلداپ كېتىمەن. بۇنىڭغا ئۇلاپ يارمۇھەممەتكام بېيىتقا كەلتۈرۈپ بېشىدىن ئۆتكەن ھاياتىدىن بىر مىسال ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلمەيلا قالىمەن، ئىشىمۇ ئاينىيدۇ. ئىنگلىزچە قىسمىنىڭ ئارگىنالىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئاخىرقى كۈنلەر ئىدى. تۇساتتىن بۇ بېيىتقا كۆزۈم چۈشكەندە يارمۇھەممەتكامغا ئوقۇپ بەرگۈم كەلدى:

5919 . تىرىكتۈر ، ياخشى ناملىق ئەر ئۆلگەن بىلەن،
چىرىپ ئۇ قارا يەردە ياتقان بىلەن.

بۇ بېيىتنى ئاڭلاپ يارمۇھەممەتكام دېدى:
– بەزىلەر يۈز تاشتىنمۇ ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ، ھېچكىمگە پايدىسىمۇ تەگمەيدۇ، نام -نىشانسىز ياشاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەلنىڭ دۇئاسى تەگمەيدۇ. بەزىلەر تولىمۇ قىسقا ياشايدۇ، بىراق ياخشى ئەمەللىرى ئەل قەلبىدە قالىدۇ، نامى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يادلىنىدۇ.

شۇ ۋاقىتلاردا يارمۇھەممەتكامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىدى. جىگەر راكى دىئاگنوزى ئېنىق بولغان بولسىمۇ، كېچە-كۈندۈز يېزىقچىلىق قىلىپ يۈرەتتى. ئۈمىدۋارلىققا تولغان روھ بىلەن، ھەر بىر كۈننى شۇنچىلىك نەتىجىلىك ئۆتكۈزەتتى. يارمۇھەممەتكامنىڭ ھاياتىنىڭ سۈپىتىنى ساغلام ۋاقتىدىكىدىنمۇ ياخشىدەك ھېس قىلاتتىم، «پخىمۇ جىق ئىشلارنى قىلىۋالاي چەكلىك ئۆمرۈمدە» دەپ ياشاۋاتقانلىقىنى تۇياتتىم. يارمۇھەممەتكامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇددى بۇ بېيىتنى ئۆزىگە تەمسىل قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم-دە، قەلبىمنى ئازاب چۇلغاپ، ياشقا تولغان كۆزلىرىمنى يارمۇھەممەتكامدىن ئېلىپ قېچىپ قىينالغان ئىدىم. مانا ئەمدىلىكتە ئويلاپ باقسام بىر ئۆمۈر «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەتقىق قىلىپ ئۆتكەن بۇ يېزىنەم ھەقىقەتەن ئۆزى يازغان كىتابلىرىنىڭ قۇرلىرىدا مەڭگۈ ياشاۋاتاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىكلەپ

بەرگەن مەڭگۈلۈك تىرىكلىك يارمۇھەممەتكامنىڭ ھاياتىدا تولۇق مەنىسىنى تاپقان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىنىڭ خاتىمە بەتلىرىدىكى مەھمۇد غەزنەۋىگە ئاتاپ يازغان ھەجۋىسىنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى مىسراسىنى يادقا ئوقۇپ بېرىپ قايغۇلۇق كەيپىياتنى غەلىبىلىك بۇرىۋەتكەن ئىدىم:

مەن ئەسلا ئۆلمەسمەن مەڭگۈ ياشارمەن،
ئېيتقان ھەر سۆزۈمدە قايتا ياشنارمەن.
ئىنساپ ھەم ئېتىقاد كىمگە بولسا يار،
ماڭا تەھسىن ئوقۇپ قىلار بەختىيار.

– يارمۇھەممەتكا، «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركى» دەيتىكەن، ئەمدىلىكتە قارىسام، «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىپادىلەنگەن مەڭگۈلۈك تىرىكلىك روھى شاھنامەنىڭ مۇشۇ مىسرالىرىدىمۇ ئەينەن ئەكس ئەتكەنىكەن. بىراق « قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مەڭگۈلۈك تىرىكلىك روھى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا خاس كەمتەر، نەسىھەتگۈي ھەم گۈزەل بىر رەۋىشتە جۇلالىسا، «شاھنامە»دە بولسا فىردەۋسكە خاس ھالدا سەل مەن-مەنچى، ھاكاۋۇر رەۋىشتە ئەكس ئېتەمدۇ قاندىق؟ – دېگەن دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان يارمۇھەممەتكام:

– ئىرانلىقنىڭ شاھنامەسىنى بېسىپ چۈشىدۇ بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ شاھنامەسى، ئۇن ئەسىر بۇرۇنقى مۇكەممەل دىراما بۇ، مەن-مەن دېگەن مىللەتلەرنىڭمۇ ئاشۇ يىللاردا بۇنداق دىراماللاشقان ئەسىرى يوق ئىدى دەيمەن – دەپ پەخىر ئىچىدە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

– دېمىسىمۇ شۇ ھە! «كۈن تولدى، ئاي تولدى، ئودغۇرمىش، ئۆگدۈلمىش» بۇ پېرسوناژلار ئېنىق ئايرىلغان، بۇلارنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلىدىغان دىئالوگلىرىمۇ ئېنىق ئايرىلغان، سەھنە ئەسىرى قىلماق تولىمۇ قولاي، – دېگىنىمچە يارمۇھەممەتكامنىڭ سۆزلىرىگە قايىللىق ئىچىدە بېشىمنى لىڭشىتىپ كەتكەن ئىدىم.

شۇنداق قىلىپ بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچىسىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈپ، قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ، «بېيىتقا تەرجىمە ئۇدۇل كەلدىمۇ-يوق؟ ئېنىق يازدىممۇ،ھە، ئىنگلىزچىسىنى ؟ خەت ئۇرغانلار ھەرپلەرنى خاتا تونۇپ قالماس ھە؟» دەپ مىڭ قېتىم ئوقشاپ تۈزىتىپ ئارگىنالنى يارمۇھەممەتكامنىڭ قولىغا تاپشۇرغان ئىدىم. يىل ئۆرۈلۈپلا، مەن ئامېرىكىغا كېتىپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ ئاكىسىدىنمۇ چارە بۇ يېزىنەم بىلەن بىللە ئىشلىگەن شۇ ۋاقىتلار قىممەتلىك يادنامىدەك قەلبىمگە نەقىش بولۇپ چېكىلىپ قالدى. بۇ كىتابنى نەشىردىن چىقىشىغىلا يارمۇھەممەتكام قولۇمغا تەگكۈزدى، بىر يەشىك مەن سورىغان باشقا كىتابلار بىلەن بىللە ئەۋەتتى. كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتىدىن «ئىنگلىزچە كورربېكتورى» دېگەن يەردە ئىسمىمنى كۆرگەن ۋاقتىمدا بالىلارچە خۇشاللىقتا چۆمۈلدۈم . يەنە بىر يىل قايرىلدى، 2012 -يىلى، ياز پەسلىدە يارمۇھەممەتكام ئالەمدىن ئۆتتى، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركى تىللار داۋانى»غا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ ئۆتكەن، ئەۋلاد بەختى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قەلەم چەككەن بۇ ئىنسان ئارىمىزدىن بالدۇرلا كېتىپ قالدى. شۇ چاغلاردا چەتئەلدىكى ۋە ۋەتەندىكى دۇنياسىدا كىشىلەر تەۋرەپ كەتتى، يارمۇھەممەتكامنىڭ شەنىگە قايغۇلۇق مەرسىيەلەر يېزىلىپ يۈرىكىمنى ئەزدى، مەنمۇ ھەم خۇش-چاخچاقلىقىمدىن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە قالدىم.... مانا ئەمدى «<قۇتادغۇ بىلىك>تىن ئۈنچىلەر» دېگەن بۇ كىتاب قولۇمدا يارمۇھەممەتكامنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»كە قويغان مۇھەببىتىنىڭ بىر نامايەندىسى سۈپىتىدە تۇرماقتا.

بۇ كىتابنى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2010 -يىلى نەشر قىلغان بولۇپ، كىتابنىڭ قاتتىق تاشلىق مۇقاۋىسىدا كىتابنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە ئىنگلىزچە بېرىلگەن. كىرىش سۆز قىسمىنى ئىمىنجان ئەخمىدى ئاكا يېزىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇمۇ ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە ئىنگلىزچە ئۈچ خىل تىلدا بېرىلگەن. كىتابنىڭ ھەر بىر بېتىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا قۇربانجان روزى شەيدائىنىڭ ئۆزى تاللىغان بېيىتلارغا يازغان ھۆسنخېتى بېرىلگەن بولۇپ قارىغان كىشىنىڭ زوقىنى قوزغىماي قالمايدۇ. ھۆسنخەتنىڭ ئاستىدا بېيىتنىڭ خىتايچە تەرجىمىسى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. باشتا مەن «ھۆسنخەتنىلا بەرسە بولمىدىمۇ، بۇنچىۋالا جۇۋاپ كېتىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار» دەپ ئويلىغان بولسام، ئەمدىلىكتە، بۇ ئىككى خىل تەرجىمىنىڭ بولۇپمۇ ئىنگلىزچە تەرجىمىنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىمىزنى چۈشىنىشىگە، جۈملىدىن بىزنىڭ مىڭ يىل بۇرۇنلا گۈللەنگەن شەھەر مەدەنىيىتىمىز ، پەلسەپە سېستىمىمىز بار بولغان، شەرەپلىك تارىخقا ئىگە قەدىمى مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى چۈشىنىپ يېتىشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان مۇھىم ئەمگەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. بۇ كىتابنى قولۇمغا ئالسىملا ئەدىب يېزنەمنىڭ سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ:

– يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇستاز «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىيلار خاندانلىقى شەرقىي خاندانلىق ۋە غەربى خاندانلىق بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن دۆلەت ئۈلى مۇستەھكەم ئەمەس، لىڭشىپ تۇرغان بىر پەيتتە يازغان. ئۇستازنىڭ ئىزگۈ مەقسەتلىرى بولسا بۇ كىتابنىڭ ھۆكۈمرانلارغا ھاكىمىيەت دەستۇرى، ئاۋام-رەئىيەتكە ھايات مىزانى بولسۇن دېمەكچى ئىدى. بەخت-قۇت بىلدۈرگىسى بۇ كىتابنى قانچە قازساق، ھاياتقا قانچە تەتبىقلىساق ئەرزىيتتى ، ئەپسۇس، ئۇستازنىڭ بۇ بۈيۈك ئەسىرىنىڭ قەدرىنى قىلمىدۇق. شۇڭا مۇشۇنداق مۇنقەرز بولدۇق، مۇستەملىكىدە قالدۇق...

قولۇمدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇستازنىڭ بېيىتلىرى شاھانە نەقىشلىك رامكا ئىچىدىكى ھۆسنى خەتلەردە ئورۇن

ئالغان «<قۇتادغۇ بىلىك>تىن ئۈنچىلەر» دېگەن بۇ كىتاب، ئەسلىملەر ئىچىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئۆزۈمنى ۋاقىت ئوقىدا تەسەۋۋۇر قىلىمەن: ۋاقىت ئوقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى مەن كۆرەلەيدىغان چېكىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇستاز كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككەنچە تۇرىدۇ؛ ۋاقىت ئوقىنىڭ ماڭا ئىنتايىن يېقىن نۇقتىسىدا «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار داۋانى» تەتقىقاتى بىلەن بىر ئۆمۈر شۇغۇللانغان سۆيۈملۈك دادام ئەسقەر ھۈسەيىن ۋە يېزنەم يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇقمۇ ئوخشاش رەۋىشتە يىراقلارغا كۆز تىكىپ تۇرىدۇ. مەن ۋاقىت ئوقىدا ئۇلارنىڭ داۋامى بولغان ئەۋلاد بولغىنىمدىن پەخىرلەندىم، ئۇلارنىڭ قەلب ئىتىزىمغا يېتۈك ئۇستازنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچقان ئۇستازلىرىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈم... مەنمۇ يىراقلارغا كۆز تىكتىم ۋە مىللىتىمىزنىڭ بەخت-سائادەت ئەڭگۈشتىرى «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بۇ بېيىتلارنى قەلبىمدىكى ئۆچمەس بۇ سىملارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن پىچىرلاپ ئوقۇدۇم:

6417 . ئۆزۈڭ ياخشىلىق قىلغاچ ھەر زامان،
گەر ئۆلسەڭ دېيىلمەس ئۆلدى ھەرقاچان.

5154 . ئاتاڭ ئۆلدى، كەتتى، ساڭا بەردى پەند،
ئاتا پەندى تۇتساڭ، بولۇر شېكەر-قەنت.

پايدىلانغان ماتېرىياللار :


1.«قۇتادغۇ بىلىك» ( يۈسۈپ خاس ھاجىپ)


2. «تۈركىي تىللار دىۋانى»(مەھمۇد قەشقەرى)

3.ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى ( ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر)

4.«<قۇتادغۇ بىلىك>تىن ئۈنچىلە»ر(ئاپتورى :يۈسۈپ خاس ھاجىپ، خەتتات قۇربانجان روزى شەيدايى )

2019 -يىلى، 29 -دېكابىر ، ئامېرىكا






مەرھۇم يارمۇھەممەت تۇغلۇق ئەپەندىمنىڭ ئەمگىكى بىلەن روياپقا چىققان <«قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئۈنچىلەر> ناملىق كىتابنىڭ مۇقاۋىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ مازىرى*

راھىلە داۋۇت

يۈسۈپ خاس هاجىپ 11 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، دۆلەت ئەربابى بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن 1018 -يىللىرى ئەتراپىدا قاراخانىيلارنىڭ يازلىق ئاستانىسى (پايتەختى) بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەن. ياشلىق دەۋرىدە قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي ئاستانىسى قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئۇ يەردە ئىچىدە خىزمەت ئۆتىگەن، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن شۇغۇللانغان. 10169 - 1070 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە، 13 مىڭ مىسرالىق بىباھا دىداكتىك داستان « قۇتادغۇ بىلىك» نى قەشقەردە يېزىپ چىققان ۋە ئۇنى قاراخانىيلار قاغانى ئوبۇل ھەسەن تابغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىپ، خانىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ھەمدە « خاس هاجىپ» لىققا تەيىنلەنگەن. يۈسۈپ خاس هاجىپ مىلادىيە 1085 - يىلى 67 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ جەسىتى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا يېقىن تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىدىكى بارگاھ ( دۆلەتباغ يېزىسى ئارسلانخان كەنتى) يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. تەخمىنەن 1120 - يىللىرى تۈمەن دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ جەسىتى ئەسلىي قەبرىگاھىدىن كۆچۈرۈلۈپ، هازىرقى پاينap يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. كېيىن يەنە تۈمەن دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى تۈپەيلىدىن 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن هازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ كېلىنگەن ۋە بۇ قەبرىگاھنى ئالتۇنلۇق دەپ ئاتىغان. كىشىلەر يۈسۈپ خاس هاجىپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن تارتىپ ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت، ئېتىقادى بىلەن مازىرىنى يوقلاپ، تاۋاپ قىلىپ كەلگەن. شەيخ، جارۇپكەشلەرنى قويۇپ قوغدىغان، يەر - زېمىنلىرىنى ۋەخپە قىلغان. بولۇپمۇ بۇ مازار كىشىلەر تەرىپىدىن « ئىلىم پىرى»، «ئىلىمگە ھۆددىگەر مازار» دەپ قارىلىپ، ئاۋام خەلقنىڭ ئىلىمگە بولغان ھۆرمەت ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ جاي شائىر، سەنئەتكار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆپرەك يىغىلىپ تاۋاپ قىلىدىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنغا ئايلانغان. بۇرۇنلاردا ئاتا - ئانىلار مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە ياخشى ئوقۇيالمىغان، زېھنى ئوچۇق بولمىغان پەرزەنتلىرىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاۋاپ قىلدۇرۇپ، ئىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇتۇپ، خەتمىقۇرئان قىلدۇرىدىغان ئادەت بولغان.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇللاخان ( مىلادىيە 1639 - 1668 ) ھىجرىيە 1074 - يىلى ( مىلادىيە 1665 - يىلى) يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ مازىرىنى بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ، ئىلگىرىكى تۆز تورۇسلۇق هالىتىنى گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈرگەن. قەبرىنىڭ ئالدىنى غەربكە قارىتىپ، 8 مېتىر ئېگىزلىكتە پەشتاقلىق دەرۋازا ئورناتقان.

ھىجرىيە 1242 - يىلى ( مىلادىيە 1828 - يىلى) قەشقەر هاكىمى ئىسھاق ۋاڭ يۈسۈپ خاس هاجىپ مازىرىنى (بەزى مەنبەلەردە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىتخان دەۋرى ( مىلادىيە 1553 - 1570 ) دە يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قەبرىگاھى ئالتۇنلۇققا يۆتكەلگەن دېيىلىدۇ) يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلغان، بۇ قېتىم قەبرىگاھنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز، تۆت بۇرجىكىگە مۇنار چىقىرىلغان ۋە قەبرىنىڭ سىرتىغا سۈپەتلىك، رەڭلىك كاھىشلار يېپىشتۇرۇلغان. يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ مازىرى 1874 - يىللىرى بەدۆلەت دەۋرىدە كېڭەيتىلىپ، يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىنغانلىقى مەلۇم. يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ مازىرى تەخمىنەن 965 كىۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلىگەندى. ساقلانغان سۈرەت، خەرىتە ۋە ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مازارنىڭ تۆت ئەتراپى 3.8 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پىششىق خىش تام بىلەن قورشالغان، چاسا شەكىللىك دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى 4.2 مېتىر، ئېگىزلىكى 8 مېتىر، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە راۋاق ۋە خىش بىلەن ياسالغان يۇملاق مۇنارلىرى بار، مازار قورۇسى ئىچىدە 160.6 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەسچىت، شەيخلەر ياتىدىغان ھۇجرا ۋە توققۇز قەبرە بار بولۇپ، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قەبرىسى چوڭ گۈمبەز ئىچىدە ئىكەن. قەبرىنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىر، گۈمبەز بۇرجىكى پىششىق خىشتىن ئەگمە قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 11 مېتىر كېلىدىكەن. گۈمبەزنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تامنىڭ ئىككى بۇرجىكىدىمۇ 7.7 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككى مۇنار بولۇپ، ئۇنىڭغا رەڭلىك كاھىش چاپلانغان. مازارنىڭ ئۇلىنىڭ سىرتىغا يېشىل كاھىش، گۈمبەز ئۈستىگە سۆسۈن رەڭلىك كاھىش يېپىشتۇرۇلغان. يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قەبرىگاھى بۇزۇلۇشقا باشلىغان. شۇ ۋەجىدىن 1950 - يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن « شىنجاڭ

* پىروفېسسور دوكتور راھىلە داۋۇت تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان، 2001 -يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 264 بەتلىك «ئۇيغۇر مازارلىرى » ناملىق كىتابنىڭ 21-15 بەتلىرىدىن ئېلىندى.

ئاپتونوم رايونىدىكى قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورۇن، قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تىزىملىكى » دە، خاتا ھالدا قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان قاراخانىيلار خانى يۈسۈپ قادىرخان ( 1024 - 1032) نىڭ مازىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى دەپ بېكىتكەن، بۇ خاتالىق يېقىنقى يىللاردا ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى تەكشى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە سېلىنغان بولۇپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. شەرق تەرىپىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى، غەربىي تەرىپىگە مەسچىت جايلاشقان. قەبرىگاھ خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. ئالدى تىك تۈزى ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىشلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. تۆت بۇرجىكىگە يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان بولۇپ، مازارنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك مۇنار ۋە گۈمبەزلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ پۈتۈن مازارغا ئالاھىدە تۈس بەرگەن. مەسچىت ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. خىش قۇرۇلمىلىق گۈمبەز تورۇسلۇق ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. مەسچىتنىڭ تۈۋرۈك، لىم، ھاراق، جەگەلىرىگە خىلمۇخىل نەقىش چىقىرىلغان. مېھراب، تەكچىلىرى گەج ئويما نەقىشلەردە زىننەتلەنگەن.

مازارنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى كۆركەم، رەڭلىك كاھىش، ياغاچ ئويما نەقىش ۋە گەج ئويما نەقىشلىرى ئىنتايىن نەپىس بولۇپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى 1956 - يىلى يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. مازار 1959 - يىلىغىچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ياكى قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى ياسىلىش ئۇسلۇبى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىنغان.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ نەچچە ئەسىردىن بۇيان داۋاملىق رېمونت قىلىنىشى ۋە يېڭىلىنىشى، جۇملىدىن تارىختا ئۆتكەن ئەدىبلەر، شائىرلارنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنى سېغىنىش، ياد ئېتىش يۈزىسىدىن قىسسە، شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرۇشى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى 1000 يىلدىن بېرى قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پايناپ مەھەللىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، « مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، 1972 - يىلى مازارنىڭ ئۈستى قىسمى بۇزۇپ تۈزلىۋېتىلگەن، پەقەت ئاستى قىسمى ساقلىنىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا تەنتەربىيە يولى باشلانغۇچ مەكتىپى، شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار سېلىنىپ، مازارنىڭ ئىزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، بۇ مازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1986 - يىلى ھۆكۈمەت 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ مازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، 1989 - يىلى قۇرۇلۇشنى غەلىبىلىك تاماملىغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قەبرىگاھنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1900 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، قەبرىگاھ چوڭ دەرۋازا، مەسچىت، خاتىرە مۇنارىسى، كۆرگەزمە زالى ۋە كۈتۈپخانىدىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان. مازارنىڭ شەرقىي تەرىپىگە قەبرىگاھ، غەربىي تەرىپىگە مەسچىت، شىمالىي تەرىپىگە چوڭ دەرۋازا ياسالغان. بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي پىششىق خىش ۋە بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، قەبرىگاھنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 225 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەبرىگاھ، كايۋان، يەر ئاستى ئۆيى، گۈمبەز قاتارلىق ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كايۋان 22 كىچىك گۈمبەزلىك ئالدى ئوچۇق 22 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۆيلەر شىمالىي، جەنۇبىي، شەرقىي تەرەپتىن توققۇز مېتىر ئارىلىقتا ئاساسىي قەبرە ئۆيىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئالدى تەرەپتىن تۆتتىن سەككىز قەپەزەكلىك مۇنار چىقىرىلغان. ئىككى ياندىكى پەشتاقلىق ئىككى ئىشىك ئاساسىي قەبرە ئۆيىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. كايۋاننىڭ تۆت بۇرجىكىدە يەنە ئېگىزلىكى 9.4 مېتىر كېلىدىغان قەپەزەكلىك تۆت مۇنارمۇ بار.

قەبرە ئۆيى تاشقىرىقى ۋە ئىچكىرىكى ئۆي دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 17.58 مېتىر كېلىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 11.30 مېتىر كېلىدۇ. قەبرە ئۆيى غەربكە قارىتىپ ئېچىلغان. قەبرە ئۆيىگە ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى 16.40 مېتىر كېلىدىغان ئىككى قەپەزەكلىك مۇنارىسى بار دەرۋازا ئارقىلىق كىرگىلى بولىدۇ. يەنە قەبرە ئۆيىنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ۋە كىچىك ئۆيلەر بار، ئىچكىرىكى ئۆي مەخسۇس قەبرە ئۆيى بولۇپ، گۈمبىزىنىڭ ئېگىزلىكى 19.60 مېتىر، دىيامېتىرى توققۇز مېتىر، قەبرىگاھنىڭ سىرتى، ئاستى ئاق، ئۈستى كۆك گۈللۈك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن، يۇمىلاق گۈمبەز بىلەن يېپىلغان ئىچكىرىكى ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىدا چوڭ - كىچىك پەنجىرىلىك بىر نەچچە كۆزنەك ۋە روجەك بار. قەبرىگاھنىڭ ھەممە تەرىپى 20 خىل رەڭلىك گۈللۈك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. قەبرىگاھدا يەنە چوڭلۇقى 198.85 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بېتون بىلەن قوپۇرۇلغان يەر ئاستى ئۆيى بار. چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان بەش خانىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئۆي ۋە بۇ ئۆيلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئايلانما

كارىدور قەبرە ئۆيىنى نەملىكتىن ساقلاشتا مۇئەييەن قوغداش رولىغا ئىگە. قەبرە ئۆيىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە مۇنار ياسالغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ تەقلىدىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بۇ قەبرىگاھى ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن زامانىۋى بىناكارلىق قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ بىنا قىلىنغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر بىناكارلىق ئۈلگىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى، ھەيۋەتلىكلىكى، پۇختا - مەزمۇتلۇقى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى زىيارەتچى، ساياھەتچى ۋە تاۋاپچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

ماگىستىر ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىسى بىنۇرە ئابدۇقاھار تەييارلىغان تەييارلىغان

# ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەريي رەسىملىرىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە*

غازى ئەھمەد

يېقىندا بىر دوستۇم ماڭا يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ 2007 -يىلى شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان « XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدىبىئولوگىيەسى» ناملىق كىتابىدا «ئىككى ئالىمنىڭ رەسىمى ۋە مىللىي خاراكتېرى» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئىككى ئالىمنىڭ رەسىمىنى مەن ياراتقان بولغاچقا، بۇ ماقالىنى ئوقۇپ باققۇم كەلدى. كېيىن ئۇقسام، بۇ ماقالە دەسلەپ «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 -يىل 6 -سانىغا بېسىلغان ئىكەن.

«XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدىبىئولوگىيەسى » ناملىق كىتابتىكى بۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنى بىلەن «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنالىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىنىڭ مەزمۇنىدا خېلى پەرق بار ئىكەن. خىتاي كەسپداشلار ئىچىدە كۆپلىگەن گۈزەل سەنئەت نەزەرىيەچىسى ئەسەرلىرىمگە ئوبزورلار ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر گۈزەل سەنئەت ئوبزورچىلىقى تېخى ئاجىز ھالەتتە بولغاچقا، مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە ياكى باشقا رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا-تەقرىزلەر ئاز يېزىلاتتى.

ئىلمىي ئوبزورچىلىقنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقى تەبىئىي. چۈنكى ئىلمىي، ساغلام ئوبزورچىلىق ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېرىشىلگەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ناچارلىرىنى تەنقىدلەپ، سەۋەنلىكلەرگە رەدىيە بېرىدۇ. ئەمما يېتەرلىك بىلىم ئاساسى بولمىغان بەزى ئوبزورچىلارنىڭ ئاساسسىز ھەم ئورۇنسىز باھا-تەقرىزلىرى، ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتمىسە بولمايدىغان مۈجمەللىكلەرنى پەيدا قىلىش مۇمكىن.

مەن ئاپتورنىڭ «11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدىبىئولوگىيەسى» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەريي تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيدىغان، بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان سۆز-ئىبارە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەرگە توغرا چۈشەنچە بەرمىسەم، ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلمىغان بولىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، بۇ ماقالىنى يېزىشنى لايىق تاپتىم.

ئاپتور ماقالىسىنى «مەن مەھمۇد كاشغەريي بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئەڭ ياخشى ۋە چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلارنىڭ بىرى» دەپ باشلىغان. ئاپتور بۇ ئىككى ئالىمنىڭ كىتابلىرىنى رەسسامنىڭ نەزەرى بىلەن ئەستايىدىل ئوقۇپ باقمىغان بولسا كېرەك. مەن بىر ئۇيغۇر رەسسامى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئىككى بۈيۈك ئالىمىمىزنىڭ كىتابلىرىنى ئۇلارنىڭ رەسىمىنى يارىتىش مەقسىتىدە رەسسامغا خاس نەزەرىم بىلەن تەكرار ئوقۇپ چىققان.

ئاپتور ماقالىسىدا «تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەريي يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن 20 ياش ئەتراپىدا چوڭ ئىدى . غازى ئەھمەد رەسىمدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنى مەھمۇد كاشغەرىيدىن 20 ياش ئۆپ-چۆرىسىدە چوڭ قىلىپ ئىپادىلىدى. يەنى ئاكىسىنى ئۇكىسى، ئۇكىسىنى ئاكىسى قىلىپ قويۇلغاندەك ئىش بولدى»، «غازى ئەھمەدنىڭ سىزمىسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 70–75 ياشلىق بوۋاينىڭ سىيماسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ» دەيدۇ.

قارىشىمچە، ئاپتور يۈسۈپ خاس ھاجىپ رەسىمگە سىنچىلاپ قاراپ باقمىغاندەك قىلىدۇ ياكى يىراقتىن قاراپ بۇ ئالىمنىڭ ساقىلىنىڭ ئاقارغانلىقىنى كۆرۈپلا يەڭگىللىك بىلەن 70–75 ياشلىق بوۋايدەك بوپقاپتۇ دەپ ئويلىغان. دەرۋەقە، مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ساقىلىغا ئاق كىرگەن قىلىپ سىزغان ئىدىم . ئۇنىڭ قاش-كۆزى، چىرايى ۋە بويىنىغا ھېچقانچە قورۇق چۈشمىگەن ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتى چۈشۈرۈۋېتىلسە، ياش يىگىتتەك كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ، چىرايى پارقىراپ، قەددى-قامىتى تىك تۇتۇپ تۇرغان ھەم جۇشقۇن ھەم روھلۇق ھالىتىنى كۆرگەن بولاتتۇق. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئەڭ ياخشى ۋە چوڭقۇر چۈشىنىدىغان» بۇ ئاپتور ئالدى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى كېرەك ئىدى:


---

* بۇ ماقالە قازاقىستانادا چىقىدىغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ژۇرنىلىمىزدا قايتىدىن ئېلان قىلىندى.

** ئابدۇللا روزىباقىيېۋ نامىدىكى 153№ مەكتەپ مۇدىرى.

تەگكۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك ياشىم،
ئاققۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسىدەك باشىم.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە يېشى ئەللىككە كەلگەندە چاچ-ساقىلىنىڭ ئاقارغانلىقىنى ئېنىق ئىزھار قىلغان. چاچ-ساقىلى ئاقارغانلىقى ئادەمنى 70–75 ياشلىق بوۋاي دەپ ھۆكۈم قىلىش مېتافىزىكىلىق قاراش ھېسابلىنىدۇ. 40 ياشلىق كىشىلەرنىڭمۇ چاچ-ساقىلى ئاقىرىدىغان ئىشلار بار. ھېلىمۇ ياخشى ئالىم 50 ياشلارغا كەلگەندە چاچ-ساقىلىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى يېزىپ قويغان ئىكەن.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاپتور ماقالىسىدا «رەسساملار قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆزى خالىغانچە سىزىۋەرمەسلىكى لازىم. ئالىملارنىڭ رەسىملىرىنى قالايمىقان سىزىۋېرىشكە چەك قويۇش كېرەك»، «ئەڭ ياخشى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇلار رەسساملارغا رەسىمنى قانداق سىزىش ھەققىدە يول كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ سىزىپ چىقىشقا تاپشۇرۇپ، قايسىسىنىڭ سىزغىنى تەلەپكە يېقىنلاشقان بولسا، شۇنىڭكىنى ئېلان قىلىپ، قالغانلىرىنى شۇ مەيداندىلا كۆيدۈرۈۋېتىش، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ يەنە ئۇ ئالىمنى سىزماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە مۇخالىپ كېلىدىغان قاراشلىرىنىمۇ ئىپادىلىگەن. ئېنىقكى بۇ، رەسساملارنىڭ مۇستەقىل ئىجاد قىلىش ئەركىنلىكىگە چاڭ سالغانلىق.

ئاپتور ماقالىسىنىڭ باش قىسمىدا «رەسىم دېگەن بىر ئادەمنىڭ قىياپىتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئوبرازىنى، خاراكتېرىنى مۇجەسسەم ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سەنئەت» دېگەن. قىياپەتنى سىزماي تۇرۇپ، ئوبراز ۋە خاراكتېردىن ئېغىز ئاچقىلى بولامدۇ؟ بۇ بىر ئەقەللىي ساۋاتقۇ؟ ئاپتورنىڭ رەسساملىق سەنئىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى يۈزەكى تۇرۇپ بۇ ھەقتە ماقالە يېزىشنى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازىنى ئاپتور ئېيتقاندەك «قولۇمغا قەلەم ئېلىپ قالايمىقان سىزىۋەرگەن» ئەمەس. بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى، يەنى 1956 - يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇغان چېغىمدىلا مەندە بۇ ئىككى ئالىمنى ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى پەيدا بولغان ئىدى. ئۆزۈم رەسساملىقتىكى تاغ-دەريا ، گۈل-گىياھ، ئۇچار-قاناتلارنى سىزىشتىن ئىبارەت ژانىرنى ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلىق رەسىم ژانىرىنى تاللىۋالغان ئۇيغۇر رەسسامى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنى باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك بۇرچۇم دەپ چۈشىنەتتىم. ھەقىقەتەنمۇ تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ كۆپلىگەن رەسىمنى سىزدىم. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمنى يارىتىش مەسىلىسىگە كەلسەم، 1980 -يىللاردىن باشلاپ بۇ ئالىملار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتى. بىراق بۇ ئالىملارنىڭ سىماسى ھەققىدە ھېچقانداق ئوبرازلىق مەلۇمات يوق ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش خېلى مۈشكۈل ئىش ئىدى. ئەمما بۇ، زادى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى.

ئەگەر بىز رەسساملىق تارىخىنى ئاز-تولا ۋاراقلىساق، زامانى ئۆتمۈشتە ياشاپ ئۆتكەن ياكى رىۋايەت قىلىنغان، لېكىن سىماسى توغرىسىدا ھېچقانداق ئوبرازلىق ئۇچۇر بولمىغان شەخسلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى رەسساملار سىزىپ چىققان مىساللارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاتا-ئانىسى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ باققان ئادەم يوق، ئەلۋەتتە. بۇلارنىڭ ئوبرازىنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى رەسساملار ياراتتى ئەمەسمۇ. ئىتالىيەلىك مەشھۇر رەسسامى، كۆپ قىرلىق ئالىم لېئوناردو داۋىنچى 1495 -يىلدىن 1498 -يىلغىچە ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئاخىرقى كەچلىك غىزا» ناملىق مەشھۇر ماي بوياق رەسىمنى ئىجاد قىلدى. رەسىمدە ئەيسا پەيغەمبەر ئون ئىككى نەپەر ساھابىسى بىلەن كەچلىك تاماق شىرەسىگە جەم بولغاندا پەيغەمبەر تۇساتتىن «ئارىمىزدا بىرەيلەن ماڭا خائىنلىق قىلدى» دەيدۇ. رەسىمدە ساھابىلەرنىڭ ئاڭ-تاڭ بولۇشۇپ، «بۇ خائىن كىمدۇ؟» دەپ غەزەپلەنگەن كۆرۈنۈشى، خائىن يەھۋانىڭ تەشۋىشكە چۈشۈپ ئالاقزەدە بولغان، رەڭگى تاتىرىپ ھودۇققان قىياپىتى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. ھالبۇكى، ئەيسا پەيغەمبەر 1 - ئەسىردە ئۆتكەن بولۇپ، داۋىنچى ئۆزىدىن تەخمىنەن 1500 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان ئىدى. جۇڭگونىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرلىرىدىن كۇڭزى بىلەن مېڭزىلار

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2500 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى يېقىنقى زامان رەسساملىرى ئىجاد قىلدىغۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئەدەبىيات بولسا تىل-يېزىق سەنئىتى، مۇزىكا بولسا ئاڭلاش – سېزىم سەنئىتى، گۈزەل سەنئەت بولسا كۆرۈش-سېزىش سەنئىتىدۇر. گۈزەل سەنئەتنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى - شەكىل يارىتىش سەنئىتى. ئۇ، شەيئىلەرنىڭ شەكىل ھالىتىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەشھۇر شەخسلەرنىڭ، جۈملىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشمۇ مانا مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ.

بىزنى سۆيۈندۈرىدىغان يېرى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رەسىمىنى يارىتىشقا كېرەكلىك ئۇچۇر «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئۆزىدىلا يېتەرلىك تېپىلىدۇ.

ئالىم داستانىنىڭ 130 - بابىدا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغان كىشى خاس ھاجىپ ئۇنۋانىغا ئېرىشەلەيدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ:

2444: ھايالىق، سىلىق بولسا نازۇك خۇيى،
كېلەر خۇلقى، سۆزىدىن ياخشىلىق بويى.

2447: زېرەك بولسا، مالدىن قىنالماس بولۇر،
بىلىم بولسا، ئىشتا يېڭىلمەس بولۇر.

2454: ئەقلىي پايدىسى بەك تولا، زور ئېرۇر،
جىمى ياخشىلىقلار ئەقلىدىن بولۇر.

2458: ھاجىپنىڭ ساقال-چاچى ئۇز بولسۇن يۈزى،
ئاۋازى ئەرەنچە ۋە ئوچۇق سۆزى.

2460: كېلىشكەن ساقال-چاچ-كىشى ھەيۋىتى،
بۇ ھەيۋەت بولۇر ئەر كىشى ھۆرمىتى.

2465: گۈزەل يۈزىنى كۆرگەن كىشى خۇشلىنۇر،
كۆڭۈل ئېچىلۇر ھەمدە جان زوقلىنۇر.

2473: ھىپ بولسۇن ئاقىل، كەمتار، مۇلايىم،
پېقىر، تۇل، بىتىمغا كۆيۈنسۇن دايىم.

2474: قۇلاق ساق ئولسۇن ئەقىل ئىلمى كەڭ،
مىجەزى تۈز ئولسۇن، تىلى – كۆڭلى تەڭ.

2481: ئۇلۇق ھاجىپ دېسە بولسۇن يۈز يورۇق،
كېرەك بۇ پەزىلەت، بىلىملەر تولۇق،

يۇقىرىدىكى بېيىتلاردا خاس ھاجىپ بولۇش ئۈچۈن سىلىق-سىپايە، ئەقىل-پاراسەتلىك، بىلىملىك، رەڭگىرويى چىرايلىق، گەپ-سۆزى مۇلايىم، مېھىر-شەپقەتلىك، كىچىك پېئىل ، خۇشخۇي ، سۈلكەتلىك، چاچ-ساقلى كېلىشكەن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغۇدەك ھەيۋەتلىك، ھەتتا ئاۋازى ئەرلەرگە خاس بولۇش دېگەندەك شەرتلەرنى ھازىرلاش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇنىڭدا يەنە خاس ھاجىپ بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى بېيىت ئارقىلىق شەرتكە يىغىنچاقلانغان :

2487: ھاجىپقا ئاۋال بۇ ئون نەرسە كېرەك:
ئىتتىك كۆز، قۇلاق ساق، كۆڭۈل كەڭ كېرەك.

2488: گۈزەل يۈز، بوي، تىل، ئاڭ، ئەقىل ۋە بىلىم،
خۇلۇق-مىجەز بۇلارغا تولۇق تەڭ كېرەك.

مەن بۇلارنى ئوقۇپ قاراخانىيلار خانلىقى خاقانىنىڭ خاس ھاجىپى بولغان يۈسۈپ بوۋىمىزنىڭ ساپا-سۈپەتلىرىنىڭ دەل يۇقىرىقى بېيىتلاردا كۆرسىتىلگەن شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىغانلىقىنى جەزم قىلدىم.

ئۇزۇن يىل پېرسوناژلىق رەسىم سىزىش بىلەن ھەپىلەشكەن، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە كۆپلىگەن ئوبرازنى ياراتقان مەندەك بىر كەسىپىي رەسسام ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوبرازلارنى بايقاش، بۇلارنى مۇۋاپىق ھالدا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۇنچە تەسكە توختىمىدى. بىراق «ئاۋازى ئەرەنچە» دېگەن شەرتنى ئورۇنلاش بېشىمنى بىر ئاز قاتۇردى. ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىمۇ ھەل قىلىندى. ئەرلەر ئاۋازىنىڭ ئەرلەر يۇقىرى ئاۋاز، ئەرلەر ئوتتۇرا ئاۋاز، ئەرلەر تۆۋەن ئاۋاز دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەرلەر يۇقىرى ئاۋاز بىر قەدەر زىل بولۇپ، ئەرلەر ئوتتۇرا ئاۋازىغا ئوخشاش جاراڭلىق ۋە دولقۇنلۇق ئەمەس ئىدى . ئادەمنىڭ ئاناتومىيەلىك ھالىتىدىن ئۇنىڭ يۇقىرى ئاۋاز، ئوتتۇرا ئاۋاز ياكى تۆۋەن ئاۋازلىق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولامدۇ؟ بۇ سوئالغىمۇ جاۋاب تېپىلدى. مەن بۇ ھەقتە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىمىزدىكى پەن ئېبزى، چى خۇڭبىن، جۇخۇا قاتارلىق پېشقەدەم ناخشا مۇتەخەسسىسلىرىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇلار مېنى «بوينى قىسقا، سېمىز ئادەمنىڭ ئاۋازى زىل، چىرقىراق چىقىدۇ، كۆكرىكىگە چوڭ، پكىسى تەرەققىي قىلغان، بوينى نىسبەتەن ئۇزۇن، بوغدىيىكى بىر قەدەر روشەن كۆرۈنىدىغان ئادەملەر ئوتتۇرا ئاۋاز ياكى تۆۋەن ئاۋاز بولىدۇ» دېگەن ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئاۋازى ئەرەنچە » دېگەن مەسىلىمۇ ھەل بولدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رەسىمگە سىنچىلاپ قارىغان كىشى ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ناھايىتى زېرەك، ئەقىل-پاراسەتلىك، چارە-تەدبىرلىك، سالاپەتلىك بىر


www.uyghurkitap.com

ئىلىم ئىگىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگىدەك، چىرايىدىن ھىدايەت ۋە سائادەت نۇرى يېغىپ تۇرىدىغان، ئاق كۆڭۈل، كىشىلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، مۇلايىم ھەم چىرايلىق ئەرباب سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا ئايان بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە تېخىمۇ ئۇزۇن بىر جەريان بېسىپ ئۆتۈلدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن 13 ياش ۋاقتىلىرىمدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتتىم. مەدرىسىدىكى تالىپلار قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدىكى «ھەزرىتى موللام» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى سۆزلەتتى. ئارىمىزدىكى چوڭراق تالىپلار ۋە يۇرتىمىزدىكى بىر قىسىم ئىخلاسمەن كىشى ھەر يىلى «ھەزرىتى موللام» مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغىلى ئوپالغا باراتتى. ئۇلار زىيارەتتىن قايتىپ كېلىپ، بىزگە ئۇ يەردە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: «ھەزرىتى موللام بىر شاھزادە ئىكەنمىش. ئۇ شاھلىقنى تاشلاپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا ئۆزىنى ئاتاپ، يەككە-يېگانە يولغا راۋان بولغان ئىكەن. ئۇ ئەتراپتىكى خوشتا ئەللەرنى ئالا قويماي ئارىلاپتۇ. ئاخىرى خۇراسان، باغداد، دەمەشىق قاتارلىق شەھەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئىكەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئوپال يېزىسىنىڭ ئەڭ ھاۋالىق يېرىگە مەسچىت، مەدرىسە، قىرائەتخانىلارنى سالدۇرۇپ، ئۆزى مۇدەررىس بولغان ئىكەن. «ھەزرىتى موللام» 100 ياشلار ئەتراپىدا ياشىغان ئىكەن (ئېھتىمال ھىجرىيە يىلنامىسىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك). «ھەزرىتى موللام»نىڭ جەسىتى تاغنىڭ ئۈستىگە دەپنە قىلىنغان ئىكەن. مەقبەرە ئالدىدىكى بىر بۇلاقتىن قىش-ياز بۇلدۇقلاپ سۈزۈك سۇ چىقىپ تۇرىدىكەن. بۇلاق بويىدا «ھاي تېرەك» دەپ ئاتىلىدىغان يوغان تېرەكلەر بار ئىكەن. تاغنىڭ باغرىدىكى بۇلاقلاردىن سۇ چىقىپ تۇرۇشى نورمال ئەھۋال بولسىمۇ، تاغنىڭ ئۈستىدىن بۇلاق سۈيى ئېقىپ چىقىشى بىر سىر ئىكەن. تاغ باغرىدا مەسچىت-مەدرىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ھۇجرىلىرىدا يېتىپ-قوپۇپ ئىستىقامەت قىلىدىغان، «ھەزرىتى موللام»نىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن ... شۇ چاغدا مېنىڭ بالىلىق قەلبىمدە «ھەزرىتى موللام»نى «ئەۋلىيا» دەپ ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى ئورۇن ئالغان ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە «ھەزرىتى موللام» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ھەرگىزمۇ بىرەر ئادەمنىڭ ئىسمى بولماستىن، بەلكى ئاۋام خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينى ھۆرمەتلەپ تىلغا ئالغان سۈپەت سۆزى ئىكەنلىكى ئايان بولدى.

بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەري قەشقەر ۋىلايىتى كونا شەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدىن بولسا، مەن كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ قورغان يېزىسى ھۇجىدار (خوجىدار) كەنتىدىن بولغاچقا، يۇرتدىشىم مەھمۇد كاشغەري بىلەن تېخىمۇ پەخىرلىنىمەن ۋە ئىپتىخارلىنىمەن. بۇ مېنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمىنى سىزىشقا چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەنلىكىمنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبىدۇر. مەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمىنى ئاپتور ئىپتىقاندەك ھەرگىزمۇ تەييارلىقسىز ھالدا «خالىغانچە»، «قالايمىقان» سىزغان ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر ئىپتىخار ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالغانمەن.

مەھمۇد كاشغەرى ئۇلۇغ ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈركشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، بۈيۈك تىلشۇناس، يېتىلگەن ئەدىب، فىلولوگ، ئېتنوگراف، جەمئىيەتشۇناس، مىللەتشۇناس، جۇغراپىيەشۇناس، ھەربىيشۇناس زات. ئۇ نەسەب كۆرگەن غۇرۇرلۇق شاھزادە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەيسەر ئىزدەنگۈچى، مەسئۇلىيەتچان ئالىم. مەن مەھمۇد كاشغەري رەسىمىنى يارىتىشتا بۇ نۇقتىلارنى ئازراقمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدىم.



رەسسامنىڭ 1982 - يىلى سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمى

ئۇمۇمەن، مەن بۇ بۈيۈك ئالىملارنىڭ رەسىملىرىنى تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە ئىشلىگەن ئىدىم : ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئابىدىلىرىنى ئۆگەندىم، ئاندىن ھاياتى ھەققىدە ھەمدە ئۇلارنىڭ تەۋەررۈك كىتابلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، بىر قەدەر ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنىڭ دەسلەپكى لايىھەسىنى قارا قەلەم بىلەن سىزىپ چىقىپ، 1980 -يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا «پىكىر ئېلىش نۇسخىسى» دېگەن ئىزاھات بىلەن ئېلان قىلغان ئىدىم. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىر-تەۋسىيەلىرىنى قوبۇل قىلىپ، 1981 -يىلى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىش ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشىنى ماي بوياق رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقتىم. 1982 -يىلى 1 -يانۋار بۇ رەسىمنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇردۇم. كۆرگەزمىدە بۇ رەسىم 1 -دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى تەرىپىدىن ئەتىۋارلاپ ساقلاشقا ئېلىپ قېلىندى. 1982 -يىلى يۈسۈپ

خاس ھاجىپنىڭ مەرىپەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى سىزىپ چىقتىم. بۇ رەسىمنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىش ئۈستىدىكى رەسىمىنىڭ كۆچۈرمىسى بىلەن قوشۇپ ساقلاشقا ئېلىپ قالغان ئىدى.

ئۆزبېكىستان مۇستەقىل بولۇش ھارپىسىدا ئۆزبېكىستاندىكى نوپۇسلۇق ژۇرنال - «سەنئەت»نىڭ 1991 - يىل 6 - سانىنىڭ مۇقاۋىسىغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ، مۇقاۋىنىڭ 4 -بېتىگە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ، مۇقاۋىنىڭ 2 -بېتىگە ئامانىسىاخاننىڭ، مۇقاۋىنىڭ 3 -بېتىگە «غېرىب -سەنەم»نىڭ رەسىمنى، ژۇرنالنىڭ مەركىزىي بېتىگە «مۇقام» ناملىق رەسىمىمنى، بۇلاردىن باشقا «كۇلالچى»، «ئوغلاق تارتىشىش»، «ناھەق ھۆكۈم» قاتارلىق رەسىملىرىمنى بېسىپ، مەزكۇر رەسىملەرگە ئاتاپ ئۆزبېك ئالىملىرى تېلەپ مەھمۇدوۋ بىلەن مۇھەممەد ھەمرايېۋنىڭ «تارىخقا تازىم» ناملىق ئوبزورى ئېلان قىلىنغان ئىدى . ئوبزوردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىبارەت ئىككى ئالىمنىڭ رەسىملىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ماقالىنىڭ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغىنى «شىنجاڭ سەنئىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردىمۇ ئېلان قىلىنغان ئىدى.

مەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىش ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشىنى سىزغاندا، «ھەزرىتى موللام» مەقبەرىسىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىسى ئىكەنلىكى تېخى تولۇق مۇئەييەنلەشمىگەن ئىدى. 1983 -يىلى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى، ئەينى زاماندىكى قەشقەر مەھكىمە شەرىفنىڭ قازاسى، تارىخچى، شائىر ئىمىر ھۈسەين قازىئاخۇنۇم جالالىدىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋى شەرىف» ناملىق كىتابىنىڭ بوش بېتىگە يېزىلغان «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا كىتاب ۋەخپە قىلىش ھەققىدىكى يۈز نەچچە يىل بۇرۇنقى ۋەخپىنامىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى «ھەزرىتى موللام» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بۇ مەقبەرە دەل مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىسى ئىكەنلىكى نەتىجىدە، بۇ خۇش خەۋەر تارالغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس، پۈتكۈل مەملىكىتىمىزدە مەھمۇد كاشغەري ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەۋج ئېلىپ، كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلاشتى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. يازغۇچى پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇد قەشقەري» ناملىق تارىخىي رومانى ئېلان قىلىندى.

دېمەك، مۇشۇنداق تەتقىقات قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەھمۇد كاشغەري توغرىسىدىكى چۈشەنچەمدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاش بولدى. مېنىڭ 1981 -يىلى سىزغىنىم ئالىمنىڭ ئىش ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشى ئىدى. بەزى مەنبەلەردە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1005 - يىلى دۇنياغا كەلگەنلىكى خاتىرىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، 2005 -يىلى مەھمۇد كاشغەري تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى بولىدۇ دەپ قارىلىپ، قەشقەردە مەھمۇد كاشغەري تەۋەللۇدىنىڭ 1000 يىللىقى خاتىرىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى . 1981 -يىلى سىزغىنىم ئالىمنىڭ ئىش ئۈستىدىكى ھالىتى بولۇپ، ئۇ رەسىم ئەمەس ئىدى . يىغىن زالىغا ئېسىش ئۈچۈن ئالىمنىڭ رەسىمى بولۇش لازىم ئىدى.

ئاپتور ماقالىسىدا: «غازى ئەھمەد بۇرۇن ئۆزى سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئوبرازىنى بارلىققا كەلتۈردى» دېگەن. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ئىدى. دەسلەپتە سىزغىنىم رەسىم ئەمەس، كېيىن سىزغان رەسىم ئىدى. ئالدىنقىسىدا ئالىمنىڭ بېشى تۆۋەنرەك چۈشكەن بولۇپ، ئىككى كۆزى قولىدىكى يازمىغا تىكىلگەن، بارلىق زېھنى بىلەن تىل تەتقىقاتىغا بېرىلگەن كۆرۈنۈش بولسا، پورترېتتا ئالىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەقىل-ئىدرەككە تولغان نەزىرىنى ئالدىدىكى جامائەتكە قاراتقان قىلىپ سىزىلغان. بۇ رەسىم يىغىن سەھنىسىگە ئېسىلغاندا، يىغىن زالىدا ئولتارغان ھەر قانداق بىر كىشى مەيلى زالنىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن، ئالىم شۇ كىشىگە كۆز تىكىپ تۇرغان ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. پېرسپېكتىۋ ئىلمىي نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەم بېشىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تۇرغان ھالىتى بىلەن بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئالدىدىكى شەيئىلەرگە كۆز تىككەن چاغدىكى ھالىتىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدىغان ئەڭ ئەقەللىي مەسىلە. مەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمنى سىزىشتا، ئالىمنىڭ ئالدىنقى رەسىمدىكى قاۋۇل گەۋدىسى، باش شەكلى، يۈزىنىڭ كۆپتى، قاڭشالىرى، ساقال-بۇرۇتى قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي شەكلىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن چاغدىكى پېرسپېكتىۋلىق ئۆزگىرىشىنى ئىپادە قىلدىم، خالاس.


بۇ ئىككىسى ھەرگىزمۇ ئاپتور ئېيتقاندەك بىر-بىرىگە زادى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە بىزنىڭ كۆرۈش نۇقتىمىز ئوخشىمايدۇ، خالاس. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى رەسىم ئارىسىدا نازۇك پەرقلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى، بىرىنچى رەسىم سىزىلىپ، ئارىدىن توپ-توغرا 24 يىل ئۆتكەندە ئىككىنچى رەسىم سىزىلدى. بۇ جەرياندا مەن كۆپ تەكشۈرۈش ۋە ئىزدىنىشتا بولدۇم. كېيىپ ئېيتالايمەنكى، ئىككىنچى قېتىم سىزىلغىنى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى مەھمۇد كاشغەري بولدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چىرايىدىن سىلىق-سىپايە ئۆلىما، ئەقىل-پاراسەتلىك مۇتەپەككۇر، دانىشمەن شائىر، قاش-كۆزلىرى چىرايلىق، كېلىشكەن ئۇيغۇر ئوغلىنى ئەكس ئەتسە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوبرازىدىن غەييۇر شاھزادە، ئىلىم-ئېرپاندا كامالەتكە يەتكەن زات ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغاندىن باشقا، ساغلام بەدەن، پۈتكۈل جىسمى كۈچ-قۇدرەتكە تولغان باھادىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»د ئۆزىنى «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن» دېگەن ئىدى. دېمەك ئۇ قەلەمگىلا ئەمەس، ئەلەمگىمۇ ماھىر، ئۆز دەۋرىنىڭ باتۇرلىرىدىن ئىدى. مەھمۇد كاشغەري ئۆز

ئەسىرىدە «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ تىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى» دېگەن ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپتىخارلىنىدىغان ئورتاق بايلىقتۇر.

2009 -يىلى 18 -ئاپرېل، ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى خەلقئارالىق مىللىي مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ باشچىلىقى، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تەشكىللىشىدە مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇدىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. يىغىندا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى خەلقئارالىق مىللىي مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى نەسرىددىن مۇھەممەد ئېچىش نۇتقى سۆزلەپ: «مەھمۇد كاشغەرىي گەرچە ئۇيغۇر پەرزەنتى بولسىمۇ، ئۇ 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۈركىي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان ئەل-قوۋم ۋە قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقان يېزا-قىشلاق، ئېدىر -ئايماقلارنى تۈگەل ئارىلاپ، تىل بايلىقلىرىنى توپلاپ سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تىلىمىزنى قوغداپ قالدى. مۇشۇ نۇقتىدىن بىز (تۈركىي تىللار دىۋانى)نى ئورتاق بايلىقىمىز دەپ قارايمىز...» دېدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئورگىنى 2008 -يىلى «مەھمۇد قەشقەرىي يىلى » دەپ نىشانلىغان ئىدى . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، قەشقەر شەھەرلىرىدە، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە، تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى ئاشخاباتتا، ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە، تۈركىيەدە مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللىرىنىڭ 1000 يىللىقى تەنتەنىلىك خاتىرىلەندى. ئەنە شۇ تەنتەنىلىك يىغىن سەھنىلىرىگە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 2005 - يىلى مەن سىزغان رەسىمى چوڭايتىپ ئېسىلدى.


رەسسامنىڭ 2005 - يىلى سىزغان  مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسمى

ئاپتور ماقالىسىدا: «...مەركىزىي ئاسىيادا ... قازاق قىياپەتلىك مەھمۇد ۋە يۈسۈپلەر، قىرغىز سىيمالىق مەھمۇد ۋە يۈسۈپلەرنىڭ سىزما رەسىمى مەيدانغا چىقىپ، دۇنياغا تارقىتىلدى. ھەتتا پۇللارغا چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلارغا كاتتا ئورۇن بېرىلدى. بىز بۇ ئەللەرگە ۋە رەسساملارنىڭ تىرىشچانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز، ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىدىكى قەدىرلەش نەسەبى بەرگەنلىكىدىن ئېپتىخارلىق ھېسسىياتىدا بولىمىز... ھازىر كىشىلەر قازاق قىياپەتلىك، قىرغىز قىياپەتلىك، ئۆزبېك قىياپەتلىك، ئۇيغۇر قىياپەتلىك مەھمۇد ۋە يۈسۈپ بىلەن ئۇچرىشىپ... تېنەپ-تەمتىرەپ قالدى» دەيدۇ.

مەن قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قىياپەتلىك مەھمۇد ۋە يۈسۈپلەرنى ھەم بۇلارنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن پۇللارنى كۆرمىدىم.

2008 - يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ يېڭى نەشرى (مۇكەممەل نۇسخىسى)دە، مەن 2005 -يىلى ئىجاد قىلغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمى ئېلان قىلىندى. بۇ رەسىم بارلىققا كەلگەندىن بۇيان دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن كىتاب-ژۇرنال مۇقاۋىسى، كالېندار، خاتىرە بۇيۇمدا زاھىر بولدى، خاتىرە ئىزناكلار ئىشلىنىپ تارقىتىلدى. ئالىمنىڭ ساقال-بۇرۇتى ئاساسەن قارا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياش-قۇرامىنىڭ ئەللىكتىن ئاللىبۇرۇن ئاشقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئاپتور ماقالىسىدا يەنە پاكىتقا قارىماي «ئۇيغۇرلۇق ۋە چىنلىق ئىپادە قىلىنمىغان باشقا بىر ئوبرازنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىككى ئالىمىمىزنىڭ ئوبرازىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەۋېلىشىغا سۈكۈت قىلىدىغان ئىش ئەمەس»، «...ئۇ، مەھمۇد كاشغەرىيگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ. بۇ رەسىمدىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ روھى قورۇلماي قالمايدۇ...» دەيدۇ. مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئالىملىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش يولىدا خېلى كۆپ جاپا چەككەن بولساممۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ ئەسەرلەر دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان كۆرەرمەننىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ھاردۇقۇم چىققاندەك ھېس -تۇيغۇغا كەلگەن ئىدىم. ئاپتورنىڭ ماقالىسىدىكى «...باشقا بىر ئادەمنىڭ ئوبرازى بىزنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ ئوبرازىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىۋالدى ...»، «ئالىملىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش بولدى...» دېگەنلىرىدىن ھەيران قالدىم. ئامما ئىش يۈزىدە مەن بۇ ئالىملارنىڭ رەسىملىرىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا ئېرىشتىم.

ئاپتور ماقالىسىدا ئىلگىرى سۈرگەن ئەڭ مۇھىم پىكىر پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىككى ئالىمنىڭ رەسىملىرى مۇكەممەل ئەمەس، مۇكەممەل ئوبرازنى يارىتىش كېرەك دېگەندىنلا ئىبارەت. شۇڭلاشقا ئۇ ماقالىسىدا

«مۇكەممەل» ئىبارىسىنى سەككىز قېتىم تەكرارلىغان.

«مۇكەممەل» – ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بۇ، «كام-كوتىسىز »، «تەلتۆكۈس»، «قىل سىغمايدىغان»، «تاكامۇللاشقان» دېگەنگە ئوخشاش مەنالارنى بىلدۈرىدۇ. مەن ئىلگىرى يازغان ماقالەمدە «كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولغان بۇ پورترېتلار ئالىملارنىڭ رېئال ئوبرازى ئەمەس، بەلكى رەسسامنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى غايىۋى ئوبرازدىن ئىبارەت» دېگەن ئىدىم . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاپتورنىڭ «مۇكەممەل» بولۇشىنى تەلەپ قىلىشى ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. ئەگەر ئۇ رېئال ئوبراز بولغان بولسا، ئۇنىڭغا «مۇكەممەل» دېگەن تەلەپنى قويۇش توغرا بولاتتى.

ئاپتور ماقالىسىدا يەنە «ئالىملارنىڭ باش سۆڭىكىنى قېزىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى تۇرغۇزۇپ، ئاندىن سەنئەت جەھەتتىكى تولۇقلىمىلارنى قىلساق...» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىلگىرى مەن بۇ ھەقتە توختالغان ئىدىم. ھازىر بۇ مەسىلىنى تەكرار ئىزاھەتلەشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن.

تارىختا ئۆتكەن بەزى رەسساملار بۇ ھالدىكى زاتلارنىڭ رەسىمىنى سىزغاندا، ئۇلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىدىن پايدىلانغان. مەسىلەن، 1951 -يىلى ئەبۇەلى ئىبنى سىنا، ئەمىرتېمۇر كۆرەگانىي، ئۇلۇغبېگلەرنىڭ جەسەتلىرىنى يېڭىدىن قۇرغان ھەمەدان گۆرىستانلىقىغا يۆتكىگەن چاغدا، ئىرانلىق فوتوگراف سەبد نەفىسىي ئۇلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىنى سۈرەتكە تارتىۋالغان ئىكەن. 1956 -يىلى رۇس رەسسامى مىخائىل مىخائىلوۋىچ گراسىموۋ مانا شۇ باش سۆڭەكلەرنىڭ سۈرەتلىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ چىققان ئىدى. بۇ خىل ئىزدىنىش روھىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. بىراق، سەنئەت ئاناتومىيەسى ئىلمىنى ئاساس قىلغاندا، سۆڭەك ئۈستىدە پەي، مۇسكۇل، قان تومۇر، نېرۋا قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تېرە قاتلىمى، ئۇنىڭ ئۈستىدە چاچ، ساقالغا ئوخشاشلار جايلاشقان بولىدۇ. باش سۆڭىكىنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ بېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، يۈزىنىڭ سوزۇنچاق ياكى يۇمىلاق ئىكەنلىكى، مەڭزىنىڭ ئېگىز ياكى پەسلىكى، قاڭشىرىنىڭ ئېگىز-پەسلىكىگە ئوخشاشلارنى كۆرسىتىپ بېرەلىسىمۇ، ئادەمنىڭ ئوبرازىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەزا ھېسابلىنىدىغان قاش-كۆز، ئېغىز-بۇرۇن، قۇلاق، ئۈز، بويۇن شۇنىڭدەك ساقال-بۇرۇت قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، بولۇپمۇ بۇ ئادەمنىڭ خۇلق -مىجەزى، خاس خاراكتېرى، يەنى بۇ ئالىممۇ ياكى زالىممۇ؟ – دېگەندەك مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ ئالىملارنىڭ تەۋەررۈك ئۇستىخانلىرىنى ئورنىدىن قوزغاشنى لايىق كۆرمىگەن ئىدىم . ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆتكەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەشھۇر زاتنىڭ رەسىملىرىنى سىزغاندا قەبرىلىرىنى كولىغان ئەمەس.

ئاپتور ماقالىسىدا ئالىملارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، جۈملىدىن بېشىدىكى سەللىسىگە پىكرى بارلىقىنى بايان قىلغان.ئالىملىرىمىزنىڭ ھەر ئىككىلىسى يالغۇز قەلەمدىلا ئەمەس، ھەربىي ئىلىمدىمۇ كامالەتكە يەتكەنلىكى ھەققەت.

بۇ دېگەنلىك ئالىملار ئۇوردا ئىچىدىمۇ زامان ۋە ماكان بىلەن ھېسابلاشماي جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرۈشى كېرەك دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ ئالىملارنىڭ رەسىمنى ئۈچىسىغا ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن ھالەتتە سىزىشنى تەلەپ قىلىشى ھەرگىز ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۈچىسىغا ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن كىشى يېنىغا قىلىچ (خەنجەر) ئېلىپ، قولىغا نەيزە بىلەن قالقان ياكى ئۇمۇت بىلەن گۇرزە ئېلىشى لازىم بولىدۇ.

مەن ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك مۇزېيىدا ئوتتۇرا ئەسىرگە، ھەتتا قاراخانىيلار خانلىقىغا تەئەللۇق ساۋۇت ، دۇبۇلغا، ئۇمۇت، نەيزە، قالقان، گۇرزىلەرنى كۆردۈم. شۇ دەۋردىكى ئاشۇ بىر يۈرۈش ھەربىي كىيىمنىڭ ئېغىرلىقى 40–50 كىلوگىرام كېلىدىكەن . مۇنداق كىيىملەر پەقەت جەڭ ئۈستىدىلا كىيىلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئالىملارغا ئاشۇنداق جەڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈشنى تەلەپ قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ.

مەن 1986 -يىلى بېيجىڭدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەينى چاغدىكى مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزىينىڭ ئۆيىدە 15 كۈن يېتىپ-قوپۇپ «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىنى سىزغان ئىدىم. بۇ جەرياندا سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ كىتابخانىسىدىن قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر رەسىملىك كىتابلارنى تالliشىپ، رەسىم سىزغاندا پايدىلانغان ئىدىم. رومانىدا تەسۋىرلەنگەن سەركەردىلەرنىڭ جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، ھەتتا ئارغىماقلارنىمۇ ئوق ۋە نەيزىلەردىن قوغدىنىدىغان يېپىنچىلار بىلەن ئوراپ، «يە ئۆلۈم، يە كۆرۈم» دەپ قۇچاقلاشما جەڭ قىلغان كۆرۈنۈشلەرنى سىزغان ئىدىم. ئۇ، ئوردا ئىچى ئەمەس، بەلكى جەڭ مەيدانلىرى ئىدى .

ئاپتور ماقالىسىدا: «ئالىملار... بېشىغا قارا يامغۇر ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارا يىپەك كۆنلۈك تۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى» دېگەن. بۇ يەردە ئاپتور ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ تالا-تۈزگە چىققاندا، ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندا ياكى شىكارغا چىققاندا بېشىغا كۈنلۈك (سايىۋەن) ياتقۇزىدىغانلىقىنى، ئوردا ئىچىدە بولسا مۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئويلىمىغان. ئاپتور يەنە: «بىز تارىخىي شەخسلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزغاندا، ئۇلارنىڭ بېشىغا سەللە ئورىمىساق ئوبراز يارىتالامدۇق؟» دەپ سوئال قويغان. بۇ سوئالغا قارىغاندا، مەن سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دەسلەپكى رەسىمنى ئاپتور كۆرمىگەن ئوخشايدۇ. مەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دەسلەپكى رەسىمنى سىزغاندا، ئۇنىڭ بېشىغا سەللە ئورىمىغان ئىدىم. چۈنكى بۇ ئالىمنىڭ ئىش ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشى ئىدى. سەللە-باش كىيىم كاتېگورىيەسىگە

كىرىدۇ. بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار بېشىغا سەللە ئوراپ ئادەتلەنگەن. سەللە باي-كەمبەغەللىكنىڭ ياكى ئەمەلدار بىلەن پۇقرانىڭ ئايرىمىسى ئەمەس. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 يىللار ئىلگىرى تارتىلغان فوتو سۈرەتلەردىن مەن ئۇيغۇرلارنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياق، كىيىملىرى جۇل-جۇل بولسىمۇ بېشىدا سەللە بارلىقىنى كۆرگەن.

ئۇيغۇرلاردا كىيىم-كېچەك كىر بولسا بولىدۇكى، ئۇلار سەللىسىنى ھەرگىز كىر قىلمايدۇ. سەللە قاچانلا بولمىسۇن ئاپپاق تۇرىدۇ. بىز بەش-ئالتە ياش ۋاقتىلىرىمىزدا چوڭلار ئاساسىي جەھەتتىن بېشىغا سەللە ئوراتتى. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ، ھېيت-ئايەملەردىلا ئەمەس، بەلكى جامائەت توپلانغان سورۇنلارمۇ خۇددى ئاقبالداق ئېچىلغاندەك كۆرۈنەتتى. تارىختا ئۆتكەن شاھلارنىڭ رەسىملىرىگە قارىسام، ھەممىسىنىڭ بېشىدا سەللە بار ئىكەن. شاھلار، شاھزادىلەر، ۋەزىر-ۋۇزرالار ئائىلىسىدە تاماققا ئولتۇرغاندا، ئارام ئالغاندا، ئۇخلىغاندا بېشىدىكى سەللىسىنى قوزۇققا ئاسىدۇ. ئۇلار سورۇنغا چىققاندا، مېھمان قوبۇل قىلغاندا، تەختتە ئولتۇرغاندا، ئەمىر-پەرمان چۈشەندۈرگەندە، ۋەز-نەسىھەت قىلغاندا بېشىغا سەللە ئورايدۇ. بۇ، شۇ سورۇننىڭ ھۆرمىتى، مېھماننىڭ ھۆرمىتى، جامائەتنىڭ ھۆرمىتى بولۇپ، سەللە بىلەن ئوتتۇرىغا چىققاندا ئادەم تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇ.

سەللىنىڭ پەتلىسى توغرىسىدا ئاپتور ماقالىسىدا «بۇ، مەزھەپنىڭ بەلگىسىمۇ؟» دەپ سوئال قويغان. بەزىلەر «سەللىنىڭ پەتلىسىنى نامازغا تۇرغاندىلا تۆۋەن چۈشۈرۈپ، نامازدىن كېيىن ئۈستىگە قىستۇرۇپ قويىاتتى» دېيىشكەن. بۇ مەسىلىگە مەن 2005 -يىلى قەشقەردىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەن ئىدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ سىزغىنىم ھازىرقى ئىمام-مەزىنلەر ئەمەس، بەلكى XI ئەسىردىكى ئالىملار. شۇ دەۋردىكى سەللىنىڭ پەتلىسىنىڭ قانداق تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئون نەچچە پارچە تارىخىي رەسىمنى كۆپچىلىككە بىر-بىرلەپ كۆرسەتكەن ئىدىم . بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىك قايىل بولغان ئىدى.

يۇقىرىدا ئاپتورنىڭ ئىككى ئالىمنىڭ رەسىملىرى توغرىسىدىكى ماقالىسى ئۈستىدىلا توختالدىم. مەن ئەسلىسەم، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئالىمدىن باشقا، تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن مەشھۇر شەخس ۋە زاتنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپتىمەن. بۇلار: باتۇر تەڭرىقۇت، ئەبۇ نەسىر فارابىي، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ئەخمەت يۈكنەكى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەلگىنى، ئامانىنساخان، غېرىب - سەنەم، لەيلى - مەجنۇن، رابىيە-سەئىدىن، نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللازەيدىن، تەجەللى، ئەخمەتجان قاسىمى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت ئارمىيە ئەلى داموللا سايرامىي، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زۇنۇن قادىرى، زىكرىي ئەلپەتتا رەسىملىرىدىن ئىبارەت.

بۇ رەسىملەر ئىچىدە مەن يۈز كۆرۈشكەن، ھەمسۆھبەت بولغان ھەمدە ئاساسلىنىدىغان فوتو سۈرەت-رەسىملىرى بار بولغانلىرىنى نىسبەتەن مۇكەممەل دېگىلى بولسىمۇ، باشقىلىرىنى مۇكەممەل رەسىم دېگىلى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مىڭ يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان مەزگىلدىكى قەشقەرنىڭ رەڭسىزلىشىۋاتقان ساياھەتچىلىكى*

پاترىك ھەللزون**

(شۋېتسىيە)

بۇ يىل، تۈرك ئەدەبىيات تارىخىدىكى نادىر ئەسەر « قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 -يىلى ) تەۋەللۇتىنىڭ مىڭ يىللىقى . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»( بەخت سائادەت بەرگۈچى ئىلىم)[1] ناملىق بۇ تارىخىي داستانى قەدىمي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەسەر تاماملانغاندىن كېيىن قاراخانىيلار خانى بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلىنغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1019 - يىلى بالاساغۇن شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، باللىق دەۋرىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. 1068 -يىلدىن 1070 -يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە 13290 مىسرالىق بۇ تارىخىي داستاننى يېزىپ تاماملىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىش-ئىزلىرى بۇ يىل چوڭقۇر خاتىرىلىنىشكە تېگىشلىك ئىدى، بىراق شۇ يەردىكى يەرلىك مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان زۇلۇم تۈپەيلى، ھازىرقى بۇ كەسكىن ۋەزىيەتتە ئالىمنىڭ تەۋەللۇتىنىڭ مىڭ يىللىقىنى تەبرىكلەش ئىنتايىن مۈشكۈل بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى . يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سىلىقلاشتۇرۇپ ئاتىۋالغان «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»، ئەمەلىيەتتە بولسا جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلىقى ئاشكارىلاندى. بۇ سولانغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئۇيغۇر ئالىملىرى، شائىرلار، ئارتىسلار، ناخشىچى ۋە مۇزىكانتلارنىڭمۇ بارلىقى ۋە بۇلارنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت ئەلچىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا قولغا ئېلىنغانلىقى، ھەتتا ئىز-دېرەكسىز يوقۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى[2].

## شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولغان مازارلارنىڭ چېقىۋېتىلىشى

شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ مەدەنىيەت ئاسارە-ئەتىقىسى بولغان مەسجىت ۋە نۇرغۇنلىغان مۇھىم تاۋاپگاھلارنىڭ ، جۈملىدىن ھەر يىلى مازار سەيلىسى مەزگىلىدە مىڭلىغان تاۋاپ قىلغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدىغان خوتەندىكى <<ئىمام ئاسىم مازىرى>>نىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەنسىز خەۋەرلەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. بىللىڭكەت (bellingcat) ئاخباراتچىلىقى ھەمكارلىقىدىكى «گاردىيان» (The Guardian) گېزىتىگە ئاساسلانغاندا، ئىمام ئاسىم مازىرىنىڭ بۈزۈپ تاشلىنىشى بىلەن تەڭ 2016 -يىلى نۇرغۇن مەسچىتلەرنىڭمۇ چېقىۋېتىلگەن[3].

## ھازىرقى ھايات ـ سودا ـ سېتىق نورمال داۋام قىلماقتا

شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى نۇرغۇنلىغان مۇھىم مەدەنىيەت ئورۇنلىرى بۇزۇپ تاشلىنىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە بۇجاينىڭ يەرلىك ساياھەتچىلىكىنىڭ نورمال كېتىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ساياھەتچىلىكىنىڭ ئېشىپ ماڭغانلىقىنى بايقىدۇق. تۇردا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان ئىنگلىزچە ۋە خىتايچە خېلى نۇرغۇن تور بەتلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق. بىر جازا لاگېرلىرى ۋە مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنىش ئەھۋاللىرىغا ئائىت، شۇنداقلا خىتاي كادىرلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

* بۇ ماقالە ئىنگلىزچە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ پايدىلانغان ماتېرىياللىرىنى توغرا كۆرستىش ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى تەرجىمە قىلىنمىدى.

** ئۇپپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىللىرى دوكتورانتى

1.It is a didactic work written by verse (Soucek 2006: 92). An alternative translation of the title that has been suggested is The Wisdom of Royal Knowledge (Personal communication with Prof. Äsäd Sulayman (2009).

2. The person who came up with the idea of celebrating Yüsüp Xas Hajip’s memory is Prof. Arslan Abdulla, Xinjiang University. He is one of many Uyghur academics that have been sent to so-called ‘re-education’ camps in recent years. Following Abdulla Arslan’s initiative, Uyghur associations in countries such as Sweden, Norway, Australia, Turkey, USA and elsewhere decided to arrange commemorative events this year. (Personal communication with Zulhayat Ötkür (2019).

3. “Revealed: new evidence of China’s mission to raze the mosques of Xinjiang” In: The Guardian, 7 May 2019.

ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قاتتىق نازارەت قىلىۋاتقانلىقىدەك كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر نى ئاڭلاۋاتقان تۇرساق، بۇ جاينىڭ يەرلىك ساياھەتچىلىكى قانداقلارچە نورمال كېتىپ بېرىۋاتقاندۇ؟

قەشقەر ساياھەتچىلىكىنىڭ بۇلتۇرقىدىن 40% ئاشقانلىقى مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى[4]. بىز ئۇيغۇر خەلقى جازا لاگېرلىرىغا سولىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئاتالمىش شىنجاڭ/شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېشىپ مېڭىۋاتقان ساياھەتچىلىكى ۋە ئومۇمىي تەرەققىياتىغا ئالاقىدار غەيرى ئالاھىدە ئەھۋالنى بايقىدۇق.

خوڭكوڭدا چىقىرىلىدىغان «جەنۇبىي جۇڭگو ئەتىگەنلىك پوچتا» (South China Morning Post) گېزىتىنىڭ يېقىنقى سانىغا بېسىلغان بىر ماقالىدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى جازا لاگېرلىرىغا سولىنىۋاتقان مەزگىلدە،جۇڭگو شىنجاڭنى <<ساياھەت جەننىتى>> دەپ تەسۋىرلىگەن. ئاتالمىش شىنجاڭ دائىرىلىرى بىر پاراللېل دۇنيا ياراتقان يەنى كۈلۈمسىرەپلا يۈرىدىغان يەرلىك ئاما، ئۆزگىچە يېمەك -ئىچمەكنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇسسۇل ئوينايدىغان مىللەت ئوبرازىنى يارىتىش ئاقلىق يەرلىك رايوننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان بۇ مۇسۇلمان خەلقنى كەڭ كۆلەمدە جازا لاگېرلىرىغا سولاپ، ئىنتايىن قاتتىق بىخەتەرلىك كونترول رېجىمى بىلەن باشقۇرغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ساقلاپ قېلىش ھوقۇقىنى چەكلىگەن[5].

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئاخباراتچىلىقى ۋە ئېلانلىرىدا ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە رەڭدار كىيىملەرنى كىيىپ، ئەنئەنىۋى مۇزىكىلارغا ئۇسسۇل يۈرىدىغان بىر مىللەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى ئەلۋەتتە بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس بولۇپ، يىللاردىن بېرى بۇ رايوننىڭ يەرلىك ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان سىياسەتتۇر. رۇز ئىنگرەم (Ruth Ingram) يېقىنقى بىر ماقالىسىدا، «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىيچە كىيىنىپ قولىدا دۇتار[6] تۇتۇپ تۇرۇش ھالىتىنىڭ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دىسنىيلاشتۇرۇش (Disneyfication) ئارقىلىق رايوننىڭ ساياھەتچىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش[7]» دەپ يازغان.

ئەمەلىيەتتە، ساياھەت دائىرىلىرىنىڭ «ھەقىقىي»لىكنى تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلىغا خەلقئارا نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق بۇ ھېچقانداق يېڭى ئىش ئەمەس، ئىنسانشۇناسلىق ئالىملىرى ئاللىبۇرۇن بۇ نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان. كۆرگەزمە ئىنسانشۇناس ئېلىزابېس ئېدۋۇردسنىڭ (Elizabeth Edwards) سۆزى بويىچە بولغاندا، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ ئاساسى بولسا مەدەنىيەت چۈشەنچىسى ئىپادىلىنىدىغان ئوبرازنى ئىنسانشۇناسلىقنىڭ ئورنىغا سەپلەشتىن ئىبارەت[8]. بۇ مەزمۇندا ئېدۋارد ھازىرقى جەمئىيىتىمىزنىڭ دىئامېترىك قارشىسىدا تۇرىدىغان، ساياھەتچىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىدا خىيالى مەۋجۇت بولىدىغان «ئۆزگەرمەس باشقا دۇنيالار» شەكلىدە قېلىپ قالغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتلەر توغرۇلۇق توختالغان[9].

قىسقارتىپ ئېيتقاندا، بۇ دېگەنلىك ساياھەتچىلىك كەسپى ئاۋستىرالىيەنىڭ «ھەقىقىي» يەرلىك خەلقىنىڭ چېكىتلىك رەسىم سىزىشى، «ھەقىقىي» ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ ناخشا ئېيتىشى ياكى بىز سۆزلەۋاتقان تېمىدىكى «ھەقىقىي» ئۇيغۇرنىڭ رەڭگارەڭ ئەنئەنىۋى كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىۋاتقان ۋە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھالىتىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشىدۇ[10]. بۇ خىل <<ياغلىق قاپاق>> ھالىتىدە گەۋدىلەندۈرۈش خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيلىشىپ بولغان مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرلارنى زامانىۋىلىشىشنى خالىمايدىغان ياكى قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدىغان بىر مىللەت دەپ سۈپەتلەيدىغان پاسسىپ ئىجتىمائىي تەسۋىرگە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە شۇلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

## شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) ۋە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ تۈنجى ئون يىلى

مەن بۇ رايونغا 2006 - يىلى تۈنجى قېتىم بارغان. ئۇيغۇر دىيارىدا تۈنجى قېتىم ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن باشلاپ تا يېقىنقى يىلغىچە (بەلكىم ھازىرچە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقىنى2017 -يىلى دېسەممۇ بولىدۇ) كۆپ قېتىم باردىم. مەن ساياھەت قىلىش ۋە نۇرغۇن جايلارنى كۆرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر دوستلىرىم ۋە خىزمەتداشلىرىم بىلەن

---

4. See: “China promotes Xinjiang as tourist heaven while holding Muslim Uygurs in re-education camps” In: South China Morning Post, July 18, 2019.

5. See: “China promotes Xinjiang as tourist heaven while holding Muslim Uygurs in re-education camps” In: South China Morning Post, July 18, 2019.

6. The dutar is a two stringed lute

7. See “Tourism in Xinjiang: The Disneyfication of Uyghur Culture” By Ingram, Ruth, In: Bitter Winter: A magazine on Religious Liberty and Human Rights in China. 23 September, 2019.

8. Edwards 1999:61.

9. Edwards 1999:61.

10. Cf. Edwards 1999:61-63.



www.uyghurkitap.com

پاراڭلىشىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. بۇ رايوننىڭ ساياھەت كەسپىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق نۇقتىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي يادىكارلىقلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

1997-يىلىدىن بۇرۇنلا، قەشقەرگە يېقىن يەردىكى «ئوردام پادىشاھ مازىرى» (شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ كۆپ تاۋاپ قىلىنىدىغان مازار) نى زىيارەت قىلىش مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن چەكلىنىشلىگەن. شۇنداقلا، يېقىنقى يىللارغىچە شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ ھەر قايسى شەھەرلەردىكى قەدىمىي تاۋاپگاھلارنى زىيارەت قىلىش توغرىسىدىكى سىياسەتلىرى تۇراقسىز بولغان. خوتەندىكى «ئىمام ئاسىم» قەبرىسىگە تاۋاپ قىلىش بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالىدۇر. دەسلەپتە بۇ مۇقەددەس جايغا تاۋاپ قىلىش چەكلەنگەن، كېيىن يەرلىك ئورۇنلار بۇ يەرنىڭ ساياھەتتىن كىرگەن پايدىسىغا قاراپ ساياھەتچىلەرنىڭ بۇ يەرنى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان.[11]

## يەرلىك خەلقچۇ؟

خەلقئارادا يېڭىدىن تونۇلغان ئالىم، دوستۇم ھەم خىزمەتدىشىم راھىلە داۋۇت[12] 2017-يىلى دېكابىردىن باشلاپ يوقاپ كەتتى. «جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار» (2007) دېگەن كىتابىدا دوكلات قىلىنىشىچە، 2000-يىلىنىڭ باشلىرىدا شەخسىي شىركەتلەر، بولۇپمۇ خىتاينىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكىلەر تەرەققىيات ھوقۇقىنى سېتىۋالغاندا، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئىش يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. مەسىلەن، 2003-يىلى تۇرپاننىڭ پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزىسىنى بىر شەخسىي شىركەت پۈتۈنلەي سېتىۋالغان بولۇپ، يەرلىك خەلق ئۆز يۇرتىدىكى ئۇرۇق-تۇغقان، دوستلىرىنى يوقلىماقچى بولسا بىلەت ئېلىپ بارىدىغان بولغان.[13]

مەنمۇ مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەن. 2008-يىلى تۇيۇق يېزىسىغا بارغان ۋاقتىمدا، ساياھەت شىركەتلىرى يېزىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا بىلەت بوتكىسى قويۇۋالغان بولۇپ ئېلان تاختىسىدا يېزىغا كىرىش بېلەت باھاسى ئەسكەرتىلگەن ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمىي مازارلارنىڭ شەخسىي شىركەتلەرنىڭ مال-مۈلكىگە ئايلىنىپ قېلىشتەك ئەھۋاللىرىنى ئاتالمىش شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ خۇددى كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ كىرىش ھەققىنى كىيەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ مازارىنىمۇ يوقلىيالمىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش. راھىلە داۋۇت بۇ توغرۇلۇق 1982-يىلى بىر ماقالە يازغاندىن كېيىن ئاقسۇدىكى «قىرمىش ئاتا مازىرى» بولسا «دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان. 1990-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خىتاي ساياھەت شىركەتلىرى بۇ يەرنىڭ ساياھەتچىلىكتە تەرەققىي قىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ رايون بىلەن ساياھەتچىلىك توختامى تۈزگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە ساياھەتكە كېلىدىغان خىتاي ساياھەتچىلەر كۆپىيىشكە باشلىغان ھەمدە خىتاي ساياھەتچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مازارلارنى مۇقەددەس جاي دەپ بىلىدىغان ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھاراق ئىچىپ، يۇقىرى ئاۋازلىق مۇزىكىلارنى قويۇۋېلىپ مازارلىقنى بىر كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا ئايلاندۇرۇۋالغان.[14] بۇ ئەھۋال 2006-يىلى يۇقىرىغا دوكلات قىلىنغاندىن كېيىن ناچار ئەھۋاللار بىر ئاز ياخشىلانغان، بىراق شىركەتلەر بۇ مازارغا 20 يۈەندىن بىلەت باھاسى بېكىتىش ئارقىلىق بۇ جاينىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مازارنى داۋاملىق زىيارەت قىلىشىغا چەكلىمە قويغان.[15]

## قەشقەر ۋە ساياھەتچىلىك

قەشقەرنىڭ ئاساسلىق تارىخىي ئابىدىلىرى ئىسلامى تۈس ئالغان بولۇپ، شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم خاتىرە ئورۇنلىرىدىن بىرى بولغان ھېيتگاھ جامەسى(جۈمە مەسچىت ) بار. بۇرۇن كىشىلەر بايرام ۋە جۈمە كۈنلىرىدە مۇشۇ مەسچىتكە كېلىپ لىققىدە تولۇپ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى ۋە زىيارەت قىلاتتى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھېچكىم بۇ يەرگە ئۇ مەقسەتتە كېلەلمەيدۇ. ئەكسىچە، يېقىندىن بۇيانقى تەشۋىقاتلاردا ئۇيغۇرلار «ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا-ئۇسۇللىرىنى ئورۇنلاشقا ئەڭ ماھىر» بولغان خەلق سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.[16]

دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بويىچە بېرىپ ناماز ئوقۇيدىغان يەرلەرنى زىيارەت قىلالمايدىغان ۋە ياكى ناماز ئوقۇيالمايدىغان

11. Dawut 2007: 153-154.

12. Prof. Rahilä Dawut from Xinjiang University is an internationally renowned scholar of Uyghur folklore. In December 2017, she was going to travel from Ürümchi to Beijing. She has not been heard from since. For more info, see the article: "Star Scholar Disappears as Crackdown Engulfs Western China". In: The New York Times, Aug. 10, 2018.

https://www.nytimes.com/2018/08/10/world/asia/china-xinjiang-rahile-dawut.html

13. Dawut 2007: 157.

14. Dawut 2007: 157.

15. Dawut 2007: 157.

16. See a short video clip from the newspaper South China Morning Post's article "China promotes Xinjiang as tourist heaven while holding Muslim Uygurs in re-education camps". Also see a similar perspective brought forward in See "Tourism in Xinjiang: The Disneyfication of Uyghur Culture" By Ingram, Ruth, In: Bitter Winter: A magazine on Religious Liberty and Human Rights in China. 23 September, 2019.

www.uyghurkitap.com

ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئاخبارات ۋە تەشۋىقات ئېلانلىرىدا دىنىي ئابىدىلەر ۋە بايراملار ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە ماختاپ ئېلان قىلىنغان.

بۇ مەزمۇن رۇز ئىنگرەمنىڭ(Ruth Ingram) «شىنجاڭدىكى ساياھەتچىلىك» ناملىق ماقالىسىنىڭ «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دىسنىيلاشتۇرۇش» (Dis-neyfication) دېگەن قۇرلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تەرەققىياتقا بولغان نارازىلىقى ۋە ئۇۋالچىلىقى تولۇق چۈشەندۈرۈلۈش ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«ئەگەر ئۇلار تىجارەت قىلالىغۇدەك شارائىت بولسىلا، بىپىجىك رۇخسەت قىلىدۇ»[17]

ھېيتگاھ مەسچىتىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە 1640 -يىلى سېلىنغان ئاپاق غوجا مازىرى بار. 1947 -يىلدىكى يەر تەۋرەشتە بۇ قەدىمى يادىكارلىق بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، 1956 -يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مازارنى قايتا ئوڭشاپ ياسىغان[18] ۋە بۇ مۇقەددەس جايغا «ئاپاق غوجا» دەپ نام بەرگەن. بۇ مازاردا ئايرىم-ئايرىم ھالدا جەمئىي 72 قەبرە بار بولۇپ، ھەممىسى ئاپاق غوجا خانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرى. بۇنىڭ ئىچىدە مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھىسى چيەن لوڭ خانغا توقال بولۇشقا سوۋغات سۈپىتىدە ئەۋەتكەن ئاپاق غوجىنىڭ نەۋرە قىزى ئىپارخاننىڭ قەبرىسىمۇ بار[19]. راھىلە داۋۇت ئۆز دوكلاتىدا، «ئىپارخان» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا خۇشپۇراق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى يازغان. ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى قەشقەر ساياھەتچىلىكىدە ئىپارخاننى خىتايلار بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى«دوستلۇق» سىمۋولى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىدىغانلىقىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ[20].

ھېيتگاھ جامەسى بىلەن ئاپاق غوجا مازارىدىن باشقا يەنە ئۈچ تارىخىي ئابىدە تىلغا ئېلىنىشى كېرەك . بۇلارنىڭ ھەممىسى قاراخانىيلار دەۋرىگە ۋە تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئىسلام مەدەنىيەت دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇلار تارىختا نامى بار سۇتۇق بۇغراخان، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپلاردىن ئىبارەت. مەن بۇ ساياھەت ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا مۇشۇ ساياھەت ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار يېزىلغان يول بەلگىلىرىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇ ئورۇنلارنىڭ كىرىش بېلەتلىرىگە «شۇ رايوننىڭ دىنىي ۋە تارىخىنىڭ ھۆكۈمەت تەستىقىدىن ئۆتكەن چۈشەندۈرۈلىشى» بېسىلغان ئىدى[21]. گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ بېلىتىدە (رەسىمدىكىدەك) بۇ مازارنى 1956 -يىلدىن باشلاپ «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ھازىرقى شارائىتتا بۇنداق بايانلار نىڭ ھېچقانداق رولى قالمىدى. مەسىلەن، «گاردىيان» نىڭ دوكلات قىلىشىچە، خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيەسىگە جايلاشقان، 12 -ئەسىردىكى تارىخىي ئابىدە بولغان ھېيتگاھ مەسچىتى «دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ تىزىملانغىنىغا قارىماي چېقىپ تاشلانغان[22].

## خاتىمە

قەشقەر-ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەركىزى رايونى!. قەشقەر يەنە تارىختىكى مۇھىم داڭلىق شەخسلەردىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق داڭلىق شەخسلەر ياشاپ ئۆتكەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھەمدە شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ ساياھەتچىلىكىدىكى تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرى. بۇلاردىن باشقا يەنە قەشقەرنىڭ داڭلىق «يەكشەنبە بازىرى» بار، ھەمدە بۇ شەھەر جۇغراپىيلىك جەھەتتىن مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسى پامىر تېغىغا جايلاشقان ئىسسىق كۆلگە يېقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭلاشقا تارىختىن بۇيان «بوستانلىق شەھەر» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى مەزكۇر رايوننىڭ يەرلىك ساياھەتچىلىكىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. بەختكە قارشى، ھازىر قەشقەرنىڭ كۈچلۈك مەدەنىيەت بايلىقى ۋە مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرى ئارقىلىق پايدا ئېلىۋاتقانلار يەرلىك ئۇيغۇر خەلقى بولماستىن ئەكسىچە خىتايلاردىن ئىبارەت. شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭ مۇستەملىكىدىن ھېچ پەرقى قالمىغان، چۈنكى بۇ يەردە پۇل تېپىۋاتقانلار، شۇنداقلا يەرلىك مەدەنىيەتنى قانداق تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنى قايسى رەۋىشتە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش دېگەندەك مۇھىم ئىشلاردا قارار چىقىرىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى خىتايلاردۇر. ئېچىنىشلىق بولغىنى، ئۆزىنىڭ كىملىكى خىتاي تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان بىچارە ئۇيغۇرلار خىتايلار تەرىپىدىن تەييارلانغان مەدەنىيەت تونۇشتۇرۇش سەھنىلىرىدە ھەتتا <<ھەقىقىي>> ئۇيغۇر ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچى بولۇش ئوبرازىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇلغان. شۇڭا بىز بەزى شەخسىي شىركەتلەر

17. See "Tourism in Xinjiang: The Disneyfication of Uyghur Culture" By Ingram, Ruth, In: Bitter Winter: A magazine on Religious Liberty and Human Rights in China. 23 September, 2019.

18. Jarring 1979: 207

19. For an extensive account, see Millward (1994). For more information on this story, also see Wei and Luckert (1998).

20. Dawut 2007: 151.

21.Harris and Dawut 2002: 114.22.

22. "Revealed: new evidence of China's mission to raze the mosques of Xinjiang" In: The Guardian, 7 May 2019.

ۋە شەخسلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي ئابىدىلىرىدىن پايدىلىنىپ ساياھەتچىلىكتە چوڭ مەنپەئەت ئېلىشۋاتقانلىقىنى، ئەمما مەدەنىيەتنىڭ ئەسلى ياراتقۇچىسى ۋە شۇ مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاش ھوقۇقى تارتىۋېلىنىپ، ئىززەت-ھۆرمىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ دۆلەتلىك تەشۋىقاتلىرىدا « ياغاچ قونچاق» ئوبرازىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بۇنىڭدىن «دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت ئورنى» دېگەن سۆزنىڭ قۇرۇق سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇس ئىنگرەم ماقالىسىدا، ساياھەتچىلەر «ھەقىقىي قەشقەر»نى ساياھەت قىلىشۋاتقاندا ۋە مىللىي ناخشا-ئۇسسۇلدىن ھوزۇرلىنىپ، «ھەقىقىي مەدەنىيەت»تىن زوق ئېلىشۋاتقاندا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ساياھەت قىلىشۋاتقان شۇ ئورۇندىن يىراق بولمىغان يەرلەردىكى جازا لاگېرلىرىدا ئازاب چېكىشۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن[23].

مەن قەشقەرگە بارغان، خىتاي ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى راستىنىلا بىلمەيدىغانلىقىغا ۋە بىلسە ھەيران قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەگەر مەن «خىتايدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى خىتاي سىرتىدا ياشاۋاتقانلار شۇ يەردە ياشاۋاتقان خىتايلارغا قارىغاندا كۆپرەك بىلىمىز» دېسەم ھەرگىزمۇ يالغان سۆزلىگەن بولمايمەن.

مەن بۇ يىل خىتايدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مىڭ يىللىقىنى ئۆتكۈزگەن-ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ مىڭ يىللىق خاتىرە كۈنى سەۋەبلىك پۇل تاپىدىغان ئىش بولسىمۇ ھەر خىل باھانە،سەۋەبلەر بىلەن بۇ خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلىمەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايمەن. يەنە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيا ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئۇنىڭ داستانىدىكى بېيىتلانى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆلمەس روھى يەنە مىڭ يىل ياشايدۇ. ئادالەت ۋە تىنچلىق ھامان بىر كۈنى چوقۇم باش كۆتۈرىدۇ. زۇلۇم خۇددى كۆيۈۋاتقان كۈچلۈك ئوتقا ئوخشايدۇ، يېقىنلاشقان ھەر قانداق ئادەمنى كۆيدۈرىدۇ،

ئادالەت ۋە قانۇن خۇددى سۇغا ئوخشاش ئاشۇ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. (يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى[24].)



«قۇتادغۇ بىلىك»[25] ناملىق داڭلىق ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسىمۇ ئاپاق غوجا ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازارلىرىغا ئوخشاش رەۋىشتە تەشۋىقات قىلىنغان. 2006 -يىلدىكى كىرىش بېلىتىگە يېزىلىشىچە، مەزكۇر قەبرىگاھ قەشقەر مەركىزىدىكى تەنتەربىيە يولىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋاپات بولغاندا تۈمەن دەرياسىغا يېقىن يەردىكى «ئارسلانخان» دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنغان. كېيىن 1120 - يىلدىكى سەل ئاپىتىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن ۋە قەبرىگاھ قايتىدىن ياسالغان، 16 - ئەسىرگە كەلگەندە پادىشاھ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سەل ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرگەن[26].

راھىلە داۋۇت «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابىدا، بۇ قەدىمىي تاۋاپگاھلارغا كېيىنچە «ئالتۇنلۇق» (شۇ يەردىكى پادىشاھلار نىڭ قەبرىستانلىقلىرى شۇنداق دەپ ئاتىلاتتى ) دەپ نام بېرىلگەنلىكىنى يازغان. ئۇ ماقالىسىنى مۇنداق دەپ خۇلاسىلىغان: يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش مەقسىتىدە بۇ قەدىمىي مازارلىقنى يوقلايدىغانلارنىڭ سانى تەدرىجىي كۆپەيگەن ۋە كېيىنچە بۇ مازاردىن ئەستايىدىل خەۋەر ئالىدىغان سىستېما ۋە مازارنىڭ ۋەخپىلىك يېرى مەيدانغا كەلگەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر بۇ قەدىمىي يادىكارلىقلارنى «ئىلىم پىرى» ۋە «ئىلىمگە ھۆددىگار مازىرى» دەپ ئاتىغان. راھىلە ماقالىسىنىڭ دەسلەپكى قىسىملىرىدا يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «ئازادلىق» تىن ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر، ھۈنەرۋەن كاسىپلار، ھەر خىل كەسىپتىكىلەر بۇ مۇقەددەس جايغا كېلىپ ئىبادەت قىلاتتى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئاتا-ئانىلار مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە ياخشى ئوقۇيالمىغان باللىرىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ مۇتەپەككۇر ئالىمنىڭ ئەقىللىقلىقى ئاز-راق بولسىمۇ يۇقسۇن، دەپ بۇ مۇقەددەس جايغا زىيارەت قىلدۇراتتى. بەزىدە يەنە بالىلار مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ بىرلىكتە قۇرئان تاماملايدىغان ئادەتنىمۇ يېتىلگەن ئىدى[27]. قەبرىگاھنىڭ ھازىرقى كۆرۈنۈشى 1986 -يىلدىكى كۆرۈنۈش بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇزۇلۇپ كەتكەن كۆرۈنۈشى شۇدۇر[28].

23. See “Tourism in Xinjiang: The Disneyfication of Uyghur Culture” By Ingram, Ruth, In: Bitter Winter: A magazine on Religious Liberty and Human Rights in China. 23 September, 2019.

24. https://law.wm.edu/academics/intellectuallife/researchcenters/postconflictjustice/studentsummerblogs/2016%20BLOGS/ajin-ur%20setiwaldi/wisdom-of-royal-glory-kutadgu-bilig-.php

25. It is a didactic work written by verse (Soucek 2006: 92). An alternative translation is The Wisdom of Royal Knowledge (Personal communication with Äsäd Sulayman (2009). For more information on this shrine, see Dawut 2001: 15-21.

26. Dawut 2001:15-16; Sawada 2002: 44.

27. Dawut 2001: 16.

28. Dawut 2001:15-16; Sawada 2002: 44.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1019 - يىلى بالاساغۇن شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق مەزگىللىرىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. 1068 - ۋە 1070 -يىللىرىدا قەدىمدىكى ئۇيغۇر تىل يېزىقىدا 13290 مىسرالىق «قۇتادغۇ بىلىك» نامىدىكى بۇ شاھانە ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغان ۋە كىتابنى قاراخانىيلار خانى بۇغرا ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. قاراخانىيلار شاھى مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ»لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. 1085 -يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ67 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. 1957 -يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن» دەپ بېكىتكەن .

قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ سۇلتانى- سۇتۇق بۇغراخان(سۇلتان ھەزرەتلىرى) ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر رەھبىرى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى توغرۇلۇق تەزكىرەلەر ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتۇشقا يېقىن يەرگە جايلاشقان مازىرى ئىنتايىن داڭلىق بىر تاۋاپگاھدۇر[29]. ئۇنىڭدىن باشقا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ[30] قەبرىگاھىدا بۇغراخانغا ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرغان ئوقۇتقۇچىسى ئەبۇ ناسىرنىڭمۇ قەبرىسى بار (3 - رەسىم).



1 . رەسىم : يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى- قەشقەر. رەسىم تارتقۇچى- پاترىك ھەللزون (2006)




玉素甫·哈斯哈吉甫陵墓
简　介
维吾尔族伟大思想家玉素甫·哈斯哈吉甫，于公元1019年生于巴拉萨衮城，后迁喀什噶尔，并在那里进行创作活动。公元1069—1070年间以当时的维吾尔文完成长13920行的长诗《福乐智慧》，献给当时喀喇汗朝的苏丹阿里·艾山。阿里·艾山授予他《哈斯哈吉甫》称号。玉素甫·哈斯哈吉甫于公元1085年逝世于喀什噶尔，终年67岁。1957年，新疆维吾尔自治区人民政府将玉素甫·哈斯哈吉甫陵墓定为自治区重点文物保护单位。

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنى تونۇشتۇرۇش




2 . رەسىم: يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ كىرىش بېلىتى
يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ كىرىش بېلىتىنىڭ كەينىدە خىتاي ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا قەبرىگاھنى تونۇشتۇرۇشى بار.


29. Jarring 1979: 133.
30. Raquette 1917: 47. The spelling in the book På Obanade Stigar is Abu-an-nazar (Ibid., p. 47).




3 - رەسىم: «سۇتۇق بۇغراخان» مەقبەرىسىگە كىرىش بىلىتى . بىلەت باھاسى 10 يۈەن.

مەھمۇد كاشغەريي 1072-1076 -يىللاردا، باغداتتا يېزىپ تاماملىغان «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى بىلەن پۈتكۈل دۇنيا ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق مەڭگۈ ئۆلمەستۇر[31]. UNESCO مەھمۇد كاشغەريينى ئەسلەش يۈزىسىدىن 2008 -يىلنى شەرەپ بىلەن «مەھمۇد كاشغەريي يىلى» قىلىپ بېكىتكەن[32]. مەن 2006 -يىلى قەشقەرنىڭ غەربىدىن 47.5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوپال يېزىسىغا مەھمۇد كاشغەريينىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلغىلى بارغان.

2006 - يىلدىكى مەقبەرىنى يوقلاش زىيارىتىگە بىلەت ئېلىش زۆرۈر ئىدى. مازارنىڭ ئۆزىدىن باشقا يەنە «قىرىق كۆز بۇلىقى» بۇ جاينىڭ ساياھەتچىلىكىدە كەڭ تەشۋىق قىلىناتتى[33].




4 - رەسىم: لۇغەتشۇناس مەھمۇد كاشغەريي مازارىغا كىرىش بېلىتى . 2006 -يىلى، بىلەت باھاسى 12 يۈەن .

31. Soucek 2006: 88.

32. https://en.wikipedia.org/wiki/Mahmud_al-Kashgari

33. Cf. Sugawara 2016: 153. Note the writing in Uyghur, Chinese and English on the entrance ticket (see pictures) -A telling indication of the tourist industry's ambitions to promote this shrine.



5 - رەسىم: تۇيۇق مازار، تۇرپان (پاترىك ھەللزون Patrick Hällzon )




6 - رەسىم: تۇرپاندىكى تۇيۇق يېزىغا كىرىش بىلەت باھا تىزىملىكى (پاترىك ھەللزون Patrick Hällzon)



7- رەسىم : ئاپاق غوجا مازىرى (پاترىك ھەللزون Patrick Hällzon)

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

**Dawut, Rahilä**. 2001. Uyğur Mazarliri [Uyghur Mazars] Ürümçi: Şinjañ Xälq Näşriyati.

**Dawut, Rahilä**. 2007. "Shrine Pilgrimage and Sustainable Tourism among the Uyghurs: Central Asian Ritual Traditions in the Context of China's Development Policies." In: Bellér-Hann, Ildikó et al. (eds.) Situating the Uyghurs between China and Central Asia. Hampshire: Ashgate Publishing Limited. 149-163.

**Edwards, Elizabeth**. 1997. "Beyond the Boundary: a Consideration of the Expressive in Photography and Anthropology." In: Rethinking Visual Anthropology. New Haven: Yale University Press. 53-80.

**Harris, Rachel and Rahilä Dawu**t. 2002. "Mazar Festivals of the Uyghurs: Music, Islam and the Chinese State." In: British Journal of Ethnomusicology. Vol 11/i, 2002. 101-18.

**Jarring, Gunnar**. 1979. Åter till Kashgar. (Return to Kashgar) Stockholm: Bonniers Grafiska Industrier.

Millward, James A. 1994. "A Uyghur Muslim in Qianlong's Court: The Meanings of the Fragrant Concubine." In: Journal of Asian Studies 53 no.2. 427-458. The Association for Asian Studies Inc.

**Raquette, Gustaf**. 1917. "Ost-Turkestans Historia." (The History of Eastern Turkestan) In: Lundahl, J. E. (ed.) På obanade stigar: Tjugofem år i Ost-Turkestan. Svenska Missionsförbundets mission i Ost-Turkestan. Stockholm: Svenska Missionsförbundets Förlag. 43-65.

**Sawada, Minoru**. 2002. "Tarim Basin Mazârs: a Fieldwork Report." In: Zarcone, Thierry (ed.) Saints and Heroes on the Silk Road. Journal of the History of Sufism. Vol III. Paris: C.N.R.S. 39-61.

www.uyghurkitap.com

**Soucek, Svat**. 2000 (2006). A History of Inner Asia. Cambridge: Cambridge University Press.

**Sugawara, Jun**. 2016. “Opal, a sacred Site on the Karakoram Highway – A Historical Approach Based on Mazar Documents” In: Sugawara, Jun & Rahile Dawut (ed.) Mazar: Studies on Islamic Sacred Sites in Central Eurasia. Fuchu: Tokyo University of Foreign Studies Press. 153-174.

**Wei, Cuiyi and Karl W. Luckert**. 1998. Uighur Stories From Along the Silk Road. Lanham, New York, Oxford: University Press of America.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار (تور)

**“Star Scholar Disappears as Crackdown Engulfs Western China”**

In: The New York Times, 10 August 2018. https://www.nytimes.com/2018/08/10/world/asia/china-xinjiang-rahile-dawut.html (Last accessed December 19, 2019)

**“Revealed: new evidence of China’s mission to raze the mosques of Xinjiang”**

In: The Guardian, 7 May 2019. https://www.theguardian.com/world/2019/may/07/revealed-new-evidence-of-chinas-mission-to-raze-the-mosques-of-xinjiang (Last accessed December 3, 2019)

**“China promotes Xinjiang as tourist heaven while holding Muslim Uygurs in re-education camps”**

In: South China Morning Post, July 18, 2019. https://www.scmp.com/lifestyle/travel-leisure/article/3018805/china-promotes-xinjiang-tourist-heaven-while-holding (Last accessed December 3, 2019)

**“Tourism in Xinjiang: The Disneyfication of Uyghur Culture”** By Ingram, Ruth, In: Bitter Winter: A magazine on Religious Liberty and Human Rights in China. 23 September, 2019. https://bitterwinter.org/disneyfication-of-uyghur-culture/

**Setiwaldi, Ajinur. 2008.** “Wisdom of Royal Glory //Kutadgu Bilig” https://law.wm.edu/academics/intellectuallife/researchcenters/postconflictjustice/studentsummerblogs/2016%20BLOGS/ajinur%20setiwaldi/wisdom-of-royal-glory-kutadgu-bilig-.php (Last accessed December 3, 2019)

**Mahmud al-Kashgari**

https://en.wikipedia.org/wiki/Mahmud_al-Kashgari (Last accessed December 4, 2019)

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەلىكەزات غەيرەت (ئاۋستىرالىيە)

# «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سېلىشتۇرمىسى*

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئۇقيا

(ئەنگلىيە)

## V. yéti yulduz on iki ükekni ayur
## V. YEDİ YILDIZI VE ON İKİ BURCU SÖYLER

## بەشىنچى باب
## يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرچ بايانىدا

0124. bayat atı birle sözüg başladım
törütgen igidgen keçürgen idim

0124. Tanrı adı ile söze başladım; o yaratan, yetiştiren ve göçüren rabbımdir.

124 - خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم.

0125. törütti tilek teg tüzü ‘âlemıǧ
yaruttı ajunka künüg hem ayıǧ

125. Bütün âlemi dilediği gibi yarattı; dünya için güneş ve ayı aydınlattı.

125 ـ ياراتتى ئالەمنى ئۇ خالاپ ئۆزى،
يورۇتتى كۈن، ئاي بىرلە دۇنيا يۈزى .

0126. yarattı kör ewren tuçı ewrilür
anıñ birle tezginç yéme tezginür

0126. Bak, feleği yarattı durmadan döner; onunla birlikte hayat da durmadan devreder.

126 - ياراتتى پەلەك، كۆر، دائىم ئايلىنۇر،
هايات هەم ئۇ بىرلە تىنماي چۆرگىلۈر.

0127. yaşıl kök yarattı öze yulduzı
kara tün törütti yaruk kündüzi

0127. Mâvî göğü ve üzerinde yıldızları yarattı; karanlık geceyi ve aydınlık gündüzü var etti.

127 - ياراتتى يېشىل كۆكتە يۇلتۇزنى ئۇ،
ياراتتى قارا تۈن ۋە كۈندۈزنى ئۇ.

0128. bu kökteki yulduz bir ança bezek
bir ança kulavuz bir ança yezek

0128. Bu gökteki yıldızların bir kısmı süs, bir kısmı kılavuz, bir kısmı da öncüdür.

128 - كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بېزەك،
يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك [42]

* ئەسلەتمە: «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سېلىشتۇرمىسى سىزگە ئەسلى تېكست، هازىرقى تۈركچە ۋە هازىرقى ئۇيغۇرچە تەرجىمە تەرتىۋى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، رېتى ئۆز پېتى ئېلىندى (ئاپتور).

www.uyghurkitap.com

0129. bir ança yarutmış halâyıkka ol
bir ança kulavuz bulur yitse yol
0129. Bir kısmını halk için aydınlatmıştır; bir kısmı kılavuzdur, insan yolunu kaybederse, bunlarla bulur.

129 ـ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي،
قالۇر ئۇ بىر بۇرجدا دەل ئون ئىككى ئاي .

0130. kayusı örürek kayusı kodı
kayusı yarukrak kayu eksüdi
0130. Bâzıları daha yüksek, bâzısı daha alçaktır; bâzıları daha çok, bâzısı daha az parlaktır.

130 ـ بەزىسى، ئېگىزدە، بەزىسى تۆۋەن،
غۇۋادۇر بەزىسى، بەزىسى روشەن.

0131. bularda eñ üstün sekentir yorır
iki yıl sekiz ay bir ewde kalır
0131. Bunlardan en üstte Zuhal dolaşır; bir burcda iki yıl sekiz ay kalır.

131 - بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر[43] تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.

0132. anıñda basa boldı ikinç oñay
bir ewde kalır on adın iki ay
0132. Ondan sonra ikinci olarak Müşteri gelir; bir burcda on iki ay kalır.

129 - كىشىگە يورۇقلۇق بېرۇر بەزىسى،
يول يۈتسە كۆرستۇر يەنە قانچىسى.

0133. üçünçi kürüd keldi köksün yorır
kayuka bu baksa yaşarmış kurır
0133. Üçüncü olarak, Merih gelir, gazapla dolaşır; nereye bakarsa, yeşermiş olan kurur.

133 – ئۈچىنچى كۈرۈددۇر غەزەپتە يۈرۇر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

0134. yaşık boldı törtinç yaruttı ajun
yakışsa yarutur bakışsa özün
134 Dördüncüsü Güneş'tir, dünyayı aydınlatır; yaklaşanları, karşısına gelenleri ışığı ile aydınlatır.

134 تۆتىنچى قۇياشتۇر يورۇتۇر جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

0135. sewüg yüz urundı béşinçi sewit
sewe baktı erse sen özni awıt
0135. Beşincisi Zühre'dir, sevimli yüzünü gösterir; sanà severek bakarsa, müsterih ol.

135 ـ بەشىنچى سەۋىتتۇر، سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.

0136. basa keldi ârzû tilek ârzûlar
kayuka yağuşsa añar öz ular
0136. Bundan sonra Utarit gelir; ona kim yaklaşırsa, dilek ve arzularına kavuşur.
136 - ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ كېلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا تىلەككە يېتەر.

0137. bularda eñ altın bu yalçık yorır
yaşık birle utru bakışsa tolır
0137. Bunlardan en altta bu Ay dolaşır; Güneş ile karşı-karşıya gelirse, dolun ay hâline gelir.
137 - بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.
0138. on iki ükek ol bularda adın
kayu iki ewlig kayu birke in
0138. Bunlardan başka bir de on iki burç vardır; bunların bâzıları iki evli, bâzısı ise, tek evlidir.
138 -ئون ئىككى بۇرج باردۇر بۇلاردىن بۆلەك،
جۈپ ئۆيلۈك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك.

0139. kozı yazkı yulduz basa ud kelir
erentir kuçık birle sançu yorır
0139. Hamel bahar yıldızıdır, sonra Sevr gelir; Cevza ile Seretân dürtüşerek yürür.
139 - قوزى يازغى يۇلتۇز، كېيىن ئۇي كېلۇر،
جەۋزا بىلەن سەرتان تۈرتۈشۈپ يۈرۈر.

0140. kür arslan bile koşnı buğday başı
basa ülgü boldı çadan ya işi
0140 Bak, Esed'in komşusu Sünbüle'dir; sonra Akreb ve Kavs'in arkadaşı Mîzan gelir.
140 - ئېرۇر قوشنا بۇغداي بېشى ئارسلان ،
كېلەر ئارقىسىدىن قەۋس ، ئەقرەپ ، مىزان .

0141. basa keldi oğlak könek hem balık
bular tuğdı erse yarudı kalık
0141. Bundan sonra Cedi, Delv ve Hût gelir; bunlar doğunca, gök yüzü aydınlanır.
141 - كېلەر ئاندىن ئوغلاق، سوغا ھەم بېلىق،
تۇغۇلسا بولاردىن كۆك بولغۇسى يورۇق.

0142. üçi yazkı yulduz üçi yaykı bil
üçi küzki yulduz üçi kışkı bil
0142. Bil ki, bunlardan üçü — bahar yıldızı, üçü — yaz, üçü — son bahar ve üçü de — kış yıldızıdır.

142 - ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر [49].

www.uyghurkitap.com

0143. üçi ot üçi suw üçi boldı yél
üçi boldı toprak ajun boldı él

0143. Bunların üçü — âteş, üçü — su, üçü — yel ve üçü — topraktır; bunlardan dünya ve memleketler meydana gelir.

143 ـ ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇد.

0144. bularda birisi biriñe yağı
yağıka yağı ıdtı kesti çoğı

0144. Bunlar birbirlerine düşmandır; Tanrı düşmana karşı düşman gönderdi ve savaşı kesti.

144 ـ يېغىدۇر بۇلارنىڭ بىرىگە ـ بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ، قىلدى جەڭنى نېرى.

0145. karışmaz yağılar yaraştı için
körüşmez yağılar kötürdi öçin

0145. Uyuşmaz olan düşmanlar kendi aralarında barıştılar; görüşmez olan düşmanlar öçlerini ortadan kaldırdılar.

145 ـ ئۇرۇشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۈچۈن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتەرگەچ ئۆچۈن.

0146. itigli bayatım ite bérdi öz
ite bérdi tüzdi yaraşturdı tüz

0146. Her şeyi yoluna koyan Tanrım bunları da yola getirdi; tanzim etti, düzeltti ve birbirleri ile barıştırdı.

146 ـ يېتىشىك ئىلاھىم سېلىپ ئىزغا سۇ،
ياراتتى ئۇلارنى ياراشتۇردى تۈز.

0147. basa aydım emdi munu yalñukuğ
ağırlıkı boldı bilig ög ukuğ

0147. Bundan sonra imdi insandan bahsettim; onun değeri bilgi, akıl ve anlayışıdır.

147 ـ بۇ ئىنسان بايانىن قىلاي ئەمدى مەن،
قەدرى تاپتى ئەقلى، بىلىم ـ ئاڭ بىلەن.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىلەر

ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن، ئابدۇرېھىم سابىت

## ئىنسان، ئىنسانىي خىسلەت، ۋە ئىنسانىي پەزىلەت توغرىسىدا

ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئادىمى بولۇشى كېرەك، كىشى ئادەمگەرچىلىكىنىڭ ئۇلىنى ئەنە شۇنداق قۇرۇپ چىقىدۇ.

قارا، ئېسىل كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى بەگ، بىرى دانا، بۇلار ئىنسانلارنىڭ باشلامچىسىدۇر. بىرى قولىغا قىلىچ ئېلىپ، خەلقنى ئىدارە قىلىدۇ، بىرى قەلەم ئېلىپ ياشاش يولىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇدا كىمگە جاھىل خۇي بەرگەن بولسا، زامان ئوقى ئۇنى رەنجىتىدۇ.

كىشىلەردىن يامانلىما، ئۇششاق سۆزلىمە، توغرا سۆزلىگىن، بار سۆزنى يوشۇرما.

كىمنىڭ ئەسلى ياخشى بولسا، ھەرىكىتى يېقىملىق بولىدۇ، ياماننىڭ ئەسلىگە ئۇنىڭ ئەسلى، ئۆزى گۇۋاھتۇر.

تىرىكلىكنى ئىزدىمە، ياخشى نام چىقىرىشنى ئىزدە، نامىڭ ياخشى بولسا تىرىك ۋە شاد ياشىغىنىڭ شۇ.

ياخشى خۇلقلۇق كىشى موھتاجلىقتا چۈشۈپ قالسا، قىلىقلىرى ۋە ياخشى مىجەز - خۇلقىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

كىشى كۆڭلىگە ياخشى نىيەت پۈكسە، دۇنيادا ھەممە ئىش تىلىگىنىدەك بولىدۇ، ياخشى نىيەت قىلغان كىشىگە ياخشىلىق كېلىدۇ، ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسىمۇ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشى بېشىنى يەيدۇ.

كىشىگە مال - دۇنيا ئەمەس ياخشى خۇي - پېئىل كېرەك. شۇنداق كىشى زۆرۈر بولغاندا ھەممە ياخشى نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئادەم قىس ئەمەس، بەلكى ئادەمگەرچىلىك قىستۇر. ئىنسانلار ئاز ئەمەس بەلكى توغرىلىق ئازدۇر.

ئىنسان ئۆزى غەپلەتتە ياشىغان بولسا، ئۆزىگە ئۆكۈنسۇن، ئۆزىنى ئەيىپلىسۇن.

مۇلايىم، توغرا مىجەزلىك كىشىنىڭ كۆنى ھەر ئىككى دۇنيادا سائادەتلىك بولىدۇ.

مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان ناھايىتى كۆپتۇر، ئەمما توغرا، چىن ۋە ھەقىقىي ئادەم مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئازدۇر.

كىشى قەدىرلىك ئەمەس، بەلكى كىشىلىك قەدىرلىكتۇر. ئەقىل - ئىدراك توغرا ۋە چىن كىشىلەرنىلا ماختايدۇ.

ئىنسان قەھرلىك بولسا ئەقلىدىن ئازىدۇ. ئەگەر غەزەپ كەلسە پاراسەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

ئەي، ئىدراكلىق ياخشى ئادەم، غەزەپنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر، غەزەپ بىلەن قىلىنغان ئىش دائىم پۇشايمانلىق بولىدۇ، كىشى قەھرلەنسە ئىشتا ئادىشىدۇ.

چىن ۋە توغرا ئەر قانداق بولىدۇ؟ قارا، چىن ۋە توغرا ئەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولىدۇ، ئىچى تېشىدەك ۋە تېشى ئىچىدە بولىدۇ، چىن ۋە توغرا ئەر يۈرىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇيالماي يۈرەلەيدىغان بولسۇن.

ئەي دانا، كىشىنىڭ تەبىئىتى بىلەن قوشۇلۇپ يارىتىلغان قىلىق ئۆلۈم بۇزمىغۇچە ھەرگىز بۇزۇلمايدۇ. ئانىنىڭ قارنىدا پەيدا بولغان مىجەز ۋە ئادەت بوز يەر قېتىغا كىرگەندىلا كېتىدۇ.

مىجەز - خۇلقۇڭنى خۇش تۇت، مال ئۈچۈن قايغۇرما، مىجەز - خۇلقۇڭ ياخشى بولسا مال - دۇنيانى ئۆزى كېلىدۇ دەپ بىل.

توغرا مىجەزلىك كىشى ھەر ئىككى دۇنياغا ئىگە بولىدۇ.

قەھرلىنىش بىلەن غەزەپ ئادەم ئۈچۈن ياۋۇز نەرسىدۇر، بۇ ئىككىسى بىلەن ۋۇجۇد داۋاملىق ئەرزىيەت چېكىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياخشى خۇي - پېئىل ئەر ئۈچۈن تۈگىمەس نېمەتتۇر.

ئادەم ئىككى نەرسە بىلەن قېرىمايدۇ، بىرى ياخشى ھەرىكەت، بىرى ياخشى سۆز.

ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئەمەس، نامىڭ سەزگۈدۇر، نامىڭ مەڭگۈ بولسا، ئۆزۈڭمۇ مەڭگۈلۈك بولىسەن.

دۈشمەن قىلمىغاننى ئۆزىنىڭ خۇي - پەيلى قىلىدۇ، ئۇ دۈشمەننىڭ بۇ دۈشمەندىن نېمە پەرقى بولسۇن؟

جاھىللىق كىشى ئۈچۈن ئېغىر بىر يۈكتۇر، جاھىل قىلىقتا ئەسىر بولغان بولساڭ، ئۇنىڭغا ئوق ئات.

ياخشى كۈندە يېڭى - يېڭى تىلەكنى تاپىدۇ، ياماننى غېمى كۈندە مىڭلاپ ئارتىدۇ.

كىشىلىك ئۈچۈن ھىممەت، مۇرۇۋۋەت كېرەك، كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتى ھىممەت ۋە مۇرۇۋۋەت دەرىجىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

كىشى ئۈچۈن پايدىسىز ۋە زىيان كەلتۈرگۈچى نەرسە مۇنۇ ئۈچتۇر: بىرى جاھىللىق، يامان مىجەزلىك؛ بىرى يالغاندىن سۆز توقۇش؛ يەنە بىرى كىشىنى پەسلەشتۈرگۈچى بېخىللىقتۇر. بۇ ئۈچىنىڭ ھەممىسى نادانلارغا خاس.

سۆرۈن چىراي، ئاچچىق سۆز كىشىنى سوۋۇتىدۇ، بۇنىڭ تەسىرى ئۆمۈر بويى كەتمەيدۇ، كۆڭۈلدە قالىدۇ.

كۆڭۈلنى كەمتەر تۇتسا كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ. كۈلگەن چىراي ھەممىنى كىشىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلايدۇ.

## دۆلەت، ھاكىمىيەت، سىياسەت توغرىسىدا

يامانلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك، خەلقنىڭ مالىماننى سىياسەت باسىدۇ.

ئەلنىڭ نۇقتىسى ۋە قۇلۇبى ئىككى نەرسىدۇر، بىرى ھوشيارلىق، يەنە بىرى مەملىكەتنىڭ ئاساسى بولغان قانۇن.

يامانلارغا ھەيۋە، سىياسەت كېرەك، ياخشىلارغا بولسا، دائىم ھۆرمەت كېرەك.

مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئەسكەر ۋە قوشۇن كېرەك، قوشۇننى تۇتۇپ تۇرماق ئۈچۈن كۆپ مال - دۇنيا كېرەك، مال - دۇنيانى ئېلىشقا خەلق باي بولۇشى كېرەك، خەلقنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈن توغرا قانۇن يولغا قويۇلۇشى لازىم.

ئەلنى ئالغۇچىلار ئۇنى قىلىچ بىلەن ئالدى، ئەلنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلار ئۇنى قەلەم بىلەن تۇتۇپ تۇردى. قىلىچ بىلەن ئەلنى تېز ئالغىلى بولىدۇ، قەلەم بولمىسا، ئەلنى قولدا تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ھەر قانداق بىر ئەل قىلىچ ۋە كۈچ بىلەن ئېلىنىسمۇ، ئۇنى زورلۇق بىلەن ئۇزۇن سورىغىلى بولمايدۇ. قايسى بىر شەھەر، كەنت قەلەم بىلەن باشقۇرۇلسا، ئۇ يەردە ھەر كىم تىلىگەن ئۈلۈشنى تاپىدۇ.

## قانۇن، ھەقىقەت، ئادالەت، زۇلۇم توغرىسىدا

قانۇن بىلەن ئەل روناق تاپىدۇ، دۇنيا تۈزىلىدۇ، زۇلۇم بىلەن ئەل خارابلىشىدۇ، دۇنيا بۇزۇلىدۇ.

قارا، قانۇن سۇغا ئوخشايدۇ، زۇلۇم ئوتتەك بالادۇر، سۈزۈك سۇ ئېقىتسىڭ، ئۇ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. ئادىل قانۇن يۈرگۈزدۈڭ، دۇنيا تۈزەلدى، ئەلدە ھېچكىم زورلۇققا ئۇچرىمايدۇ.

بەگلەر بېگى بىر ياخشى قانۇن تۇرغۇزغايكى، يامان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە - جازا ۋە زىنداندۇر.

ئادالەت ۋە قانۇن ئاسماننىڭ تۈۋرۈكىدۇر، تۈۋرۈك قىڭغايسا، ئاسمان ئۆرە تۇرالمايدۇ.

بەگلىكنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر، بەگلىكنىڭ يىلتىزى ئادالەت يولىدۇر.

ھەممە نەرسىنىڭ تەرتىپ - قائىدىسى بار، قائىدە بويىچە ئىش قىلسا كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ، تەرتىپ - قائىدىنى بىلمەيدىغان قىلىقسىز كىشى كىشىلەرگە ئارىلاشسا، ئىشى يۈرۈشمەيدۇ.

## ئىلىم - مەرىپەت، ئەقىل - ئىدراك توغرىسىدا

بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ نەرسە دەپ بىل، بۇ ئىككىسى خىللانغان بەندىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىدۇ.

بىلىمسىز دۆلەت بىلەن يۈكسەلگەن يەردە، بىلىملىك نام - شۆھرىتى بىلەن تېخىمۇ يۈكسەكرەك بولىدۇ.

پاراسەتلىك ئۇقالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ، بىلىملىك پاراسەتلىكلەر تىلىگەنگە يېتەلەيدۇ.

ھەر ئىشنى ئىدراك بىلەن چۈشىنىپ، بىلىم بىلەن بىل، كۆڭۈلۈڭ قۇتلۇق، يولۇڭ سائادەتلىك بولىدۇ.

ئىدراكلىق ئادەم توغرا، سۆزدە مۇلايىم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ئۇ تەمكىن، مۇلايىم ۋە ناھايىتى سەۋرچاندۇر، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ، ئالدىرىماي ئىشلەيدۇ.

ئىدراك ئىشقا سېلىنسا، بىلىم باشچىلىق قىلىدۇ، كىشى قىلماقچى بولغان ھەر قانداق ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

بىلىملىك كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ.

كىمگە ئۆلۈش تەگمىگەن بولسا، ئۇنى تىرىك دېمەي، ئۆلۈك ھېسابلا.

بىلىم گويا كىمىيادۇركى، پۈتۈن نەرسىنى ئەتراپىغا يىغىدۇ، ئۇ ئىدراك ئوردىسى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا جەملىنىدۇ.

كىشى ئەقىل - ئىدراك بىلەن ئېسىل ئاتىلىدۇ.

ئەقىل كۆركى تىلدۇر، تىل كۆركى سۆز. كىشىنىڭ كۆركى يۈزدۇر، يۈزنىڭ كۆركى كۆز.

بىلىملىك كىشى بىلىمنى تىل بىلەن بايان قىلمىسا، ئۇنىڭ بىلىمى يىللاپ ياتسىمۇ ئەتراپنى يورۇتالمايدۇ.

دۇنيادا بىلىمدىن ئەزىز نېمە بولسۇن؟ “بىلىمسىز“ دېگەنلىك ئەر ئۈچۈن سەت، ھاقارەتتۇر.

بىلىملىك بىلىمى بىلەن دوزاختىن يىراقلىشىدۇ.


بىلىمسىز دۆلەت، بەخت كېلىدىغان بولسا، بارچە خەلق بۇزۇلىدۇ، ئەلگە جۇت - ئاپەت كېلىدۇ.

بىلىمسىز ئىش يۈرگۈزسە قوپاللىق بىلەن يۈرگۈزىدۇ، ھەممە ئىشلار بۇزۇلۇپ، ئاسماننى تۈتۈن قاپلايدۇ.

ئىزاھات: يۇقىرىقى ھېكمەتلەر ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن ۋە ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىن ھېكمەتلىك سۆزلەر» (1998) ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

تەييارلىغۇچى: مەجھۇل (گېرمانىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




## «مەھمۇد كاشغەري» رومانى ۋە تۈركچە تەرجىمىسى


بۇ روماندا، 11 – ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ھايات مۇساپىسى بايان قىلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەري قاراخانىيلار خان جەمەتىدىن بولۇپ، كاشغەردىكى ساچىيە مەدرىسەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ، كېيىن ئۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ بارلىق يۇرتلىرىنى كېزىپ چىقىدۇ. شۇ سەپەر جەريانىدا، ئۇ ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئېغىز ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە باشقا جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك مول ماتېرىيال توپلايدۇ. ئۇ ئون نەچچە يىللىق دالا تەكشۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوردىدا تەخت ماجىراسى يۈز بېرىپ، مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ۋە بوۋىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ. مەھمۇد كاشغەردىن قېچىپ، سەمەرقەنت، بۇخارا، نىشاپۇر قاتارلىق جايلاردا مۇساپىر بولىدۇ ۋە ئاخىرى باغداد شەھىرىدە ماكانلىشىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا يىغلىغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ، باغداد خەلىپىسى مۇقتەدى بىئەمرىللاغا تەقدىم قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەري كېيىن يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ بىر مەدرىسە سالدۇرىدۇ ۋە ئۆزى شۇ مەدرىسىدە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، توقسان يەتتە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ*.

تالانتلىق يازغۇچى پەرھات جىلان (1945 – يىلى 8 – ئاينىڭ 8 – كۈنى غۇلجىدا تۇغۇلغان) تەرىپىدىن يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك بۇ تارىخىي رومان جەمى جەمى 19 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئەڭ ئاخىرقى خاتىمە بۆلۈمى بىلەن تاماملىنىدۇ.

رومان 2009 – يىلى 8 – ئاينىڭ 1 – كۈنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ. بۇ رومان كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن 2014 – يىلىغىچە جەمى 3 قېتىم نەشر قىلىنىدۇ.

* كىتابنىڭ «قىسقىچە مەزمۇنى» قىسمىدىن ئېلىندى (1 - 2 - بەتلەر)

يازغۇچىنىڭ يەنە «ئورخۇن شەجەرىسى»، «ئىدىقۇت يۇلتۇزى» ۋە نۇرغۇنلىغان ھېكايە – پوۋېستلىرى نەشىردىن چىقىپ جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت – ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ يەنە رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان « گىراف مونتىي كرىستو»، «تۈركىي تىللار» ۋە تىل شۇناسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالىلەر ۋە ھېكايىلەر بار.




2006 – يىلى بۇ رومانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى داڭلىق تەرجىمان ۋە شائىرە زەينۇرە ئۆزتۈرك خانىم تەرىدىن تەييارلاندى ۋە «كاكتۇس» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. تۈركچە تەرجىمە مۇقاۋىسىغا « تۈركچىنىڭ تۇنجى ئالىمىنىڭ ھەقىقىي ھايات سەرگۈزەشتىلىرى» دېگەن ئىزاھات قوشۇپ يېزىلغان.

كىتابتا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ داڭلىق تۇنجى تۈرك تىلى تەتقىقاتچىسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بۇرۇن تەييارلانغان ھېچقانداق لۇغەت قوللانماي تۇرۇپ ئۆزى توپلىغان ماتېرىياللارغا تايىنىپ تۈرك تىللىرىنىڭ تۇنجى لۇغىتىنى يېزىپ چىققانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن.

تەرجىمىدە يەنە؛ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەريي ۋاپاتىدىن تەخمىنەن 1000 يىل كېيىن بىر قېرىندىشى ، داڭلىق يازغۇچى پەرھات جىلان، تەرىپىدىن ھەيھات سەرگۈزەشتىسىنىڭ تەپسىلىي يېزىلغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. تۈركچە نەشرى تۈركىيەدىكى بارلىق كىتابخانىلارغا ۋە تور كىتابخانىلىرىغا تارقىتىلغان.

ئاپتور پەرھات خىلانىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلار بېرىلگە ن.



رەسىمدە بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلار زەينۇرە ئۆزتۈرك خانىمنى زىيارەت قىلماقتا.
ئوڭدىن سولغا. ئابدۇلجېلىل تۇران، زەينۇرە ئۆزتۈرك، ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن، باتۇر قاراخانلى

www.uyghurkitap.com




## « يۈسۈپ خاس ھاجىپ» رومانىنىڭ يېزىلىش ھەققىدە

داڭلىق يازغۇچى ھاجى مىرزاھىد كېرىمي تەرىپىدىن مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ بۈيۈك سىيمالارنىڭ بىرسى بولغان ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە يازغان «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» ناملىق 2 قىسىم(1- قىسىم 27 باب، 2 – قىسىم 30 باب)دىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك تارىخىي رومانى، 2015 – يىلى 6 – ئاينىڭ 1- كۈنى «شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى» ۋە «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ئاپتور بۇ تارىخىي رومانىنىڭ يېزىلىش مەقسىتىنى ۋە جەريانىنى ناھايىتى روشەن تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلىغان* :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر!

ھاۋا گۈلدۈرلىمىسە چېقىن چېقىلمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق ۋەقە، ھادىسە سەۋەبسىز بولمايدۇ. دوست- يار، بۇرادەرلىرىمىزنىڭ دەۋىتى، قوللىشى بولمىغان بولسا قەتئىي ئىرادە، كۈچلۈك ئىشەنچ بىلەن «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» رومانىنى يېزىشقا كىرىشمىگەن بولاتتىم. ھەممىمىزگە مەلۇم، تارىخىي تېمىدا رومان يېزىش بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى خىزمەتلەرنىڭ بىرىدۇر. مەن مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ

* كىتابنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىدىن ئېلىندى (1 - 4 - بەتلەر)

بۈيۈك سىيمالارنىڭ بىرسى بولغان ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بولغان كۆچلۈك ئىخلاس – ئەقىدەم بىلەن بۇ روماننى روياپقا چىقاردىم. ئەلۋەتتە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ «بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي مەنبەسى بارمۇ؟ قانداق يازمىلاردىن پايدىلاندىڭىز؟ بۇ رومانىدىكى ۋەقەلەر، تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇنمۇ؟ يېزىشتىكى مەقسەت -مۇددىئا نىمە؟» دىگەن سوئاللارنى ئۇتتۇرغا قويۇشى مۇقەررەر. بۇ قىتىم « يۈسۈپ خاس ھاجىپ» رومانىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قىسمىدىن ئىبارەت تولۇق نۇسخىسىنى نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بىرىپ، ئۇلاردا قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بۇ كىرىش سۆزنى يېزىشنى زۆرۈر تاپتىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ – ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيەت تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئۇلۇغ ئالىم، ئىستىبداتلىق شائىر، ۋەتەنپەرۋەر دۆلەت ئەربابى، ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر،خەلقپەرۋەر ئىسلاھاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ياد ئىتىلىپ، ھۆرمەتلىنىپ كەلمەكتە. كەلگۈسىدىمۇ ئەۋلادلارنىڭ پەخىرلىنىدىغان مەنىۋى ئۇستازى بولۇپ قالغۇسى.

مەن ئۆزىنىڭ ھايات پائالىيىتىدىن خاتىرە قالدۇرمىغان بۇ كەمتەر، ئالىيجاناب ئالىمنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بىلىش، چۈشۈنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل داستانى «قۇتادغۇ بىلىك»نى قايتا-قايتا ئوقۇپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تەقىق قىلدىم، بۇ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمغا بولغان ھۆرمەت – مۇھەببىتىم قەلبىمدە تاشقىن ياسىدى. ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەر چاس باغلانغان قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت بولغان: « تۈركىي تىللار دىۋانى»، « شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «سەلجۇقىيلارنىڭ تەزكىرىسى»، « غەزنەۋىلەر تەزكىرىسى»، «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمىسى»، «قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، قاتارلىق كىتاب، تەزكىرە، رىۋايەتلەرنى توپلاپ، كۈندۈزنى كىچىگە، كىچىنى- كۈندۈزگە ئۇلاپ، مۇلاھىزە قىلىپ، پىكىرلەر قايىنىمىغا، خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇپ ئۈزدۈم... شۇ ئۆزگەنچە يىراق ئۆتمۈشتىكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تۇمانلىق قىرغىقىغا بېرىپ توختىدىم. بۇ خاندانلىقىنىڭ نەسەبنامىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپ يۇمغۇچە ئون پادىشاھنى (بۇغرا قاراخاننى) باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلدىم.

نەتىجىدە ئۆمۈربويى خەلق غېمىنى يەپ، ئەل ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئۆز مەملىكىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ ئۆتكەن بۇ دانا ئۇستازنى بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەندىم. ئۇنىڭ ھارماي – تالماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىجاد قىلىش روھىنى، مۇستەبىت تۈزۈم، قالاق خۇراپىي ئادەت- يوسۇن، بولمىغۇر زىيانلىق قىلىقلارنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى پىداكارلىقىنى، ھەرقانداق قىيىن شارائىتتا ئۈمىدسىزلەنمەي، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ ، ئايانماي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى ۋە ئۇنىڭ بۇغراخان زامانىسىدىكى ئوينىغان رولىنى ئەۋلادلارغا ھېكايە قىلىپ بېرىش ئىستىكى كۆڭلۈمنى ئىگىلەپ ، ئىچىمگە بىر ئوت چۈشتى... شۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» ناملىق بۇ تارىخىي رومانىنىڭ ۋەقە قۇرۇلمىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارچە ئەينى زامانىدىكى جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ئوتلۇق ئىشتىياق ، يۈكسەك ھۆرمىتىم بىلەن بۇ قۇتلۇق ئىشقا تۇتىنغىنىمدىن روھلاندىمكى، ھېرىش-چارچاش ھېس قىلمىدىم.

ھەيھات! يۇلتۇزلۇق كۆكۈل ئاسمىنىدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى. پالىلداپ چېقىن چېقىلىپ لەرزىگە كەلگەن ۋۇجۇد قەلئەيىمىزنى يورۇتتى، تاراسلاپ ياغقان يامغۇر قەلب دېرىزەمنى يۇدى. مەشۇتتەك ئاق بەتلەرگە يۈرەك قېنىم سىرغىپ، بۇ تارىخىي رومان يېزىلىپ تاماملاندى ۋە ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۇ ئەسەردە قاراخانىيلارنىڭ نەسەبنامىسى بىلەن بىللە مۇتەپەككۇر، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر دانىشمەن بولۇپ يېتىشىپ چىقىش جەريانى ھەمدە قارا نىيەت، ئاسىي، سۈيىقەستچى جاھالەت تەرەپدارلىرىنىڭ ھەققانىيەت، ئادالەت، مەرىپەت كۈچلىرى تەرىپىدىن يەر بىلەن يەكسان قىلىنغانلىقى ۋە ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى بايان قىلىندۇ.

ئەۋلادلارغا قىلىنغان بۇ سوۋغىتىم بىلەن 21 – ئەسىرگە قەدەم قويغانلىقىمدىن ئېپتىخارلانغان چېغىمدا ماڭا ياردەم قىلغان، مەدەت بەرگەن، ساۋاقداش، سەپداش، دوستلىرىمغا، ئوقۇغۇچى – شاگىرتلىرىمغا قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئاي يۈزىدە داغ بار. كۈنمۇ بەزىدە تۇتۇق، بەزىدە ئوچۇق بولىدۇ. ئىنسانمۇ ئۆز نۇقسانى، ئىللىتى بىلەن ئىنساندۇر. ئەلۋەتتە، پېقىرنىڭ بۇ ئەسىرىمۇ نۇقساندىن خالىي بولماسلىقى مۇمكىن. يۈلۈپمۇ بىر قىسىم ۋەقە- ھادىسىلەر ھەققىدىكى يىلنامىلەرنى تامامەن توغرا ۋە مۇتلەق دەپ ئېيتالمايمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك، سەممىي پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، قولۇم كۆكسۈمدە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

مۇئەللىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com


خەلق تورى


سۈرەتلىك خەۋەر

رومان نەشردىن چىققاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان گېزىت- ژۇرناللاردا داغدۇغۇلۇق تەبرىكلەندى ۋە ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. بىلىمگە خۇشتار ئۇيغۇر خەلقى، تەخمىنەن 1000 يىل بۇرۇن ياشىغان ئۇلۇغ ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە يازغان بۇ تارىخىي رومانى ئۈچۈن، يازغۇچىمىز ھاجى مىرزاھىد كېرىمىي ئەپەندىمگە چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىراملىرىنى بىلدۈرۈشتى.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ پېنسىيەگە چىققان تەھرىرى، ئەدىب ھاجى مىرزاھىد كېرىمى، ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يارغان بولۇپ « يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «جۇدالىق»، «مىرزا ئابابەكرى»، «سۇلتان سەئىدخان» ۋە «سۇلتان ئابدۇرىشىتخان» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك رومانلار ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەپسۇس، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» رومانى ۋە بىر تون كىيدۈرۈش مۇراسىمدا قىلغان سۆزى سەۋەبىدىن 80 يېشىدا 11 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن ( ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى 2018 – يىلى 11 – ئاينىڭ 9- كۈنى خەۋىرى)


سۈرەتتە يازغۇچى ھاجى مىرزاھىد كېرىمي









## «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا بېغىشلانغان مۇكەممەل نۇسخىسى ھەققىدە

2008 - يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇت كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 - يىل ئىدى. بۇ مۇھىم كۈننى تەبرىكلەش ۋە خاتىرىلەش ئۈچۈن، تۈركىيە كۇلتۇر مىنىستىرلىكى ۋە تۈرك تىلى تەتقىقات كومىتېتى قاتارلىق رەسمىي دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەشەببۇس ۋە تەكلىپلىرى بىلەن 2008 – يىلى UNESCO ( بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىلىم، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلات) تەرىپىدىن خەلقئارا « مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ ئېلان قىلىندى.بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 2008 - يىلى تۈركىيە، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان شۇنداقلا، ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازارى جايلاشقان قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوپال يېزىسىدا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا 11 - ئاينىڭ 24-27 كۈنلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ھەر خىل مىللەتتىن 200 دىن كۆپرەك تەتقىقاتچى ئىلمىي دوكلات بەرگەن. بۇ يىغىنغا تۈركىيەدىن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بەش كاتىپى پروفېسسور دوكتور مۇستاپا ئىسەن ئەپەندى باشلىق 27 ھەيئەت قاتناشقان. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېيجىڭ باش ئەلچىسى ئوكتاي ئۆزۈيە ۋە تۈركىيە تىل تەتقىقاتى كومىتېتىنىڭ باشلىقى پروفېسسور شۈكرۈ خالۇق ئاقئالىن ئەپەندىلەرمۇ قاتناشقان . 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىدا ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن.


بۇ خاسىيەتلىك كۈننىڭ خاتىرىگە شىنجاڭ خەلقى نەشرىياتى تەرىپىدىن ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا بېغىشلاپ ئالاھىدە لايىھەلەنگەن پەقەتلا 1000 تال«مۇكەممەل» نۇسخىسىنى نەشر قىلدى.


《突厥语大辞典》（全释珍藏本）审订小组成员






مۇندەرىجە







بسم الله الرحمن الرحيم


كتاب ديوان لغات الترك
تأليف محمود بن الحسين بن محمد الكاشغري رحمة الله



www.uyghurkitap.com







# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نەزمىي يەشمىسى ئىستانبۇلدا يېڭىدىن نەشر قىلىندى

2019 - يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىلى، شۇنداقلا ئۇنىڭ دىداكتىك ئەسىرى « قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغانلىقىنىڭ 950 - يىلى. تارىخىمىزدىكى بۇ ئەھمىيەتلىك كۈننى خاتىرەلەش شۇنداقلا ئالىملىرىمىز ۋە مەدىنى يادىكارلىقلىرىمىزغا بولغان ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن پائالىيەتلەر ئۆتكۈزدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈركىيەدىكى «ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى » ۋە «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى » ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە 2019 - يىلى 1 -دېكابىردا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىستانبۇلدا يېڭىدىن نەشر قىلدى.

نەشر قىلغۇچىلاردىن كىتابنىڭ يېڭى نەشرى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئىزاھاتلار بېرىلگەن*:

بۇ يىلى يەنى 2019 – يىلى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ دىداكتىك ئەسىرى « قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغانلىقىنىڭ 950 – يىلى. بۇ يىلنى ب د ت پەن، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ تەشكىلاتىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ يىلى قىلىپ بېكىتىشى بىزنى « قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىگىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن غۇرۇرلاندۇردى، ئىپتىخارلاندۇردى، شۇنداقلا بۇ يىرىك ئەسەرنى قايتا نەشر قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى يېڭىدىن نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى سۈپىتىدە قولغا ئېلىندى .

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى يېڭىدىن نەشرگە تەييارلاشتا مەرھۇم ئەھمەد زىيائى ۋە مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ ، 1984 – يىلى بېيجىڭدا بېسىلغان نەزمىي يەشمە نۇسخىسى، 2013 – يىلى ئۈرۈمچىدە بېسىلغان نەزمىي يەشمىسى، شۇنداقلا 2014 – يىلى ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان « قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئوقۇلغۇسى ۋە نەسرىي يەشمىسى، مىرسۇلتان ئوسمانوف تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخىسى ۋە تۈركچە نۇسخىلىرىدىن پايدىلاندۇق. بۇرۇنقى نەشرلەردىكى پايدىلىنىپ ماتېرىياللىرى كەمچىللىكى ۋە ئىملامىزنىڭ قېلىپلاشمىغانلىقى تۈپەيلى كېتىپ قالغان بەزى خاتالىقلار تۈزىتىلدى. ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن يېڭى بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىللە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلغان سۆز – ئىبارىلەرنىڭ ئىمكانقەدەر ئۆز پېتى ساقلىنىپ قىلىشىغا ئېتىبار بېرىلدى ۋە يۇقىرىقى نەشرىدە ئىشلىتىلمىگەن «ئۆ ، ئۇ» تاۋۇشلىرى تولۇقلىنىپ ئىملا خاتالىقلىرى تۈزىتىلىپ، مۇشۇنداق ئالىي سۈپەتتە ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇلدى.

* كىتابنىڭ «نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن» قىسمىدىن ئېلىندى (5 - 6 - بەتلەر)



ئالتىنچى باب

ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقلىدىن ئىكەنلىكى بايانىدا

148 يارانتى ۋە يۈكسەلتتى ئاللاپ ئادەم،
بېرىپ ھۇش - ئەقىل، پەرىل، ئىلىمنى ھەم.

149 تىلىنى چىقىرىپ، ئاڭا بەردى دىل،
ئۇيات بەردى يەنە گۈزەل، خوش يېشىل.

150 بىلىم بەردى، ئىنسان زورايدى بۇ كۈن،
ئەقىل بەردى، ئۇڭا يېشىلدى تۈگۈن.


151 خۇدا بەرسە كىمگە ئەقىل - ھۇش بىلىك،
تولا ياخشىلىقنى ئۇزاتتۇر ئىلىگ[16].

152 بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلنىمۇ ئولۇق.

153 بۇ سۆزگە گۇۋاھتۇر تۈۋەندىكى سۆز،
بۇ سۆزنى ئىشىتكىن، سۆزۈڭ بۇندا تۈز:

154 ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

155 ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.



بسم الله الرحمن الرحيم

(ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن)

بىرىنچى باب

ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا

1 خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىرىم[14]

2 تولا مەدھى بىرلە ئۈمەن مىلق سەنا
قادىر بىر خۇداغا، ئاڭا يوق پەنا.[15]

3 قوڭغۇر بەر، يېشىل كۆك، كۈن، ئاي بىرلە تۈن-
يارانتى زامان، ۋاقىت مەخلۇق ۋە كۈن.

4 ئۇ خالاپ يارانتى، بارالدى يۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى «بول»، بار ئولدى يۈتۈن.

5 بۇ بارچە يارالغان موھتاجدۇر ئاڭا،
تەڭگەم سەن بىھاجەت، يوق ھەمرا ساڭا.

6 ئەي قادىر ۋە مەڭگۈ بىھاجەت بايات،
سېنىڭدىن يۈلەككە باراشاس بۇ ئات.



ئالتىمىش ئىككىنچى باب

ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى بايانىدا

4475 ئەگەر ئۆيلىنىشنى خالىساڭ ئۆزۈڭ،
ئاللىۋال خىلىنى، ئىنتىك قىل كۆزۈڭ.

4476 ئېگى ياخشى بولسۇن ئۇخشۇم ھەم ئۇرۇغ،
ئۇياتچان ۋە تەقۋا ئۈزى پەك ئىرىغ.

4477 ئىرىش، ئۆي قىزىنى ئال، قول تەگمىگەن،
سېنىڭدىن يۈلەك ئەر يۈزى كۆرمىگەن.

4478 سېنىلا سۆيۈپ، باشقىنى بىلمىگەي،
يارامىسىز، قىلىقسىز ئىشلار قىلمىغاي.

4479 خوتۇن ئالساڭ ئالغىن ئۆزۈڭدىن تۆۋەن،
ئېشىلما ئىگىزگە ئەسىر بولۇرسەن.

4480 ئىشتىكى، ئېمەدەر سېنىعان كىشى،
سېنىعان كىشىلىك يېشىغۇتۇر ئىشى:

4481 خوتۇن ئالساڭ ئالغىن، تۆۋەن، توغرىنى،
سۆيۈنچ بىرلە ئۆتكەي ھاياتىڭ كۈنى.

4482 جىرايلىقنى دېمە، خۇلقى ئۈزى دە،
كى خۇلقى ياخشى بولسا، بورۇتقاي سېنى.



يەتمىش ئالتىنچى باب

ئودغۇرمىشنىڭ ئاغرىپ قېلىپ ئۆگدۈلمىشنى چاقىرغانلىقى بايانىدا

5953 بۇ كۆڭلەر بىرىدە، ئۆگدۈلمىش كېچە،
بېشى قويدى ئۇخلاي دىسال، ئاڭغىچە-

5954 ئىشىكتە ۋارقىراپ بىرى ئۈندىدى،
كىشى يۈيرۈپ، ئىشىك «چىقىپ كۆر» دېدى.

خىزمەتچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5955 خىزمەتچى كىرىپ ئېيتتى: بىر ئەر تۇرار،
سۆزۈم بار، كىرەي دەپ رۇخسەت سورار.

ئۆگدۈلمىشنىڭ خىزمەتچىگە سوئالى

5956 يەنە ئېيتتى: چىققىن ۋە ئېيتقىن: سۆزى-
نېمىكەن، نە دەركەن، كىمكەن ئۆزى؟

خىزمەتچىنىڭ ھەۋەرچىگە سوئالى

5957 يەنە چىقتى خىزمەتچى، دېدى سۆزىن،
نەدىن كەلمىشنى ھەم تىلىكنى ئۆزىن.

كىتابنىڭ يېڭى نەشرىدىن بەزى بەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى قازاقىستاندا كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىندى

ئەجدادلىرىمىز بىزگە ئىنتايىن مول، تولىمۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەنە شۇ بىباھا مىراسلىرىمىزدىن بىرى بولغان، XI ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىر، ئەدىب ، پەيلاسوپ ۋە دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان شاھانە ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ش.ئۇ.ئا.ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى خادىملىرى – ئاتاقلىق ئالىملار ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەخمەت زىيائىي ، مەمتىمىن يۈسۈپلەرنىڭ 1984-يىلى «مىللەتلەر نەشرىياتى»دا ئەرەب ھەرپىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يورۇق كۆرگەن نۇسخىسىنى كىرىل يېزىقىدا مىللەتپەرۋەر ئىنسان سادىقجان يۇنۇسوۋ 2009-يىلى يۇرتىمىزدىكى ساخاۋەتچى كىشىلىرىمىزنىڭ ھامىيلىقىدا نەشر قىلدۇرغان ئىدى . بۇ قېتىم بولسا، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئابدۇشۈكۈر تۇردى ۋە قادىر ئەكبەرلەر نەشرگە تەييارلىغان نەسرىي يەشمە نۇسخىسىنىڭمۇ كىرىل يېزىقىدا يورۇق كۆرۈشى يەنە شۇ سادىقجان يۇنۇسوۋنىڭ ئەجرىگە مەنسۇپ . مەزكۇر ئەسەرنىڭ كىرىل يېزىقىدا يورۇق كۆرۈشى ساخاۋەتلىك ئىنسانلارنىڭ بىرى دولقۇنتاي ئابدۇخېلىل ھاجىم ئابدۇخېلىل ئوغلىنىڭ ھامىيلىقىدا يورۇققا چىقتى.

بۇ نەسرىي يەشمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى – نەزمىي يەشمىسىدە بېرىلگەن 6645 كۇپلېت مېتىن رەت نومۇرى بويىچە ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، ئالدىنقى نەزمىي يەشمىسىدە كۆرۈلگەن كلاسسىك سۆزلەرگە ئالاھىدە لۇغەت تەييارلاپ قوشۇمچە قىلىنغان بولسا، مەزكۇر نەسرىي يەشمىسىنى ئادەتتە قازاقىستاندا ئىشلىتىۋاتقان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھېچقانداق ئىزاھات-لۇغەتسىزلا پايدىلىنالايسىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىرىل ھەرپىدە تەييارلانغان مەزكۇر «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۈچۈن قولايلىق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

مۇنەۋۋەر يۇنۇسوۋا سادىق قىزى (قازاقىستان)



ЙҮСҮП ХАС ҺАЖИП

# ҚУТАДҒУ БИЛИК


*(Һазирқи заман уйғур тилидики нәсрий баяни)*

***Мәзкур әсәр жумһурийәтлик Уйғур этномәдәнийәт мәркизи йенидики Алмута шәһәрлик шөбисиниң қоллишида Долқунтай һажим Абдухелил оғлиниң хиражити билән нәшир қилинди***

МИР

*Алмута, 2019*

ЮС



УДК 2
ББК 86.3
Й 94

Йүсүп Хас Һажип.
Й 94 Қутадғу билик/ Йүсүп Хас Һажип. – Алмута: "МИР" нәшрият өйи, 2019. – 560 б.


ISBN 978-601-7948-42-9

*Он биринчи әсирдә яшиған улуқ уйғур шаири, әдип, философ, дөләт әрбаби, Йүсүп Хас Һажип тәрипидин йезилған дуния мәдәнийәт ғәзнисидики бебаһа гөһәр, шаһанә әсәр "Қутадғу билик" дастани уйғур классик әдәбиятимиздики әң муһәббәр абидидур. Мәзкур әсәрниң нәсрий баянисини тарихий вәтинимиздики алимлиримиздин Абдушүкүр Турди вә Қадир Әкбәрләр тәйярлиған. "Қутадғу билик"ниң нәсрий усул билән баян берилиши – дастанниң умумий мәзмуни вә образлири, у алға сүргән идея вә муәллип Йүсүп Хас Һажипниң дунияға көз-қаришини яриқ көрсәткән. Мәзкур әсәрниң қириқ бешидики бу нәшри, әрәп йезиғидин хәвири йоқ һәр сахә китап мухлислири әждатлиримизниң тәмәккур тарихидин, өтмүшиниң сиясий-ижтимаий әһвалидин мәлумат елип, пайдилиналәйду.*

УДК 2
ББК 86.3

ISBN 978-601-7948-42-9

© "МИР" нәшрият өйи, 2019



57. Буниңдин кейинки таллиғини Өли болуп,
У батур-жасур, жүрәклик, әқли толуқ еди.

58. Униң қоли очуқ, қәлби саф,
Билимлик, ехтикатман, нами улуқ еди.

59. Булар – дин вә шәриәтниң асаси еди,
Улар капир вә мунапиқларниң жүкини көтәрди.

60. Бу төрт һәмра мән үчүн тәбиәтниң төрт асасидәк, туюлиду,
Төрт асас мувапиқлашса, һәқиқий тириклик болиду.

61. Мәндин уларға давамлиқ, түмәнмиң салам,
Йәткүзгәйсән, әй улуқ егәм!

62. Уларни дайим мениңдин рази қилғайсән,
Уларни улуқ күндә маңа йол көрсәткүчи қил.

* * *

4

**Нурлуқ баһар пәсли, улуқ Буғрахан мәдһийиси сөзлиниду**


63. Шәриқтин иллиқ баһар шамили есип кәлди,
Дунияни безәш үчүн җәннәт йолини ачти.

64. Боз йәрдин кафордәк қарлар кетип, ипар билән толди,
Дуния һөснигә толуп безәнмәкни иситиди.

65. Баһар шамили йекимсиз қишни һайдиди,
Нурлуқ баһар саадәт оқсини йәнә бәтлиди.

66. Қуяш йәнә өз орниға йенип кәлди –
"Белиқ" қуйруғидин қозиң бурниға өтти.

67. Қуриған дәрәқләр йешил тон кийди,
Сөсүн, һал, сериқ, көк, қизил болуп безәнди.



68. Боз йәр йүзигә йешил ипәк яйди, гоя Китан,
Карвини Тавғач тоға-дурдунини йейиветкәндәк болди.

69. Түзләң, тағ, қир, ойман төшәк йейип, төшәнди,
Вадилар, йотилар кигиз, көк кийимини ясанди.

70. Түмән-түрлүк чечәкләр күлүп ечилди,
Дуния ипар вә кафор һиди билән толди.

71. Қаләмпүр һидиға толған ғур-ғур шамал чиқти,
Бу дуния пүтүнләй ипар пурап кәтти.

72. Ғаз, өдәк, аққу, қилқуйруқ көкни қаплиди,
Ғақилдишип жуқури-төвән учуп ойнашти.

73. Қариғин, бәзиси қозғалса, бәзиси қониду,
Бәзиси су үзсә, бәзиси су ичиду.

74. Көкүч, турнилар көктә үнини яңритип,
Төгә карвинидәк тизилип, пәрваз қилип учишиду.

75. Улар куши худди ишәтлик қиз сөйгинини чақирғандәк,
Саз авази билән һәмрайини үндимәктә.

76. Кәклик қах-қахлап күлгәндәк үнлүк сайриди,
Униң ағзи қандәк қизил, қеши қапқара.


77. Қара қушқач нәйзидәк тумшуғини созуп сайриди,
Униң үни әркә қиз үнидәк йекимликтур.

78. Гүлзарда булбул миң хил үн билән сайримақта,
Гоя кечә-күндүз "сүрә ибрә"ни оқумақта.

79. Елик, тағ өшкиси чечәкләр үстидә ойнашмақта,
Буға, марал егинап, кийгитип, кезип жүрмәктә.

80. Асман қапиғини түрүп, көзидин яш төкти,
Әнә, чечәкләр үз ечип, қах-қахлап күлди.

www.uyghurkitap.com




## «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ شېئىرىي نۇسخىسى ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىندى


ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرمۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ شېئىرىي نۇسخىسى، ئۆزبېكىستانلىق ژۇرنالىست، شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ۋە تەرجىمان ئابدۇھامىد پاردائېۋ تەرىپىدىن 2018 -يىلى نەشر قىلىندى. بۇ شېئىرىي نۇسخا، فىلولوگىيە پەنلىرى نامزاتى قايۇم كارىموۋ 1972 يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەسلى ۋە نەسرىي نۇسخىسىغا تايىنىپ نەشر قىلىندى. قايۇم كارىموۋەنىڭ ئەسىرى، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۇنيادىكى ئۈچ نۇسخىلىرىدىن بىرى بولغان نەمەنگەن نۇسخىسى ئاساسىدا تەييارلانغان بولۇپ 6409 بېيىتتىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنچە ئاتاقلىق ئالىم تىمور كوجائۇغلىنىڭ تەۋسىيەسى ۋە ياردىمى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تۈركىيەدە ۋە ئەزەربەيجاندا نەشر قىلىنغان باشقا تولۇق نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ، داستان تولۇق شەكلدە، يەنى 6645 بېيىت قىلىپ ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىندى.

ئابدۇھامىد پاردائېۋ ئەپەندى، تاشكەنت ۋىلايىتى، بوكا ناھىيەسىدە 1958 يىلدا تۇغۇلغان بولۇپ، ژۇرنالىست، شائىر، ئەدەبىياتشۇناس، تەرجىمان. بىر نەچچە شېئىرىي توپلاملىرى، «دوستنامە» داستانى نەشر قىلىنغان. ئەلشىر نەۋائىينىڭ بارلىق داستانلىرىنى ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىگە تەتبىقلىغان. ف. نىتشەنىڭ «زەردۇشت نىداسى» ئەسىرىنى ئۆزبېك تىلىغا شېئىرىي شەكلى بويىچە تەرجىمە قىلغان. ر.تاگور، ج.بايرون، ج. كىتس، ئا.بلوك، ئى . برودسكىي كەبى ئونلاپ مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنى، شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى

نادىر رومانلارنى ۋە قىسسەلەرنى، داڭلىق پەيلاسوپلارنىڭ رىسالىلىرىنىمۇ ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلغان. شېئىرلىرى رۇس، تۈرك، قىرغىز، قازاق، نېمىس، ئەزەربەيجان تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئابدۇھامىد پاردايىېۋ ئەپەندى بۇ قېتىم ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ شېئىرىي نۇسخىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلمىشتۇر.

ئابدۇھامىد پاردايىېۋ ئەپەندى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ شېئىرىي تەرجىمىسى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: « ئەسەرنىڭ تولۇق تەرجىمە قىلىندى. بۇنىڭ روياپقا چىقىشى سەۋەب بولغان تىمۇر كوچا ئوغلىغا ئالاھىدە تەشەككۇر ئېيتىمەن. <قۇتادغۇ بىلىك> داستانى بارلىق تۈركىي خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن ئۆزبېك ئەدەبىياتىدىمۇ بىباھا مىراس ھېسابلىنىدۇ . داستاننى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن يۈزمۇ -يۈز سۆھبەتلەشكەندەك بولدۇم. ئاللاھ مۇشۇنداق شەرەپلىك بەختنى نېسىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈر ئېيتىمەن!».

ئابدۇھامىد پاردائېۋ (ئۆزبېكىستان)


اوزبېکستان س. س. ر. فن لر اکادېمیاسی
ا. س. پوشکین نامیداکی تیل و ادبیات انستیتوتی
یوسف خاص حاجب
قوتادغو بیلیک
(سعادتکا یوللاوچی بیلیم)
ترانسکریپسیه و حاضرکی اوزبیک تیلیگا توصیف
نشرکا طیارلاوچی
فیلولوگیه فنلری کاندیداتی
قیوم کریموف
۲-نشری
اوزبېکستان «فن» نشریاتی
تاشکند—۱۹۷۲


ЎЗБЕКИСТОН ССР ФАНЛАР АКАДЕМИЯСИ
А. С. ПУШКИН НОМИДАГИ ТИЛ ВА АДАБИЁТ ИНСТИТУТИ
ЮСУФ ХОС ҲОЖИБ
ҚУТАДҒУ БИЛИГ
(САОДАТГА ЙЎЛЛОВЧИ БИЛИМ)
ТРАНСКРИПЦИЯ ВА ҲОЗИРГИ ЎЗБЕК ТИЛИГА ТАВСИФ
Нашрга тайёрловчи
филология фанлари кандидати
Қаюм КАРИМОВ
2-нашри
ЎЗБЕКИСТОН ССР «ФАН» НАШРИЁТИ
ТОШКЕНТ—1972

قايۇم كارىموف 1972 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەسلى ۋە نەسرىي نۇسخىسى.

www.uyghurkitap.com

2393 Бу эрди ай элиг өзүм билмиши
Муңуқы өтүндүм айытмыш түши

2394 Элиг айды уқтум муны бәлгүлүг
Тақы бир сөзүм бар аны ай күлүг

2395 Мәнә сөзлә эмди көрүб әдгүрәк
Улуғ ҳаҗибығ ай нә-тәг эр кәрәк

2396 Ҳаҗиблар улуғы бу болса улуғ
Бағырсақлықын қылса жаның йулуғ

2397 Элиг айды сөзлә йәмә бу сөзүг
Муны ма айу бэр йаруғ бу көзүг

**Б а б. Өгдүлмиш элигкә улуғ ҳаҗиблуққа нәҗү-тәг эр кәрәкин айур**

2398 Панут бирди Өгдүлмиш әчты тилин
Айур нәч тирилсү элиг миң йылын

2399 Улуғ ҳаҗиб артуқ бүтүн чын кәрәк
Бу чынлық била кәд бүтүн дин кәрәк

926 2400 Түб аслы кәрәк әдгү қылқы онай
Тосулса будунқа туғурса күн ай

2401 Түби әдгү болса кир әдгү болур
Бу әдгү киши халққа әдгү булур

2402 Киши әдгүсиндин кәлир әдгүлүк
Йәгү ичгү миңгү тақы кәдгүлүк

2403 Қылынчы онай болса тынлар сөзүг
Сөзүг тынлар эрини иши кәд сүзүг

2404 Көзи ток кәрәк ҳам овутлуғ силиг
Татиғлик кәрәк ҳам түмән түг билиг

2405 Көзи тоқ киши иштэ алмас урунч
Урунч алса ҳажиб болур бәг кулунч

396

2393 Бу эрди ай элиг өзүм билмиши
Муңуқы өтүндүм айытмыш түши

2394 Элиг айды уқтум муны бәлгүлүг
Тақы бир сөзүм бар аны ай күлүг

2395 Мәнә сөзлә эмди көрүб әдгүрәк
Улуғ ҳаҗибығ ай нә-тәг эр кәрәк

2396 Ҳаҗиблар улуғы бу болса улуғ
Бағырсақлықын қылса жаның йулуғ

2397 Элиг айды сөзлә йәмә бу сөзүг
Муны ма айу бэр йаруғ бу көзүг

**Б а б. Өгдүлмиш элигкә улуғ ҳаҗиблуққа нәҗү-тәг эр кәрәкин айур**

2398 Панут бирди Өгдүлмиш әчты тилин
Айур нәч тирилсү элиг миң йылын

2399 Улуғ ҳаҗиб артуқ бүтүн чын кәрәк
Бу чынлық била кәд бүтүн дин кәрәк

926 2400 Түб аслы кәрәк әдгү қылқы онай
Тосулса будунқа туғурса күн ай

2401 Түби әдгү болса кир әдгү болур
Бу әдгү киши халққа әдгү булур

2402 Киши әдгүсиндин кәлир әдгүлүк
Йәгү ичгү миңгү тақы кәдгүлүк

2403 Қылынчы онай болса тынлар сөзүг
Сөзүг тынлар эрини иши кәд сүзүг

2404 Көзи ток кәрәк ҳам овутлуғ силиг
Татиғлик кәрәк ҳам түмән түг билиг

2405 Көзи тоқ киши иштэ алмас урунч
Урунч алса ҳажиб болур бәг кулунч

396

قايۇم كارىموۋ 1972 يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەسلى ۋە نەسرىي نۇسخىسى

**B o b. Kuntug'di Xoqon Oyto'ldiga adl sifati qanday ekanini aytadi**

Xoqon aytdi: Barcha so'zlaring ayon,
Vajohatim sharhin aylayin bayon.

Seni chorlaganda men dastlabki kun,
E'zozladim, berdim munosib o'rin.

Ko'z-ko'zlab ming bitta bor kasb-u koring,
Xafa qilding, aytmay sir-u asroring.

780 Vale qahrim ko'rib titrading o'zing,
G'azabimdan nogoh to'xtadi so'zing.

Dedingki: Men qutman, bilib ol meni,
Ayon etdim, uqib olgaysan buni.

A'moling peshma-pesh ayladina bayon,
Yo'l-yo'riq ham berding, angladim ayon.

Qabul qilib uzring kechirdim ortiq,
Xislating ardoqlab ham berdim tortiq.

Nihoyat men senga, ey ko'ngli royish,
Bor san'at-hunarim aylay namoyish.

785 Guvoh bo'l, Kuntug'di yuksak dargohi,
Haq, odil siyosat xolis borgohi.

G'alat dema kursi uchta poyasi,
Teran uch poya ham hikmat-g'oyasi.

Barcha uch oyoqli puxta-mustahkam,
Barobar barchasi mahkamdan-mahkam.

Og'sa gar uchtadan biri bir tomon,
Yiqilar kursi ham shu on begumon.

90

Barcha uch poyali ravon-rost, to'g'ri,
Qaysi chorpoyaning bir poyi egri.

790 Ravon-u rost butun borligi fuzun,
Barcha fuzun ming bir a'moli afsun.

Qayu narsa og'sa, egri yo'rig'i,
Yaramas egrining barcha urug'i.

Qayu rost og'sa gar tez barbod bo'lar,
Qayu to'g'ri bo'lsa rost – obod bo'lar.

Sira og'mas ravon fe'l-u raftorim,
Og'mas farmonda ham hech iqtidorim.

Shiorim adolat, ko'ngling bo'lsin to'q,
Shoh bilan gado men uchun farqi yo'q.

795 Qo'limda tutganim siyosat – pichoq,
Kesib-qirqishga shay har lahza, har choq.

Pichoq kabi kesib-bichib ishini,
Ishin cho'zmam arzi bor har kishini.

Shakar – qaddin buksa kimning razolat,
Dargohimdan kelib topar adolat.

Shakar-sharbat bilan ahli mazlum shod,
Kushod talay mushkul ham ko'ngli obod.

Og'uday ichar bu zaqqumni ravon,
Xolislik begona zolim-zo'ravon.


800 Talab qilsa nogoh odil vaziyat,
Ichar zahar-zaqqum, chekar aziyat.

Qoshim chimirganim dahshat ham vahm,
Zo'ravon-zolimga hech qilmam rahm.

91

ئابدۇھامىد پاردائېۋ تەرىپىدىن 2018 -يىلى نەشر قىلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ شېئىرىي نۇسخىسى





УДК 821 (100-87)
ББК 84 (5 Тур.)
Й 95

*Мәзкур китап «Туран дунияси» жәмийәтлик фондиниң рәиси Карлин Мәхпировниң тәшәббуси билән нәшир қилинди.*

Йүкнәкий Ә.
Й 95 Китапни нәширгә тәйярлиған: Руслан Арзиев. Әтәбәтул һәқайиқ. /Әхмәд Йүкнәкий. Алмута: – «МИР» нәшрият өйи, 2018. – 104 б.

ISBN 978-601-7948-25-2

Мәзкур китап 2018-жилини UNESCO (Бирләшкән дөләтләр тәшкилатиниң Билим, пән, мәдәнийәт тәшкилати) тәрипидин қедимий түркий дунияниң даңлиқ мутәпәккури Әхмәд Йүкнәкийниң улуқ әсири - «Әтәбәтул һәқайиқ» жили дәп елан қилинишиниң мунасивити билән нәшир қилинди.
Китап кәң китапханлар аммисиға мөлчәрләнгән.

УДК 821 (100-87)
ББК 84 (5 Тур.)

ISBN 978-601-7948-25-2
© Әхмәд Йүкнәкий, 2018
© Издательский дом «МИР», 2018

# ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھاقايىق» كىتابى قازاقىستاندا كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىندى

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىي 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەجدادى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاساسىنى سالغان ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى.


مەلۇمكى، 2018 - يىل UNESCO (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىلىم، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى) تەرىپىدىن «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» يىلى دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ ۋاقەمۇ ئەخمەد يۈكنەكىينىڭ ئۇيغۇر - پىكىرلىرىنىڭ، دۇنياغا بولغان كۆز قاراشلىرىنىڭ تالاي ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغانلىقىدىن ھەم ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرسە كېرەك.


ئەتەبەتۇل ھەقايىق ئەسىرىنىڭ ھازىرغىچە ئىلىم ئەھلىگە يەتتە نۇسخىسى مەلۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تولۇق ساقلانغىنى سەمەرقەنت نۇسخىسى ياكى «ئا» نۇسخىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نۇسخا بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق خەتتاتى زەينۇلابىدىن تەرىپىدىن 1444 -يىلى، يەنى ئەسەر يېزىلىپ، ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سەمەرقەنتتە ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىملىرى خەمىت تۆمۈر بىلەن تۇرسۇن ئايۇپلار 1980 - يىلى بېيجىڭدا «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نىڭ ئەسلى مەتنى، تەرجىمىسىنى نەشر قىلىدۇ. كىتابتا قىسقىچە كىرىشمە ۋە ئەسەر تىلىنىڭ لۇغىتى ئورۇن ئالغان. 1985 - يىلى بولسا، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل-شۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن «ئاخمېد يۈگنېكى. ئاققاتسىي» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىدۇ. مەزكۇر كىتابنى ئاتاقلىق ئالىملار ئە. قۇرشژانوۋ بىلەن ب. ساغىن-دىقوۋلار نەشرىگە تەييارلىغان. ئە. قۇرشژانوۋ كىرىشمە بىلەن ئەسەرنىڭ شېئىرىي تەرجىمىسىنى يازغان بولسا، بىساغىدىقوۋ ئەسەرنىڭ «س» نۇسخىسىنىڭ ترانسكرىپسىيەسى، پروزىلىق تەرجىمىسىنى يازغان.

2018 - يىلىنىڭ ( UNESCO بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىلىم، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى) تەرىپىدىن «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» يىلى دەپ ئېلان قىلىنغانلىقىدەك تارىخى ۋەقەنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نىڭ كىرىل نۇسخىسى قايتىدىن نەشر قىلىندى. مەزكۇر نەشرىدە ر. ر. ئاراتنىڭ تۈركچە، ب. ساغندقوۋنىڭ قازاقچە، خەمىت تۆمۈر بىلەن تۇرسۇن ئايۇپلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمەلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

رۇسلان ئارزىيېۋ (قازاقىستان)







本书根据土尔其伊斯坦布尔阿太图出版社1951年出版的《艾提拜土哈卡依克》一书中的三种手抄影印本和参阿热西特·拉合玛特·阿拉特的校勘本及土耳其译文整理。

بۇ كىتاب تۈركىيە ئاتەش نەشرىياتى تەرىپىدىن 1951 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دېگەن كىتابتىكى ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى ئاساسەن ۋە رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ تۈزەتكەن ئاساسىدا بېكىتكەن تېكىستىدىن ۋە تۈركچە تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ تەييارلاندى.


ئەدىپ ئەخمەت بىنى مەخمۇت يۈكنەكى
ئەتەبەتۇلھەقايىق
نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرمۇھەممەت دولەتى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپلار تەرىپىدىن 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى




VI
بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە بىلەن كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى




ئاياسوفيا نۇسخىسى



سەمەرقەنت نۇسخىسى





گوللاندىيە نۇسخىسى



توپكاپى نۇسخىسى

# قىرغىزىستاننىڭ جالالئاباد شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر
















## قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر










www.uyghurkitap.com

# ئاۋستراليەنىڭ ئادېلايدې شەھىرىدە ئورتاق ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر















# ئامېرىكادا ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر












www.uyghurkitap.com

## شۋېتسىيەنىڭ ستوكھولم شەھرىدە ئورتاق ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر












# نورۋېگىيەنىڭ ئوسلو شەھىرىدەئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر
















مەردانە يىگىت

www.uyghurkitap.com